

رەھمەت پەيغەمبىرىدىن

# رەھمەت شاماللىرى ۋە قۇرئان مۆجىزىلىرى

ئوسمان نۇرى توپباش

باشاق نەشرىياتى

بسم الله الرحمن الرحيم

**گرافىك لايىھەلىگۈچى:**

ئانار گاسىمۇۋ

**مۇقاۋا لايىھەلىگۈچى:**

ئالى كايا

ئانار گاسىمۇۋ

**ئالاقىلىشىش ئادرېسى:**

yamgur5@gmail.com

ئوسمان نۇرى توپباش

رەھمەت پەيغەمبىرىدىن

# رەھمەت شاماللىرى ۋە قۇرئان مۆجىزىلىرى

تۈركچىدىن ئۇيغۇرچىلاشتۇرغۇچى: سۇمەييە

باشاق نەشرىياتى

# مۇندەرىجە

**كىرىش سۆز ........................................................ 9**

**رەھمەت پەيغەمبىرىنىڭ تەڭداشسىز ئۆرنەك ھاياتى.................... 13**

«كائىناتنىڭ پەخرى» مۇھەممەد سەللەللاھۇ ئەلەيھى

ۋەسەللەمنىڭ دۇنيانى شەرەپلەندۈرۈشى.................................. 13

ئۆيلىنىشى............................................................ 16

ھىرا غارى ۋە تۇنجى ۋەھيى........................................... 18

ھىجرەت ۋە سەۋر غارى................................................ 19

بەدرى، ئوھود ۋە خەندەك............................................ 22

مەككىنىڭ فەتھى قىلىنىشى............................................ 26

ۋىدالىشىش ھەججى.................................................... 27

ئەڭ بۈيۈك پىراق ۋە ئاللاھقا قايتىش................................ 29

**پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامنىڭ ئۆرنەك تەرجىمىھالى ۋە باشقا پەيغەمبەرلەر**

**ئارىسىدىكى ئورنى.................................................. 34**

رەھمەت پەيغەمبىرىنىڭ ئۆرنەك ھاياتى................................ 35

رەھمەت پەيغەمبىرىگە مۇشرىكلارنىڭ قايىللىقى....................... 48

رەھمەت پەيغەمبىرىنىڭ باشقا پەيغەمبەرلەر ئارىسىدىكى ئورنى............ 54

**رەھمەت پەيغەمبىرىنىڭ ئالاھىدىلىكلىرىگە ئائىت مىساللار................ 62**

رەھمەت پەيغەمبىرىنىڭ تەقۋادارلىقى ۋە نەپسىنى تەربىيىلىشى.......... 64

رەھمەت پەيغەمبىرىنىڭ كەمتەرلىكى.................................. 79

رەھمەت پەيغەمبىرىنىڭ نازاكىتى، شەپقەتلىكلىگى ۋە

باشقىلارغا كۆيۈنىشى................................................ 82

رەھمەت پەيغەمبىرىنىڭ ئەپۇچانلىقى................................. 87

رەھمەت پەيغەمبىرىنىڭ مەرتلىكى.................................... 94

ساھابىلەرنىڭ مەرتلىكى.............................................. 96

رەھمەت پەيغەمبىرىدىكى سەممىلىك، راستچىللىق ۋە ئادىللىق........... 103
رەھمەت پەيغەمبىرىنىڭ ھاياسى.............................................. 104
رەھمەت پەيغەمبىرىنىڭ ئىنسانلارنى ياخشىلىققا
چاقىرىشتىكى ئەستايىدىللىقى............................................ 105
رەھمەت پەيغەمبىرىنىڭ ۋاپاسى.............................................. 111
رەھمەت پەيغەمبىرىنىڭ ئىنسانلارغا قىلغان مۇئامىلىسى................ 122
رەھمەت پەيغەمبىرىنىڭ كەمبەغەللەرگە ياخشى مۇئامىلە قىلىشى.......... 125
رەھمەت پەيغەمبىرىنىڭ ئاياللارغا قىلغان مۇئامىلىسى...................... 131
رەھمەت پەيغەمبىرىنىڭ يېتىملەرگە قىلغان مۇئامىلىسى.................... 137
رەھمەت پەيغەمبىرىنىڭ خولۇم-خوشنا ھەققى
توغرىسىدىكى تەۋسىيىلىرى ................................................ 139
رەھمەت پەيغەمبىرىنىڭ چۆرە ۋە مالايلارغا قىلغان مۇئامىلىسى............ 140
رەھمەت پەيغەمبىرىنىڭ ھايۋانلارغا قارىتا مۇئامىلىسى.................... 149
رەھمەت پەيغەمبىرىنىڭ دۈشمەن ۋە كاپىرلارغا قارىتا مۇئامىلىسى........ 155
**گۈزەل قىياپىتى (ھىلىيەئى شەرىفە)............................................ 158**
مۇبارەك جامالى............................................................................. 161
ئېسىل ھالى ۋە يۈرۈش-تۇرۇشلىرىدىن بەزىلىرى.............................. 163
تەڭداشسىز جاسارىتى ۋە شىجائىتى.................................................. 167
**مۇھەببەت داستانىنىڭ سادالىرى........................................................170**
خۇلاسە.................................................................................... 174
**پەيغەمبەرلەرنىڭ مۆجىزىلىرى ۋە قۇرئانى-كەرىم.............................. 176**
ئەڭ چوڭ مۆجىزە - قۇرئانى-كەرىم................................................ 181
1. قۇرئانى-كەرىمنىڭ دۇئىلغا چاقىرىشى........................................ 184
2. قۇرئانى-كەرىمنىڭ ئىنسان سۆزى ئەمەسلىكى.............................. 190
قۇرئانى-كەرىم ۋەھيى مەھسۇلىدۇر.................................................. 190
ۋەھيىنىڭ كېچىكىشى........................................................................ 179
ۋەھيىنىڭ بەزىدە پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامنى تەنقىد قىلىشى........... 204
ۋەھيىنىڭ بەزىدە مۇجمەل نازىل بولۇشى........................................ 208

**3. قۇرئاننىڭ مۆجىزىۋى تەرەپلىرى ........................................ 213**

**ئا. تىلىنىڭ ئاجايىپلىقى ........................................ 213**

1. گۈزەل ئۇسلۇبى ........................................ 213

1) سۆز تاللاشتىكى ئىنچىكىلىكى ........................................ 214

2) كۆڭۈلگە تەسىر قىلىشى ........................................ 215

3) لەفزى بىلەن مەنە ئوتتۇرىسىدىكى ماسلىشىشچانلىق ........................................ 217

4) ھەر خىل سەۋىيىدىكىلەرگە خىتاب قىلىشى ........................................ 218

5) بەزى ئايەت مەزمۇنلىرىنىڭ تەكرارلىنىشىدىكى ھېكمەت ........................................ 220

6) ئاز سۆز بىلەن كۆپ مەنىنى ئىپادىلىشى ........................................ 222

7) ئايەت ۋە سۈرىلەر ئوتتۇرىسىدىكى تاناسىپ ........................................ 222

2. پاساھەت ۋە بالاغىتى ........................................ 224

**ئە. غەيبتىن بىشارەت بېرىشى ........................................ 231**

**ب. ئىلىم-پەن جەھەتتىكى مۆجىزىۋىلىكى ........................................ 243**

1. بىئولوگىيە ........................................ 244

1) ئىنساننىڭ يارىتىلىشى ........................................ 244

2) بارچە مەۋجۇدات سۇدىن يارىتىلغان ........................................ 249

3) سۈتنىڭ شەكىللىنىشى ........................................ 251

4) ئانا سۈتى ........................................ 252

5) قاننىڭ ھارام قىلىنىشى ........................................ 254

2. بارماق ئىزىنى تەكشۈرۈش ئىلمى ........................................ 255

3. تېرە ئالماشتۇرۇش ........................................ 256

4. بوتانىكا ........................................ 257

5. ئاسترونومىيە ........................................ 260

1) ئاسمان-زېمىننىڭ يارىتىلىشى ........................................ 261

2) ئاتموسفېرا ........................................ 263

3) يەر شارىنىڭ يۇملاقلىقى ۋە ئوربىتىسىدا ئايلىنىشى ........................................ 264

4) قۇياش بىلەن ئاينىڭ تۈزۈلىشى ........................................ 266

5) قاراڭغۇ ئۆڭكۈرلەر ........................................ 267

6) يۇلتۇزلار يول كۆرسىتىدۇ...................................268
7) زاماننىڭ ئۆزگىرىشچانلىقى......................................269
8) كائىناتنىڭ كېڭىيىشى...........................................271
9) ئىلاھىي قۇدرەتنى تەپەككۇر قىلىش..........................272
6. گېئولوگىيە..........................................................276
1) تاغلارنىڭ فونكسىيىسى........................................276
2) كۆمۈر ۋە نېفىتنىڭ ھاسىل بولۇشى............................ 277
7. جوغراپىيە.......................................................... 278
1) ئەڭ پەس رايون.....................................................280
2) ئىقلىم ئۆزگىرىشى.............................................. 281
3) دېڭىزلاردىكى قاراڭغۇلۇق.......................................282
8. تارىخ............................................................... 283
1) ھامان قاچان ياشىغان؟..........................................283
2) ئىرەم شەھىرى.................................................. 285
9. فىزىكا...............................................................286
1) يۇقىرىغا ئۆرلىگەنسىرى ھاۋا بېسىمىنىڭ تۆۋەنلىشى..........286
2) ئىككى دېڭىز ئوتتۇرىسىدىكى پەردە.............................287
10. ئىرسىيەت........................................................ 289
11. ساقلىق ساقلاش................................................. 290
12. كائىناتتىكى ئىلاھىي مۇۋازىنەت ۋە قۇدرەت ئېقىشى............. 294
ئىنچىكە تەڭپۇڭلۇق................................................ 299
13. قۇرئان ئىلىمگە رەھبەرلىك قىلىدۇ..............................305
**پ. تەشدىد (ھۆكۈم چىقىرىش)تىكى مۆجىزىۋىلىكى................. 307**
سائادەت ئەسرى (پەيغەمبىرىمىز زامانى)دىكى جەمئىيەت.......... 310
**ت. نازىل قىلىنىش ۋاقتى جەھەتتە مۆجىزە بولۇشى...................318**
**خاتىمە ........................................................................ 322**
**تۈركچىدىن ئۇيغۇرچىلاشتۇرغۇچىنىڭ سۆزى........................ 325**
**پايدىلانغان ماتېرىياللار...................................................328**

# كىرىش سۆز

بىز ئاجىز بەندىلىرىنى ئىمانىنىڭ ھۇزۇر-ھالاۋىتى بىلەن رىزىقلاندۇرغان ئۇلۇغ رەببىمىزگە چەكسىز ھەمدۇ-سانالار بولسۇن!

ئىنسانلارنى قاراڭغۇ زۇلمەتتىن قۇتۇلدۇرۇپ، نۇرغا يېتەكلەشتە ۋاستە بولغان پەيغەمبىرىمىز مۇھەممەد سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋە سەللەمگە دۇرۇد ۋە سالام يوللايمىز!

پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامنىڭ نەمۇنە ھاياتىنى بۇ كىتابتا بايان قىلىشقا تىرىشىشىمىزدىكى ئاساسلىق سەۋەب، ئىنسانلار ماددى ئېزىتقۇلارغا رام بولۇپ، نەپسىنىڭ ھاۋايى ئىستەكلىرىنىڭ قۇلىغا ئايلىنىپ، روھى ئاچلىق، مەنىۋى موھتاجلىق ئىسكەنجىسىدە قىينىلىۋاتقان بۇ كۈنلەردە، بىچارە كۆڭۈللەرگە پەيغەمبىرىمىزنىڭ مەنىۋىيىتىدىن بىر نۇر تەقدىم قىلىشتىن ئىبارەتتۇر. شۇنداقلا بىز يەنە دەل-دەرەخ، تاغۇ-تاشلار سالام بەرگەن ۋە كائىناتنىڭ ئۇلۇغ ياراتقۇچىسىنىڭ سان-ساناقسىز پەرىشتىلىرى ئۇنىڭغا «دۇرۇد ئوقۇپ سالام» قىلىۋاتقان ئۇلۇغ پەيغەمبىرىمىزنىڭ پەزىلەت ۋە كامالىدىن بىر نېسىۋە ئېلىشىنىمۇ ئارزۇ قىلىمىز.

ئالەمنىڭ يارىتىلىش سەۋەبى ھېسابلانغان «مۇھەببەت»تىكى سىرلاردىن بىرسى سۆيگۈچىنىڭ سۆيۈلگۈچىنىڭ ھالىغا ئوخشاش بىر ھالەتكە كىرىش يولىغا قەدەم بېسىشىدۇر. سۆيگۈچى قانچىلىك دەرىجىدە ئىقتىدارسىز ۋە قابىلىيەتسىز بولۇشىدىن قەتئىينەزەر، مۇھەببەت ئوبيېكتىنىڭ، يەنى سۆيگىنىنىڭ شانىغا مۇۋاپىق ھالدا بىر نەتىجىگە ئېرىشىشى مۇھەققەقتۇر.

پۈتكۈل ئىنسانلار ئۇنىڭ شاپائىتىگە موھتاجدۇر. ئۇنىڭ ئۇلۇغ ھەقىقىتىنى ئىنسان ئەقلى بىلەن مۇكەممەل چۈشىنىش ۋە چۈشەنچىلىرىنى سۆز بىلەن تولۇق ئىپادىلەپ يېزىپ چىقىش مۇمكىن ئەمەستۇر. ئەسلىدە ئۇنىڭ ئۇلۇغ ماھىيىتىگە ئائىت بايانلارنى، سۈكۈتنىڭ چەكسىزلىكىدە ئاخىرلاشتۇرۇشتىن باشقا ئامال يوقتۇر. ئۇنىڭ نەمۇنە ھاياتىنى تەسۋىرلەشكە تىلىمىز ھەقىقەتەن ئاجىز بولغانلىقى ئۈچۈن، قەلبىمىزدىن تىلىمىزغا تۆكۈلگەن بۇ ئىپادىلەرمۇ ئەلۋەتتە دەريادىكى بىر تامچىگە

ئوخشاش ئازدۇر. چۈنكى قەلب ۋە تىل ئۇنى تەسۋىرلەشكە ئاجىزدۇر. شۇنداقتىمۇ، ئۇنى بايان قىلغان ۋە ئىسمىزگە سالغان ھەر قانداق نەرسىنىڭ ئۆزىگە چۇشلۇق تەجەللىياتى، روھانىيەتى، شىئىرىيەتى ۋە لاتاپىتىنىڭ بارلىقى ئېنىقتۇر. كائىناتتىكى نەچچە مىڭ خىل نەقىش ۋە ئىلاھىي قۇدرەت ئىپقىملىرى ئۇنىڭ نۇرىدىن چاقنىغان بىر تەبەسسۇمدۇر.

ئاددى بولسىمۇ بىر نەچچە قېتىم تەكرار نەشر قىلىنىش شەرىپىگە مۇيەسسەر بولغان بۇ ئەسەردە، بىزنى قۇتۇلدۇرغۇچى يولباشچىمىز «كائىناتنىڭ پەخرى» مۇھەممەد مۇستاپا سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم ئېلىپ كەلگەن ھىدايەت مەشئىلى بولغان قۇرئانى-كەرىمنىڭ قىيامەتكىچە كۆڭۈلىمىزنى نۇرلاندۇرىدىغان ۋە ھەق بىر كىتاب ئىكەنلىكىنى ئىسپاتلايدىغان مۆجىزىلىرىدىن ئاز بىر قىسمىنى كۆچمىنىڭ يېتىشىچە ئوتتۇرىغا قويۇشقا تىرىشتۇق. چەكسىز ھېكمەت ۋە ھەقىقەتلىرى بىلەن مۆمىنىنىڭ قەلبىنى يورۇتۇپ، تەپەككۇرىنى چوڭقۇرلاشتۇرىدىغان قۇرئانى-كەرىم قىيامەتكىچە بارلىق ئىلمىي كەشپىياتلار ئۇنى تەستىقلاشقا مەجبۇر بولىدىغان بىر ئىلاھىي مۆجىزىدۇر. بۇ مۇناسىۋەت بىلەن ئۇشبۇ كىتابىمىزنىڭ بۇ يېڭى نۇسخىسىدا قۇرئان ئايەتلىرىدە ئىشارەت قىلىنغان نۇرغۇن ھېكمەتكە دائىر زامانىمىزدا ئوتتۇرىغا چىققان بايقاشلاردىن بەزىلىرىنى ئىلاۋە قىلدۇق.

سۆيۈملۈك ئوقۇرمەن!

پەيغەمبىرىمىزدىن ئىلگىرى ئۆتكەن باشقا پەيغەمبەرلەرنىڭ مۆجىزە ۋە تەبلىغلىرىدىن كۈنىمىزدە بىزگىچە يېتىپ كەلگەنلىرى يوق دېيەرلىكتۇر. ئەمما قۇرئانى-كەرىم مۆجىزىسى مۇھەممەد سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەمنىڭ بەختيار ئۈممىتىگە خاس بىر رەھمەت (لۇتۇپ) بولۇش سۈپىتى بىلەن قىيامەت كۈنىگىچە داۋاملىشىدۇ.

بۇ ئىلاھى ئىكرام بىزگە ئاللاھنىڭ قۇلى ئىكەنلىكىمىزنىڭ ئەھمىيىتىنى ۋە بىز بەھرىمەن بولىۋاتقان نېمەتلەرنىڭ بۈيۈكلىكىنى خاتىرلىتىدۇ.

بىز ھۆرمەتلەپ ئۆيىمىزنىڭ تۆرىدە ساقلاۋاتقان قۇرئانى-كەرىم قانداق مۇھاپىزەت قىلىنغان بولسا، رەببىمىز ئۇ ئۇلۇغ ئامانەتنى قەلبىمىزگىمۇ نەقىش قىلىپ، روھىمىزغا شىپا مەنبەسى، دۇنيا ۋە ئاخىرەت ھاياتىمىزدا نىجاتلىق سەۋەبى قىلغاي !...

ھەر بىر ئۇرۇق قانداق بولىشىدىن قەتئىينەزەر، ئۇنىڭ تۇپراقتىن ئۈنۈپ چىققان گىياسىنىڭ سۈپىتى تۇپراقنىڭ مۇنبەت ياكى مۇنبەت ئەمەسلىكىگە باغلىقتۇر. بىزنىڭ كۆڭلىمىزدە «رەھمەت شاماللىرى» مۇشۇنچىلىق بىخ تارتقان بولسا، بۇنىڭدىكى كەمچىلىك ۋە خاتالىقلار پۈتۈنلەي بىزگىلا ئائىتتۇر. لېكىن، شۇنچە كەمچىلىكى بار بولسىمۇ «ئاللاھ رەسۇلىنىڭ مۇھەببىتىنىڭ ۋاستىسى بولىشىنى تىلەپ» قەلەمگە ئېلىنغان بۇ ئەسەرنى ئاللاھ قەلبىمىزنىڭ گۈلشىنى ۋە پەيزىمىزنىڭ مەنبەسى قىلغاي!

ئاللاھ ۋە ئۇنىڭ رەسۇلىنى چىن قەلبىدىن ياخشى كۆرۈپ مۇھەببەت باغلىغان ۋە بۇ مۇھەببەتنى پۈتكۈل مۇھەببەتلەردىن ئۈستۈن تۇتۇشقا قادىر بولالىغان مۆمىنلەر نېمىدېگەن بەختلىك-ھە!

قەدىرلىك ئوقۇرمەن!

ئاللاھ رەسۇلىغا دۇرۇدنى كۆپ ئوقۇپ، ئۇنىڭ بىلەن بولغان كۆڭۈل رىشتىمىزنى كۈچلەندۈرەيلى. چۈنكى ئەڭ قورقۇنچلۇق كۈندە ئۇنىڭ ياردىمى ۋە شاپائىتىگە موھتاج بولىمىز.

ئاللاھتائالا سىراتىلمۇستەقىم (توغرا يول)غا يېگانە يولباشچى قىلىپ تەيىنلىگەن مۇھەممەد سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەمنىڭ مەنە ئىقلىمىدىن قەلبىمىزگە بىر نېسىۋە، ئۇنىڭ مەنىۋىيىتىدىن كۆڭلىمىزگە مول شەبنەملەر ياغدۇرغاي! قەلبىمىز ئاللاھ ۋە ئۇنىڭ رەسۇلىغا بولغان سۆيگىمىزنىڭ ئەبەدى ماكانى بولغاي! ئاللاھ ھەممىمىزنى پەيغەمبىرىمىزنىڭ شاپائىتىگە نائىل قىلغاي! ئامىن!...

ئوسمان نۇرى توپباش
2007-يىلى دېكابىر، ئىستانبۇل

# رەھمەت پەيغەمبىرىنىڭ ئۆرنەك ھاياتى



«(رەسۇلۇم) بىز سېنى پەقەت ئالەملەرگە رەھمەت قىلىپلا ئەۋەتتۇق.»

(ئەنبىيا سۈرىسى 107-ئايەت)

# رەھمەت پەيغەمبىرىنىڭ ئۆرنەك ھاياتى

## «كائىناتنىڭ پەخرى» مۇھەممەد سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەمنىڭ دۇنيانى شەرەپلەندۈرۈشى

ئىنسانلار ۋە روھلار ئالىمىنىڭ غۇجىسى مۇھەممەد مۇستاپاغا سالام!...
ئىنسانلار ۋە روھلار ئالىمىگە ئەۋەتىلگەن ئەلچى مۇھەممەد مۇستاپاغا سالام!...
مەككە ۋە مەدىنىنىڭ ئىمامى مۇھەممەد مۇستاپاغا سالام!...
ھەسەن ۋە ھۈسەيىننىڭ بوۋىسى مۇھەممەد مۇستاپاغا سالام!.....

كائىناتنى چەكسىز رەھمىتى بىلەن ئىدارە قىلغۇچى ئۇلۇغ ئاللاھ بۇ رەھمەت ۋە شەپقەتنىڭ ئەڭ مۇكەممەل ئەسىرى بولغان ئىنساننى پۈتكۈل مەخلۇقلاردىن ئۈستۈن ياراتقان ۋە بۇ ئۈستۈنلۈككە لايىق بولۇشى ئۈچۈن ئۇنىڭغا ئالاھىدىلىكلەرنى تەقدىم قىلغان.

بۇ ئالاھىدىلىكلەر ئىنساننىڭ ئاللاھ بەرگەن ھەقىقەتلەرنى تولۇق چۈشىنىشىدە يېتەرلىك بولمىغانلىقى ئۈچۈن، ئاللاھ يەنە ئىنسانغا ئەقىل-پاراسەت ۋە بىۋاستە سەزگۈ قاتارلىق ئىلاھىي نېمەتلەرنى بېرىش بىلەن بىرلىكتە، پەيغەمبەرلەرنى يول كۆرسەتكۈچى قىلىپ ئەۋەتكەن ۋە بۇ ئارقىلىق ئىنساننى ئاللاھقا يېقىنلاشتۇرۇش يولىدىكى ياردەملەر كەم-كۈتسىز مۇكەممەل بولغان. بۇ مۇكەممەل ياردەمنىڭ ئەڭ يۈكسەك چوققىسى شەك-شۈبھىسىزكى، ئالەملەرگە رەھمەت قىلىپ ئەۋەتىلگەن ئاخىر زامان پەيغەمبىرى مۇھەممەد مۇستاپا سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋە سەللەمدۇر.

يارىتىلىش زەنجىرىدىكى ئەڭ يۈكسەك بىر ھالقا ھېسابلانغان پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام مىلادىنىڭ 571-يىلى 4-ئاينىڭ 21-كۈنى (رەبىئۇلئەۋۋەل ئېيىنىڭ 12-كۈنى) دۈشەنبە سەھەردە كۈن چىقىشتىن بىر ئاز ئىلگىرى تۇغۇلۇپ دۇنيانى شەرەپلەندۈرگەن.

ئۇنىڭ دۇنياغا كېلىشى بىلەن ئاللاھنىڭ رەھمىتى يېغىشقا باشلىدى، سەھەرلەر ۋە ئاخشاملارنىڭ رەڭگى ئۆزگەردى، ھېسسىياتلار چوڭقۇرلاشتى. سۆزلەر، سۆھبەتلەر ۋە لەززەتلەرنىڭ تەمى شېرىنلەشتى، پۈتكۈل شەيئىلەر ئۆزگىچە خاس مەنا ۋە سالاپەتكە ئېرىشتى، بۇتلار يەرگە چۈشۈپ چېقىلدى، كىسرالار (ئىران شاھلىرى) تۇرىدىغان مادايىن سارايلىرىدىكى ھەيۋەتلىك تۈۋرۈك، مۇنارلار يىقىلدى. ساۋە كۆلى[1] زۇلۇم پاتقاقلىقى شەكلىدە قۇرۇپ كەتتى.

كۆڭۈللەرگە بەرىكەت ۋە مولچىلىق تولدى. چۈنكى دۇنيادىكى زامان ۋە ماكاندا مەيدانغا كەلگەن بۇ تەجەللىي، ئاخىر زامان پەيغەمبىرىگە ئەگىشىپ كەلگەن دەسلەپكى بەرىكەتلەر ئىدى.

تارىخىي مەنبەلەردىكى خاتىرىلەرگە قارىغاندا، پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامنىڭ سۈت ئانىلىرىدىن بىرى تەلەيلىك ئايال سۇۋەيبە ئىدى. سۇۋەيبە پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامنىڭ دۈشمىنى ئەبۇلەھەبنىڭ چۆرىسى ئىدى.

سۇۋەيبە ئەبۇلەھەبكە جىيەنىنىڭ تۇغۇلغانلىقى توغرىسىدىكى خۇشخەۋەرنى ئېلىپ كەلگەندە ئەبۇلەھەب بىر تۇققىنىنىڭ بالىسىنىڭ ئوغۇل تۇغۇلغانلىقىدىن خۇش بولۇپ، بۇ چۆرىنى قۇللۇقتىن ئازات قىلىۋەتكەن. ئورۇق-تۇغقانچىلىق مۇناسىۋىتىدىن مەيدانغا كەلگەن بۇ خۇشاللىق دۈشەنبە كۈنلىرى ئەبۇلەھەبنىڭ جەھەننەمدە تارتىۋاتقان ئازابىنىڭ بىر ئاز يەڭگىللىشىگە سەۋەب بولغان.

بىر تۇققىنى ئابباس رەزىيەللاھۇ ئەنھۇ بۇ ۋەقە توغرىسىدا مۇنداق دېگەن: «ئەبۇلەھەب ئۆلۈپ بىر يىلدىن كېيىن بىر كېچە ئۇنى چۈشۈمدە كۆردۈم. ئەھۋالى ناچار ئىدى.

- ئەي ئەبۇلەھەب! قانداق ئەھۋالىڭ؟ - دەپ سورىدىم.

- مۇھەممەدنىڭ تۇغۇلغانلىقىغا خۇشال بولۇپ، سۇۋەيبىنى ئازات قىلغانلىقىم ئۈچۈن، دۈشەنبە كۈنلىرى ئازابىم يېنىكلىتىلمەكتە. ئۇ كۈنى بارماقلىرىمنىڭ ئارىسىدىن چىققان سۇ بىلەن سالقىنلايمەن. - دەپ جاۋاب بەردى.» (ئىبنى كەسىر: «ئەل-بىدايە»، 2-جىلد، 273)

---

1. ساۋە كۆلى تېھراننىڭ غەربىي جەنۇبىدىن 125 كىلومېتىر يىراقلىقتا ھەمدان بىلەن قۇم ئارىسىدا بولۇپ، سۈيى قۇرۇپ كەتكەندىن كېيىن ئورنىغا ساۋە شەھرى بىنا قىلىنغان.

ئىبنى جەزىرى مۇنداق دەيدۇ:

«ئەبۇلەھەب كەبى بىر كاپىر گەرچە قەبىلىۋازلىق تۈپەيلى بولسىمۇ ئاللاھ رەسۇلى دۇنياغا كەلگەن كۈنى خۇشاللانغانلىقى ئۈچۈن جەھەننەمدە بۇ خۇشاللىقىنىڭ پايدىسىنى كۆرگەن. بۇنىڭدىن قىياس قىلىپ، ئويلاپ باقايلى: ئەگەر بىر مۆمىن بۇ كېچىگە ھۆرمەت قىلىپ، كائىناتنىڭ پەخرى پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامنىڭ ئاشىقى بولۇپ، كۆڭلى ۋە داستىخىنىنى ئاچسا، ئاللاھتائالا ئۇنىڭغا قانچىلىك رەھمەت ۋە ئىكرام قىلار-ھە! پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام تۇغۇلغان ئايدا ئۇنى تەبرىكلەشنىڭ ئەڭ توغرا ئۇسۇلى: دىنىي سۆھبەتلەرنى ئۇيۇشتۇرۇپ، ئېتىقادنى كۈچلەندۈرۈش؛ مۇبارەك ئاينىڭ روھانىيىتىدىن پايدىلىنىش ئۈچۈن ئۈممەتكە زىيابەت بېرىش؛ پېقىر-نامرات، غېرىب، يېتىم، بىچارە ۋە ئىگە-چاقىسىز كىشىلەرگە ياخشىلىق قىلىپ، ئۇلارنىڭ بېشىنى سىلاش، دەرتمەنلەرنىڭ كۆڭلىنى شاد قىلىش؛ ئۇلارغا سەدىقە بېرىش ۋە قۇرئان ئوقۇش، ئوقۇتۇشتىن ئىبارەتتۇر.»

✵

پەيغەمبىرىمىزنىڭ دادىسى شامغا تىجارەتكە بېرىپ، مەدىنىگە قايتىش يولىدا كېسەل بولۇپ، ئوغلى تۇغۇلۇشتىن ئىككى ئاي ئىلگىرى ۋاپات بولغان ئىدى.

مۇبارەك بوۋاق ئىقلىم شارائىتى ۋە ئەرەپلەرنىڭ ئۆرپ-ئادىتى سەۋەبىدىن تۆت ياشقا كىرگىچە بولغان ئارىلىقتا سۈت ئانىسى (ئىنىكئانىسى) ھەلىمەنىڭ يېنىدا قالدى.

ئالتە ياشقا كىرگەن چېغىدا، ئانىسى ئامىنە، دادىسىنىڭ چۆرىسى ئۇممۇئەيمەن بىلەن بىرلىكتە پەيغەمبەرنىڭ دادىسى ئابدۇللاھنىڭ قەبرىسىنى يوقلاش ئۈچۈن، ئۇنى مەدىنىگە ئېلىپ كەلدى. بۇ ئەسنادا ئامىنە ئاغرىپ قالدى. ئەبۋا دېگەن يەردە ۋاپات بولۇپ، مۇشۇ يەرگە دەپنە قىلىندى. بۇ ھەقتە شائىر مۇنداق دەيدۇ:

«ئەي ئەبۋادا ياتقان مېيىت،
باغچەڭدە چېچەك ئاچتى دۇنيانىڭ
ئەڭ گۈزەل گۈلى...»

شۇنداق قىلىپ، ئىنسىدىنمۇ ئايرىلىپ قالغان يېتىم بالا ئۇمموئەيمەن بىلەن بىرلىكتە مەككىگە قايتىپ كەلدى.

سەككىز ياشقا كىرگەندە بوۋىسى ئابدۇلمۇتتەلىب، كېيىن ئۇنى پىداكارلىق بىلەن مۇھاپىزەت قىلغان تاغىسى ئەبۇتالىب ۋاپات بولدى. بۇ شەكىلدە بارلىق تاشقى غەمگۇزارلاردىن ئايرىلدى. بۇنىڭدىن كېيىن ئۇنىڭ ئىگىسى، مۇھاپىزەتچىسى ۋە تەربىيىچىسى پەقەت رەببى ئىدى. ئەمىلىيەتتە، ھاياتىدىكى ئەڭ ئاجىز چاغدا ئۇنىڭغا ياردەم قىلغان يۆلەنچۈكلەرنىڭ بولىشى بىر ئىلاھىي ھېكمەت سەۋەبىدىن بولۇپ، بۇ ئۇنىڭ كېيىنچە پۈتۈن ئىنسانلارغا يول كۆرسەتكۈچى مۇكەممەل ئۆرنەك بولىدىغانلىقىنىڭ ئالدىن بىر بىشارىتى ئىدى.

ئۇنىڭ بالىلىق ۋە ئۆسمۈرلۈك چاغلىرى يېتىملىكتە ئۆتتى. ھالبۇكى، ئۇنىڭ گۈزەل ئەخلاقى-پەزىلىتى كەلگۈسىدىكى پارلاق ئىستىقبالىدىن دېرەك بېرەتتى.

## ئۆيلىنىشى

نىھايەت 25 ياشقا كەلگەندە قۇرەيش قەبىلىسىدىكى ئېسىل بىر ئايال ھەزرىتى خەدىچە بىلەن ئۆيلەندى. ھەزرىتى خەدىچە ئۇنىڭدىن 15 ياش چوڭ، بالىلىق بولغان بىر تۇل ئايال بولۇپ، مېلى ۋە جېنى بىلەن ئۇنىڭغا يار-يۆلەك بولدى. پەيغەمبىرىمىز ئۇنىڭ بىلەن دۇنياغا نەمۇنە بولغۇدەك دەرىجىدە ئىناق ۋە بەختلىك بىر ھايات كەچۈردى. يالغۇز ۋە تايانچىسىز قالغان چاغلىرىدا ھەر زامان خەدىچە ئۇنىڭغا ياردەم قىلدى. مەسىلەن، پەيغەمبىرىمىز ھىرا غارىدىن قورققان ۋە جىددىيلەشكەن ھالدا ئۆيىگە قايتىپ:

- ئەي خەدىچە! ماڭا كىممۇ ئىشىنەر؟ - دېگەن چاغدا، بۇ مۇبارەك ئايال:

- ئاللاھقا قەسەم قىلىمەنكى، ئاللاھ سېنى ھەرگىز رەسۋا قىلمايدۇ! چۈنكى سەن ئورۇق-تۇغقانلارنى، ئاجىزلارنى ھىمايە قىلىسەن. نامراتلارنى يۆلەيسەن، ئۇلارغا باشقىلار بېرەلمىگەننى بېرىسەن. مېھمانلارغا داستىخاننى مەرتلىك بىلەن ئاچىسەن، ھەق يولنى ئىستىگەنلەرگە ياردەم قىلىسەن... ئەي ئاللاھنىڭ ئەلچىسى! مەن ساڭا ئىشىنىمەن! سۆزلىرىڭنى قوبۇل قىلىمەن. ئاللاھ يولىغا ئالدى بىلەن مېنى دەۋەت قىل! - دېدى ۋە تۇنجى قېتىم ئىمان ئېيتقانلاردىن، ئۇنى تۇنجى قوللىغۇچىلاردىن بولدى.

پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام ھەزرىتى خەدىچىنىڭ ئىسىل پەزىلىتى، ئاق كۆڭۈللۈكى ۋە چوڭقۇر مۇھەببىتىنى ھېچبىر ۋاقىت ئۇنتۇپ قالمىدى. ھەتتا خەدىچە ۋاپات بولغاندىن كېيىنمۇ ھەر قېتىم قۇربانلىق قىلغان چاغدا خەدىچىنىڭ توققانلىرىغا گۆش ئەۋەتىپ تۇردى. خەدىچىگە بولغان سېغىنىش ھېسسىياتىنى قەلبىدە بىر ئۆمۈر ساقلىدى.

پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامنىڭ تۇرمۇشىدا دەسلەپكى 24 يىل پەقەت يالغۇز خەدىچە بىلەنلا ئۆتتى. بۇ چاغدا ئۇ كۈچ-قۇۋۋىتى ئۇرغۇپ تۇرغان ياش ۋە قاۋۇل يىگىت ئىدى. خەدىچىنىڭ ۋاپاتىدىن كېيىن ئۆيلەنگەن ئاياللار ئاساسەن ئىسلامىي ۋە سىياسىي بىر غايىنىڭ ئوبيېكتى بولۇپ، بۇلارنىڭ ئىچىدە پەقەت ھەزرىتى ئائىشە قىز ۋە يېشى كىچىك ئىدى. باشقىلارنىڭ ھەممىسى يېشى پەيغەمبىرىمىزدىن چوڭ تۇل خوتۇنلار ئىدى. بۇنىڭ سەۋەبى ئاياللارغا مۇناسىۋەتلىك شەرىئەت بىلىملىرىنى ئۇلارغا ياخشى ئۆگىتىش ئۈچۈن ئىدى. دېگەندەكلا، زېھنى ئۆتكۈر، ئەقىللىق ئائىشە ئاياللارغا ئائىت شەرىئەت ھۆكۈملىرىنى پۇختا، پىششىق ئىگەللەپ، دىنىي ساھەدە كامالەتكە يەتتى. پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام: «دىنىڭنىڭ ئۈچتىن بىر قىسمىنى ئائىشەدىن ئۆگىنىڭلار!» دېيىش ئارقىلىق بۇ رىئاللىققا ئىشارەت قىلدى. پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامنىڭ ۋاپاتىدىن كېيىن، ئائىشە مول بىلىمى بىلەن ئەر-ئايال مۇسۇلمانلارغا دىنىي تەلىم بەردى. بۇ بىلىملەر كېيىنچە ئىسلامنىڭ ئەڭ مۇستەھكەم ئاساسلىرىدىن بىرىگە ئايلاندى.

بىر رىۋايەتتە ئېيتىلىشىچە، ئەبۇ مۇسا ئەشئەرىينىڭ قوشۇنىدىكى بىر ئەسكەر مۇنداق دېگەن: «پەيغەمبىرىمىزنىڭ سۈننىتىگە ئالاقىدار ھەرقانداق بىر مەسىلىگە يولۇققان ۋاقتىمىزدا پەيغەمبەرنىڭ ھەمراھى ئائىشەدىن سورايتتۇق. ئۇنىڭ جاۋابىدىن كىشىنى قايىل قىلغۇدەك بىلىملەرگە ئىگە بولاتتۇق.»

پەيغەمبىرىمىزنىڭ ھەزرىتى ئائىشە بىلەن ئۆيلىنىشىدىكى باشقا بىر سەۋەب ھەزرىتى ئەبۇبەكىر رەزىيەللاھۇ ئەنھۇ بىلەن بولغان يېقىن مۇناسىۋىتى ئىدى. ھەزرىتى ئەبۇبەكىر سەۋرى غارىدا «ئىككى كىشىنىڭ ئىچىدىكى بىرى» ئىدى. بۇ ۋەقە قۇرئانى-كەرىم تەۋبە سۈرىسى 40-ئايەتتە تىلغا ئېلىنغان.

ئۆيلىنىشنىڭ مەقسىتىنى پەقەت جىنسىي شەھۋەت ئۈچۈنلا دەپ قارايدىغان كاللىسى ئاددى ئادەملەر بۇنىڭدىكى ھېكمەتنى چۈشىنىشتىن ئاجىزدۇر. ئەگەر

پەيغەمبىرىمىز شەھۋەت ئۈچۈن ئۆيلەنگەن بولسا ئىدى، ئۆمرىنىڭ ياش ۋە قاۋۇل چاغلىرىنى ئۆزىدىن 15 ياش چوڭ تۇل خوتۇن بىلەن ئۆتكۈزمىگەن بولاتتى. پەيغەمبىرىمىزنىڭ تۇرمۇشى توغرىسىدا ئىپتىلغان بەزى بوھتانلار بۇنى ئىپتىقۇچىنىڭ قاراڭغۇ دۇنياسىنى ئەكس ئەتتۈرۈپ بېرىدۇ، خالاس.

## ھىرا غارى ۋە تۇنجى ۋەھيى

پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام ياش ۋاقتىدا پاكىز، توي قىلغاندىن كېيىن بەختلىك بىر تۇرمۇش كەچۈرگەندىن كېيىن قىرىق ياشقا كەلگەندە پەيغەمبەرلىك شەرىپىگە نائىل بولدى.

قىرىق ياشقا كىرگىلى ئالتە ئاي قالغاندا ئىلاھىي قۇدرەت مەككىدىكى ھىرا غارىنى ئۇنىڭغا لەدۇننىي ئىلىم (ئىچكى، سىرلىق ئىلىم) ئۆگىتىدىغان مەكتەپ سۈپىتىدە ئاچتى.

ئىلاھىي دەرسلەر مەخپىي بېرىلگەن بۇ مەكتەپتە پانى ۋە باقى دەرسلەر ئوقۇلدى. نىھايەت قىرىق ياشقا كەلگەندە:

- **«سېنى ياراتقان رەببىڭنىڭ ئىسمى بىلەن ئوقۇ!»** (96-سۈرە 1-ئايەت) دېگەن خىتاب بىلەن ئۇنىڭغا ئىرشاد ۋە نەبۇۋۋەت (پەيغەمبەرلىك) شاھادەتنامىسى بېرىلدى.

بىزنىڭ چۈشىنىش قابىلىيىتىمىز بويىچە قارىغاندا، دەسلەپكى ئالتە ئاي جەريانىدا ئۇنىڭغا كەلگەن ۋەھيى «راست چۈش» شەكلىدە كەلگەن. ئەمەلىيەتتە ھىرا غارى تۇپراق ئاستىدا بىخلىنىۋاتقان ئۇرۇقنىڭ يېتىلىش ماكانىغا ئوخشايدۇكى، بۇ ماكاندا يېتىلگەن روھىي مەۋجۇدىيەتنىڭ ماھىيىتى ئىنسانلارغا نىسبەتەن ئەبەدىي مەجھۇلدۇر. تاشقى كۆرۈنۈشىدىن قارىغاندا پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامنى ھىرا غارىغا كېلىشكە مەجبۇرلىغان ئامىللار: جەمئىيەتتىكى بۇزۇلۇش، خەلقنىڭ نامراتلىقى، ئەخلاقنىڭ چىرىكلىكى قاتارلىق سەۋەبلەردىن جېنى سىقىلغان، ئازابلانغان پەيغەمبەرنىڭ قەلبىدىكى مېھرى-شەپقەت تۇيغۇسى ئىدى. ئەمەلىيەتتە بۇ باسقۇچ ئىنسانلارغا ئەبەدى مەشئەل بولغۇچى قۇرئانى-كەرىمنىڭ ئۇلۇغ ئالالاھ تەرىپىدىن مۇھەممەد سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەمنىڭ پاك قەلبى ئارقىلىق ئىنسانلار ئىدراكىغا لايىق بىر شەكىلدە نازىل بولىشى ئۈچۈن تەييارلىق قىلىنىۋاتقان بىر باسقۇچ ئىدى. ۋەھيىنى ئىنسانلارغا يەتكۈزۈشتىن ئىبارەت ئېغىر بىر

مەسئۇلىيەتنى ئۈستىگە ئالالايدىغان بولۇشى ئۈچۈن تەربىيىلىنىۋاتقان بىر باسقۇچ ئىدى. بۇ ئېغىر مەسئۇلىيەتنى نورمال بىر ئادەم ئاسانلىقچە ئۈستىگە ئالالمايتتى. بۇ خۇددى تۆمۈرنىڭ پولاتقا ئايلىنىشى، يوشۇرۇن كۈچنىڭ مەلۇم مۇددەتتىن كېيىن سىرتقا تىشىپ چىقىشىغا ئوخشايتتى. ئەقىل-پاراسەتنىڭ بۇ سىرنىڭ ماھىيىتىنى چۈشىنەلىشى ۋە ئۇنى سۆز بىلەن قايىل قىلارلىق ھالدا ئىپادىلەپ بېرەلىشىنى تەسەۋۋۇر قىلىش مۈشكۈلدى. بۇ سىر ئالىمگە كۆڭۈل دېرىزىسىدىن قاراشقا قادىر بولالمىغانلار ئەبۇ جەھىل ۋە ئەبۇ لەھەبنىڭ قارا رەڭلىك بايرىغى ئاستىدا توپلانغان بەدبەختلەر گورۇھىدۇر.

## ھىجرەت ۋە سەۋرى غارى

مەككىدىكى ئون ئۈچ يىللىق تەبلىغدىن كېيىن ئۇنىڭغا باشقا بىر غار كۆرسىتىلدى. بۇ ھىجرەت يولى ئۈستىدىكى سەۋرى غارى ئىدى. ئۇنى بۇ غارغا ئەكىرىشتىكى مەقسەت تەربىيىلەش ئۈچۈن ئەمەس، ئۇنىڭغا ئىلاھىي سىرلارنى كۆرسىتىش ۋە ئۇنى مەنىۋى جەھەتتىن تاكامۇللاشتۇرۇش ئۈچۈن ئىدى. پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام بۇ يەردە ئۈچ كېچە-كۈندۈز مېھمان بولدى. يالغۇز ئەمەس ئىدى، يېنىدا يېقىن دوستى ھەزرىتى ئەبۇبەكىر بار ئىدى. ھەزرىتى ئەبۇبەكىر پەيغەمبەرلەردىن كېيىن كائىناتتىكى ئەڭ ئالىيجاناپ ۋە مەنىۋى جەھەتتە ئەڭ باي بىر كىشى ئىدى. ئۇ غاردا پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامغا ئۈچ كۈن ھەمراھ بولۇشتىن ئىبارەت شەرەپ، ئىززەتكە ئېرىشتى. قۇرئانى-كەرىمدە «ئىككى كىشىنىڭ ئىككىنچىسى» دەپ ئاتالدى. پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام بۇ ئەزىز دوستىغا:

**- غەم قىلما! ئاللاھ بىز بىلەن بىللە.** (تەۋبە سۈرىسى 40-ئايەت) دەپ ئۇنى خاتىرجەم قىلدى ۋە ئاللاھ بىلەن بىللە بولۇشنىڭ روھى ھالىتىنى ئۆگەتتى. بۇ كۆڭۈلنىڭ ئاللاھقا ئېچىلىپ خاتىرجەم بولىشىنىڭ باشلىنىشى ئىدى. يەنى، قەلب تەربىيىسى باشلانغان تونجى ماكان ۋە ئىلاھىي سەپەرنىڭ تونجى مەنزىلى سەۋرى غارى ئىدى.

دەل مۇشۇ يەردە پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام ھەزرىتى ئەبۇ بەكىرگە نۇر مەنبەسى قەلبىدىكى سىرىنى ئېيتتى. بۇ، قىيامەتكىچە داۋام قىلىدىغان ئالتۇن سىلسىلىنىڭ تۇنجى ھالقىسى ئىدى. ئىمان كۈچىنى ئاللاھقا بولغان چەكسىز مۇھەببەتتىن ئالىدۇ.

ئۇلۇغ سەپەرلەرنىڭ ھەرىكەتلەندۈرگۈچ كۈچى مۇھەببەتتۇر ۋە ۋىسالغا يېتىشنىڭ يېگانە يولى ئاللاھقا بولغان مۇھەببەت بىلەن خۇلاسىلىنىدۇ. چۈنكى سۆيگۈنىڭ شەرتى، ئاشىقنىڭ قانۇنى شۇكى، سۆيۈلگۈچىگە بولغان مۇھەببەت تۈپەيلى ئۇنىڭ ياخشى كۆرگەن نەرسىلىرىمۇ سۆيۈلىدۇ. بۇ ئىلاھىي مۇھەببەتنى كەم ئەقلىمىز ۋە چەكلىك ئىدراكىمىز بىلەن چۈشىنىشىمىز مۇمكىن ئەمەستۇر. تۆۋەندىكى ھېكايە ھەركىشىنىڭ كۆڭلى، سەۋىيىسى ۋە چۈشىنىش قابىلىيىتىنىڭ ئوخشىماسلىقىغا ئاساسەن پەرقلىق تەسىر بېرىدۇ دەپ ئويلايمىز:

ھەزرىتى ئەبۇبەكرى سىددىق رەزىيەللاھۇ ئەنھۇ ئۆمۈر بويى پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامنىڭ سىرداش دوستى، ئاغىنىسى بولۇپ ئۆتكەن ۋە بۇ دوستلۇقتىن، لەززەت، خۇشاللىق ھېس قىلغان ئىدى. نەبۇۋۋەت (پەيغەمبەرلىك)نىڭ سىرىنى چۈشەنگەن، ئۇنىڭ يېنىدا بەزىبىر تەجەللىلەرنى كۆرگەن ھەزرىتى ئەبۇبەكرى پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامنى ئىنتايىن ياخشى كۆرەتتى ۋە يېنىدا تۇرسىمۇ ئۇنىڭغا تويمايتتى.

پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام:

- ھېچكىمنىڭ مېلىنى ئەبۇبەكرىنىڭ مېلىنى كۆپ ئىشلەتكەندەك ئىشلىتىپ باقمىدىم. - دېگەن چاغدا ھەزرىتى ئەبۇبەكرى رەزىيەللاھۇ ئەنھۇ كۆز ياشلىرىنى تۇتالماي:

- مەن ۋە مال-مۈلكىم پەقەت سەن ئۈچۈن ئەمەسمۇ؟ ئەي رەسۇلۇللاھ! - دېيىش ئارقىلىق ئۆزىنى ۋە ھەممە نەرسىسىنى پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامغا بېغىشلىغانلىقىنى، ئۇنىڭدا پانى بولغانلىقىنى كۆرسەتكەن ئىدى. (بۇ ھالەت تەسەۋۋۇپتا «فەنا فى رەسۇل»، يەنى رەسۇلۇللاھتا پانى بولۇش دەپ ئاتىلىدۇ.) ھەزرىتى ئەبۇبەكرى بارلىق مال-مۈلكىنى ئاللاھ ۋە پەيغەمبەر ئۈچۈن خەجلىگەن، ھەتتا پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام:

- ئەسكەرلەرگە ياردەم قىلىڭلار! - دېگەن چاغدا پۇل-مېلىنىڭ ھەممىسىنى ئىئانە قىلغان ئىدى. پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام:

- بالا-چاقىلىرىڭغا بىرەر نەرسە قويۇپ قويمىدىڭمۇ؟ - دەپ سورىغاندا:

- ئۇلارغا ئاللاھ ۋە رەسۇلنى قويۇپ قويدۇم !... - دەپ جاۋاب بەردى.

مۇئاۋىيە ئىبنى ئەبى سوفيان ھەزرىتى ئەبۇبەكرى توغرىسىدا:

- دۇنيا ئەبۇبەكرنى خالىمىدى. ئەبۇبەكرمۇ دۇنيانى ئېلىشنى خالىمىدى... - دېگەن ئىدى.

لېكىن بۇ يەردە شۇ بىر نوقتىغا دىققەت قىلىش كېرەككى، ھەزرىتى ئەبۇبەكرى رەزىيەللاھۇ ئەنھۇنىڭ بارلىق مال-مۈلكىنى سەدىقە قىلىشى ۋە پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامنىڭمۇ ئۇنى بونداق قىلىشتىن توسماسلىقى بىر ئالاھىدە ئەھۋالدۇر. بۇ ھەزرىتى ئەبۇبەكرى ۋە ئائىلىسىنىڭ ناھايىتى سەۋرىچان، ئىمانى كۈچلۈك ۋە ئاللاھقا تەۋەككۇل قىلىدىغان كىشىلەر ئىكەنلىكىنى كۆرسىتىدۇ.

بۇ ئىككى ئەزىز يولۇچىنىڭ ياردەمچىسى، يۆلەنچۈكى، باشپاناھى ۋە ئىگىسى ئاللاھتائالا ئىدى. ئۇلار سەۋرى غارىدا يوشۇرۇنۇپ تۇرغاندا ئۇلارنى قوغلاپ غارنىڭ ئالدىغا كەلگەن بەدبەختلەر ئۆمۈچۈك تورىدىن باشقا بىر نەرسە كۆرەلمىدى. خۇددى بىر شائىر ئېيتقاندەك:

ئۆمۈچۈك يوقتۇر ھاۋادا،
سۇدا ۋە يەردە. ...
ۋە لېكىن باردۇر
ھەقىقەتنى كۆرەلمىگەن كۆزلەردە!...[2]

بۇ ئىككى ئەزىز يولۇچى ئاللاھنىڭ ھىمايىسى ئاستىدا مەدىنىگە يېقىن قۇبا دېگەن يەرگە كەلدى. قۇبادىكى خەلق ئۇلارنى تەشنالىق ۋە ھاياجان بىلەن كۈتىۋاتقان ئىدى. مانا ئەمدى ئۇلارنىڭ يېتىپ كېلىشى بىلەن ئەتراپ قاينام-تاشقىنلىق، خۇشاللىق كەيپىياتىغا چۆمدى.

دۆڭلۈكلەردىن «تەلەئەل-بەدرۇ ئەلەينا» [3]ناخشىسىنىڭ ياڭراق سادالىرى، نەغمە-ناۋالار ئاڭلىنىپ تۇراتتى. خەلق پەيغەمبەرنى قىزغىن قارشى ئالغان ئىدى. تارىخ يەنە رەبىئۇلئەۋۋەل ئېيىنىڭ 12-كۈننى كۆرسىتىپ تۇراتتى. بۇ كۈندىن باشلاپ، قىيامەتكە قەدەر داۋام قىلىدىغان **ھىجرىيە** كالېندارىنىڭ تۇنجى بېتى ئېچىلدى.

---

2. ئارىف نىھات ئاسيا: «دۇئالار ۋە ئامىنلەر»، 1973-يىل، ئىستانبۇل، 122-بەت.

3. ئاي تۇغدى ئۈستىمىزگە

مەدىنە مۇنەۋۋەر بۇ كۈندىن ئېتىبارەن ئىسلامىيەتنىڭ ئاشكارا ئوتتۇرىغا چىقىدىغان ۋە تەرەققىي قىلىدىغان ماكانى ۋە ئەيىنكى بولدى. بۇ ھىجرەت بىلەن تەڭ كۇففۇرنىڭ قاراڭغۇ يۈزى سولدى. مەسجىدى سائادەت ۋە مەسجىدى قۇبا ئۇلۇغ مەنىگە ئېرىشىپ، بۇ مۇبارەك ھىجرەتنىڭ قىيامەتكىچە داۋاملىشىدىغان مۇقەددەس خاتىرىسى بولۇپ قالدى.

رەسۇلۇللاھ سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم مەدىنىلىك مۇسۇلمانلار بولغان ئەنسارلار بىلەن مەككىدىن مەدىنىگە ھىجرەت قىلىپ كەلگەن مۇھاجىرلارنى ئۆز ئارا قېرىنداش قىلدى. ئەنسارلار مۇھاجىر قېرىنداشلىرىغا مال-مۈلكىنى كۆرسىتىپ تۇرۇپ: **«مانا بۇلار مېنىڭ مېلىم، ئال! يېرىمى سېنىڭ بولسۇن!...»** دېدى.

كۆڭلى قانائەت خەزىنىسى بىلەن تولغان مۇھاجىرلار بۇنىڭغا جاۋابەن:

ـ مال-مۈلكۈڭ ساڭا مۇبارەك بولغاي، قېرىندىشىم. سەن ماڭا بازارنىڭ يولىنى كۆرسىتىپ قوي. ماڭا شۇ يېتىدۇ! ـ دېدى. (بۇخارى: «بۇيۇ» (سودا-سېتىق)، 1)

پىداكارلىق ۋە پاراغەتتە تەڭدىشى تېپىلمايدىغان ئىسلام قېرىنداشلىقىنىڭ ئاساسى مۇشۇنداق سېلىندى.

مەدىنە ئىسلام تارىخىدىكى ئۆچمەس شانلىق ئورنى ۋە يۇقالماس ئىنتىۋارىغا ئېرىشتى. مەدىنىدە ئەزانلار، رامىزانلار، ھېيت-بايراملار، زاكاتلار، پەزىلەتلەر ئايرىم بىر تەجەللىي ۋە ئايرىم بىر مەنىۋىيەت بىلەن ئۈممەتكە نەمۇنە بولدى.

## بەدرى، ئوھۇد ۋە خەندەك

بەدرى ئۇرۇشى ئىمانىنىڭ كۇففۇرغا قارشى تۇنجى قارشىلىق كۆرسىتىشى ئىدى ۋە غەلبە بىلەن ئاخىرلاشتى. ئۇرۇش دىن قېرىنداشلىقىنىڭ قان قېرىنداشلىق (ئۇرۇق-تۇغقانلىق)تىنمۇ مۇھىم ئىكەنلىكىنى ئىسپاتلىدى. ئۇرۇشتا ھەزرىتى ئەبۇبەكىر رەزىيەللاھۇ ئەنھۇ ئوغلى بىلەن؛ ئەبۇ ئۇبەيدە ئىبنى جەرراھ رەزىيەللاھۇ ئەنھۇ دادىسى بىلەن؛ ھەزرىتى ھەمزە رەزىيەللاھۇ ئەنھۇ بىر تۇققان قېرىندىشى بىلەن قىلىچلاشتى. ئاللاھتائالا بۇ دەھشەتلىك ئۇرۇشقا پەرىشتىلەر قوشۇنىنىمۇ سەپەرۋەر قىلدى. بەدرىدە بۇ ئۇلۇغ جىھادقا قاتناشقان پەرىشتىلەرمۇ باشقا پەرىشتىلەرگە قارىغاندا يۈكسەك

ئىززەت-ئابرويغا ئېرىشتى. بۇ ئۇلۇغ غەلىبىدىن كېيىن مۇسۇلمانلارنىڭ مەغرۇرلىنىپ كەتمەسلىكى ئۈچۈن ئاللاھتائالا ئەنفال سۈرىسىنىڭ 17-ئايىتىنى نازىل قىلدى:

**«(ئى مۇسۇلمانلار!) بەدرىدە ئۇلارنى (يەنى مۇشرىكلارنى) سىلەر ئۆز كۈچۈڭلار بىلەن ئۆلتۈرگۈنۈڭلار يوق، بەلكى ئەمەلدە ئۇلارنى (سىلەرگە ياردەم بېرىپ، ئۇلارنىڭ دىللىرىدا قورقۇنچ پەيدا قىلىش بىلەن) ئاللاھ ئۆلتۈردى، (ئى مۇھەممەد! بىر سىقىم توپىنى مۇشرىكلارغا) ئاتقىنىڭدا سەن ئاتمىدىڭ، بەلكى ئەمەلدە ئۇنى مۇشرىكلارنىڭ كۆزلىرىگە ئاللاھ ئاتتى. (ئاللاھنىڭ مۇنداق قىلىشى) مۆمىنلەرگە (ساۋاب، غەلبە، غەنىمەتلەردىن ئىبارەت) چىرايلىق ئىنئاملارنى ئاتا قىلىش ئۈچۈن ئىدى. ئاللاھ ھەقىقەتەن (ئۇلارنىڭ سۆزلىرىنى) ئاڭلاپ تۇرغۇچىدۇر، (نىيەتلىرىنى، ئەھۋاللىرىنى) بىلىپ تۇرغۇچىدۇر.»**

✵

بەدرى غەلىبىسىدىن كېيىنكى ئوھود ئۇرۇشى ھەزرىتى ھەمزىنىڭ قېنى بىلەن بويالدى. ئۇنىڭ بىلەن شېھىدلەرنىڭ سانى يەتمىشكە يەتتى. شېھىدلەرنىڭ جىنازا نامىزىنى ئوقۇش ئۈچۈن ھەزرىتى ھەمزىنىڭ جەستى بىلەن بىرلىكتە ئون شېھىد ئېلىپ كېلىندى. نامازدىن كېيىن توققۇز كىشى دەپنە قىلىندى. يەنە ھەزرىتى ھەمزىنىڭ يېنىغا توققۇز شېھىد ئېلىپ كېلىنىپ تەكرار جىنازا نامىزى ئوقۇلدى. پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام تاغىسى، جىگەر پارىسى، شېھىدلەرنىڭ غوجىسى ھەزرىتى ھەمزىنىڭ جىنازا نامىزىنى بىر قانچە قېتىم ئوقىدى.

بەدرى غەلىبىسگە ئەگىشىپ كەلگەن ئوھود ئۇرۇشىدا دەھشەتلىك ۋە قورقۇنچ مەنزىرىلەر بارلىققا كەلدى. ھاياتنىڭ تاتلىق ۋە ئاچچىق سىناقلىرى ئارقىلىق مۆمىنلەرنىڭ ئىمانى چوڭ بىر ئىمتىھاندىن مۇۋەپپەقىيەتلىك ئۆتتى. مۆمىنلەرنىڭ ئىمانى ۋە ساداقىتى تېخىمۇ كۈچلەندى. مۆمىنلەر ئاللاھقا تەۋەككۇل قىلىپ، ئۇنىڭغا تەسلىم بولۇپ، تەقدىرگە مەمنۇنىيەت بىلەن رازى بولغان ئىدى.

ئوھود ئۇرۇشى جەريانىدا مۇشرىكلار توساتتىن پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامغا يېقىنلاپ كەلدى. ئۇلار ئاتقان ئوق ۋە تاشلار پەيغەمبىرىمىزنىڭ يۈزىگە تېگىپ،

مۇبارەك چىشى، نۇرلۇق پېشانىسى، خوشچىرايى ۋە لەۋلىرى زەخىملىنىپ، يۈزىدىن قان ئېقىشقا باشلىدى.

بېشىدىكى دۇبۇلغىسىنىڭ ئاز بىر قىسمى پەيغەمبىرىمىزنىڭ ئېڭىكىگە پېتىپ قالدى. پەيغەمبىرىمىز پاسىق ئەبۇئامىر مۇسۇلمانلارنى چۈشسۇن دەپ قازغان ئازگالغا چۈشۈپ كەتتى. ھەزرىتى ئەلى رەزىيەللاھۇ ئەنھۇ رەسۇلۇللاھنىڭ قولىدىن تۇتتى، تەلھا ئىبنى ئۇبەيدۇللا ئۇنى يۆلەپ ئازگالدىن چىقاردى. (ئىبنى ھىشام: 3-جىلد، 26-27)

ھەزرىتى ئەبۇبەكىر رەزىيەللاھۇ ئەنھۇ مۇنداق دەيدۇ:

ئوھود كۈنى مۇشرىكلار پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام تەرەپكە قاراپ ماڭغاندا، ئۇنىڭ يېنىغا يۈگرەپ كەلگەنلەرنىڭ بىرىنچىسى مەن ئىدىم. ئارقامدىن بىرەيلەننىڭ پەيغەمبىرىمىزنىڭ يېنىغا قۇشتەك ئۇچۇپ كېلىشكە تەمشىلىۋاتقانلىقىنى كۆردۈم. قارىسام، ئۇ ئۇبەيدە ئىبنى جەرراھ ئىكەن.

رەسۇلۇللاھنىڭ دۇبۇلغىسىنىڭ ئىككى تەرىپىنىڭ ئېڭىكىگە پېتىپ قالغانلىقىنى كۆرگەن ئەبۇ ئۇبەيدە ماڭا:

- ئۆتۈنۈپ قالاي، رەسۇلۇللاھ بىلەن مېنىڭ ئارامدا تۇرما! ماڭا بىر ئاز يول قويغىن. پەيغەمبىرىمىزنىڭ ئېڭىكىدىكى دۇبۇلغىنىڭ پارچىسىنى مەن تارتىپ ئالاي! - دېدى.

رەسۇلۇللاھنىڭ يۈزىنى ئاغرىتىپ قويماسلىق ئۈچۈن دۇبۇلغا پارچىسىنى قولى بىلەن ئەمەس، چىشىدا چىشلەپ تارتىپ ئالدى. بۇ ئەسنادا ئۆزىنىڭ چىشى زەخىملەندى. (بەيھاقى: «دەلائىلۇن-نۇبۇۋۋە» 3-جىلد، 263)

بۇ چاغدا ساھابىلەر ۋە پەرىشتىلەر قاتتىق قايغۇردى. يۈز بەرگەن بۇ ۋەقە ئۇلارغا قاتتىق ھار كەلگەن ئىدى. ساھابىلەر:

- ئى رەسۇلۇللاھ! مۇشرىكلارغا بەددۇئا قىلغىن. - دېدى .پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام:

**- ئاللاھتائالا مېنى لەنەتلىگۈچى قىلىپ ئەۋەتمىدى. ئەكسىچە، ھەقىقەتكە چاقىرغۇچى ۋە رەھمەت قىلىپ ئەۋەتتى. ئاللاھىم! قەۋمىمنى ھىدايەت قىل! چۈنكى ئۇلار بىلمەيدۇ.** - دەپ دۇئا قىلدى. (قازى ئىياز: «شىفا»، 1-جىلد، 95)

پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامنىڭ تەڭداشسىز ئېسىل ئەخلاقى ھەققىدە ھەزرىتى ئۆمەر رەزىيەللاھۇ ئەنھۇ مەرسىيىسىدە مۇنداق دەپ يازغان: «ئەي رەسۇلۇللاھ، ئاتا-ئانام ساڭا پىدا بولسۇن! نوھ ئەلەيھىسسالام قەۋمى ھەققىدە: "رەببىم! يەر يۈزىدە كاپىرلاردىن ھېچكىم قالمىسۇن"[4] دەپ بەددۇئا قىلغان ئىدى. ئەگەر سەنمۇ بىزنىڭ ھەققىمىزدە بەددۇئا قىلغان بولساڭ، ئاخىرقى نەپسىمىزگىچە ھەممىمىز ھالاك بولغان بولاتتۇق. گەرچە سېنىڭ مۇبارەك دۈمبەڭگە دۈشمەنلىنىڭ قولى تەككەن، يۈزۈڭ يارىلىنىپ قان ئاققان، چىشىڭ زەخىملەنگەن بولسىمۇ، ئەمما سەن يەنىلا ياخشىلىقتىن باشقا گەپ قىلمىدىڭ. پەقەتلا: «ئاللاھىم، قەۋمىمنى مەغپىرەت قىلغىن! چۈنكى ئۇلار بىلمەيدۇ ...دېدىڭ.» (قازى ئىياز: «شىفا»، 1-جىلد، 95)

ئوھود ئۇرۇشىدا يۇقىرقىدەك ئالاھىدە ھادىسىلەر يۈز بەرگەن ئىدى.

بەدرى ئۇرۇشىدا ساھابىلەر پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامغا شەرتسىز ھالدا مۇتلەق بويسۇنغان ۋە ئۇنىڭغا:

- ئەي ئاللاھنىڭ رەسۇلى! بىز ساڭا ئىمان ئېيتتۇق. ئاللاھ تەرىپىدىن ئېلىپ كەلگەن قۇرئانى-كەرىمنىڭ ھەق ئىكەنلىكىگە سەممىيلىك بىلەن ئىشەندۇق. ساڭا ئىتائەت قىلىشقا، ئەگىشىشكە ئەھدۇ-پەيمان قىلدۇق. نېمە قىلىشنى خالىساڭ، شۇنى قىل. بىزگە بۇيرۇق بەر. سېنىڭ كەينىڭدىن ماڭىمىز. سېنى ئەۋەتكەن ئاللاھ ھەققى ئۈچۈن ئوتقا دېسەڭ ئوتقا، سۇغا دېسەڭ سۇغا كىرىشكە تەييارمىز. سەن بىلەن بىللە بولىمىز، ھەرگىز ئارقاڭدا قالمايمىز!...- دېگەن ئىدى. ئۇلار بۇنى سۆزلەۋاتقان چاغدا قەلبى كۈچلۈك ئىمان بىلەن تولۇپ تاشقان ئىدى.

ئوھود ئۇرۇشىدا بولسا، پەيغەمبەرنىڭ ئەمرىگە ئىتائەت قىلىشتىكى بىر دەملىك غەپلەت، ئۇرۇش غەنىمەتلىرىگە قىزىقىش ئۇرۇشنىڭ تەقدىرىنى ئۆزگەرتتى. ئىلاھىي ئاگاھلاندۇرۇش ئوتتۇرىغا چىقتى ۋە ئۇرۇشنىڭ غەلىبىسى كېچىكتى.

پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامنىڭ كۆڭلىدە ئوھودنىڭ باشقا بىر يېرى بار ئىدى ۋە ئۆمۈر بويى ئوھود ۋە ئوھودتىكى شېھىدلەرنى داۋاملىق يوقلاپ تۇرغان ئىدى. پات-پات:

---

4. نوھ سۈرىسى 26-ئايەت.

- بىز ئۇھۇدنى ياخشى كۆرىمىز، ئۇھۇدمۇ بىزنى ياخشى كۆرىدۇ.- دېيىش ئارقىلىق بۇ يەرنىڭ شانۇ-شەۋكىتىنى تەكىتلىگەن ئىدى. شېھىدلەرنىڭ ماكانى ئۇھۇد پەيغەمبىرىمىز ياخشى كۆرگەن بىر ماكان بولغانلىقى ئۈچۈن قىيامەت كۈنىگىچە ئۈممەتكە بىر زىيارەتگاھ بولۇپ قۇچاق ئاچىدۇ.

✵

خەندەك ئۇرۇشىدا پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام باشقىلار مىدىرلىتالمىغان چوڭ بىر تاشنى پارام-پارچە قىلغاندا بىرىنچى ئۇرۇشىدا ۋىزانتىيە، ئىككىنچىسىدە ئىران، ئۈچىنچىسىدە يەمەننىڭ ئاچقۇچلىرىنىڭ ئۆزىگە بېرىلگەنلىكىنى ۋە شۇ يەردىلا بۇ مەملىكەتلەرنىڭ سارايلىرىنى كۆرگەنلىكىنى ئېيتتى. بۇ ئارقىلىق بۇ دۆلەتلەرنىڭ كەلگۈسىدە ئىسلام بىلەن شەرەپكە ئېرىشىدىغانلىقى توغرىسىدا خوشخەۋەر بېرىپ، ئۈمىدسىز كۆڭۈللەرگە كەلگۈسىدىكى غەلىبىلەرنىڭ ھاياجىنى، ئۈمىدىنى ئالدىن بىشارەت بەردى. يېقىن كەلگۈسىدە ھەقىقەتنىڭ باتىلنى چوقۇم يوق قىلىدىغانلىقى، مۇمكىن ئەمەس دېيىلگەن ئىشلارنىڭ مۇمكىن بولۇپ، دۇنيادا ئالەمشۇمۇل ئۆزگىرىشلەر بولىدىغانلىقى توغرىسىدا بىر ھىدايەت خەرىتىسى سىزغان ئىدى.

خەندەك ئۇرۇشى ئازاب، ھارغىنلىق، ئاچلىق، سوغۇق ۋە قاراڭغۇلۇق قاتارلىق مىڭبىر جاپا-مۇشەققەتلەر بىلەن تولۇپ تاشقان بىر قېتىملىق ئۇرۇش ئىدى. پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام:

- ئاللاھىم! ھەقىقي ھايات پەقەت ئاخىرەت ھاياتىدۇر. ئەنسار ۋە مۇھاجىرلارغا غەلبە، نۇسرەت ئاتا قىل! - دەپ دۇئا قىلىپ، دۇنيادىكى بارلىق ئازاب-ئوقۇبەتلەرنىڭ ئاخىرەتتىكى ئەبەدىيلىك بىلەن سېلىشتۇرغاندا ھېچنىمگە ئەرزىمەيدىغانلىقىنى ئېپادىلەپ، ساھابىلەرگە ئاخىرەتنى نىشان قىلىپ كۆرسەتكەن ئىدى.

## مەككىنىڭ فەتھى قىلىنىشى

ھۇدەيبىيە كېلىشىمى مەزگىلىدە پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامنىڭ خوشخەۋەر بەرگىنىدەك، مۇسۇلمانلار كېيىنكى ئۇرۇشلاردا كەينى-كەينىدىن غەلبە قىلدى، مەككە ئۆزىنىڭ ھەقىقى ساھىبى بولمىش جىگەر پارىلىرىگە قوينىنى كەڭ ئاچتى. مەنىۋى جەھەتتە مەككە ئۆزىنى سۆيگەنلەرنىڭ ئەپۇچانلىقى، تىنچلىق، بەختەرلىك

ۋە ھىدايەت تەرىپىدىن تولۇق بويسۇندۇرۇلغان ئىدى. ئىلگىرى جەۋرى-زۇلۇم، ئازاب-ئوقۇبەت ۋە جاپا-مۇشەققەت بىلەن چاڭقاپ، ھالىدىن كەتكەن مەككىنىڭ تەشنالىقى قاندى. ئۇزۇن يىللىق ئازابلارنىڭ ئورنىغا خۇشاللىق كەلدى. ئاندىن ئاللاھقا شۈكۈر قىلىش ئۈچۈن تارىختىكى ئەڭ چوڭ كەچۈرۈم قىلىش بۇ يەردە كۆرسىتىلدى. بۇ كەچۈرۈم نەتىجىسىدە، ئىلگىرى مۇسۇلمانلارنى ئۆلتۈرگەن ۋەھشى، قاتىل ۋە گۇناھكارلار ئەمدىلىكتە ھەممىسى مۇسۇلمان بولدى.

پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامنىڭ تۇغۇلغان يۇرتى، ئانا ۋەتىنى مەككىنى فەتھى قىلغانلىقىنى كۆرگەن ئەنسارلار ئۆزئارا:

- ئاللاھتائالا پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامغا مەككىنى ئاچتى. ئەمدى ئۇ مەككىدە قالىدۇ. مەدىنىگە قايتمايدۇ !... - دېيىشتى. ئەنسارلار بۇ گەپنى پەقەت ئۆزئارا دېيىشكەن ئىدى. ئەمما پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام ئۇلارغا كۆڭلىدە ئويلىغانلىرىدىن خەۋەر بەردى. ئۇلار خىجىل بولۇپ ئېتىراپ قىلدى. پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام ئەنسارلارغا:

- ئى ئەنسارلار! بۇنداق قىلىشتىن ئاللاھقا سېغىنىپ پاناھ تىلەيمەن! مەن سىلەرنىڭ يۇرتۇڭلارغا ھىجرەت قىلدىم. ھايات-ماماتتا سىلەردىن ئايرىلمايمەن! ....- دەپ ئۆزىنىڭ قانچىلىك ۋادار ئىكەنلىكىنى نامايەن قىلدى ۋە ئەنسارلار بىلەن بىللە مەدىنە مۇنەۋۋەرگە قايتتى.

## ۋىدالىشىش ھەججى

ۋىدالىشىش ھەججى مەزگىلىدە ئەڭ ئاخىرقى ئايەت نازىل بولدى. دىنىنىڭ تاماملانغانلىقى، مۇكەممەللەشكەنلىكى بىلدۈرۈلدى. شۇنىڭ بىلەن بىر ۋاقىتتا ئالەملەرگە رەھمەت قىلىپ ئەۋەتىلگەن ئۇلۇغ زات پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامنىڭ ۋەزىپىسىنى تاماملىغانلىقى، رەببىنىڭ يېنىغا قايتىش ۋاقتىنىڭ يېتىپ كەلگەنلىكىنى ئىپادە قىلىۋاتاتتى. پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام ساھابىلىرىگە قاراپ، دىنىنى تەبلىغ قىلغانلىقى توغرىسىدا:

«ساھابىلىرىم تەبلىغ قىلدىممۇ؟...

- تەبلىغ قىلدىممۇ؟...

- تەبلىغ قىلدىممۇ؟..»

دەپ ئۈچ قېتىم تەستىق ئالدى. ئاندىن ئاسمانغا قاراپ، قوللىرىنى ئېچىپ، ئاللاھتىن شاھادەت تىلىدى:

« شاھىت بول! يا رەب...

شاھىت بول! يا رەب...

شاھىت بول يا رەب !...»

شۇنداق قىلىپ، يىگىرمە ئۈچ يىل جەريانىدا كەلگەن مۇقەددەس ئامانەت، دىنني تەبلىغ ۋەزىپىسى قىيامەتكە قەدەر كېلىدىغان ئۈممەتلەرگە تاپشۇرۇلدى.

✵

ئىلگىرى قولىدا قىلىچ تۇتۇپ باقمىغان، ھەربىي تەلىم-تەربىيە كۆرمىگەن ۋە پەقەت بىر قېتىم ئۇرۇش ۋەقەسىنى يىراقتىنا تۇرۇپ كۆرگەن پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام گەرچە مېھرىبان ۋە باغرى يۇمشاق بىر كىشى بولسىمۇ، ئەمما ئىجتىمائىي سۈلھ ئۈچۈن، بولۇپمۇ تەۋھىد ئېتىقادى ئۈچۈن ئەڭ دەھشەتلىك ئۇرۇشلاردىن قىلچە باش تارتمايدىغان باتۇر بىر جەڭچى بولدى. توققۇز يىل ئىچىدە ئىنتايىن ئاز ھەربى كۈچى بىلەن سانى كۆپ دۈشمەنلەرگە تاقابىل تۇرۇپ، پۈتۈن ئەرەبىستاننى فەتھى قىلدى. ئۇ زامانىدىكى رەتسىز، ئىنتىزامسىز ۋە قالايمىقان ئادەملەرگە مەنىۋى كۈچ ۋە ئەسكىرىي تەلىم-تەربىيە بېرىش ئارقىلىق فەتىھ ھەرىكەتلىرىدە مۆجىزە خاراكتېرلىق مۇۋەپپەقىيەتلەرگە ئېرىشتى. ئۇ شۇ قەدەر بۈيۈك غەلبە قازاندىكى، ئۇ دەۋردە دۇنيادا ئەڭ كۈچلۈك ئىككى دۆلەت بولغان رۇم ۋە پارىس ئىمپىراتورلىقى مۇسۇلمانلارغا يېڭىلدى. شۇنداق قىلىپ، ئۇ ئىلگىرى خەندەكتە ئالدىن بىشارەت بەرگەن ۋەدىلەر ئەمەلگە ئاشتى.

نەتىجىدە، ئىنسانلىق تارىخىدىكى سەلبى شارائىتلارغا قارشى ئىنقىلاپ قىلغان پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام زالىملارنى يۇقاتتى، مەزلۇملارنىڭ كۆز ياشلىرىنى سۈرتتى. ئۇنىڭ مۇبارەك قولى يېتىملارنىڭ چاچلىرىنى تارايدىغان تاغاق بولدى. ئۇنىڭ تەسەللىي نۇرلىرى بىلەن كۆڭۈللەر غەمدىن يىراق بولدى.

تۈركىيەلىك مەشھۇر شائىر مەھمەت ئاكىف ئەرسوي بۇ مەنزىرىنى مۇنداق تەسۋىرلىگەن:

كۆزنى يۇمۇپ ئاچقىچە چوڭ بولدى يېتىم، قىرىق ياشقا كەلدى،
مەزلۇملارنى زار قاخشاتقان زالىملارنىڭ بېشى تاشقا تەگدى.
بىر نەپەستە بۇ گۇناھسىز، ئىنسانلارنى قۇتۇلدۇردى،
بىر ئۇرۇپلا قەيسەرلەرنى، كىسرالارنى مەغلۇپ قىلدى.
ئېزىلگەن مەزلۇملار ئورنىدىن دەس تۇردى، تىرىلدى،
ھەددىنى بىلمىگەن زۇلۇم، ۋاھ !مانا ئۇرۇلدى.
ئۇ ئەكەلگەن ئېتىقاد ئالەملەرگە رەھمەتتى،
ئادالەتكە تەلپۈنگەن دۆلەتنى قۇچاقلايتتى.
دۇنيادا نېمە بولسا، ھەممىسى ئۇنىڭ سوغىسى،
جەمئىيەت ۋە ئادەملەر ئۇنىڭغا قەرىزدار ئىدى.
قەرىزداردۇر ئۇ مەسۇمغا بارلىق ئىنسانلار ئىلى،
يا رەب! تىرىلدۇرگىن بۇ ئىقرار بىلەن، بىزنى قىيامەت كۈنى.

ئەگەر پۈتكۈل پەزىلەتلەرنى ئۆزىگە مۇجەسسەم قىلغان پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام دۇنياغا كەلمىگەن بولسا ئىدى، ئىنسانلار قىيامەت كۈنىگە قەدەر زۇلۇم ۋە خارلىق ئىچىدە قالغان، ئاجىزلار كۈچلۈكلەرنىڭ قۇلى بولغان بولاتتى. دۇنيادىكى مۇۋازىنەت شەيتاننىڭ ئارزۇسىغا لايىق ھالەتتە ئۆزگىرەتتى. شائىر بۇ ھالەتنى مۇنداق تەسۋىرلىگەن:

ئەي رەسۇلەللاھ! ئەگەر سەن كەلمىگەن بولساڭ ئالەمگە،
گۈللەر ئېچىلماي، بولبۇل سايرىماي، ئىنسان ئاللاھنى تونىماي،
يۇقتىپ مەنىسىنى، غەرق بولۇر ئىدى ماتەمگە!...

## ئەڭ بۈيۈك پىراق ۋە ئاللاھقا قايتىش

پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام يىگىرمە توققۇز قېتىم ئۇرۇشقا قۇماندانلىق قىلدى، توقسان بىر قېتىم قوشۇن ئەۋەتىپ، ھەربى يۈرۈش ئېلىپ باردى. مەككىنىڭ فەتھى قىلىنىشى بىلەن ئىسلامىيەت يىلتىز تارتتى ۋە:

**«بۈگۈن سىلەرنىڭ دىنىڭلارنى پۈتۈن قىلدىم، سىلەرگە نېمىتىمنى تاماملىدىم، ئىسلام دىنىنى سىلەرنىڭ دىنىڭلار بولۇشقا تاللىدىم!»** دېگەن ئايەت نازىل بولدى[5].

ئايرىلىش ۋە ئەڭ ئۇلۇغ ۋىسالغا يېتىشنىڭ ۋاقتى كەلگەن ئىدى.

ئاغرىپ يېتىپ قېلىشتىن بىر كۈن ئىلگىرى مەدىنىدىكى جەننەتۇل باقى دەپ ئاتالغان مازارلىققا باردى. قەبرىدىكىلەر ئۈچۈن:

«ئەي ئۇلۇغ ئاللاھىم !بۇ يەردە ياتقانلارنى مەغپىرەت قىل» دەپ دۇئا قىلدى. بۇ ئارقىلىق قەبرىدىكىلەر بىلەن ۋىدالاشتى.

مازارلىقتىن قايتىپ كەلگەندىن كېيىن ۋىدالىشىش نۆۋىتى ساھابىلەرگە كەلگەن ئىدى. ئۇلارغا ئاخىرقى نەسىھەتلىرىنى قىلدى ۋە:

- شانى ئۇلۇغ ئاللاھ بىر بەندىسىگە دۇنيا ۋە ئۇنىڭدىكى نېمەتلەر بىلەن جەننەتتىكى نېمەتلەر ئارىسىدا تاللاش ئىختىيارلىقى بەردى. بۇ بەندە جەننەتتىكى نېمەتلەرنى تاللىدى. - دېدى.

بۇنى ئاڭلىغان كۆڭلى نازۇك ۋە سەزگۈر ھەزرىتى ئەبۇبەكىر پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامنىڭ ساھابىلەر بىلەن ۋىدالىشىۋاتقانلىقىنى ھېس قىلدى. ئايرىلىش ھەسرىتىنى تۇيغان قەلب ۋە كۆزلىرىدىن ئىختىيارسىز ياشلار تارامالاپ ئېقىشقا باشلىدى، بوقۇلداپ يىغلاپ تۇرۇپ:

- ئاتا-ئانام ساڭا پىدا بولسۇن، ئەي رەسۇلەللاھ! ساڭا دادىلىرىمىزنى، ئانىلىرىمىزنى، جانلىرىمىزنى، ماللىرىمىزنى ۋە ئەۋلادلىرىمىزنى پىدا قىلىمىز!... - دېدى. جامائەت ئىچىدە ھەزرىتى ئەبۇبەكىردىن باشقا ھېچكىم پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامنىڭ چوڭقۇر ھېسسىياتىنى، سۆزىدىكى يوشۇرۇن مەنانى چۈشىنەلمىگەن ئىدى. چۈنكى ئايەتتە تىلغا ئېلىنغان سەۋرى غارىدىكى «ئىككى كىشىنىڭ ئىككىنچىسى» پەقەت ھەزرىتى ئەبۇبەكىر ئىدى.

ساھابىلەر پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامنىڭ بۇ ئەزىز دوستىنىڭ يىغلىغانلىقىنى كۆرۈپ، ھەيران بولۇپ، ئۆزئارا:

---

5. مائىدە سۈرىسى 3-ئايەت

- پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام رەببىنىڭ يېنىغا بېرىشنى تاللىغان بىر سالىھ كىشى توغرىلىق سۆزلەپ بېرىۋاتسا، بۇ بوۋاي (ئەبۇبەكرى)نىڭ يىغلاپ كەتكىنىنى كۆرمەمدىغان؟ تو ۋا، ئەجەپ ئىش-ھە! -دېيىشتى.

ۋەھالەنكى، ھەزرىتى ئەبۇبەكرى رەزىيەللاھۇ ئەنھۇنىڭ سەزگۈر ۋە ئىنچىكە كۆڭلى بۈيۈك ۋىدالىششىنى سىزىپ، ئايرىلىشتىن شىكايەت قىلىۋاتقان بىر نەي كەبى پەريادىنى باشلىغان ئىدى. (مۇستاپا ئاسىم كۆكسال «ئىسلام تارىخى»،11-جىلد، 35-36-بەتلەر)

جەننەتتىكى ئايالار ئىچىدە ئەڭ مۆتىۋەر بولغان پاتىمە دادىسىنىڭ پانى دۇنيادىن ئايرىلىدىغانلىقىنى ئاڭلاپ قاتتىق ئازابلاندى ۋە:

- كائىناتنىڭ پەخرىنىڭ ئۇ ئالەمگە سەپەر قىلىدىغانلىقىنى ئاڭلاپ، ئۈستۈمگە ئېغىر بىر مۇسىبەت چۈشتى. ئەگەر بۇ مۇسىبەت قاراڭغۇلۇقنىڭ ئۈستىگە چۈشكەن بولسا ئىدى، قاراڭغۇلۇقنىڭ رەڭگى ئۆزگەرگەن بولاتتى. - دېدى.

پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام بىزگە قۇرئان ۋە سۈننەتتىن ئىبارەت ئىككى ئۇلۇغ رەھبەر قالدۇرۇپ كەتتى. قۇرئانى-كەرىم بىلەن سۈننەت دۇنيا-ئاخىرەتتە بەختلىك بولىشىمىزدىكى دورا ۋە پەيغەمبىرىمىزنىڭ ئەبەدىي خاتىرىسىدۇر.

پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام مەدىنىگە قايتقاندىن كېيىن ئون ئۈچ كۈن ئاغرىپ ياتتى ۋە نىھايەت مىلادى 632-يىلى 6-ئاينىڭ 8-كۈنى، يەنى ھىجرىيە 11-يىلى رەبىئۇلئەۋۋەل ئېيىنىڭ 12-كۈنى دۈشەنبە كۈنىدە ئالاھنىڭ دەرگاھىغا كەتتى.

پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامنىڭ مۈرىسىدە ئىلاھىي بىر نىشان سۈپىتىدە پەيغەمبەرلىك مۆھۈرى بار ئىدى. بەزى ساھابىلەر ئۇنى بىر سۆيۈۋېلىشنى ئارزۇ قىلىشاتتى. ئىمام بەيھاقى مۇنداق دەيدۇ:

«رەسۇلى ئەكرەم سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم ئەبەدىي ئالەمگە كۆچكەندە مۇبارەك يۈزىدە ھېچقانداق ئۆزگىرىش بولمىغانلىقى ئۈچۈن ئەسھابى-كىرام (ساھابىلەر) ئۇنىڭ ئاخىرەتكە كەتكەنلىكىگە گۇمان قىلىشتى. شۇنىڭ بىلەن ئەسما رەزىيەللاھۇ ئەنھا ئۇنىڭ مۈرىسىدىكى نەبۇۋۋەت (پەيغەمبەرلىك) مۆھۈرىگە قارىدى. مۆھۈرنىڭ يۇقاپ كەتكەنلىكىنى كۆرگەندىن كېيىن ئۇنىڭ ئاخىرەت ئالەمىنى شەرەپلەندۈرگەنلىكىگە رەسمىي ئىشىنىشتى.» (تىرمىزى رىۋايەت قىلغان)

دىن مۇكەممەل بولدى. تەبلىغ قىلغانلىقىغا ئائىت ساھابىلەر ھەممىسى: «شۇنداق! سەن بىزگە تەبلىغ قىلدىڭ!» دېيىشتى، بۇ گۇۋاھلىق ئاللاھقا يەتكۈزۈلدى.

ئاندىن پەيغەمبەر ئەبەدىيلىك ئالەمگە چاقىرىلدى. ھازىر ئۇ مەھشەردە، سىراتتا ۋە ھەۋزى كەۋسەردە ئۈممىتىنى ساقلاپ تۇرماقتا.

✵

رەبىئۇلئەۋۋەل ئېيىنىڭ 12-كۈنى، يەنى **دۈشەنبە** كۈنى تۇغۇلۇپ دۇنيانى شەرەپلەندۈرگەن ئىدى. يەنە رەبىئۇلئەۋۋەلنىڭ 12-كۈنى ئاللاھ تەرىپىدىن پەيغەمبەرلىك ۋەزىپىسىگە تەيىنلەندى. ئەبۇقەتادە مۇنداق رىۋايەت قىلىدۇ:

«پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامدىن دۈشەنبە كۈنى روزا تۇتۇش توغرىسىدا سورالغاندا ئۇ جاۋاب بېرىپ:

- بۇ مېنىڭ تۇغۇلغان كۈنۈم ۋە پەيغەمبەر قىلىپ ئەۋەتىلگەن كۈنۈمدۇر.» دېدى. (مۇسلىم رىۋايىتى)

يەنە بىر رەبىئۇلئەۋۋەلنىڭ 12-كۈنى **دۈشەنبە** ئەتىگىنى مەدىنىگە كېلىپ، يېڭى قۇرۇلغان ۋە قىيامەت كۈنىگىچە داۋام قىلىدىغان ئىسلام دۆلىتىنىڭ ئاساسىنى سالغان ئىدى.

ۋە نىھايەت يەنە بىر رەبىئۇلئەۋۋەلنىڭ 12-كۈنى **دۈشەنبە** ئاخىرەت ئالەمگە كۆچۈپ كەتتى.

ئىبنى ئابباس رەزىيەللاھۇ ئەنھۇ مۇنداق رىۋايەت قىلىدۇ:

«پەيغەمبەر سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم دۈشەنبە كۈنى تۇغۇلدى، دۈشەنبە كۈنى پەيغەمبەر بولدى، دۈشەنبە كۈنى مەككىدىن مەدىنىگە ھىجرەت قىلدى، دۈشەنبە كۈنى مەدىنىگە يېتىپ كەلدى، دۈشەنبە كۈنى ۋاپات بولدى. ئىلگىرىمۇ دۈشەنبە كۈنى (كەبىدە كېلىشتۈرگۈچى بولۇپ) ھەجەر-ئەسۋەدنى يېرىگە قويغان ئىدى. دۈشەنبە كۈنى بەدرىدە غەلبە قىلدى. دۈشەنبە كۈنى **«بۈگۈن دىنىڭلارنى تامامىلىدىم»** دېگەن ئايەت (مائىدە سۈرىسى 3-ئايەت) نازىل بولدى.» (ئەخمەد: 1-جىلد، 277؛ ھەيسەمى: 1-جىلد، 196)

ئۇنىڭ تۇغۇلىشى، پەيغەمبەرلىككە تەيىنلىنىشى، ھىجرەت قىلىشى ۋە ئاخىرەتكە كېتىشىنىڭ بىر ئىلاھىي تەجەللىي سۈپىتىدە ھەمىشە رەبىئۇلئەۋۋەل ئېيىنىڭ 12-كۈنى **دۈشەنبە** كۈنىگە ئۇدۇل كېلىشى بۇ ئاينىڭ ئۇلۇغلىقى ۋە مۇھىملىقىنىڭ نىشانىسىدۇر. جامال ۋە جەلال تەجەللىسى كۆرۈلگەن بۇ كۈندە خۇشاللىق ھاياجىنى

ۋە ئايرىلىش ئازابى بىللە كەلگەن، كۆڭۈل ئىقلىمىدا بايرام شادلىقى بىلەن ئايرىلىش ھەسرىتى ئارلىشىپ كەتكەن بىر كەيپىيات بار ئىدى. ھالبۇكى، بۇ رەھمەت پەيغەمبىرى ئاخىرەت ئالىمىدە ئۈممىتىگە شاپائەت ئۈچۈن ساقلاپ تۇرماقتا.

ئاللاھ رەسۇلىنىڭ دۇنيادىن سائادەت ئالەمگە كۆچۈپ كېتىشى بىلەن ئۇنىڭدىن مەھرۇم قالغان بۇ دۇنيانىڭ ۋاپاسىزلىغىنى تۈرك مۇتەسەۋۋۇپ شائىر ئەزىز مەھمۇد ھۇدائى شۇ مىسرالىرىدا مۇنداق تەسۋىرلىگەن:

كىم كۆتەر سەندىن ۋاپانى،
يالغان دۇنيا ئەمەسمۇ سەن؟
مۇھەممەدۇل مۇستاپانى
ئالغان دۇنيا ئەمەسمۇ سەن؟

# ئۆرنەك تەرجىمىھالى ۋە باشقا پەيغەمبەرلەر ئارىسىدىكى ئورنى



«قۇدرىتىم بىلەن قەسەم قىلىمەنكى، رەسۇلۇللاھتا سىلەر ئۈچۈن ئەڭ گۈزەل ئۆرنەك باردۇر.» (ئەھزاب سۈرىسى، 21-ئايەت)

# ئۆرنەك تەرجىمىھالى ۋە باشقا پەيغەمبەرلەر ئارىسىدىكى ئورنى

## رەھمەت پەيغەمبىرىنىڭ ئۆرنەك ھاياتى

پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامنىڭ ھاياتى پۈتكۈل ئىنسانلار ئۈچۈن مۇكەممەل ئۆرنەكتۇر.

دىنىي يېتەكچىلىك قىلىشتا ئۆرنەكتۇر. دۆلەت رەھبىرى سۈپىتىدە ئۆرنەكتۇر. ئىلاھىي مۇھەببەت بېغىغا كىرگەنلەرگە ئۆرنەكتۇر. رەببىنىڭ نېمەتلىرىگە غەرق بولغان چاغلاردا شۈكۈر ۋە كەمتەرلىكتە ئۆرنەكتۇر. قىيىنچىلىق ۋە جاپا-مۇشەققەتتە قالغان چاغلاردا سەۋرچانلىق ۋە ئاللاھقا بولغان تەسلىمىيەتتە ئۆرنەكتۇر. غەنىمەتلەر ئالدىدا، مەرتلىكتە ۋە تاماسىزلىقتا ئۆرنەكتۇر. ئائىلىسىگە مېھرى-شەپقەتتە ئۆرنەكتۇر. ئاجىزلارغا، ئىگە-چاقىسىزلارغا، قۇللارغا غەمخورلۇق قىلىشتا ئۆرنەكتۇر. گۇناھكارلارغا ئەپۇچانلىق ۋە كەڭ قوللۇقتا ئۆرنەكتۇر.

ئەگەر مال-مۈلكىڭىز كۆپ بىر باي كىشى بولسىڭىز، پۈتكۈل ئەرەبىستاننى بويسۇندۇرغان ۋە ئەرەب ئۇلۇغلىرىنى مۇھەببەت بىلەن ئۆزىگە رام قىلغان پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامنىڭ كەمتەرلىكى ۋە مەرتلىكىنى تەپەككۇر قىلىپ بېقىڭ!...

ئەگەر بىر ئاجىز كىشى بولسىڭىز، ئۇنداقتا مەككىدە زالىم ۋە قانخور مۇشرىكلارنىڭ ئادالەتسىز ھۆكۈمرانلىقى ئاستىدا ياشىغان پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامنىڭ ھاياتىدىن ئۆرنەك ئېلىڭ!...

ئەگەر غەلىبە قىلغان بىر مەغرۇر قۇماندان بولسىڭىز، ئۇنداقتا بەدرى ۋە ھۇنەيندە دۈشمەنلىرىنى مەغلۇپ قىلغان جاسارەتلىك پەيغەمبەرنىڭ كىچىك پېئىللىقىدىن، ھاياتىدىن ئىبرەت ئېلىڭ!...

ئاللاھ ئۆز پاناھىدا ساقلىغاي، ناۋادا مەغلۇپ بولۇپ قالسىڭىز، ئوھود ئۇرۇشىدا شېھىد بولغان ۋە يارىدار بولۇپ يېتىپ قالغان ساھابىلەرنىڭ ئارىسىدا شىجائەت ۋە

جاسارەت بىلەن مېڭىپ تەسەللىي بېرىۋاتقان، ئاللاھقا تەۋەككۇل قىلغۇچى پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامنى ئېسىڭىزگە ئېلىڭ!...

ئەگەر مۇئەللىم بولسىڭىز، پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامنىڭ مەسجىدتە مۇلايىم ۋە ئەستايىدىل ھالدا ئەسھابى-سوففەگە ئىلاھىي ئەمرلەرنى ئۆگەتكەنلىكىنى ئويلاپ بېقىڭ!...

ئەگەر ئوقۇغۇچى بولسىڭىز، ۋەھيى ئېلىپ كەلگەن جىبرىئىل ئەلەيھىسسالامنىڭ ئالدىدا ئولتۇرغان پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامنى تەسەۋۋۇر قىلىپ بېقىڭ!...

ئەگەر نەسىھەت قىلغۇچى ۋائىز ياكى سەممى بىر مۇرشىد بولسىڭىز، مەسجىدى نەبەۋى (پەيغەمبەر مەسجىدى)دە ساھابىلىرىگە ھېكمەت تارقاتقان پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامنىڭ سۆزلىرىنى تىڭشاپ بېقىڭ! ئۇنىڭ يېقىملىق ئاۋازىغا قۇلىقىڭىز ۋە زېھنىڭىزنى بېرىڭ!...

ئەگەر ھەقىقەتنى قوغداشنى، ھەقىقەتنى تەبلىغ قىلىشنى، ھەقىقەتنى ئەتراپقا تارقىتىشنى ئارزۇ قىلسىڭىز ۋە بۇ جەھەتتە سىزنى قوللايدىغان بىرەر ياردەمچىڭىز بولمىسا، مەككىدە ھەرقانداق بىر ياردەمدىن مەھرۇم ھالدا زالىملارغا قارشى ھەقىقەتنى ئېلان قىلىپ، ئۇلارنى ھىدايەتكە دەۋەت قىلغان پەيغەمبەرنىڭ ھاياتىغا قاراپ بېقىڭ!...

ئەگەر دۈشمىنىڭىزنى مەغلۇپ قىلىپ، ئۇنى ئورنىدىن تۇرالماس قىلىۋەتكەن، تەلتۆكۈس غەلىبىگە ئېرىشىپ، خۇراپات، باتىلنى يوقىتىپ، ھەقىقەتنى جاكارلىغان بولسىڭىز، مەككىنىڭ فەتھى قىلىنغان كۈنى گەرچە غالىب بىر قوماندان بولسىمۇ، ئەمما تۆگىسى ئۈستىدە خۇددى نامازدا سەجدە قىلىۋاتقاندەك ئولتۇرۇپ شۈكۈر قىلىۋاتقان پەۋقۇلئاددە كەمتەر پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامنى كۆز ئالدىڭىزغا كەلتۈرۈپ بېقىڭ!...

ئەگەر ئىگىدارچىلىقىڭىزدا تېرىلغۇ يەرلەر بار بولسا ۋە ئېتىبزلىقتىكى ئىشلارنى رەتلىك بىرتەرەپ قىلىشنى ئويلىسىڭىز، بەنى نەدىر، خەيبەر ۋە فەدەكتىكى يەرلەرگە ئىگە بولغاندىن كېيىن ئۇ يەرلەرنى تېرىقچىلىق، پەرۋىش ئىشلىرىغا ئۇستا كىشىلەرگە ئۆتكۈزۈپ بەرگەن پەيغەمبەردىن ئۆرنەك ئېلىڭ!...

ئەگەر ئىگە-چاقىڭىز بولمىسا، ئابدۇللاھ ۋە ئامىنەنىڭ يېتىمى، جىگەر پارىسى، كىچىك ۋە مەسۇم يېتىم بالىنى ئويلاپ بېقىڭ!...

ئەگەر بالاغەتكە يەتكەن بىر ياش بولسىڭىز، مەككىدە تاغىسى ئەبۇتالىبنىڭ چارۋا-ماللىرىغا پادىچىلىق قىلغان پەيغەمبەر نامزاتى بىر ياش يىگىتنىڭ ھاياتىغا دىققەت قىلىڭ!...

ئەگەر تىجارەت كارۋىنى بىلەن بىللە سەپەرگە چىققان بىر سودىگەر بولسىڭىز، سۈرىيەدىن بەسرەگە كېتىۋاتقان كارۋان ئىچىدىكى ئەڭ ئۇلۇغ زاتنىڭ ئەھۋالىنى مۇلاھىزە قىلىپ بېقىڭ!...

ئەگەر سوتچى ياكى مۇپەتتىش بولسىڭىز، مەككىدىكى چوڭلار ھەجەرۇل ئەسۋەد (قاراتاش)نى كەبىدىكى يېرىگە كىمنىڭ قويىدىغانلىقى توغرىسىدا تالاش-تارتىش قىلىشىپ، بىر-بىرى بىلەن ئۇرۇشماقچى بولۇشۇپ تۇرغاندا ئۇنىڭ نەقەدەر ئادىل ۋە پاراسەتلىك ھالدا ئىشنى بىر تەرەپ قىلغانلىقىنى ئويلاپ بېقىڭ!...

تەكرار تارىخقا قاراپ، مەدىنىدە مەسجىدى نەبەۋىدە يوقسۇل نامراتلار بىلەن بايلار ئوتتۇرىسىدا ئولتۇرۇپ، ئۇلارغا باراۋەر مۇئامىلە قىلىپ، ئەرىزلىرىنى ئادىل بىر تەرەپ قىلغان پەيغەمبەرگە بىر قاراڭ!...

ئەگەر توي قىلغان بىر ئەر بولسىڭىز، ھەزرىتى خەدىچە بىلەن ھەزرىتى ئائىشەنىڭ يولدىشى بولمىش ئۇ مۇبارەك زاتنىڭ پاك ھاياتىغا، چوڭقۇر ھېسسىياتى ۋە شەپقەتلىكلىكىگە نەزەر سېلىپ بېقىڭ!...

ئەگەر باللىرى بار بىر دادا بولسىڭىز، پاتىمە-زۆھرەنىڭ دادىسى، ھەسەن ۋە ھۈسەيىننىڭ چوڭ دادىسى بولمىش ئۇ زاتنىڭ ئۇلارغا قىلغان مۇئامىلىسىدىكى ئەھۋاللارنى ئۆگىنىۋېلىڭ!...

سىزنىڭ قانداق كىشى ۋە نېمە ئىش بىلەن شۇغۇللىنىشىڭىزدىن قەتئىنەزەر، ھەر ۋاقىت مەيلى ئاخشام، مەيلى سەھەر ۋە ھەر يەردە مۇھەممەد مۇستاپا سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەمنىڭ سىز ئۈچۈن ئەڭ مۇكەممەل ئۆرنەك، مۇرشىد ۋە ئەڭ گۈزەل بىر رەھبەر ئىكەنلىكىنى ھېس قىلالايسىز...

ئۇ شۇنداق بىر مۇرشىد ئىكەنكى، ئۇنىڭ سۈننەتلىرىگە رىئايە قىلىش ئارقىلىق ھەر قانداق خاتالىقنى تۈزىتەلەيسىز، ھاياتىڭىزدىكى قالايمىقانچىلىق، پاراكەندىچىلىكلەرنى ئوڭشىيالايسىز ۋە تۇرمۇشىڭىزنى تەرتىپكە سالالايسىز. ئۇنىڭ نۇرى سايىسىدە ھاياتىڭىزدىكى قىيىنچىلىقلاردىن قۇتۇلۇپ، ھەقىقى بەخت-سائادەتكە ئېرىشەلەيسىز!...

دەرۋەقە، ئۇنىڭ ھاياتى ئەڭ چىرايلىق ۋە ئەڭ خوشبۇي ئەتىرگۈللەردىن دەستىلەنگەن بىر گۈلدەستىگە ئوخشايدۇ.

ئەگەر دۇنيادا ھۆكۈم سۈرگەن بىر ئادالەتنى كۆرسىڭىز، ئىنسانلارنىڭ قەلب رىشتىلىرىنى بىر-بىرىگە باغلىغان مېھرى-شەپقەت بار بولسا ۋە جەمئىيەتتە بايلار يوقسۇللارغا شەپقەت بىلەن مۇئامىلە قىلىپ، ياردەم قىلغان بولسا، كۈچلۈكلەر ئاجىزلارنى ھىمايە قىلغان بولسا، ساغلاملار بىچارىلەرگە يار-يۆلەك بولغان بولسا، مال-مۈلكى كۆپ ئىنسانلار ئىگە-چاقىسىز يوقسۇللارنىڭ ھالىدىن خەۋەر ئېلىپ، تۇل خوتۇن، يېتىم باللارنىڭ بېشىنى سىلىغان بولسا، ئۇنداقتا، شەك-شۈبھىسىز ھالدا شۇنى بىلىڭكى، بۇ خىل ئېسىل خىسلەت ۋە پەزىلەتلەرنىڭ ھەممىسى پەيغەمبەرلەر ۋە ئۇلارنىڭ ئىزىدىن ماڭغانلاردىن قالغان مىراسلاردۇر.

پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامنىڭ ھاياتىدا گەۋدىلىك ئىپادىلەنگەن بىر ئەمەلىيەت، ئۇنىڭ پەيغەمبەرلىكىدىكى كامالەت نوقتىسىدۇر. ئۇنىڭ بۇ كامالىتىنى ئىنساپلىق غەيرى مۇسۇلمانلارمۇ تەقدىرلەش ۋە ئېتىراپ قىلىشقا مەجبۇر بولغان ئىدى. مەسىلەن: ئېنگلىز تارىخچى توماس كارلايلى «قەھرىمانلار» ناملىق بىر كىتاب يازغان ۋە بۇ كىتابىدا ئىنسانىيەت تارىخىدىكى ھەر ساھەدە كامالەتكە يەتكەن مەشھۇر شەخسلەرنى، ئەڭ داڭلىق شائىرلارنى، بۈيۈك قوماندانلارنى تاللاپ، ئۇلارنىڭ ھاياتى ۋە ئەسەرلىرىنى تەھلىل قىلغان. ئۆزىنىڭ بىر خىرىستىئان ئىكەنلىكىنى ئوچۇق ئوتتۇرىغا قويغان يازغۇچى بۇ كىتابىدا پەيغەمبەرلىك ساھەسىدىكى ئەڭ مۇكەممەل شەخسىيەتنىڭ مۇھەممەد سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋە سەللەم ئىكەنلىكىنى دەلىل بىلەن ئوتتۇرىغا قويۇپ مۇئەييەنلەشتۈرگەن.

20-ئەسىرنىڭ ئوتتۇرىسىدا گوللاندىيەنىڭ ھاگۇئې شەھرىدە ئۆتكۈزۈلگەن بىر ئىلمىي تەتقىقات يىغىنىدا ئالىملار ۋە مۇتەپەككۇرلار جەم بولۇپ، دۇنيا تارىخىدىكى يۈز نەپەر ئەڭ ئۇلۇغ شەخسنى باھالاپ چىقتى. باھالىغۇچىلار گەرچە ھەممىسى خىرىستىئان بولسىمۇ، ئەمما نەتىجىدە ئەڭ ئۇلۇغ شەخسلەرنىڭ ئىچىدىكى بىرىنچىسى مۇھەممەد سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋە سەللەم بولۇپ باھالىنىپ چىقتى.

ھەقىقى پەزىلەت شۇكى، بۇ پەزىلەتكە ئىگە بولغۇچىنى ھەتتا دۈشمىنىمۇ ئېتىراپ قىلىش ۋە ماختاشقا مەجبۇر بولىدۇ. پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامنىڭ ئەقىل-پاراستى ۋە گۈزەل ئەخلاقىنى ئۇ ئېلىپ كەلگەن دىنغا ئىشەنمىگەن كىشىلەرمۇ ئېتىراپ قىلغان. چۈنكى پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامنىڭ ئۆزگىچە ھاياتى ھەرقانداق مۇھىتتىكى مەسىلىلەرنىڭ ھەممىسىگە مۇۋاپىق جاۋاب بېرەلەيدىغان ئەخلاقىي مۇكەممەللىكنى ئۆزىگە مۇجەسسەم قىلغان. ھەر خىل يەرلەردە بىر-بىرىگە ئوخشىمايدىغان ئەھۋاللارغا دۇچ كەلگەن كىشىلەرگە يول كۆرسىتەلەيدىغان تەرجىمىھال پەقەت ئۇنىڭ ھاياتىدۇر. ئۇ يەر يۈزىدىكى بارلىق ئىنسانلارنىڭ تەربىيىلىنىشىنىڭ ئاساس نوقتىسىنى كۆرسىتىپ بەردى. ئۇ نۇر ئىزىدىكەنلەرنىڭ يولىغا نۇر چاچتى. ئۇنىڭ رەھبەرلىكى توغرا يول ئىزدىگەنلەر ئۈچۈن ھىدايەت مەشئىلىدۇر. ئۇ بارلىق ئىنسانلارنىڭ يېگانە مۇرشىدىدۇر.

ئۇنىڭ يېنىدا توپلىنىپ ئىلىم ئۆگەنگەن ئىنسانلار دۆلەت تەۋەلىكى، ئىرقى، تىلى، مىللىتى، تەبىقىسى، جەمئىيەتتىكى ئىجتىمائى ئورنى ۋە مەدەنىيەت سەۋىيىسىنىڭ قانداق بولىشىدىن قەتئىنەزەر، ھەممىسى ئۇ يەردە قېرىنداش بولۇپ بىرلىشەتتى. ھەرقانداق بىر ئادەمنى بۇ يەردە ئىلىم ئۆگىنىشتىن مەنئى قىلىدىغان بىرەر بەلگىلىمە مەۋجۇت ئەمەس ئىدى. بۇ يەر يالغۇز بىر قەۋمگىلا ئائىت يەر بولماستىن، بەلكى ئىنساننىڭ ئىنسان بولغانلىقى ئۈچۈنلا ئۇنىڭغا ئېتىبار بېرىلگەن بىر ئىلىم-ئىرفان زىياپىتىگە ئوخشايتتى. ئاجىز بىلەن كۈچلۈكنىڭ بۇ يەردە بىر-بىرىدىن پەرقى يوق ئىدى...

پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامغا ئەگەشكەن كىشىلەرگە قاراپ بېقىڭ. ئۇلارنىڭ ئىچىدە ھەبەشىستان پادىشاھى نەجاشى، مائەنىنىڭ رەھبىرى فەرۋە، ھىميەرنىڭ رەئىسى زۇلكىلا، فىرۇزى-دەيلەمى، يەمەننىڭ چوڭى مەراكەبۇد، ئۇماننىڭ ۋالىيسى ئۇبەيد ۋە جەفەر كەبى ماقامى يۈكسەك شەخسلەر بار.

تەكرار سەپسېلىپ قارايدىغان بولسىڭىز، بۇ ھۆكۈمدار ۋە رەئىسلەرنىڭ يېنىدا يەنە بىلال، ياسىر، سۇھەيب، ھەبباب، ئەممار، ئەبۇفۇكەيھە قاتارلىق قۇل ۋە يېتىملەر؛ سۇمەييە، لۇبەينە، زىننىرە، نەھدىييە، ئۇمموئۇبەيس قاتارلىق چۆرىلەر ۋە ئىگە-چاقىسىز ئاياللارمۇ بار.

ئۇنىڭ ساھابىلىرى ئارىسىدا ئىنتايىن ئەقىللىق، زىرەك، ئۆتكۈر پىكىرلىك كىشىلەر بولغىنىدەك، يەنە ئىنچىكىلىك تەلەپ قىلىدىغان نازۇك ئىشلاردىن خەۋەردار قابىلىيەتلىك كىشىلەر، دۇنيانىڭ سىرلىرىنى بىلىدىغانلار، دۆلەتنى ئادىل باشقۇرالايدىغان ئىقتىدارلىق ئادەملەرمۇ بار ئىدى.

پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامغا ئەگەشكەن كىشىلەر شەھەرلەرنى باشقۇردى، ۋىلايەتلەرنى ئىدارە قىلدى. ئىنسانلار ئۇلارنىڭ سايىسىدە بەخت-سائادەتكە ئېرىشتى، ئادالەتنىڭ تەمىنى تېتىدى، خەلق ئارىسىدا تىنچلىق ۋە خاتىرجەملىك ھۆكۈم سۈردى. ئىنسانلار بىر-بىرى بىلەن قېرىنداشلاردەك ياشىدى.

1789-يىلىدىكى فرانسىيە بۈيۈك ئىنقىلابىنىڭ ئىدىيىۋى ئاساسىنى ھازىرلىغانلاردىن بىرى بولمىش پەيلاسوپ لافايەت مەشھۇر «كىشىلىك ھوقۇق باياناتى»نى ئېلان قىلىشتىن ئىلگىرى پۈتكۈل قانۇن-تۈزۈملەرنى تەتقىق قىلغان ۋە ئىسلام شەرىئىتىنىڭ ئەۋزەللىكىنى كۆرۈپ مۇنداق دېگەن:

«ئەي تەلەيلىك ئەرەپ! سېنى قانچىلىك تەقدىرلىسەك ئازدۇر! چۈنكى ئادالەتنىڭ نەق ئۆزىنى تېپىپسەن!...» (مىراس، «تەجرىدى سارىھ تەرجىمىسى»، 9-جىلد، 289)

✵

پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامنىڭ زاھىرىي تەربىيىسى ۋە باتىنىي تەسىرى ئۇ قەدەر كۈچلۈك بولدىكى، ئىلگىرىكى زامانلاردا ئىنسانىيلىقتىن خەۋەرسىز، قالاق ۋە ياۋايى ھالەتتە ياشىغان جاھىلىيەت دەۋرى كىشىلىرىنى ئىنسانىيەت تارىخىدا كىشىلەر ھەۋەس قىلغۇدەك يۈكسەك مەرتىۋىگە، يەنى «ساھابە» مەرتىۋىسىگە يۈكسەلدۈردى. پارچە-پارچە قەبىلىلەرنى بىر دىن، بايراق، شەرىئەت، مەدەنىيەت، ئەنئەنە ۋە ھۆكۈمەت ئەتراپىدا بىرلەشتۈردى.

قالاق، جاھىل، ۋەھشى ئىنسانلارنى ئىلغار، مەدەنىيەتلىك؛ گۇناھكار ۋە تەربىيىسىز كىشىلەرنى سالىھ، يەنى ئاللاھتىن قورقىدىغان ۋە ئاللاھنى ياخشى كۆرىدىغان تەقۋادار ئىنسانلار قىلىپ يېتىشتۈردى.

ئەسىرلەردىن بۇيان بۇ قالاق جەمئىيەتتە نامىنى تىلغا ئالغۇچىلىكى بار بىرەر كىشى يېتىشىپ چىقمىغان ئىدى. ئەمدىلىكتە بولسا، پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامنىڭ

تەربىيىسى قاراڭغۇ قەلبلەرگە مەرىپەت مەشئىلىنى يېقىشى بىلەن نۇرغۇنلىغان سەرخىل ئىنسانلار يېتىشىپ چىقتى. ئۇلار ئىمان-ئېتىقاد، ئىلىم-مەرىپەت مەشئىلىنى كۆتىرىپ، دۇنيانىڭ تۆت تەرىپىگە راۋان بولدى ۋە يېتىپ بارغانلىكى يەرلەرنى نۇرلاندۇردى. چۆلگە چۈشكەن نۇر ئەبەدىيلىكنى كۆلەڭگە قىلىپ، پۈتكۈل ئىنسانلارغا يورۇقلۇق ئاتا قىلدى. بۇ دۇنيانىڭ يارىتىلىش مەقسىتى ئايان بولدى.

ئۇ كىشىلەرنىڭ كۆڭلىنى فەتھى قىلغان مۇكەممەل بىر ئۇستاز ئىدى. قىسقا ۋاقىت ئىچىدە ھەتتا پادىشاھلارمۇ ئېرىشەلمىگەن يۈكسەك ماقامغا ئېرىشتى، ئەمما دۇنيا نېمەتلىرىگە كۆز قىرىنى سېلىپمۇ قويماستىن ئىلگىرىكى كەمبەغەل، غورىگىل تۇرمۇشىنى داۋاملاشتۇردى. ئىچى خورما يوپۇرماقلىرى بىلەن توشقۇزۇلغان بىر تۆشەك ئۈستىدە ئۇخلايتتى، ئاددى-ساددا كىيىملەرنى كىيەتتى. ئەڭ نامرات كىشىلەرنىڭ تۇرمۇش سەۋىيىسىدىنمۇ تۆۋەن ھالەتتە ياشىدى. بەزىدە يەيدىغان نەرسە تاپالمىسا، رەببىگە شۈكۈر قىلىپ، ئاچلىق ئازابىنى يەڭگىللىتىش ئۈچۈن قورسىقىغا تاش باغلىۋالاتتى. ئاللاھ ئۇنىڭ پۈتۈن گۇناھلىرىنى مەغپىرەت قىلغان بولسىمۇ، ئۇ يەنىلا داۋاملىق ئىبادەت ۋە دۇئا بىلەن مەشغۇل ئىدى. كېچىدە پۇتى ئىششىپ كەتكۈچە ناماز ئوقۇيتتى. غېرىب-غۇرۋالارغا ياردەم قىلاتتى. يېتىملارنىڭ، ئىگە-چاقىسىزلارنىڭ تەسەللىسى ئىدى. ئۇ گەرچە ئۇلۇغ ئىنسان بولسىمۇ، ھەمىشە ئاجىزلارنىڭ يېنىدا تۇرۇپ، چەكسىز مېھرىبانلىق بىلەن ئۇلارغا قول-قانات بولغان ئىدى.

ئىنسانلارنىڭ نەزىرىدە پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام ئەڭ كۈچلۈك ھېسابلانغان مەككىنىڭ فەتھى كۈنى قورقۇپ تىترەپ:

-ئەي رەسۇلەللاھ !ماڭا ئىسلامنى ئۆگىتىڭ !- دېگەن بىر مەككىلىككە ئىنتايىن مۇلايىم ۋە كەمتەر بىر تەلەپپۇزدا:

- قورقما قېرىندىشىم! مەن بىر پادىشاھ ياكى ھۆكۈمدار ئەمەسمەن. قۇرەيش قەبىلىسىدىكى قاقلانغان گۆش يەيدىغان بىر ئايالنىڭ يېتىم بالىسىمەن! -دەپ ئۇنىڭ كۆڭلىنى خاتىرجەم قىلدى.

يەنە بۇ كۈنى ياشانغان دادىسىنى ھاپاش قىلىپ، پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامنىڭ يېنىغا ئەكېلىپ، ئۇنىڭغا ئىمان ھەققىدە تەبلىغ قىلىشنى ئۆتۈنگەن دوستى ھەزرىتى ئەبۇبەكرگە:

- ئەي ئەبۇبەكرى! ياشانغان داداڭنى بۇ يەرگە قەدەر ئەكېلىپ، ھارغۇزۇپ قويۇپسەن، نېمىشقىمۇ بۇنداق قىلغانسەن؟! مەن داداڭنىڭ يېنىغا بارالايتتىم ئەمەسمۇ؟ - دېدى.

بۇنىڭدەك مىساللار ناھايىتى كۆپ. قىسقىسى، ئۇ ئىنسانىيەت تارىخىدا تەڭدىشىنى كۆرگىلى بولمايدىغان دەرىجىدە كەمتەر ئىدى.

✵

نۇرغۇن دۆلەتلەر ئۆز ئىختىيارلىقى بىلەن ئۇنىڭ ھىمايىسى ئاستىغا كىردى. ئەرەبىستان پۈتۈنلەي ئۇنىڭ قولىغا ئۆتتى. نېمە قىلىشنى خالىسا، شۇنى قىلالايتتى. شۇنداقتىمۇ ئۇ يەنىلا ئىنتايىن كەمتەر ئىدى. ئۆزىنىڭ ھېچنەرسىگە ئىگە ئەمەسلىكىنى، ھەممە نەرسىنىڭ ئاللاھنىڭ ئىلكىدە ئىكەنلىكىنى سۆزلەيتتى. بىر كۈنلەر كەلدى، قولىغا جىق مال كىردى. خەزىنە ئارتىلغان تۆگە كارۋانلىرى مەدىنە-مۇنەۋۋەرگە بايلىق ئېلىپ كەلدى. ئۇ بۇلارنىڭ ھەممىسىنى موھتاجلارغا تارقىتىپ، ئۆزى ئاۋۋالقىدەكلا ئاددىي-ساددا تۇرمۇشىنى داۋاملاشتۇردى. ئۇ:

- چوڭلۇقى ئوھود تېغىدەك ئالتۇنلىرىم بولسا، قەرزىمنى قايتۇرغىچىلىك ئېلىپ، قالغىنىنى ئۆيۈمدە ئۈچ كۈندىن ئارتۇق ساقلىماي، ھەممىسىنى تارقىتىپ بەرگەن بولاتتىم. - دەيتتى. (بۇخارى، «تەمەننا»،2 ؛ مۇسلىم، «زاكات»، 31)

كۈنلەر مانا مۇشۇنداق ئۆتەتتى. پەيغەمبەرنىڭ ئۆيىدە تاماق ئېتىش ئۈچۈن ئوچاققا ئوت يېقىلمايتتى. يېگىلى نەرسىسى يوق نۇرغۇن قېتىم ئاچ قورساق يېتىپ قالغانلىقى مەلۇم ئىدى.

بىر كۈنى ھەزرىتى ئۆمەر پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامنىڭ ئۆيىگە كەلگەن ئىدى. ئۆيگە سەپسېلىپ قارىدى. ئۆيدە تۆرت-بەش بۇيۇمدىن باشقا ھېچنېمە كۆرۈنمەيتتى. ئۆيدە خورما غازاڭلىرىدىن ئۆرۈلگەن بىر پالاس بار بولۇپ، پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام ئۇنىڭ ئۈستىدە ياتقان ئىدى. قاتتىق پالاس ئۇنىڭ بەدىنىگە ئىز چىقارغان ئىدى. ئۆينىڭ بىر بۇرجىكىدە بىر قاچىدا ئارپا ئۇنى تۇراتتى. ئۇنىڭ يېنىدا كونىراپ كەتكەن بىر سۇ تۇلۇمى تامدىكى مىخقا ئېسىغلىق ئىدى. ئۆيدىكى پۈتكۈل بىساتلار مۇشۇنچىلىك! ئەرەب يېرىم ئارىلى پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامغا پۈتۈنلەي ئىتائەت قىلغان بۇ كۈنلەردە ئۇنىڭ دۇنياغا ئائىت مال-مۈلكى پەقەت يۇقىرىقىلاردىن ئىبارەت ئىدى. ھەزرىتى

ئۆمەر بۇلارنى كۆرۈپ ئېغىر ئوھ تارتتى، ئىختىيارسىز ھالدا كۆزلىرى ياشقا تولدى. پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام:

- ئى ئۆمەر، نېمىشقا يىغلايسەن؟ - دەپ سورىدى. ئۆمەر:

- نېمىشقا يىغلىماي، ئى رەسۇلەللاھ؟! قەيسەر بىلەن كىسرا دۇنيا نېمەتلىرى ئىچىدە راھەت-پاراغەت سۈرۈۋاتىدۇ! رەسۇلۇللاھ بولسا، قاتتىق پالاس ئۈستىدە ياشايدۇ! - دېدى.

پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام ھەزرىتى ئۆمەرنىڭ كۆڭلىنى ياساپ:

- دۇنيا ئۇلارنىڭ، ئاخىرەت بولسا سېنىڭ بولىشىغا رازى ئەمەسمۇ سەن؟! — دېدى. (مۇسلىم: «تالاق»،31؛ بۇخارى: «نىكاھ»، 83)

بۇنىڭغا ئوخشايدىغان يەنە بىر ئىشنى ئابدۇللا ئىبنى مەسئۇد رەزىيەللاھۇ ئەنھۇ بايان قىلغان:

«پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام بىر پالاس ئۈستىدە يېتىپ ئۇخلىغان ئىدى. ئويغانغان چېغىدا بەدىنىگە پالاسنىڭ ئىزى چىقتى. بىز:

- ئەي رەسۇلۇللاھ! سىزگە بىر كۆرپە تىكىپ بېرەيلى. — دېدۇق. رەسۇلۇللاھ بۇنىڭغا جاۋابەن:

- ئۇنىڭ ماڭا نېمە كېرىكى؟ مەن بىلەن دۇنيانىڭ مۇناسىۋىتى: بىر ياز كۈنى سەپەرگە چىقىپ، دەرەخ ئاستىدا ئۇخلاپ، ئويغانغاندىن كېيىن يەنە يولىنى داۋاملاشتۇرغان بىر يولۇچىنىڭ مىسالىغا ئوخشايدۇ. — دېدى.» (تىرمىزى: «زۇھد»، 44/ 2377؛ ئىبنى ماجە: «زۇھد»، 3)

پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامنىڭ ھاياتى ئۈممىتى ئىچىدىكى بارلىق كىشىلەرگە، يەنى بايغا، نامراتقا، كۈچلۈككە، ئاجىزغا ھەممىيلەنگە مۇكەممەل ئۆرنەك ئىدى.

ۋاپات بولغان چېغىدا قول ئىلكىدە بىر دەرھەم، بىر دىنار، بىر قۇل ياكى بىرەر قويى يوق ئىدى. ئۇنىڭدىن قالغان نەرسىلەر پەقەت بىر ئاق چېشى خېچىر، بىر قىلىچ ۋە فەدەكتىكى ئىئانە قىلىنىۋەتكەن ئازىراق يەر ئىدى. يەنى، ۋارىسلىرىگە ھېچقانداق مىراس قالدۇرمىغان ئىدى. ھەتتا مۇسۇلمانلارنىڭ پۈتكۈل زاكاتلىرىنى بېرىشتىن ئەندىشە قىلغانلىقى ئۈچۈن پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامنىڭ نەسلىدىن كەلگەنلەرنىڭ زاكات ئېلىشىنى مەنئى قىلغان ئىدى. پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام ۋاپات بولغاندا

ئائىشە رەزىيەللاھۇ ئەنھاغا يىرىم خالتا ئارپا قالغان ئىدى. ئائىشە رەزىيەللاھۇ ئەنھا بۇ ئارپىنىڭ بەرىكىتىنى ئىپادىلەپ مۇنداق دەيدۇ:

«پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام ۋاپات بولغاندا ئۆيدە يېرىم خالتا ئارپىدىن باشقا يېگۈدەك بىرەر نەرسە يوق ئىدى. بۇ ئارپا ئۇزۇن مۇددەت ئېھتىياجىمغا يەتتى. بىر كۈنى قانچىلىك قالغاندۇ دەپ ئۆلچەپ باققاندىن كېيىن ئۇزۇن ئۆتمەي تۈگىدى.» (بۇخارى: «خۇمۇس»، 3)

يۇقىرقىلارنىڭ ھەممىسى، بۇنىڭدىن مىڭ تۆت يۈز يىل ئىلگىرى جاھىلىيەت دەۋرىدە دۇنياغا كەلگەن بىر ساۋاتسىز زاتنىڭ، كۈنىمىز ۋە كەلگۈسىدىكى بارلىق زامانلار ئۈچۈن تەڭداشسىز رەھبەر ئىكەنلىكىنىڭ روشەن مىسالىدۇر.

ئۇ بايلىق ۋە راھەت-پاراغەت، پادىشاھلىق، شۆھرەت ۋە ھەشەمەتچىلىك قاتارلىق نەرسىلەرگە كۆز قىرىنى سېلىپمۇ قويمايتتى. تەۋھىد كۈرىشىنىڭ ھاياجىنى ئىچىدە ياشاتتى. دۇنيادىكى بايلىق ۋە باشقا جەلپكار نەرسىلەر ئۇنىڭ نەزىرىدە ھېچ نەرسىگە ئەرزىمەيتتى.

ھەزرىتى ئائىشەنىڭ ئېيتىشىچە، ئەنسارلاردىن ئۇنى كۆرگىلى كەلگەن بىر ئايال پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامنىڭ كۆرپىسىنىڭ قاتتىق پالاس ئىكەنلىكىنى كۆرۈپ، يۇڭ-گۈرگەن پېتى ئۆيىگە بېرىپ، ئىچىگە يۇڭ سېلىنغان بىر كۆرپە ئېلىپ كەلدى. لېكىن پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام بۇنى كۆرگەندە كۆرپىسىنىڭ يەڭگۈشلەنگەنلىكىدىن خوش بولمىغانلىقىنى ئائىشەگە ئېيتىپ:

«ئى ئائىشە، كونا كۆرپەمنى قايتۇرۇپ بەر! ئاللاھقا قەسەم قىلىمەنكى، ئەگەر تەلەپ قىلغان بولسام، ئاللاھ ئالتۇن-كۈمۈش تاغلىرىنى ماڭا بويسۇندۇرۇپ بەرگەن بولاتتى...» دېگەن. (ئەخمەد ئىبنى ھەنبەل، «كىتابۇز-زۇھد». 30)

بۇ ھادىسە پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامنىڭ دۇنياغا ئېتىبار قىلمىغانلىقىنى كۆرسىتىش ئۈچۈن يېتەرلىكتۇر.

ئۇنىڭ بۇ ئالىجاناب خۇسۇسىيەتلىرىنىڭ يېنىدىكى ئەڭ كۆرۈنەرلىك ئالاھىدىلىكلىرىدىن بىرى ئۈممىتىگە بولغان چەكسىز مۇھەببىتىدۇر. بۇ ھەقتە قۇرئاندا مۇنداق دېيىلگەن:

**«(ئى ئىنسانلار!) شۈبھىسىزكى، سىلەرگە ئۆز ئاراڭلاردىن پەيغەمبەر كەلدى. سىلەرنىڭ كۈلپەت چېكىشىڭلار ئۇنىڭغا ئېغىر تۇيۇلىدۇ؛ ئۇ**

**سىلەرنىڭ** (ھىدايەت تېپىشىڭلارغا) **ھېرىستۇر، مۆمىنلەرگە ئامراقتۇر، ناھايىتى كۆيۈمچاندۇر.»** (تەۋبە سۈرىسى 128-ئايەت)

ئاللاھتائالا پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامنى ئىنسانلار ئۈچۈن «ئۇسۋەئى ھەسەنە» (ئەڭ گۈزەل ئۆرنەك) قىلىپ ياراتقان. شۇڭا ئۇنىڭ ھاياتى جەمئىيەتتىكى ئەڭ ئاجىزلارنىڭ باسقۇچى بولغان «يېتىملىك باسقۇچى»دىن باشلىنىپ، ھاياتنىڭ پۈتكۈل باسقۇچلىرىنى باشتىن ئۆتكۈزۈپ، كۈچ-قۇدرەت ۋە سالاھىيەت جەھەتتە ئەڭ يۈكسەك مەرتىۋىگە، يەنى پەيغەمبەرلىك ۋە دۆلەت باشلىقلىق مەرتىۋىسىگە قەدەر يۇقىرى كۆتىرىلگەن. ئۇنىڭدىن ھاياتىنىڭ ھەر قانداق باسقۇچىدىكى كىشىلەرنىڭ ھەممىسى ئۆزىگە لايىق ئۆرنەك ئالالايدۇ. بۇ نوقتىنى ئەڭ ياخشى تونۇپ يەتكەن تۈرك مىللىتى ئۇ مۇبارەك زاتنىڭ ئىسمىنى ھەر يەردە تەكرارلاپ تۇرغان ۋە «مەھمەتچىك» كەلىمىسى بىلەن ھەر مۆمىن ۋە مۇۋاھھىد ئىنساندا ئۇنىڭ كىچىك بىر مودېلىنى تەسەۋۋۇر قىلغان ياكى مۇشۇنداق تەسۋىرلەش بىلەن كۈچى يەتكەنلىكى ھەر قانداق كىشىنى بىر كىچىك «مەھمەت» بولۇشقا تەشۋىق قىلغان. كۈنىمىزدە «مەھمەتچىك» كەلىمىسى تۈرك ئەسكەرلىرىنىڭ ھۆرمەت نامى بولۇپ قوللىنىلماقتا.

✵

پەيلاسوپ قاتارلىق ئۆزىنى ئىنسانلارنىڭ رەھبىرى دەپ بىلىدىغان كىشىلەرگە قىلچە ئوخشىمايدىغان ھالەتتە پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامنىڭ ھاياتى ئىلاھىي تەقدىر بىلەن مۇكەممەل سالاھىيەتتە باشلانغان بولۇپ، باشقىلاردەك پەيدىنپەي تەربىيىلىنىش نەتىجىسىدە تەدرىجى يېتىشكەن ئەمەس. كىچىك چېغىدىلا كەلگۈسىدە مۇقەددەس بىر ۋەزىپىنى ئۈستىگە ئالىدىغانلىق لاياقىتى ۋە مۇكەممەللىك ئىپادىلىرى كۆرۈلگەن ئىدى.

ئەقلى ۋەھيى بىلەن تەربىيىلەنمىگەن پەيلاسوپلار بولسا، بۇنداق ئومۇمىي ۋەزىپىسى بولمىغانلىقى ئۈچۈن ئۇلارنىڭ ئەخلاق، ئىجتىمائى ھايات ۋە تىنچ-ئاسايىشلىق ھەققىدە سۆزلىگەن ۋەزلىرى، ئىجابىي ياكى سەلبىي پىكىرلىرىنىڭ مۇتلەق كۆپ قىسمى كىتابلاردا قالغان، ھاياتقا تەدبىقلانغانلىرىنىڭمۇ ئۆمرى ئىنتايىن قىسقا بولغان. يەنە بىر تەرەپتىن پەيلاسوپلار خەلقنىڭ ئەخلاقىنى ياخشىلاش ئۈچۈن قىلغان ۋەز-نەسىھەتلىرىنى ئۆزى ئەمەلىي ھەرىكىتى بىلەن كۆرسىتەلمىگەن.

مەسىلەن: گىرمانىيىلىك پەيلاسوپ نىتسى (1844-1900) «دەرىجىدىن تاشقىرى ئادەم»، يەنى ئۈستۈن ئىنسان تەسەۋۋۇرى تېمىسىدا نۇرغۇن ئەسەر يازغان. لېكىن بۇ تەسەۋۋۇر رېئاللىقتا ئەمەلگە ئاشماي، قۇرۇق نەزەرىيە پېتى قالغان. ئىسلام ئەخلاقىدا بولسا، پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام پۈتكۈل ئىش-ھەرىكىتىدە ئىنسانلارغا كۆرنەمزگە قەدەر ئەڭ مۇكەممەل ئۈلگە بولغان بولدى ۋە بولۇشنى داۋاملاشتۇرۇۋاتىدۇ.

ئارىستوتېل گەرچە ئەخلاق پەلسەپىسىدىكى بىر قىسىم قانۇنىيەتلەرنى ئوتتۇرىغا قويغان بولسىمۇ، ئەمما ئىلاھىي ۋەھيىدىن يىراق بولغانلىقى ئۈچۈن ئۇنىڭ پەلسەپىسىگە ئىشەنگەن ۋە ئۇنى ھاياتىغا تەدبىقلاش ئارقىلىق بەخت-سائادەتكە ئېرىشكەن بىرەر كىشىنى تاپقىلى بولمايدۇ. چۈنكى پەيلاسوپلار مەنىۋى جەھەتتە پاكىزلانمىغان، ئىدىيىسى ۋە ھەرىكىتى ۋەھيىنىڭ ئالاھىدە ياردىمى بىلەن كامالەتكە يەتمىگەن. شۇڭا ئۇلارنىڭ نەزەرىيىلىرى دوكلات زالى ۋە كىتاب ۋاراقلىرى ئارىسىدىن سىرتقا چىقالمىغان.

پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام بولسا، تەۋھىدنى تەبلىغ قىلىش ۋەزىپىسىنى باشلاشتىن ئىلگىرىلا خەلق تەرىپىدىن ياخشى كۆرۈلگەن بولۇپ، خەلقنىڭ ئۇنى «سەن ئىشەنچلىك ۋە راستچىل بىر ئادەمسەن» دەپ تەرىپلەشكە مەجبۇر بولغانلىقى ئۇنىڭ مۇكەممەللىكىنى كۆرسىتىدىغان بىر مىسالدۇر.

خەلق ئۇنىڭ راستچىل، سەمىمى ۋە ئىشەنچلىك ئىكەنلىكىنى ئۇ پەيغەمبەر بولۇشتىن ئىلگىرى بىلەتتى. كەبە رېمونت قىلىنىۋاتقاندا ھەجەر ئەسۋەدنى يېرىگە كىمنىڭ قويۇشنى تالىشىپ ئۇرۇشقىلى ئاز قالغان خەلق ئۇ تاشنى «راستچىل مۇھەممەد»نىڭ قويۇشىغا رازىمەنلىك بىلەن ماقۇل بولغان.

پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام پەيغەمبەر بولۇشتىن ئىلگىرى جاھىلىيەت دەۋرىدە ھەرخىل زۇلۇم ۋە ناھەق ئىشلاردىن يىراق تۇرغان. پەقەتلا «خىلفۇل فۇدۇل» (پەزىلەتلىكلەر جەمئىيىتى)گە ئەزا بولغان. چۈنكى پەزىلەتلىكلەر جەمئىيىتى بىر ئادالەت جەمئىيىتى بولۇپ ئاساسلىق نىزامنامىسى تۆۋەندىكىچە:

«مەككىلىك ياكى سىرتتىن كەلگەن ھەرقانداق بىر ئادەم ناھەقچىلىققا، زۇلۇمغا ئۇچرىسا، ئۇنىڭ ئىنتىقامى ياكى ھەققىنى ئېلىپ بېرىپ، جەمئىيەتتە تىنچلىق ۋە ئادالەتنى قوغداش ئۈچۈن كۈرەش قىلىنىدۇ.»

زۇلۇم ۋە ناھەقچىلىققا قارشى قۇرۇلغان بۇ جەمئىيەت پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامنى ئىنتايىن خۇشال قىلغان ئىدى. پەيغەمبەر بولغاندىن كېيىنمۇ:

«ئابدۇللاھ ئىبنى جۇدانىنىڭ ئۆيىدە تاغام بىلەن بىللە پەزىلەتلىكلەر جەمئىيىتىگە قاتناشتىم. ئۇ مەجلىستىن شۇنچىلىك خۇرسەن بولدۇمكى، ئۇنىڭ ئورنىغا ماڭا بىرەيلەن ئون تۆياق قىزىل تۆگە (دۇنيا مېلى) بەرگەن بولسىمۇ، ئۇنچىلىك خوش بولمىغان بولاتتىم. ئەگەر بۇنداق مەجلىسكە ھازىر چاقىرىلسام، يەنە خۇشاللىق بىلەن قاتناشقان بولاتتىم.» دېگەن ئىدى.

پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامنىڭ ھاياتىدىكى ئىنسانپەرۋەرلىك ۋە بۇنىڭغا ئوخشاش نۇرغۇنلىغان ئادالەت، مېھرى-شەپقەت ۋە رەھمەت نامايەندىلىرى قىيامەتكە قەدەر پۈتۈن جاھانغا ئۆرنەكتۇر. ئۇ تەڭداشسىز شامدىن چېچىلغان پارلاق نۇرنى كۆرگەن ھەرقانداق بىر كۆز ئۇنىڭ ھەقىقىتىنى ھېچبولمىغاندىمۇ كۆڭلىدە ئىنكار قىلالمايدۇ. دەرۋەقە، گەرچە ئىمان ئېيتمىغان بولسىمۇ، ئەمما ۋىجدانى بار نۇرغۇنلىغان چەتئەللىك ئالىم پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامنىڭ پەزىلەت ۋە مۆۋەپپەقىيىتىگە قول قويغان ئىدى. بۇلارنىڭ ئىچىدىكى بىرى توماس كارلي مۇنداق دەيدۇ:

«مۇھەممەدنىڭ تۇغۇلىشى، نۇرنىڭ زۇلمەتتىن ئايرىلىشىدۇر.»

«بېشىدا تاجى بار ھېچقانداق بىر ئىمپېراتور ئۆزىنىڭ يەكتىگىنى ئۆزى ياماپ كىيىدىغان مۇھەممەد سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم سازاۋەر بولغانچىلىك ھۆرمەتكە ئېرىشىپ باقمىغان.»

سېرمۇئىر (مۇئىر ئەپەندى) مۇنداق دەيدۇ:

«ئىنسانلارنى ئىسلاھ قىلىش ھېچقاچان ھەزرىتى مۇھەممەد كەلگەن دەۋردىكىدىنمۇ بەك تەس ۋە مۈشكۈل بولۇپ باقمىغان. لېكىن ئۇ ۋاپات بولغاندىن كېيىن مىراس قالدۇرغان ھۇزۇر ۋە مۇۋەپپەقىيەتتىنمۇ مۇكەممەل بىر ئىسلاھات ۋە مۇۋەپپەقىيەتنى بىز بىلمەيمىز.»

تۈركىيەدە نەشر قىلىنغان يىگىرمە ئىككى قىسىملىق قامۇس «ئانا برىتاننىكا»دا پەيغەمبىرىمىزنىڭ پەزىلىتى ھەققىدە مۇنداق يېزىلغان:

«مۇھەممەد سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم قولغا كەلتۈرگەن مۇۋەپپەقىيەتلەرگە ھازىرغىچە ھېچقانداق بىر پەيغەمبەر ياكى ئىسلاھاتچى نائىل بولالىغان ئەمەس.»

ب.سمىس: «مۇھەممەد شەك-شۈبھىسىز ئىسلاھاتچىلارنىڭ ئەڭ چوڭىدۇر» دەيدۇ.

ستانلىي لانە-پولو شۇ ھەقىقەتنى ئېتىراپ قىلىپ:

«مۇھەممەد دۈشمەنلىرىگە قارشى ئەڭ چوڭ غەلىبىنى قازانغان كۈن ئۇنىڭ ئۆز نەپسىگە قارشىمۇ ئەڭ بۈيۈك ئەخلاقى-پەزىلەت زەپىرى قازانغان كۈنى بولدى. ئۇ كۈنى قۇرەيشنى ھېچقانداق بىر بەدەل تۆلەتكۈزمەيلا ئەپۇ قىلىۋەتتى ۋە بۇنى بىر ئومۇمىي كەچۈرۈم قىلىش دەپ جاكارلاپ، مەككە خەلقىنىڭ ھەممىسىنى ئەپۇ قىلدى.»

ئارتھۇر گىلمان مۇنداق دەيدۇ:

«مەككىنىڭ فەتھىدە ئۇنىڭ ئۇلۇغلىقىنى تاماشا قىلدۇق. ئۆتمۈشتە ئۇنىڭغا قىلىنغان زۇلۇملارنىڭ تەسىرى ئۇنى ئىنتىقام ئېلىشقا دەۋەت قىلىشى مۇمكىن ئىدى. ئەمما مۇھەممەد سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم ئەسكەرلىرىنى ھەر قانداق شەكىلدە بولىشىدىن قەتئىينەزەر، قان تۆكۈشتىن ساقلاپ قالدى. بۈيۈك شەپقەت كۆرسەتتى ۋە ئاللاھقا شۈكۈر قىلدى.»

## رەھمەت پەيغەمبىرىنىڭ ھاياتىغا مۇشرىكلارنىڭ قايىللىقى

جاھىلىيەت ئەرەبلىرى پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامنىڭ راستچىل ئىكەنلىكىگە ئىشىنەتتى. ھەتتا پەيغەمبەرنىڭ ئەشەددىي دۈشمىنى ئەبۇجەھىل بىر كۈنى ئۇنىڭغا:

- ئى مۇھەممەد! مەن سېنى يالغانچى دېمەيمەن. ئەمما سەن ئەكەلگەن ئاشۇ دىننى ياخشى كۆرمەيمەن.- دېگەن ئىدى.

پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامغا ئەڭ ئۆچ كىشىلەرمۇ ئۇنىڭ توغرا ئىكەنلىكىنى كۆڭلىدە بىلسىمۇ، ئەمما تەكەببۇرلىقى سەۋەبىدىن ئېغىزىدا رەت قىلغان ئىدى.

بۇ ھەقتە، قۇرئانى-كەرىمدە مۇنداق دېيىلگەن:

**«ئۇلارنىڭ سۆزى سېنى قايغۇغا سالىدىغانلىقىنى بىز ئوبدان بىلىمىز. ئۇلار سېنى** (ئىچىدە) **ئىنكار قىلمايدۇ** (لېكىن ئۇلار تەرسالىقتىن ئىنكار قىلىدۇ)، (ھەقىقەتتە) **زالىملار ئاللاھنىڭ ئايەتلىرىنى ئىنكار قىلىدۇ.»** (ئەنئام سۈرىسى 33-ئايەت)

ھۇدەيبىيە سۇلھىسىدىن كېيىنكى ۋاقىت ئىدى. پارسلارنى مەغلۇب قىلغان ۋىزانتىيە ئىمپىراتورى ھىراكلىيۇس ئۇرۇشتىن غەلىبە بىلەن قايتىپ كېلىۋېتىپ، سۇرىيەگە كەلگەندە پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامنىڭ ئۇنى ئىسلامغا دەۋەت قىلغان مەكتۇبىنى تاپشۇرىۋالدى. ئۇ بۇ مەكتۇبنى كۆرۈپ غەزەبلىنىشىنىڭ ئورنىغا بۇ دىنىنىڭ زادى قانداق ئىكەنلىكىنى بىلىپ باقماقچى بولۇپ، بۇ ھەقتە سوئال سوراش ئۈچۈن پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامنىڭ شەھرىدىن كەلگەن ئادەملەرنى تېپىپ كېلىشنى بۇيرىدى. بۇ چاغدا پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامنىڭ ئەڭ ئەشەددى دۈشمەنلىرىدىن بىرى ئەبۇسۇفيان مەككىلىك سودىگەرلەرگە باش بولۇپ، سۇرىيەدە تىجارەت قىلىۋاتاتتى. بۇ چاغ ھىجرەتنىڭ 6-يىلى ئىدى ۋە پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام بىلەن قۇرەيش ئوتتۇرىسىدا ئۇرۇش توختىتىش كېلىشىمى بار ئىدى. ھىراكلىيۇسنىڭ ئادەملىرى مەككىلىك سودىگەرلەرنى تاپتى ۋە ئۇلارنى ئىمپىراتورنىڭ سارىيىغا ئېلىپ كەلدى. بۇ چاغدا ھىراكلىيۇس ئىلىيادا، يەنى بەيتۇل-ماقدىستە ئىدى. يېنىدا رۇملارنىڭ كاتتىۋاشلىرى بىلەن بىرلىكتە مەككىلىكلەرنى قوبۇل قىلدى ۋە بىر تەرجىمان چاقىردى. ھىراكلىيۇسنىڭ ئەمرى بىلەن تەرجىمان:

- ئۆزىنى پەيغەمبەر دەپ ئاتىغان ئادەم بىلەن ئاراڭلاردا كىمنىڭ نەسەبى ئەڭ يېقىن؟ - دەپ سورىدى. ئەبۇسۇفيان:

- مېنىڭ نەسەبىم ئەڭ يېقىن. - دېدى. بۇنىڭ بىلەن ھىراكلىيۇس:

- ئۇنى ۋە ھەمراھلىرىنى يېنىمغا ئەكىلىڭلار. مەن ئۇنىڭ بىلەن سۆزلىشىۋاتقاندا ھەمراھلىرى يېنىدا تۇرسۇن. - دېدى. ئاندىن تەرجىمانغا قاراپ:

- بۇلارغا ئېيت، مەن پەيغەمبەر ھەققىدە بۇ ئادەمدىن بەزى سوئاللارنى سورايمەن. ماڭا يالغان گەپ قىلسا، «يالغان ئېيتتى!» دېسۇن. - دېدى.

دەرۋەقە، ئەبۇ سوفيان: «ئاللاھقا قەسەم قىلىمەنكى، ئەگەر ھەمراھلىرىم يالغان گەپ قىلغانلىقىمنى كېيىن ئۇ يەر، بۇ يەردە دەپ سالارمىكىن دەپ ئەندىشە قىلمىغان بولسام، پەيغەمبەر ھەققىدە يالغان گەپ قىلغان بولاتتىم.» دېگەن ۋە مۇنۇلارنى بايان قىلغان:

ئاندىن ھىراكلىيۇسنىڭ مەندىن سورىغان بىرىنچى سوئالى شۇ:

- ئىچىڭلاردا ئۇنىڭ نەسەبى قانداق؟

- ئۇنىڭ نەسەبى ئەڭ ئېسىل. - دېدىم مەن.

-سىلەرنىڭ ئاراڭلاردا ئۇنىڭدىن ئىلگىرى دىن دەۋاسى قىلغانلار بارمۇ؟

- يوق. - دېدىم.

- ئاتا-بوۋىسى ئىچىدە پادىشاھ بولغانلار بارمۇ؟

- يوق. - دېدىم.

- ئۇنىڭغا ئەگەشكەنلەر يۇقىرى تەبىقە كىشىلىرىمۇ ياكى تۆۋەن تەبىقە كىشىلىرىمۇ؟

- تۆۋەن تەبىقە كىشىلىرى. - دېدىم.

- ئۇنىڭغا ئەگەشكەنلەرنىڭ سانى كۆپىيىۋاتامدۇ ياكى ئازىيىۋاتامدۇ؟

- كۆپىيىۋاتىدۇ. - دېدىم.

- ئۇلارنىڭ ئىچىدە دىنغا كىرىپ بولغاندىن كېيىن پۇشايمان قىلىپ يېنىۋالغانلار بارمۇ؟

- يوق. - دېدىم.

- ئۇ ئۆزىنى پەيغەمبەر دېيىشتىن ئىلگىرى يالغانچىلىق قىلىپ باققانمۇ؟

- ياق! -دېدىم.

- ۋەدىسىدىن يېنىۋالغانمۇ؟

- ياق! گېپىدە تۇرىدۇ. ئەمما بىز ھازىر ئۇنىڭ بىلەن كېلىشىم تۈزدۇق. بۇ كېلىشىمنى بۇزامدۇ-يوق، بىلمەيمىز. - دېدىم.

(ئەبۇ سوفيان مۇنداق دەيدۇ: ئۇنىڭ يامان گېپىنى قىلىش ئۈچۈن بۇنىڭدىن باشقا گەپ تاپالمىدىم.)

- ئۇنىڭ بىلەن ئۇرۇش قىلدىڭلارمۇ؟

- قىلدۇق. - دېدىم.

- ئۇرۇش نەتىجىسى قانداق بولدى؟

- بەزىدە ئۇ يەڭدى، بەزىدە بىز يەڭدۇق. - دېدىم.

- ئۇ سىلەرنى نېمە قىلىشقا بۇيرۇيدۇ؟

- بىزگە: «يالغۇز ئاللاھقىلا ئىبادەت قىلىڭلار، ئاللاھقا شېرىك كەلتۈرمەڭلار، ئاتا -بوۋاڭلار ئىبادەت قىلغان بۇتلاردىن يىراق تۇرۇڭلار» دەيدۇ. بىزنى ناماز ئوقۇشقا، راستچىل-سەمىمى بولۇشقا، ئىپپەت-نومۇسىمىزنى قوغداشقا، ئۇرۇق-تۇغقان، خولۇم-خوشنىلارغا ياردەم قىلىشقا بۇيرۇيدۇ. - دېدىم.

ئاندىن ھىراكلىيۇس تەرجىمانغا مۇنداق دېدى:

ـ ئۇنىڭغا ئېيتقىنكى: ئۇنىڭ نەسەبىنى سورىدىم، نەسەبىنىڭ ئېسىل ئىكەنلىكىنى ئېيتتى. پەيغەمبەرلەر ھەمىشە قەۋمىنىڭ ئىچىدىكى ئەڭ ئېسىل نەسەبتىن كېلىدۇ.

ئاراڭلاردا بۇندىن ئىلگىرى دىن دەۋاسى قىلغانلار بارمىدى؟ دەپ سورىدىم. يوق دېدى. ئىلگىرى دىن داۋاسى قىلغانلار بولسا ئىدى، ئۇنى تەقلىد قىلىپتۇ دەيتتىم.

ئاتا-بوۋىسى ئىچىدە پادىشاھ بولغانلار بارمىدى؟ دەپ سورىدىم. يوق دېدى. ئەگەر ئەجدادى ئىچىدە پادىشاھ بولغان بىرى بولسا ئىدى، پادىشاھلىقنى قايتا قولغا ئالماقچى دەيتتىم

ئۆزىنى مەن پەيغەمبەر دېيىشتىن ئىلگىرى يالغانچىلىق قىلىپ باققانمۇ؟ دېدىم. ياق دېدى. مەن شۇنى بىلىمەنكى، ئىنسانلارغا يالغان گەپ قىلمىغان ئادەم ئاللاھ ھەققىدىمۇ يالغان گەپ قىلمايدۇ!

ئۇنىڭغا ئەگەشكەنلەر يۇقىرى تەبىقىدىكىلەرمۇ ياكى تۆۋەن تەبىقىدىكىلەرمۇ؟ دەپ سورىدىم. تۆۋەن تەبىقىدىن دېدى. پەيغەمبەرلەرگە ئەڭ باشتا تۆۋەن تەبىقىدىكىلەر ئەگىشىدۇ.

ئۇنىڭغا ئەگەشكەنلەرنىڭ سانى كۆپىيىۋاتامدۇ ياكى ئازىيىۋاتامدۇ؟ دەپ سورىدىم. كۆپىيىۋاتىدۇ دېدى. ھەق دىنغا ئەگەشكەنلەرنىڭ سانى مۇقەررەر ھالدا كۆپىيىدۇ.

ئۇلارنىڭ ئىچىدە دىنغا كىرىپ بولغاندىن كېيىن ياراتماي دىندىن يېنىۋالغانلار بارمۇ؟ دېدىم. يوق دېدى. ئىمان قەلبكە چىڭ يەرلەشكەندە موشۇنداق بولىدۇ.

ۋەدىسىدە تۇرمىغان چاغلىرى بارمىدى؟ دېدىم. يوق دېدى. پەيغەمبەر موشۇنداقتۇر. ۋەدىسىدە تۇرىدۇ.

سىلەرنى نېمە قىلىشقا بۇيرۇيدۇ؟ دېدىم. يالغۇز ئاللاھقىلا ئىبادەت قىلىشقا، ئۇنىڭغا ھېچنەرسىنى شېرىك كەلتۈرمەسلىككە بۇيرىغانلىقىنى، بۇتلارغا ئىبادەت قىلىشنى مەنئى قىلغانلىقىنى، ناماز ئوقۇشقا، راستچىل-سەمىمى، ئىپپەت-نومۇسلۇق بولۇشقا بۇيرىغانلىقىنى ئېيتتى.

ھىراكلىيۇس بىزگە قاراپ مۇنداق دېدى:

**- ئەگەر بۇ ئېيتقانلىرىڭ راست بولسا، ئۇ زات مەن دەسسەپ تۇرغان بۇ يەرلەرنىمۇ ئەڭ قىسقا ۋاقىت ئىچىدە فەتھى قىلىدۇ. مەن بۇ پەيغەمبەرنىڭ كېلىدىغانلىقىنى بىلەتتىم، ئەمما سىلەرنىڭ ئىچىڭلاردىن چىقىدىغانلىقىنى ئويلاپ باقماپتىكەنمەن. ئەگەر ئۇنىڭ يېنىغا بارالىغان بولسام، ئۇنىڭ بىلەن كۆرۈشۈش ئۈچۈن ھەرقانداق جاپاغا چىداشقا رازى ئىدىم. يېنىدا بولغان بولسام، ئۇنىڭ پۇتلىرىنى يۇياتتىم.**

ئاندىن كېيىن ھىراكلىيۇس پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامنىڭ دىھيە ئارقىلىق بەسرە ئەمىرىگە ئەۋەتكەن ۋە ئۆزىگە يەتكۈزگەن مەكتۇبىنى سورىدى. مەكتۇبنى ئەكەلگۈچى ئۇنى ھىراكلىيۇسقا بەردى. ئۇ ئوقىدى.

مەكتۇبتا مۇنداق دېيىلگەن ئىدى:

**بىسمىللاھىررەھمانىررەھىم،**

ئاللاھنىڭ بەندىسى ۋە ئەلچىسى مۇھەممەدتىن رۇملۇقلارنىڭ چوڭى ھىراكلىيۇسقا:

ھىدايەتكە ئەگەشكەنلەرگە سالام بولسۇن!

مەن سېنى ئىسلامغا دەۋەت قىلىمەن. ئىسلامغا كىرسەڭ، نىجاتلىققا ئېرىشسەن ۋە ئاللاھ ساڭا ئىككى ھەسسە ساۋاب بېرىدۇ. ئەگەر قوبۇل قىلمىساڭ، خەلقىڭنىڭ گۇناھى ساڭا يۈكلىنىدۇ.

**«ئەي ئەھلى كىتاب!** (يەنى يەھۇدىيلار ۋە ناسارالار) **پەقەت ئاللاھقىلا ئىبادەت قىلىش، ئاللاھقا ھېچ نەرسىنى شېرىك كەلتۈرمەسلىك، ئاللاھنى قويۇپ بىر-بىرىمىزنى خۇدا قىلىۋالماسلىقتەك ھەممىمىزگە ئورتاق بولغان بىر سۆزگە** (يەنى بىر خىل ئەقىدىگە) **ئەمەل قىلايلى دېگىن، ئەگەر ئۇلار يۈز ئۆرۈسە** (يەنى بۇنى قوبۇل قىلمىسا)، (ئى يەھۇدىيلار ۋە ناسارالار جامائەسى!) **بىزنىڭ مۇسۇلمان ئىكەنلىكىمىزگە گۇۋاھ بولۇڭلار! دەڭلار.»** (ئال-ئىمران سۈرىسى 64-ئايەت)

ئەبۇسوفيان مۇنداق دېدى: «ھىراكلىيۇس سۆزىنى تۈگەتكەندىن ۋە مەكتۇبنى ئوقۇپ بولغاندىن كېيىن، سارايدا كىشىلەر تولۇلاپ ۋاقىراشقا باشلىدى. بىزنى سىرتقا چىقىرىۋەتتى. مەن ھەمراھلىرىمغا: مۇھەممەدنىڭ ئىشى چوڭىيىپ كەتتى. ھەتتا

پادىشاھلارمۇ ئۇنىڭ خەۋىرىنى ئاڭلاشقا باشلىدى. قاراڭلار، ھىراكلىيۇسمۇ ئۇنىڭدىن قورقىۋاتىدۇ.» دېدىم. شۇ كۈندىن باشلاپ مۇھەممەدنىڭ يېقىندا مۇۋەپپىقىيەتكە ئېرىشىدىغانلىقىغا بولغان ئىشەنچىمنى ھېچقاچان يوقىتىپ قويمىدىم ۋە ئالل‍اھ ئاخىرىدا ماڭا ئىسلامنى نېسىپ قىلدى...» (بۇخارى، «جىھاد كىتابى»، 102-بەت)

ھىراكلىيۇس يۇرت كاتتىلىرى ۋە ئەمەلدارلارنى ئوردىغا چاقىردى. ئۇلارنى ئۆزىنىڭ مەخسۇس خانىسىغا يىغىپ:

- ئەي روم خەلقى! مەڭگۈلۈك نىجاتلىق ۋە سەلتەنىتىڭلارنىڭ داۋاملىشىشى توغرىسىدا قانداق قارايسىلەر؟ - دەپ، ئىسلامغا كىرىش توغرىسىدىكى پىكرىنى ئالدى. بۇنى ئاڭلىغان روم كاتتىلىرى ياۋايى ئېشەكتەك ئۈركۈپ، ئىشىككە قاراپ يۈگۈردى. ئەمما ئىشىكلەرنىڭ تاقاقلىق ئىكەنلىكىنى كۆردى. ھىراكلىيۇس قول ئاستىدىكى ئەمەلدارلارنىڭ ئىسلامنى قوبۇل قىلىشنى خالىمايدىغانلىقىنى چۈشەنگەندىن كېيىن، ئۇلارنى چاقىرىپ، گېپىنى ئۆزگەرتىپ:

- مەن سىلەرنىڭ خرىستىئان دىنىغا بولغان ئېتىقادىڭلارنى سىناش ئۈچۈن مۇشۇنداق دېگەن ئىدىم. ئېتىقادىڭلارنىڭ مۇستەھكەم ئىكەنلىكىنى كۆرۈپ خوش بولدۇم. - دېدى .بۇنى ئاڭلىغان ئەمەلدارلار ئۇنىڭغا سەجدە قىلىشتى ۋە ئۇنىڭدىن مەمنۇن بولدى. (بۇخارى، «بەدئۇل-ۋەھيى»، 1-جىلد، 5-6)

ۋىزانتىيە ئىمپېراتورى ھىراكلىيۇس كۆز ئالدىدىكى ئىسلام نېمىتىنى كۆرۈپ چۈشەنگەن بولسىمۇ، ئەمما دۇنيا مەنپەئەتلىرىدىن مېھرىنى ئۈزەلمەي، بۇ مۇھىم پۇرسەتنى قولدىن بېرىپ قويۇپ، مەڭگۈلۈك دۆلەت-سائادەتتىن زىيان تارتتى.

ئېمپىراتور ھىراكلىيۇسنىڭ ئىسلام ھەققىدە ئاڭلىغانلىرىغا نىسبەتەن ئىنساپ بىلەن مۇئامىلە قىلىشى پەقەت ئۇنىڭ پەزىلىتى بىلەنلا مۇناسىۋەتلىك ئىش دەپ قارىمايمىز.

ئەسلىدە توغرا دىن بولغان ۋە ۋەھدانىيەت (تەۋھىد) ئاساسىدىكى بىر ئېتىقاد سىستېمىسىغا ئىگە بولغان خرىستىئانلىقتىكى بۇزۇلۇشلار يېڭىدىن يۈز بەرگەن ئىدى. تەخمىنەن ئىككى يۈز يىلغا يېقىن ۋاقىت داۋاملاشقان ۋە تارىختا «ئىكونلار (رەسىملەر، بۇتلار) غەۋغاسى» دەپ ئاتالغان تالاش-تارتىشلار ئاخىرلىشىپ، چىركاۋلار رەسىم ۋە ھەيكەللەر بىلەن توشۇپ كەتكەن ئىدى. خرىستىئانلىق ۋەھدانىيەتتىن يىراقلىشىپ، «ئىكانىمى سەلاسە» دەپ ئاتالغان ئۈچ تەڭرى ئېتىقادىغا رام بولۇپ

كەتكەن ئىدى. بىر توغرا دىن مۇشۇنداق بوزۇلۇپ كەتكەندىن كېيىن ئىسلامىيەتنىڭ ئۇنىڭدىكى خاتالىقلارنى تۈزىتىش ئۈچۈن ئەۋەتىلىشى مۇقەررەر ئىدى. بۇ ۋەزىيەتتە ئىلگىرىكى تەۋھىد ئېتىقادىنى ساقلاپ قالغانلارنىڭمۇ مەۋجۇت بولىشى تارىخىي بىر ئەمىلىيەت ئىدى. دەرۋەقە، مەككىدە مۇشرىكلارنىڭ دەرىجىدىن تاشقىرى زۇلمىغا بەرداشلىق بېرەلمەي، ھەبەشىستانغا ھىجرەت قىلغان ساھابىلەرگە ياخشى مۇئامىلە قىلغان ھەبەشىستان پادىشاھى نەجاشى قولىدىكى ھاسا بىلەن يەرگە بىر سىزىق سىزىپ:

- سىلەرنىڭ دىنىڭلار بىلەن مېنىڭ ئېتىقادىم ئوتتۇرىسىدا مۇشۇ سىزىقچىلىكمۇ پەرق يوق!- دېگەن ئىدى. چۈنكى ئۇ خرىستىئانلىقتا ۋەھدانىيەت ئېتىقادىنى قوغدىغان ئارىيۇس مەزھىبىگە مەنسۇپ ئىدى.

ھىراكلىيۇسنىڭمۇ مۇشۇ ئېتىقادتا بولىشى ئېھتىمالغا ناھايىتى يېقىندۇر. ئەمما شۇ چاغدا ئۇنىڭ ئىمان ئېيتقانلىقىغا دائىر تارىخىي بىر پاكىت يوق. بىراق شۇنى بىلگىلى بولىدۇكى، ئىمان بىر نېسىپ مەسىلىسىدۇر.

يەنە بىر جەھەتتىن ھىراكلىيۇس بىلەن بولغان بۇ مەسىلە شۇنى كۆرسىتىدۇكى، رەسۇل ئەكرەم سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەمنىڭ پەيغەمبەرلىكىنى ئېتىراپ قىلمىغانلارمۇ ئۇنىڭ راستچىللىقى ۋە ئېسىل خىسلىتىگە قايىل ئىدى. پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام مەدىنىگە ھىجرەت قىلغاندا يېنىدا مۇشرىكلارنىڭ بەزى ئامانەتلىرى بار ئىدى. بۇ ئامانەتلەرنى ئىگىسىگە قايتۇرۇپ بېرىش ئۈچۈن ھەزرىتى ئەلىنى مەككىدە ئۆزىنىڭ ۋەكىلى قىلىپ قويغان ئىدى. چۈنكى مەككىدە قىممەتلىك نەرسىسى بولغان كىشىلەرنىڭ كۆپىنچىسى نەرسىلىرىنى راستچىل ۋە ئىشەنچىلىك رەسۇلۇللاھ ئەلەيھىسسالامغا ئامانەت قويۇشقا كۆنگەن ئىدى. (ئىبنى ھىشام، 2-جىلد، 98)

## رەھمەت پەيغەمبىرىنىڭ باشقا پەيغەمبەرلەر ئارىسىدىكى ئورنى

ئىلگىرى بايان قىلىپ ئۆتكىنىمىزدەك، نەبۇۋۋەتى مۇھەممەدى (مۇھەممەد سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەمنىڭ پەيغەمبەرلىكى) ئادەم ئەلەيھىسسالامدىن باشلانغان پەيغەمبەرلىك ئائىلىسى شەكىللىنىشتىن ئىلگىرىلا مۇقەددەس بىر تەجەللىي بىلەن باشلانغان. يەنى تۇنجى قېتىم پارلىغان مەۋجۇدات جەۋھىرى «نۇرى مۇھەممەدى» (مۇھەممەدنىڭ نۇرى)دۇر.

پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام نۇرى بىلەن ئادەم ئەلەيھىسسالامدىن ئىلگىرى، جىسمانىيىتى بىلەن بارلىق پەيغەمبەرلەردىن كېيىن ئوتتۇرىغا چىقىش ئارقىلىق پەيغەمبەرلىك كالپىندارىنىڭ تۇنجى ۋە ئاخىرقى ۋارىقى بولغان. ئۇ ۋاقىت جەھەتتە ئاخىرقى، يارىتىلىش جەھەتتە تۇنجى پەيغەمبەردۇر. چۈنكى رىسالەت كالپىندارى مەۋجۇداتنىڭ تۇنجىسى بولغان «نۇرى مۇھەممەدى» بىلەن باشلانغان؛ بۇ كالپىندارنىڭ ئاخىرقى ۋارىقىمۇ «جىسمانىيىتى مۇھەممەدى» بىلەن خاتىمىلەنگەن.

شۇڭا دېيەلەيمىزكى:

پەرىشتىلەر سەجدە قىلىشقا مەجبۇرلانغان **ئادەم** ئەلەيھىسسالام؛

ئاسمانلارنىڭ سىرىنى كۆرۈپ ھەيران قالغان **ئىدرىس** ئەلەيھىسسالام؛

يەر يۈزىنى تۇپان بىلەن كۇفۇردىن پاكىزلىغان **نوھ** ئەلەيھىسسالام؛

ئىنكارچىلارنىڭ يۇرتلىرىنى بوران-چاپقۇن بىلەن ئاستىن-ئۈستۈن قىلغان **ھۇد** ئەلەيھىسسالام؛

ئاسىيلار ۋە ئازغۇنلارنىڭ ئۆيلىرىنى زىلزىلە بىلەن يىلتىزىدىن قۇمۇرۇۋەتكەندەك قىلغان **سالىھ** ئەلەيھىسسالام؛

نەمرۇد ياققان ئوتنى ئاللاھقا بولغان تەۋەككۈل ۋە تەسلىمىيەت بىلەن گۈل-گۈلىستانغا ئايلاندۇرغان **ئىبراھىم** ئەلەيھىسسالام؛

ئىخلاس، ساداقەت، تەۋەككۈل ۋە تەسلىمىيەتى بىلەن سىمۋوللاشقان، قىيامەتكىچە ھەج ئىبادىتىدە پۈتكۈل مۆمىنلەرگە قىسسىسى خاتىرلىتىلىدىغان **ئىسمائىل** ئەلەيھىسسالام؛

نەسلىدىن بەنى ئىسرائىل پەيغەمبەرلىرى كەلگەن **ئىسھاق** ئەلەيھىسسالام؛

ئازغۇنلۇق ۋە ئەخلاقسىزلىقتا ھەددىدىن ئاشقانلىقى ئۈچۈن يەرنىڭ تەكتىگە چۆكتۈرۈلۈپ، تارىخنىڭ ئەخلەتخانىسىغا تاشلانغان سودوم خەلقىنىڭ كۆڭلى يېرىم پەيغەمبىرى **لوت** ئەلەيھىسسالام؛

تەۋھىد مەشئىلىنى مەشرىقتىن مەغرىبكە كۆتۈرگەن **زولقەرنەيىن** ئەلەيھىسسالام؛

مۇھەببەت ۋە ھەسرەتتە قەلبى پۇچۇلانغان، سەۋر-تاقەتتە ئەبەدىيلەشكەن **ياقۇب** ئەلەيھىسسالام؛

بىر مۇددەت قۇل بولغان، ئاندىن زىندانىدا يالغۇزلۇق، غېرىبلىق، ھەسرەت، ئازاب، مۇشەققەت، رىيازەت ۋە نەپسىنىڭ كۈرىشىدىن كېيىن مىسىرغا ۋە قەلبلەرگە سۇلتان بولغان، ھۆسنى-جامالى ئايىنى خىجىل قىلىدىغان **يۇسۇپ** ئەلەيھىسسالام؛

قەلبلەرنى تىترەتكۈدەك گۈزەل تەبلىغلىرى بىلەن «خاتىبۇل ئەنبىيا» (پەيغەمبەرلەرنىڭ خىتابەتچىسى) دەپ ئاتالغان **شۇئەيب** ئەلەيھىسسالام؛

پىرئەۋنىنىڭ سەلتەنىتىنى ئاستىن-ئۈستۈن قىلغان، مۆجىزىۋى ھاسىسى بىلەن قىزىل دېڭىزدا يول ئېچىپ ماڭغان **مۇسا** ئەلەيھىسسالام؛

مۇسا ئەلەيھىسسالامغا ئىلاھىي سىردىن تەلىم بەرگەن **خىزىر** ئەلەيھىسسالام؛

مۇسا ئەلەيھىسسالامغا ھەر زامان ۋە ھەر يەردە ياردەمچى بولغان سالىھ قېرىندىشى **ھارۇن** ئەلەيھىسسالام؛

زىكرى بىلەن تاغۇ-تاشلارنى، ۋەھشى ھايۋانلارنى تەسىرلەندۈرىۋەتكەن **داۋۇد** ئەلەيھىسسالام؛

بۈيۈك سەلتەنىتىنى كۆڭلىنىڭ تېشىدا ئېلىپ يۈرەلىگەن **سۇلايمان** ئەلەيھىسسالام؛

يۈز يىللىق بىر ئۆلۈمدىن كېيىن تەكرار تىرىلدۈرۈلۈپ، قىيامەتتىكى يېڭىدىن تىرىلىشكە مىسال بولغان **ئۇزەير** ئەلەيھىسسالام؛

چوڭقۇر تەپەككۇرى بىلەن سەۋر-تاقەتىنىڭ بىلەي تېشى بولغان **ئەييۇب** ئەلەيھىسسالام؛

پۈتۈن دىققىتى بىلەن تەۋبە-ئىستىغپار ئېيتىپ، دۇئا ۋە زىكرىنىڭ ھەقىقىتىدە چوڭقۇرلىشىپ، قاراڭغۇلۇقتىن قۇتۇلغان **يۇنۇس** ئەلەيھىسسالام؛

كەينىدىن «ئىلياسقا سالام بولسۇن!» دېگەن ئىلاھىي ئىلتىپاتقا سازاۋەر بولغان **ئىلياس** ئەلەيھىسسالام؛

ئالەمدە ئابرۇيلۇق قىلىنغان **ئىليەسا** ئەلەيھىسسالام؛

ئىلاھىي رەھمەتكە غەرق قىلىنغان سالىھ پەيغەمبەر **زۇلكىفل** ئەلەيھىسسالام؛

ھېكمەتلىك نەسىھەتلىرى بىلەن داستانلاشتۇرۇلغان، ئىچكى ھەم تاشقى كېسەل تېۋىپلىرىنىڭ پىرى **لوقمان ھېكىم** ئەلەيھىسسالام؛

بەدىنى ھەرە بىلەن كېسىلىپ ئىككى پارچە قىلىنغان چاغدىمۇ «ئاھ» دەپ ۋايسىماي، ئاللاھقا بولغان تەۋەككۇل ۋە تەسلىمىيىتىنى ساقلاپ قالغان مەزلۇم پەيغەمبەر **زەكەرىيا** ئەلەيھىسسالام؛

دادىسى زەكەرىيا ئەلەيھىسسالامغا ئوخشاش ئۆلۈمنى شېھىد بولۇپ كۈتۈۋالغان **يەھيا** ئەلەيھىسسالام؛

نەپسىنى ھاۋايى-ھەۋەسلەردىن يىراق قىلغان، پاك ۋە گۈزەل ئەخلاقلىق، ئاللاھقا يالۋۇرغۇچى ۋە ئاللاھنىڭ ياردىمى بىلەن كېسەللەرنى ساقايتقۇچى، ئۆلۈكلەرنى تىرىلدۈرگۈچى پەيغەمبەر **ئىسا** ئەلەيھىسسالام.

خۇلاسىلاپ ئېيتقاندا، يەر يۈزىگە تەخمىنەن يۈز يىگىرمە مىڭدىن ئارتۇق پەيغەمبەر ئەۋەتىلگەن بولۇپ، ئۇلار ئىلاھىي خەۋەرلەر، مۆجىزىلەر ئېلىپ كەلگەن. ئۇلار ئەكەلگەن ئىلاھىي خەۋەرلەر خۇددى بەرىكەتلىك باھار يامغۇرىغا ئوخشاش يېغىپ، قاغىجىرىغان كۆڭۈل باغلىرىنىڭ سۇسىزلىقىنى قاندۇرۇپ، كۆڭۈللەردە گۈزەل چېچەكلەر ئاچقان. ئالەم بىنا بولغاندىن تارتىپ كەينى-كەينىدىن كەلگەن پەيغەمبەرلەرنىڭ ھەممىسى **مۇھەممەد مۇستاپا** سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەمنىڭ كېلىدىغانلىقىدىن ئالدىن بىشارەت بەرگەن.

✵

ئىبنى ئابباس رەزىيەللاھۇ ئەنھۇدىن رىۋايەت قىلىنىدۇكى:

«ئاللاھ ھاۋا ئانىمىزنى ئادەم ئەلەيھىسسالامنىڭ سول قوۋۇرغا سۆڭىكىدىن ياراتتى. ئادەم ئەلەيھىسسالام ئۇ ئەسنادا ئۇخلاۋاتاتتى. ئويغىنىپ يېنىدا ياتقان ھاۋانى كۆرۈپلا، كۆڭلى ئۇنىڭغا مايىل بولۇپ، تۇتۇش ئۈچۈن ئۇنىڭغا قولىنى سوزدى. پەرىشتىلەر:

- ئەي ئادەم، ئۇنى تۇتما! نىكاھىڭلار تېخى ئوقۇلمىدى... – دېدى. بىر دەمدىن كېيىن ئادەم ئەلەيھىسسالام بىلەن ھاۋا ئانىمىزنىڭ نىكاھى ئوقۇلدى. نىكاھ مەھرى ئۈچۈن ھەزرىتى مۇھەممەد مۇستاپاغا ئۈچ قېتىم دۇرۇد ئوقۇلدى. بۇ ئىش ئاللاھنىڭ ھۇزۇرىدا ۋە «مۇھەممەدى ھەقىقەت» ئالدىدا تۇنجى نىكاھنىڭ باشلىنىشى بولدى.[6]

6. قەستەلانى: «مۇۋاھىبى-لەدۇننىيە»، ئىستانبۇل، 1984-يىل، 1-جىلد،24؛ ئىسمائىل ھەققى بۇرسەۋى: «رۇھۇل بايان»، 8-جىلد، 430، (دۇھان، 54)؛ ماھمۇد سامى رامىزان ئوغلى:

شۇنىڭدىن باشلاپ نىكاھ مۇھەممەد مۇستاپاغا دۇرۇد بىلەن مۇقەددەس مەناغا ئېرىشىپ، رەھمەت ۋە بەرىكەت تەجەللىلىرى بىلەن تولدى.

ھەزرىتى ئۆمەر رەزىيەللاھۇ ئەنھۇنىڭ رىۋايىتىگە قارىغاندا، ئادەم ئەلەيھىسسالام بىر مۇددەتتىن كېيىن جەننەتتىن چىقىرىلىشىغا سەۋەبچى بولغان گۇناھىنىڭ ئەپۇ قىلىنىشى ئۈچۈن ھەزرىتى مۇھەممەد مۇستاپانى تىلغا ئېلىپ، ئاللاھقا مۇنداق دەپ يالۋۇردى:

- يا رەببى! مۇھەممەدنىڭ ھەققى ئۈچۈن مېنى ئەپۇ قىلىشىڭنى تىلەيمەن!...

ئاللاھتائالا (ئېنىق بىلىپ تۇرسىمۇ، بىز بەندىلەرگە مەلۇم بولسۇن دەپ):

- ئەي ئادەم! مۇھەممەدنى تېخى ياراتمىغان تۇرسام، سەن ئۇنى قانداق بىلىسەن؟

- دەپ سورىدى.

ئادەم ئەلەيھىسسالام:

- يا رەببى! سەن مېنى كۈچ-قۇدرىتىڭ بىلەن يارىتىپ، ماڭا روھىڭدىن پۈۋلىگەن چاغدا بېشىمنى كۆتىرىپ قارىدىم. ئەرشىنىڭ تۈۋرۈكلىرى ئۈستىگە **«لا ئىلاھە ئىللەللاھ مۇھەممەدۇر رەسۇلۇللاھ»** سۆزىنىڭ يېزىقلىق ئىكەنلىكىنى كۆردۈم. بىلدىمكى، سەن ئىسمىڭنىڭ يېنىغا پەقەت مەخلۇقاتلارنىڭ ئەڭ سۆيۈملۈكىنى قويىسەن!...- دېدى.

بۇنىڭ بىلەن ئاللاھتائالا:

- توغرا ئېيتتىڭ ئەي ئادەم! ھەقىقەتەن ئۇ ماڭا مەخلۇقاتىنىڭ ئىچىدە ئەڭ سۆيۈملۈك بولغىنىدۇر. (دۇئا قىلماقچى بولغىنىڭدا) ئۇنىڭ ھەققى ئۈچۈن ماڭا دۇئا قىل! (چۈنكى شۇئان ئۇنىڭ ھەققى ئۈچۈن قىلغان دۇئايىڭ تۈپەيلى) سېنى ئەپۇ قىلدىم! (بىلگىنكى)، ئەگەر مۇھەممەد بولمىغان بولسا ئىدى، سېنى ياراتمىغان بولاتتىم. ـ دېدى. (ھاكىم، 2-جىلد، 4228/627؛ بەيھاقى: «دەلائىل»، 5-جىلد، 488-489)

مۇھەممەد سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەمنىڭ ھاياتى ئۆتمۈشتىكى پەيغەمبەرلەرگە نېسىپ بولمىغان، تەسەۋۋۇر قىلغىلى بولمايدىغان شەرەپ تەجەللىلىرى بىلەن تولغان. كائىناتنىڭ پەخرى مۇھەممەد سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەمدىن باشقا بارلىق پەيغەمبەرلەر مۇئەييەن بىر زامان ۋە ماكانغىلا ئائىتتۇر. شۇڭا ئۇلاردىن بىرگە

«مۇساھەبە»، 4-جىلد، 9)

مول مىقداردا سۈننەت مىراس قالمىغان. ھالبۇكى، پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام قىيامەتكە قەدەر كېلىدىغان ئىنسانلارغا ئەۋەتىلگەنلىكى ئۈچۈن ئۇنىڭ ئىش-ھەرىكىتى، گەپ-سۆزلىرى، يەنى سۈننىتى ئۇجۇر-بۇجۇرلىرىغىچە سەھىھ رىۋايەت بولۇپ بىزگە مىراس قالغان ۋە بۇ مىراس قىيامەت كۈنىگە قەدەر كۈچكە ئىگە. بۇنىڭ سەۋەبى، ئۇنىڭ «ئۇسۋەئى ھەسەنە»، يەنى مۇكەممەل بىر ئۆرنەك شەخسىيەت ئىكەنلىكى ۋە ئاخىر زاماندىكى ئىنسانلارنىڭ بۇ مۇكەممەل ئۆرنەكنى ئۈلگە قىلىشى كېرەكلىكىدىن ئىبارەت بىر ئىلاھىي ئورۇنلاشتۇرۇش سەۋەبىدىندۇر.

ئۇ يېتىم ۋە ساۋاتسىز بولۇپ، ئىنسانلاردىن دەرس ئالمىدى. ئەمما بارلىق ئىنسانلارنى قۇتقۇزغۇچى، غەيب ئالىمىنىڭ تەرجىمانى ۋە ھەقىقەت مەكتىۋىنىڭ مۇئەللىمى بولۇپ كەلدى.

**مۇسا ئەلەيھىسسالام** بىر قىسىم ئەھكام ئېلىپ كەلدى. **داۋۇد ئەلەيھىسسالام** يېقىملىق ئاۋازى بىلەن ئاللاھقا دۇئا ۋە مۇناجات قىلىشتا مەشھۇر ئىدى. **ئىسا ئەلەيھىسسالام** ئىنسانلارغا گۈزەل ئەخلاق ۋە ماددىي دۇنياغا نىسبەتەن زاھىدلىقنى ئۆگىتىش ئۈچۈن ئەۋەتىلگەن ئىدى. ئىسلام پەيغەمبىرى **مۇھەممەد سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم** بولسا، بولارنىڭ ھەممىسىنى ئېلىپ كەلدى: ئەھكامنى تەبلىغ قىلدى. ئىنسانلارغا نەپسىنى پاكلاشنى ۋە پاكىز بىر كۆڭۈل بىلەن ئاللاھقا دۇئا قىلىشنى ئۆگەتتى. ئەڭ گۈزەل ئەخلاقنى كۆرسەتتى ۋە ئۇنى ھاياتىدا ياشاپ نەمۇنە بولدى. دۇنيادىكى ساختا نەرسىلەرگە ئالدانماسلىقنى تەۋسىيە قىلدى. قىسقىسى، پۈتكۈل پەيغەمبەرلەرنىڭ سالاھىيەت ۋە پەزىلەتلىرىنىڭ تامامىنى ئۆزىنىڭ شەخسىيەت ۋە نەتىجىلىرىدە جەمئىي قىلىپ كۆرسەتتى. ئېسىل نەسەپ ۋە ئەدەب، ھۆسنى جامال ۋە كامالەت قاتارلىق ئالىي سۈپەتلەر ھەممىسى ئۇنىڭدا توپلانغان ئىدى.

ئاللاھ قۇرئانى-كەرىمدە مۇھەممەد سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەمدىن باشقا ھېچبىر پەيغەمبەرنىڭ نامىغا قەسەم قىلمىغان. پەقەت ھىجر سۈرىسى 72-ئايەتتە پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامنىڭ ھاياتىغا **«لەـ ئەمرۇكە»** (سېنىڭ ھاياتىڭغا قەسەم قىلىمەنكى،) دەپ قەسەم قىلغان. شەيخ غالىب بۇنى مۇنداق تەسۋىرلىگەن:

ئەلچىلەرنىڭ سۇلتانى، دۆلەتلەرنىڭ شان-شەۋكىتى سەن ئەپەندىم.
بىچارىلەر پاناھى، ھۇزۇرى سەن ئەپەندىم.

شۇ دەھشەتلىك مەھشەردە، ئۈممىتىڭنىڭ بېشىدا
ھامىيسى سەن ئەپەندىم.
ئاللاھ ئۆمرۈڭگە قەسەم قىلغان، ئەڭ مەشھۇر سەن ئەپەندىم.
سەن ئەھمەدۇ، مەھمۇدۇ، مۇھەممەد سەن ئەپەندىم.
ھەقتىن كەلگەن سۇلتانۇ مۇئەييەد سەن ئەپەندىم.

قۇرئانى-كەرىمدە باشقا پەيغەمبەرلەرگە ئىسمى بىلەن خىتاب قىلىنغان. مەسىلەن: «ئەي ئادەم، ئەي نۇھ، ئەي ئىبراھىم، ئەي مۇسا، ئەي داۋۇد، ئەي ئىسا، ئەي زەكەرىيا، ئەي يەھيا!» دېگەندەك. پەقەت مۇھەممەد سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋە سەللەمگە ئىسمى بىلەن خىتاب قىلىنماي، «ئەي نەبى، ئەي رەسۇل، ئەي مۇزەممىل، ئەي مۇددەسسىر!» دەپ خىتاب قىلىنغان.

ئاللاھتائالا مۇنداق دەيدۇ: «(ئى مۆمىنلەر!) **پەيغەمبەرنى سىلەر بىر-بىرىڭلارنى چاقىرغاندەك چاقىرماڭلار...»** (نۇر سۈرىسى 63-ئايەت)

ئىبنى ئابباس رەزىيەللاھۇ ئەنھۇ مۇنداق دەيدۇ:

«كىشىلەر پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامغا "ئەي مۇھەممەد!، ئەي ئەبۇلقاسىم!" دەپ خىتاب قىلىشاتتى. ئاللاھتائالا ئەلچىسىنىڭ شەرىپىنى يۇقىرى كۆتىرىش ئۈچۈن، ئۇلارنى بۇنداق خىتاب قىلىشتىن توستى. شۇنىڭدىن كېيىن كىشىلەر:«ئەي ئاللاھنىڭ ئەلچىسى! ئەي رەسۇلۇللاھ!» دەپ خىتاب قىلىشقا باشلىدى.» (ئەبۇ نۇئەيم: «دەلائىل»،1 -جىلد، 46)

دېمەك، رەببىمىزنىڭ قۇرئانى-كەرىمدە پەيغەمبىرىمىزگە ئىسمى بىلەن ئەمەس، ئۇلۇغ سۈپىتى بىلەن خىتاب قىلىشى ئۇنىڭغا قانداق ئەدەبتە بولىشىمىز كېرەكلىكىنى ئۆگىتىش بىلەن بىرگە بۇ ھەقتە بىر ئۆلچەمنى بىلدۈرگەن.

پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامنىڭ ھاياتى شان-شەرەپكە تولغان بولۇپ، بۇ شەرەپ تەجەللىلىرى ئۆتمۈشتىكى پەيغەمبەرلەرگىمۇ نېسىپ بولمىغان ئىدى. ئاللاھ جەللە جەلالۇھۇ پەقەت ئۇنىڭغىلا **«ھەبىبىم»** دەپ خىتاب قىلدى.[7]

---

7. تىرمىزى: «مەناقىب»، 1\3616، دارىمى: «مۇقەددىمە»، 8؛ ئەخمەد، 6-جىلد، 241؛ ھەيسەمى، 9-جىلد، 29.

مەسجىدى ئەقسادا پەيغەمبەرلەرگە ئىمام بولۇپ ناماز ئوقۇشى بىلەن ئۇنىڭ ئۈستۈنلىكى ئوچۇق ئايان بولدى.

پەيغەمبەرلەر ئىچىدە پەقەت ئۇنىڭغىلا مېراج نېسىپ بولدى. مۇسا ئەلەيھىسسالامدىكى «**لَنْ تَرَانِى**[8]» سىرى ئۇنىڭدا «**فَكَانَ قَابَ [9]قَوْسَيْنِ اَوْ اَدْنَى**» بولۇپ تەجەللى قىلدى. ئىنساننى ئاللاھقا يېقىنلاشتۇرىدىغان ناماز ئۇنىڭ ئۈممىتىگە كىچىك بىر مېراج شەكلىدە ئىنئام قىلىندى.

تۈرك شائىر كامال ئەدىب كۈركچۈئوغلۇ بۇ يەردە تىلغا ئېلىنغان ۋە تىلغا ئېلىنمىغان بارلىق گۈزەللىكلەرنى ئۆزىدە مۇجەسسەم قىلغان ئاللاھ رەسۇلىنىڭ سۈننىتىدىن يىراقلاشقان غاپىل مۆمىنلەرنى شۇ بېيىت بىلەن ئاگاھلاندۇرغان:

**«ئىلتىپاتىدىن مەھرۇم قېلىشى، ۋاي ئىسىت! ۋاي ئىسىت!**
**يېتەر! ئىككى دۇنيادا غاپىللارغا ئازاب بولۇپ.»**

قۇرئان ۋە سۈننەتنىڭ ھەقىقىتىنى چۈشىنىش پەقەت مۇھەممەد مۇستاپا سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەمنىڭ ئۆرنەك ئەخلاقىغا ۋە ئۇنىڭ قەلبىي چوڭقۇرلۇقىغا يېقىنلىشىش ئارقىلىق مۇمكىندۇر.

رەببىمىز بىزنى پەيغەمبەرگە مۇھەببەت بىلەن باغلانغان لاياقەتلىك بىر ئۈممەت ئەيلىگەي! ئۇنىڭ مېھرىبانلىقى ۋە شەپقەتلىكلىكىنى تولۇق چۈشىنىشكە ئەقىل ئاجىز كېلىدۇ.

شۇڭا پەيغەمبىرىمىزگە دۇرۇد ۋە سالامنى ھەرگىز ئونۇتمايلى. چۈنكى ئەڭ دەھشەتلىك كۈندە ئۇنىڭ ياردىمى ۋە شاپائىتىگە موھتاجمىز!

---

8. ئەرەپچە: «**لَنْ تَرَانِى»: سەن مېنى ھەرگىز كۆرەلمەيسەن»** دېگەن سۆز ئاللاھتائالا مۇسا ئەلەيھىسسالامغا ۋەھيى قىلغان ئايەت بولۇپ، مۇسا ئەلەيھىسسالام تۇر تېغىنىڭ يېنىدا ئاللاھنى كۆرۈشنى ئارزۇ قىلغاندا بۇ جاۋابقا ئېرىشكەن . (ئەئراف سۈرىسى 143-ئايەتكە قاراڭ)

9. ئەرەپچە: «**فَكَانَ قَابَ قَوْسَيْنِ اَوْ اَدْنَى» (ئۇ پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامغا ئىككى ياچاق مىقدارى ياكى ئۇنىڭدىنمۇ يېقىنراق يېقىنلاشتى)** دېگەن ئايەت بىلەن يۇقىرىدىكى ئايەت سېلىشتۇرۇلۇش ئارقىلىق مۇھەممەد سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەمنىڭ ئىززەت-ھۆرمىتىنىڭ قانچىلىك يۇقىرى ئىكەنلىكىگە ئىشارەت قىلىنغان. (نەجم سۈرىسى 9-ئايەتكە قاراڭ)

# رەھمەت پەيغەمبىرىنىڭ ئالاھىدىلىكلىرىگە ئائىت مىساللار




«ۋە سەن (ئەي رەسۇلۇم،) ئەلۋەتتە گۈزەل ئەخلاققا ئىگىسەن.»

(قەلەم سۈرىسى 4-ئايەت)

# رەھمەت پەيغەمبىرىنىڭ ئاللاھنىڭ ئىلكىلىرىگە ئائىت مىسالار

تارىخقا نەزەر سالىدىغان بولساق، ھاياتىدىكى ۋەقەلەر ئەڭ ئۇششاق-چۈششەك ئىشلارغىچە تولۇق خاتىرلەنگەن يېگانە پەيغەمبەر ۋە يېگانە ئىنسان مۇھەممەد مۇستاپا سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەمدۇر. ئۇنىڭ پۈتكۈل سۆز-ھەرىكەتلىرى، روھى ھالەتلىرى ۋاقتى-ۋاقتىدا خاتىرلىنىپ، تارىختا بىر شەرەپ لەۋھەسى بولۇپ قالغان.

ئۇنىڭ ھاياتى قىيامەتكە قەدەر كېلىدىغان پۈتكۈل نەسىللەرگە ئۈلگە بولىدۇ. قۇرئانى-كەرىم قەلەم سۈرىسىدە:

**«شۈبھىسىز، سەن ئەڭ گۈزەل ئەخلاقتا ئىگىسەن.»** دېيىلگەن.

ئۇ، قۇرئاننى پەقەت ئاغزاكى ئوقۇشنىلا ئۆگەتكەن بىر مۇئەللىم بولۇپلا قالماستىن، بەلكى قۇرئاننى ياشىغان جانلىق بىر ئۈلگە ئىدى.

جابىر رەزىيەللاھۇ ئەنھۇ پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامنىڭ مۇنداق دېگەنلىكىنى رىۋايەت قىلغان:

«ئاللاھ جەللە جەلالۇھۇ مېنى گۈزەل ئەخلاقنى تاماملاش (ۋايىغا يەتكۈزۈش) ئۈچۈن ئەۋەتتى.» (مۇۋاتتا، «ھۇسنۇل-خۇلۇق»، 8؛ بەيھاقى: «ئەسسۇنەنۇل كۇبرا»، 1-جىلد، 192-بەت)

يەھۇدى ئۆلىمالىرىدىن ئابدۇللاھ ئىبنى سالام پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامنى تۇنجى قېتىم كۆرۈپلا، ئۇنىڭ نۇرانە سىماسىدىكى چوڭقۇر مەنادىن تەسىرلىنىپ، ھەيران بولغان ھالدا:

- بۇ سىمانىڭ ئىگىسى يالغانچى ئەمەس! - دېگەن ۋە ئىمان ئېيتقان.

ئۇ مۇنداق دەيدۇ:

«رەسۇلۇللاھ ئەلەيھىسسالام مەدىنىگە كەلگەندە كىشىلەر يۈگۈرۈشۈپ ئۇنىڭ ئەتراپىغا يىغىلدى:

- رەسۇلۇللاھ كەلدى! رەسۇلۇللاھ كەلدى! رەسۇلۇللاھ كەلدى! – دەپ ئېلان قىلىندى. مەنمۇ ئۇنى كۆرۈپ بېقىش ئۈچۈن كىشىلەرنىڭ ئارىسىغا كىردىم. ئاللاھ

رەسۇلى سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەمنىڭ يۈزىنى كۆرگەندە شۇنى ھېس قىلدىمكى، **ئۇنىڭ يۈزى يالغانچىنىڭ يۈزى ئەمەس ئىدى**. پەيغەمبەردىن ئاڭلىغان تۇنجى سۆزۈم شۇ ئىدى:

«ئەي ئىنسانلار! ئۆزئارا سالاملىشىڭلار. قورسىغى ئاچلارغا تاماق بېرىڭلار. ئۇرۇق-تۇغقانلارغا ياردەم قىلىڭلار. كىشىلەر ئۇخلاۋاتقاندا سىلەر كېچىسى ناماز ئوقۇڭلار، بۇ ئارقىلىق ساق-سالامەت ھالدا جەننەتكە كىرىڭلار.» (ئىبنى ماجە: «ئەتئىمە»،1؛ «ئىقامەت»، 174؛ تىرمىزى: «قىيامەت»، 2485/42)

## رەھمەت پەيغەمبىرىنىڭ تەۋادارلىقى ۋە نەپسنى تەربىيىلىشى

يۇقىرىدا بىر نەچچە يەردە تىلغا ئېلىنغاندەك، پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام پۈتكۈل ئىنسانلارغا ئىلاھىي ھەدىيە ۋە مۇكەممەل بىر ئۆرنەكتۇر. بەختلىك بولۇشنى ئارزۇ قىلغان ھەر ئىنسان كۈچىنىڭ يېتىشىچە ئۇنى تەقلىد قىلىشقا، ئىزىدىن مېڭىشقا مەجبۇردۇر. پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامنىڭ پۈتكۈل ھەرىكەتلىرى ئىسلامنى ئىسمى-جىسمىغا لايىق ھالدا ياشاش ئۈچۈن جانلىق ئۆرنەكتۇر. ئەمما ھەقىقەتى مۇھەممەدىيە (مۇھەممەدنىڭ ھەقىقىتى)دىن نېسىۋە ئېلىشتا دىققەت قىلىشقا تېگىشلىك بىر قانچە نوقتا بار:

1. بەزى ئەمەللەر پەقەت پەيغەمبەرلەرگە خاس سەۋر-تاقەتتە قىلىنغان ئىشلار بولۇپ، بۇنى تەقلىد قىلىشقا نورمال ئىنسانلارنىڭ كۈچى يەتمەيدۇ. بۇنداق ئەھۋاللاردا پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام ئەتراپىدىكىلەرنى ئاگاھلاندۇرغان ئىدى. مەسىلەن: كېچىلەردە پۈتى ئىششىپ كەتكۈچە ناماز ئوقۇش، ئېپتار قىلماي روزا تۇتۇش ... دېگەندەك.

2. پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامنىڭ بەزى ھەرىكەتلىرى يالغۇز ئۇنىڭغىلا مەخسۇس بولغان بىر قىسىم ھېكمەتلەر سەۋەبىدىن بولغان. مەسىلەن: تۆتتىن كۆپ ئايال بىلەن ئۆيلىنىشى، ئۆزى ۋە ئائىلىسى ئۈچۈن زاكات ۋە سەدىقە قوبۇل قىلىشنى قىيامەتكە قەدەر مەنئى قىلىشى قاتارلىق. ئەھلى بەيتىنىڭ زاكات ۋە سەدىقە قوبۇل قىلمايدىغانلىقىنى كۆرسىتىدىغان سان-ساناقسىز مىساللاردىن تۆۋەندىكى بىرى نەقەدەر ئىبرەتلىك-ھە!

بىر كۈنى ھەسەن رەزىيەللاھۇ ئەنھۇ كەبىنى تاۋاپ قىلدى. ئاندىن ماقامى ئىبراھىمغا بېرىپ ئىككى رەكئەت ناماز ئوقىدى. ئاندىن يۈزىنى ماقامى ئىبراھىمغا يېقىپ يىغلاشقا باشلىدى: «ئەي رەببىم! سېنىڭ كىچىك ۋە ئاجىز بەندەڭ ئىشىكىڭگە كەلدى. ئاللاھىم! ئاجىز خىزمەتچىڭ ئىشىكىڭگە كەلدى. ئەي رەببىم! تىلەنچىڭ ئىشىكىڭگە كەلدى. يوقسۇل بەندەڭ ئىشىكىڭگە كەلدى.» دېگەن سۆزلەرنى تەكرارلىغاندىن كېيىن، بۇ يەردىن ئايرىلىپ، ئۆيىگە قاراپ ماڭدى. يولدا پارچە-پۇرات نانلار بىلەن قورسىقىنى تويغۇزماقچى بولۇۋاتقان يوقسۇل كىشىلەر ئۇچرىدى. ئۇلارغا سالام قىلدى. ئۇلارمۇ ھەزرىتى ھەسەننى نان يېيىشكە تەكلىپ قىلدى. ھەسەن رەزىيەللاھۇ ئەنھۇ يوقسۇللارنىڭ يېنىدا ئولتۇرۇپ: «بۇ نانىنىڭ سەدىقە ئەمەسلىكىنى بىلگەن بولسام، ئەلۋەتتە سىلەر بىلەن بىرلىكتە يېگەن بولاتتىم.» دېگەندىن كېيىن: «يۈرۈڭلار، بىزنىڭ ئۆيىگە بارايلى!» دەپ ئۇلارنى ئۆيىگە باشلاپ ماڭدى. ھەسەن رەزىيەللاھۇ ئەنھۇ بۇ كىشىلەرنى تاماق ئېتىپ مېھمان قىلدى، كىيىم-كېچەك ۋە پۇل بەردى. (ئەبشەھى: «ئەلمۇستەتراف»، 1-جىلد، 31-بەت، بېيرۇت، 1986-يىل)

پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامنىڭ ئۆزىگە ئائىت غەنىيمەتلەرنى قىسقا ۋاقىت ئىچىدىلا باشقىلارغا تارقىتىپ بېرىشى ۋە ۋاپات بولۇش ئالدىدىمۇ بۇنىڭغا قاتتىق دىققەت قىلىشى ھەقىقەتەن ئىبرەتلىكتۇر.

پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام ئىنتايىن سەزگۈرلىشىپ كەتكەن ئىدى ۋە رەببىنىڭ يېنىغا بېرىش ۋاقتى يېقىنلاشقان ئىدى. ئائىشە رەزىيەللاھۇ ئەنھاغا قاراپ، يېنىدىكى ئالتە-يەتتە دىنارنى كەمبەغەللەرگە ئۈلەشتۈرۈپ بېرىشكە بۇيرىدى. بىر دەمدىن كېيىن دىنارلارنى قانداق قىلغانلىقىنى سورىدى. ئۇنىڭ كېسىلى تۆپەيلى ئالدىراش بولۇپ كەتكەن ئائىشەنىڭ دىنارلارنى كەمبەغەللەرگە بىرىۋېتىشنى ئۇنتۇپ قالغانلىقىنى ئاڭلاپ، دىنارلارنى ئەكەلدۈرۈپ ئالقىنىغا ئالدى. ئاندىن: «ئاللاھنىڭ پەيغەمبىرى مۇھەممەد بۇلارنى كەمبەغەللەرگە تارقىتىپ بەرمەي يېنىدا قويغان ھالدا رەببىمنىڭ ئالدىغا بارىمەن دەپ ئويلىمسۇن!» دېدى.

ئاندىن كېيىن دىنارلارنى ئەنسارلار ئىچىدىكى بەش يوقسۇل ئائىلىگە ئۈلەشتۈرۈپ بەردى ۋە «ئەمدى راھەتلىنىدىم!...» دەپ يېنىك ھالدا ئۇيقۇغا كەتتى.

ئۇبەيدۇللاھ ئىبنى ئابباس مۇنداق دەيدۇ:

«بىر كۈنى ئەبۇزەر رەزىيەللاھۇ ئەنھۇ ماڭا: ‹ئى قېرىندىشىمنىڭ ئوغلى !ساڭا بىر ئىشنى سۆزلەپ بېرەي.›دېدى ۋە مۇنۇلارنى دەپ بەردى: ‹بىر قېتىم مەن رەسۇلۇللاھ سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەمنىڭ يېنىدا ئىدىم. ئۇ مېنىڭ قولۇمنى تۇتۇپ:

- ئەي ئەبۇزەر! ئۇھود تېغى مەن ئۈچۈن ئالتۇن ۋە كۈمۈش بولسا، ھەممىسىنى ئاللاھ يولىدا خەجلەيتتىم، ئۆلىدىغان كۈنۈم ئۇنىڭدىن بىر قىراتىنىڭمۇ يېنىمدا قېلىشىنى خالىمايتتىم. - دېدى. مەن:

- ئەي رەسۇلەللاھ! يېنىڭدا بىر قىرات[10]قويىماتىنىڭ ياكى بىر قانتار[11]مۇ؟ - دەپ سورىدىم. ئۇ:

- ئەي ئەبۇزەر! مەن ئاز بولسۇن دەيمەن، سەن كۆپ بولسۇن دەيسەن. مەن ئاخىرەتنى ئارزۇ قىلىمەن، سەن بولساڭ بۇ دۇنيانى! يېنىمدا بىر قىراتنىمۇ قويمايتتىم. بىر قىرات، بىر قىرات! - دەپ ئۈچ قېتىم تەكرارلىدى.» (ھەيسەمى، 10-جىلد، 239)

پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامنىڭ بۇ ئۆلچىمى پەقەت ئۆزىگىلا خاس بولۇپ، باشقىلارنىڭ ئۇنداق قىلىشى شەرت ئەمەستۇر. شۇنداقلا ئۈممەتنىڭ پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام مۇنداق قىپتىكەن، بىزمۇ شۇنداق قىلمىز دەپ ئۇنىڭ ھەربىر ھەرىكىتىنى تەقلىد قىلىشقا ئۇرۇنىشىمۇ توغرا ئەمەستۇر. چۈنكى بۇنىڭغا نورمال ئىنسانلارنىڭ تاقىتى يەتمەيدۇ. بۇ پەقەت پەيغەمبەرلەرگىلا مەخسۇستۇر...

پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامغىلا خاس بولغان ئىشلار پەقەت يۇقىرىدا بايان قىلىنغانلار بىلەنلا چەكلىنىپ قالمايدۇ. يەنە پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامنىڭ مىراس مەسىلىسى ھەققىدىكى ئەمىلىيىتى ئۈممەتكە مىسال بولالمايدۇ. «بىز پەيغەمبەرلەر ماددى مىراس قالدۇرمايمىز!» دەپ ساق چېغىدا بار-يوق ھەممە نەرسىسىنى باشقىلارغا بېرىۋېتىشنى مۇسۇلمانلار ئۆرنەك قىلسا بولمايدۇ.

پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامنىڭ قول ئىلكىدىكى پۇل-ماللارنى باشقىلارغا ئېھسان قىلىپ بېرىۋېتىش ئارقىلىق نامرات ياشاپ ئۆتكەنلىكى ھەممەيلەنگە مەلۇمدۇر. ئەمما بۇ پەقەت پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامغىلا خاس بولغان ئەھۋال بولۇپ، ئۈممەتكە

10.قىرات: بەش تال ئارپا دېنىنىڭ ئېغىرلىقى، تەخمىنەن بىر گرام ئەتراپىدا.

11. قانتار: ئەگەر بىر قىراتنى بىر گرام دەپ پەرەز قىلساق، بىر قانتار تەخمىنەن بىر كىلوگرامغا تەڭ.

نىسبەتەن پېقىرلىقنى ماختىغانلىق ياكى ئۇنىڭغا ئىلھام بەرگەنلىك ئەمەستۇر. ئۇنىڭ بىر تەبلىغىدە: «بەرگۈچى قول ئالغۇچى قولدىن ياخشىدۇر!» دېيىش ئارقىلىق ھالال يولدىن پۇل تېپىپ باي بولۇش، باشقىلارغا بېرەلەيدىغان ھالەتكە كېلىش تەشۋىق قىلىنغان.

پېقىرلىق توغرىسىدىكى ھۆكۈملەر تەشۋىق خاراكتېرىدىكى ھۆكۈملەر بولماستىن، بەلكى ئىلاھىي تەقدىرگە رازى بولۇش، ئاللاھقا تەسلىم بولۇپ، ئۇنىڭغا تەۋەككۇل قىلىشقا ئۈندەش ماھىيىتىدىكى ھۆكۈملەردۇر.

3. زۇھد (كۆڭۈلنى دۇنيا مۇھەببىتىدىن يىراقلاشتۇرۇش) ۋە تەقۋا (شۈبھىلىك نەرسىلەردىن يىراق تۇرۇش) ئۆلچىمى بويىچە ياشاش ئىنساننى ئاللاھقا يېقىنلاشتۇرىدىغان پەزىلەتتۇر ۋە پەيغەمبەرلەرنىڭ ئەخلاقىدۇر. جەمئىيەتتىكى پۈتكۈل شەخسلەرنى بۇ ئۆلچەم بويىچە ياشايسەن دېيىشكە بولمايدۇ. چۈنكى بۇ كىشىلەرنىڭ ئىرادىسى، قابىلىيىتى ۋە ئىمانىغا باغلىق بىر ئىشتۇر. شۇڭا دۇنيا نېمەتلىرىگە نىسبەتەن مۇئامىلىنى ئىپادە قىلغان زۇھد ۋە تەقۋا سەۋەبى بىلەن ئىجتىمائى تۇرمۇش سەۋىيىسى تۆۋەنلەپ كېتىدۇ، تەرەققىياتى ئاستىلىشىپ كېتىدۇ ۋە مۇسۇلمانلار دۈشمەنلەرنىڭ ئارقىسىدا قالىدۇ ياكى ئۇلار ئالدىدا مەغلۇپ بولىدۇ دەپ ئويلاپ قالماسلىق كېرەك. جەمئىيەتنىڭ بارلىق ئەزالىرى ئىجرا قىلىشقا تېگىشلىك بولغان شەرىئەت ھۆكۈملىرىنىڭ ماھىيىتىدىكى ھەرىكەتلەندۈرگۈچ كۈچ، ئىلغارلىق ۋە تەرەققىيات ئامىللىرى قالاقلىققا يول قويمايدۇ. شۇنداقلا تەرەققىياتنى كۈن بىلەن ئۆلچەپ، «ئىككى كۈنى بىر-بىرىدىن پەرقسىز بولغان ئادەم زىيان تارتىدۇ» دېگەن شەرىئەت ھۆكۈملىرى بىلەن دۇنيا نېمەتلىرىگە قىزىقماسلىق ئاساسىدىكى زۇھد ۋە تەقۋا ئۆلچەملىرى ئارىسىدا زىتلىق يوق. چۈنكى دۇنيا نېمەتلىرىگە نىسبەتەن ئىلتىپاتسىزلىق ئەمەلىيەتتە سىرتقى كۆرۈنۈش ۋە ھەرىكەتتە بولماستىن، بەلكى كۆڭۈل ۋە زېھىندە بولىدۇ.

مەۋلانا جالالىددىن رۇمى مۇنداق دېگەن:

«دۇنيا ئاللاھتىن غاپىل بولۇشتىن ئىبارەتتۇر! دۇنيا پۇل-مال، ئايال، كىيىم-كېچەك ئەمەستۇر بۇنى بىل!...»

بۇنىڭدىن قارىغاندا، كۆڭۈلدە بىر يىپرى بولماسلىق، قوللانغاندا ئىسراپ قىلماسلىق شەرتى بىلەن كۆپ مال-مۈلۈكنىڭ ئىگىسى بولۇش زۇھد ۋە تەقۋا

ئۆلچىمگە زىت بولمىغىنىدەك، مۇھەببەتنى كۆڭۈلنى ئىشغال قىلغان ۋە بۇتلىشىپ قېلىش ئېھتىمالى بولغان ئاز مال-مۈلۈكنىڭ ئىگىسى بولۇشنىڭمۇ زۇھد ۋە تەقۋا ئۆلچىمگە ئۇيغۇن ئەمەسلىكىنى تەپەككۇر قىلغان ۋاقتىمىزدا بۇ ھەقىقەتنى تېخىمۇ ئېنىق چۈشىنەلەيمىز. پەيغەمبەرلەردىن سۇلايمان ئەلەيھىسسالام ۋە ساھابىلەردىن ھەزرىتى ئەبۇبەكىر، ھەزرىتى ئوسمان، ھەزرىتى تەلھا ۋە ھەزرىتى ئابدۇراھمان ئىبنى ئەۋف رەزىيەللاھۇ ئەنھۇ قاتارلىقلار زۇھد ۋە تەقۋا ئۆلچىمگە ئەڭ ياخشى مىسال بولالايدۇ.

يەنە بىر تەرەپتىن زۇھد ۋە تەقۋا ئۆلچەملىرى نامراتلىقتىن كېلىپ چىققان بولىشى مۇمكىن. نامراتلىق تۇيەيلى ئىسيان قىلماي، ئاللاھنىڭ تەقدىرىگە چىن دىلدىن رازى بولۇش بۇنىڭ ئەسلى ماھىيىتىدۇر. ئەمما مال-مۈلكى بار تۇرۇغلۇق، ئۆزىنى نامرات كۆرسىتىش قىلمىشى بولسا، تەقۋا ئۇقۇمىنى چۈشەنمىگەنلىكتىن كېلىپ چىقىدۇ. پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامنىڭ بەزى چاغلاردا ئاچلىقتا چىدىيالماي قورسىقىغا تاش تېڭىۋېلىشى قاتارلىق ئىشلار تەقۋا جۈملىسىدىندۇر. ئىلاھىي نېمەتلەرنى تىل بىلەن ئىقرار قىلىپ، دىلدا شۈكۈر قىلىش بىلەن بىر ۋاقىتتا كۆپلەپ خەيرى-ساخاۋەت قىلىش زۇھد ۋە تەقۋا ئۆلچىمگە ئەڭ مۇۋاپىقتۇر. ئەمما مال-مۈلكىنى يوشۇرۇپ، بىچارە قىياپەتكە كىرىۋېلىش ساختىپەزلىك قىلمىشى بولۇپ، كىشىنىڭ ئۆزىنى ۋە باشقىلارنى موشۇنداق ئالدىشى توغرا ئەمەستۇر!

بۇ ئۆلچەملەر بىلەن تەھلىل قىلغاندا شۇنى كۆرەلەيمىزكى، پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام ئىنسانلار ئىچىدە ئەڭ مۇتتەقى (ئاللاھتىن ئەڭ قورقىدىغان ۋە ئۇنىڭغا ناھايىتى يېقىن بولغان بىر بەندە) ئىدى. ئۇ تەقۋادار بولغانلىقى ئۈچۈن پېقىرلەرگە ئوخشاش ياشايتتى. ئائىشە رەزىيەللاھۇ ئەنھا مۇنداق دېگەن:

«پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام ئۆمرىدە ئىككى كۈن كەينى-كەينىدىن ئارپا نېنى يەپ قورسىقى تويمىغان ھالدا ئاخىرەتكە كەتتى...» (بۇخارى، «ئەيمان»، 22؛ ئىبنى ماجە، «ئەتئىمە»، 48)

ئەنەس رەزىيەللاھۇ ئەنھۇ مۇنداق دەيدۇ:

«پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام بەزىدە ئارپا نان بىلەن قېتىپ كەتكەن ۋە بۇزۇلغىلى ئاز قالغان قۇيرۇق يېغى (دۈمبە) ياكى ئىچ يېغى يېيىشكە تەكلىپ قىلىناتتى. بۇ ئالىجاناپ ئىنسان تەكلىپ قىلىنغان يەرلەرگە باراتتى. ساۋۇت-دوبۇلغىسىنى بىر

يەھۇدىگە گۆرۈگە قويغان ئىدى. قول ئىلكىدىكى نەرسىلەرنى سېخىلىق بىلەن باشقىلارغا بېرىپ تۈگەتكەچكە، ۋاپات بولغىچە بولغان ئارىلىقتا ساۋۇت-دوبۇلغىسىنى قايتۇرۇپ ئالغۇدەك مال-دۇنياغا ئىگە بولالمىغان ئىدى.»

بۇنىڭ بىلەن بىرلىكتە پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام ھالال بولغان يېمەك-ئىچمەكلەرنى زۇھد ئىسمى بىلەن نەپسكە ھارام قىلىشنى مەنئى قىلغان ئىدى. ئۆزى ھالال نەرسىلەرنى يەيتتى ۋە ئىچەتتى. ئەمما بۇ ھالال تائام دەپلا قورسىقنى ھەددىدىن ئارتۇق تويغۇزىۋەتمەيتتى. ھەتتا بىر قېتىم يېنىدا كېكىرگەن بىر ئادەمگە:

-كېكىرمە! دۇنيادا بەك تويۇپ كەتكەنلەر قىيامەت كۈنى ئۇزۇن مۇددەت ئاچ قالىدۇ! - دېگەن ئىدى. (تىرمىزى، «سىفاتۇل قىيامەت»، 37-بەت)

باشقا بىر ھەدىستە: «قارنىدىنمۇ بەك خەتەرلىك تاغارنى ھېچكىم توشقۇزۇپ بولالمىغان. ھالبۇكى، ئىنسانغا ئۆرە تۇرالىشى ئۈچۈن بىر قانچە چىشلەم يېتەتتى... ئەگەر زادى كۆپ يېمىسە بولمايدىغان بىر ئەھۋال بولسا، ئۇنداقتا ئاشقازىنىنىڭ ئۈچتە بىر قىسمىنى تائام بىلەن، ئۈچتە بىر قىسمىنى سۇ بىلەن، ئۈچتە بىر قىسمىنى ھاۋا بىلەن توشقۇزسۇن!...» (تىرمىزى، «زۇھد»، 47؛ ئىبنى ماجە، «ئەتئىمە»، 5) دېيىش ئارقىلىق يەپ-ئىچىشكە مۇۋاپىق بىر ئۆلچەم بەلگىلەپ بەرگەن.

بۇلارنىڭ ھەممىسى ئىنسانلاردىكى ئاچكۆزلۈك تەبىئىتىنى تىزگىنلەشتىكى پەۋقۇلئاددە ئۈنۈملۈك تەدبىرلەردۇر. بۇ سەۋەبتىن پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامنىڭ مەكتىۋى تۆۋەنى ئەڭ يوقسۇل ئادەمدىن باشلاپ يۇقىرىسى دۆلەت ئەركانلىرىغىچە ھەر تەبىقىدىكى كىشىلەرنى مول مەزمۇن بىلەن مۇكەممەل بىر ئۇسلۇبتا تەربىيلىگەن ۋە ئۇلارنىڭ قەلبى پەيغەمبەرگە قانچىلىك ئىتائەت قىلغانلىرى شۇنچە ھوزۇر ۋە سائادەتكە نائىل بولغان. بۇ پەيغەمبەر مەكتىۋىدىن يېتىشىپ چىققانلار ئىچىدە ئۆمرىنى بايلارغا ئوخشاش شۈكۈر ۋە قانائەت بىلەن ئۆتكۈزگەن پېقىرلار، كەمبەغەللەرگە ئوخشاش كەمتەر ياشىغان ۋە داۋاملىق خەيرى-ساخاۋەت قىلىدىغان بايلار ۋە ئادىل ئەمەلدارلار بار ئىدى. ئىسلام تارىخىدا بۇيۈك خەلىپىلەرنىڭ ئۆشنىسگە ئاشلىق تاغارلىرىنى ئارتىپ، ھامالغا ئوخشاش يۈدۈگەن پېتى كەمبەغەللەرنىڭ ئۆيىگە بارغانلىقى، ئۇلارغا تاماق ئېتىپ بەرگەنلىكى قاتارلىق ۋەقەلەر مەشھۇردۇر. ئىستانبۇلنى فەتھى قىلغان فاتىخ سۇلتان مەھمەد (1432-1481) خانىنىڭ بىر خرىستىئان بىناكار بىلەن ئۇدۇلمۇ-ئۇدۇل ئولتۇرۇپ، دەۋانى مۇھاكىمە قىلىشى ۋە نەتىجىدە ئادىللىق

ئۆچۈن، بىلىپ تۇرۇپ ئۆز مەنپەئەتىگە زىيانلىق ھۆكۈم چىقىرىشى قاتارلىق ئادالەت تەجەللىلىرى ھەممىسى پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامنىڭ زۇھد ۋە تەقۋا مەكتىۋى ئىنسانلارغا بەخش ئەتكەن بەخت-سائادەت ۋە رەھمەتنىڭ نامايەندىسىدۇر.

پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام زۇھدنى مۇنداق تەرىپلىگەن:

«دۇنيادا زاھىدلىق ھالالنى ھارام قىلىش ياكى مال-مۈلكنى تەرك قىلىش دېگەنلىك ئەمەستۇر. دۇنيادا زاھىدلىق ئۆزەڭنىڭ قول-ئىلكىڭدىكى نەرسىلەرگە قارىغاندا ئاللاھنىڭ ئىلكىدىكى نەرسىلەرگە بەكرەك ئىشىنىش، بېشىڭغا بىرەر بالا-قازا كېلىپ، ئۇنىڭدىن قۇتۇلالمىغان چاغدا ئاللاھنىڭ ئەجىر ۋە مۇكاپات بېرىدىغانلىقىدىن ھەمىشە ئۈمىدۋار بولۇش دېگەنلىكتۇر...» (تىرمىزى، «زۇھد»، 29\2340)

قانائەت ۋە زۇھد جەھەتتە پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام ئىنسانىيەتكە ئەڭ گۈزەل يېتەكچىدۇر.

زۇھد دۇنيادىكى ۋاقىتلىق مەئىشەتلەرگە نىسبەتەن دەرىجىدىن تاشقىرى ئامراقلىق ۋە ھېرىسنى يوق قىلىش، پانىي دۇنيا لەززەتلىرىگە ئالدانماسلىق، مال-دۇنيانى كۆڭۈلگە (پىكىر-خىيالغا) قويماسلىق، ئاللاھ ۋە ئۇنىڭ پەيغەمبىرىدىن باشقىغا قىزىقماسلىق، ئىنساننىڭ ئاللاھقا قۇل بولۇشىغا توسقۇنلۇق قىلىدىغان ۋە ئاخىرەتتە پايدىسى بولمايدىغان ئىشلارنى تەرك قىلىش مەنىسىدە بولۇپ، پاكىز بىر ھايات ياشاش ئارقىلىق قەلب، ھەمدە بەدەننىڭ ھۇزۇرغا ئېرىشىشىنى كاپالەتلەندۈرۈدىغان بىر خىل كەيپىياتتۇر. بۇنىڭ تەتۈرسى بولغان دۇنيا نېمەتلىرىگە ھەددىدىن زىيادە ئامراقلىق بولسا، ئىنساننى روھىي ۋە جىسمانىي جەھەتتىن تۈگەشتۈرىدىغان بىر خىل پالاكەتتۇر. پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام مۇنداق دېگەن:

«دۇنيادا زۇھد قەلب ۋە بەدەننى راھەتلىتىدۇ. دۇنياغا ئامراقلىق بولسا غەم-قايغۇنى كۆپەيتىدۇ...» (ئەخمەد ئىبنى ھەنبەل، «كىتابۇز-زۇھد»،24)

باشقا بىر ھەدىس شەرىفتە:

«دۇنيادا زاھىد بول، ئاللاھ سېنى ياخشى كۆرگەي؛ باشقىلارنىڭ مال-مۈلكىگە كۆز تاشلىما، ئىنسانلار سېنى ياخشى كۆرگەي!...» (ئىبنى ماجە،«زۇھد»،1-بەت) دېيىلگەن.

بۇ ھەدىس شەرىفتىن شۇنى چۈشىنىۋېلىشقا بولىدۇكى، دۇنيانىڭ خېيىم-خەتەرلىرىگە قارشى تۇرۇشتا تەۋسىيە قىلىنغان تەدبىرلەرنىڭ بېشىدا كەلگىنى

زۇھدتۇر. پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام يەيدىغان نەرسە تاپالمىغان چاغلاردا روزا تۇتاتتى.

ھەدىس شەرىفتە: «ئاق تەنلىق قارا تەنلىكتىن، بىر مىللەت باشقا بىر مىللەتتىن ئالىي ياكى ئۈستۈن ئەمەستۇر. ئۈستۈنلۈك پەقەت تەقۋا جەھەتتىندۇر.» (ئەخمەد ئىبنى ھەنبەل،5-جىلد، 15) دېيىش ئارقىلىق زۇھد ۋە تەقۋا تەۋسىيە قىلىنغان.

قۇرئانى-كەرىمدە: **«ھەقىقەتەن ئەڭ تەقۋادار بولغانلىرىڭلار ئاللاھنىڭ دەرگاھىدا ئەڭ ھۆرمەتلىك ھېسابلىنىسىلەر.»** (ھۇجۇرات سۈرىسى 13-ئايەت) دېيىلگەن.

**تەقۋا** ــــ نەپسانىي ئارزۇلارغا بېرىلمەسلىك، روھانىي قابىلىيەتلەرنى تەرەققىي قىلدۇرۇش؛ قۇرئان ۋە سۈننەتنى ھاياتنىڭ بارلىق ساھەلىرىدە جارى قىلدۇرۇش؛ دىنىي ھۆكۈملەرنى مۇھەببەت، غەيرەت، پىداكارلىق ۋە تەئدىل-ئەركان بىلەن ئادا قىلىش؛ ئىچكى (قەلبىي) دۇنياسىنى تەربىيىلەپ، ئىبادەت ۋە مۇناسىۋەتلەرنىڭ خۇشاللىقىنى ھېس قىلىش؛ بەندىنىڭ رەببى بىلەن قەلبتە ئۇچرىشىشى، شەپقەت ۋە مەرھەمەت قاتارلىق گۈزەل سۈپەتلەرنىڭ قەلبتە تەجەللىي قىلىشى؛ يەنە بەندە تەۋبە قىلغاندا تىلى بىلەن دىلىنىڭ بىر بولۇشى، رەببىنىڭ ئالدىدا سەممىي بولۇشى؛ گۇناھ ئىشلارغا نەپرەتلىنىشى، ئەيۋچانلىقنىڭ ئەسلى تەبىئىتىگە ئايلىنىشى؛ داۋاملىق ئەيۋ قىلىش ئارقىلىق ئىلاھىي ئەپۇغا لايىقلىشىش غايىسىنى ئەمەلگە ئاشۇرۇش دېگەنلىكتۇر.

يەنە پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام مۇنداق دېگەن: «ماڭا مال-دۇنيا توپلا! ياكى تىجارەتچى بول! دەپ ۋەھيى قىلىنمىدى. ماڭا: رەببىڭنىڭ شانىنى يايغىن. سەجدە قىلغىن ۋە ئىتائەت قىلغىن! [12]دەپ ئەمىر قىلىندى.»

باشقا بىر ھەدىستە مۇنداق دېيىلگەن:

«ناماز ئوقۇغاندا ئەڭ ئاخىرقى نامىزىڭنى ئوقۇۋاتقاندەك دىققەت ۋە تەئدىل-ئەركان بىلەن ئوقۇ! ئەتە سېنى پۇشايمان قىلدۇرىدىغان گەپنى قىلما! ئىنسانلار غەپلەت ئىچىدە مايىل بولغان نەرسىلەرگە كۆز قىرىڭنى سالما!» (ئىبنى ماجە، «زۇھد»، 15)

---

12. ھىجر سۈرىسى 98-99-ئايەتلەر.

بىر قېتىم پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامدىن:

- ئەڭ ياخشى ئادەم قانداق ئادەم؟- دەپ سورالغاندا پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام:

- ئاللاھ يولىدا پۇل-مېلى ۋە جېنى بىلەن جىھاد قىلغان كىشى ئەڭ ياخشى كىشىدۇر. يەنە بىرسى، يالغۇز ھالەتتە يىراق بىر يەرگە كېتىپ ئاللاھقا ئىبادەت قىلغان، كىشىلەرگە زىيان سالمىغان، يامانلىق قىلمىغان ئادەممۇ ياخشى ئادەمدۇر. - دەپ جاۋاب بەرگەن.

ئالىملار بۇ ھەدىستىكى «يالغۇز ھالەتتە بىر يەرگە كېتىپ ئاللاھقا ئىبادەت قىلغان كىشى» دېگەندە، پىتنە-پاسات ۋە ئۇرۇش زامانىدا ياكى كىشىلەر بىلەن چىقىشالمايدىغان ئادەملەرنىڭ ئومۇمغا زىيان سېلىش ئېھتىمالى بولغان ئەھۋالدىكى كىشىنى كۆرسىتىدۇ دەپ ئىزاھلىغان.

✵

پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام ھالال ۋە ھارامغا ئالاھىدە دىققەت قىلغاندەك گۇمانلىق نەرسىلەردىنمۇ يىراق تۇراتتى. بىر قېتىم ھەزرىتى ھەسەن كىچىك چاغدا مەسجىدتە بوۋىسىنىڭ قوچىقىدا ئولتۇرۇپ، زاكات خورمىلىرىنىڭ تارقىتىلىۋاتقانلىقىغا قاراپ تۇرغاچ، ئالدىدىكى بىر تال خورمىنى ئېلىپ ئاغزىغا سالغاندا پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام:

-تۈكۈر! ئاغزىڭدىكى خورمىنى دەرھال تۈكۈر! بىزنىڭ سەدىقە يېمەيدىغانلىقىمىزنى بىلمەمسەن؟!- دەپ كايىغان ۋە نەۋرىسىنىڭ ئاغزىدىكى خورمىنى چىقارتقان ئىدى. (مۇسلىم،«زاكات»، 161-بەت)

مەۋلانا جالالىددىن رۇمى ھالال لوقما توغرىسىدا مۇنداق دەيدۇ:

«لوقمىلار ئۆسۈملۈكنىڭ ئۇرۇقىغا ئوخشايدۇ. ئۇنىڭ مېۋىسى پىكىر، ئىدىيە ۋە نىيەتلەردۇر.»

«سەندە ئىبادەت ۋە تائەتلەرگە نىسبەتەن ئارزۇ، ئىشتىياق ۋە ئىشتىھا قوزغىغان، لەززەت بېغىشلىغان يېمەكلىكلەر ھالال؛ ئىبادەت ۋە تائەتتە ھورۇنلۇقتا، قەلبتە قاراڭغۇلۇق، قاتتىقلىق ۋە ھەسەتخورلۇق كەبى كېسەللىكلەرگە سەۋەب بولغان يېمەكلىكلەر بولسا ھارامدۇر.»

«ھاياتىڭدا ھالال يېمەكلىكلەرنى كۆپەيتكىن! شۈبھىلىك ۋە ھارام يېمەكلەردىن يىراق تۇرغىن! مۇشۇنداق قىلساڭ، ئىبادەت ۋە تائەتنىڭ لەززىتىنى تېتىپ، ھۇزۇرغا ئېرىشەلەيسەن.»

بىر ئەۋلىيا مۇنداق دېگەن:

«ئونۇتماكى، ئىبادەت ۋە تائەتتىن ھۇزۇر ئېلىشنىڭ ئۆزى ئەڭ چوڭ كارامەتتۇر.»

ئاللاھتائالا قۇرئانى-كەرىمدە مۇنداق دېگەن:

**«مۆمىنلەر ھەقىقەتەن بەختكە ئېرىشتى.** (شۇنداق مۆمىنلەركى) **ئۇلار نامازلىرىدا** (ئاللاھنىڭ ئۇلۇغلۇقىدىن سۆر بېسىپ كەتكەنلىكتىن) **ئەيمىنىپ تۇرغۇچىلاردۇر.»** (مۇئمىنۇن سۈرىسى 1-2-ئايەتلەر)

✵

جەمئىيىتىمىزدە دىن پەقەتلا ئىنسانلارنى ئاخىرەتتە بەخت-سائادەتكە ئېرىشتۈرىدىغان ئېتىقاد سىستېمىسىدىن ئىبارەت دېگەن كۆز قاراش ئاساسىي ئېقىمنى ئىگەللەپ كەلمەكتە. ھالبۇكى، دىن پەقەت ئاخىرەتتىلا بەختكە ئېرىشتۈرىدىغان بىر مۇئەسسەسە بولماستىن، بەلكى بۇ دۇنيادىمۇ جەمئىيەت ھاياتىنى تەرتىپكە سېلىپ، ئىنسانلارغا راھەت، ھۇزۇر ۋە بىخەتەر مۇھىت بەرپا قىلىدىغان ئىمان ئىقلىمىدۇر.

تۆۋەندىكى ھادىسە مانا مۇشۇ ھەقىقەتنىڭ تىپىك بىر مىسالى:

بىر كېچە ۋاقتى ئىدى. ھەزرىتى ئۆمەر رەزىيەللاھۇ ئەنھۇ ئادىتى بويىچە مەدىنە كوچىلىرىنى ئايلىنىپ يۈرىۋاتاتتى. بىر ئۆينىڭ ئالدىدىن ئۆتۈپ كېتىۋاتقاندا ئۆي ئىچىدە تىۋىلىشىۋاتقان بىر ئاۋاز ئىختىيارسىز قۇلىقىغا كىرىپ قالدى. زەڭ قويۇپ تىڭشىۋىدى، ئۇيەدە ئانا بىلەن قىزىنىڭ تارتىشىۋاتقانلىقىنى بىلدى ۋە توختاپ، تامغا قۇلىقىنى يېقىپ، ئۇلارنىڭ گېپىنى ئاڭلاشقا باشلىدى. ئانىسى قىزىغا:

-قىزىم، ئەتە ساتىدىغان سۈتكە بىر ئاز سۇ ئارلاشتۇر! - دەۋاتاتتى. قىزى:

-جېنىم ئانا، خەلىپە سۈتكە سۇ قوشۇشنى مەنئى قىلغانغۇ؟ - دېدى. ئانىسى ئاچچىقلاپ:

-ۋاي-ۋۇي قىزىم، تەڭ كېچىدە سۈتكە سۇ ئارىلاشتۇرغىنىمىزنى خەلىپە قانداق بىلەتتى؟! ئۇ ئۇخلاپ ياتقاندۇ ھەقىچان. - دېدى. كۆڭلىدە ئاللاھتىن قورقىدىغان بۇ قىز ئانىسىنىڭ ھىيلىسىنى قوبۇل قىلالمىدى:

-جېنىم ئانا! ماقۇل، خەلىپە كۆرمەيدۇ دەيلى. ئەمما ئاللاھمۇ كۆرمەي قالارمۇ؟ بۇ ھىيلىنى خەقتىن يوشۇرۇش ئاسان، بىراق ھەممە نەرسىنى كۆرۈپ، بىلىپ تۇرغان ئاللاھتىن يوشۇرۇش مۇمكىنمۇ؟ -دېدى.

ئاللاھتىن قورقىدىغان ئىمانلىق قىزنىڭ ئانىسىغا بەرگەن جاۋابى ھەزرىتى ئۆمەر رەزىيەللاھۇ ئەنھۇنى چوڭقۇر تەسىرلەندۈردى. ئەمىرۇلمۆئمىنىن (ھەزرىتى ئۆمەر) ئۇنى ئادەتتىكى بىر سۈتچى تۇل خوتۇننىڭ قىزىلا ئەمەس، بەلكى تەقۋادار ۋە ئېسىل بىر قىز دەپ بىلىپ ئوغلىغا ئېلىپ بەردى. بۇ قىز ھەزرىتى ئۆمەرگە كېلىن بولدى. بۇ پاكىز نەسىلدىن ئىسلام تارىخىدا ئادالەتپەرۋەرلىگى بىلەن مەشھۇر بولغان بەشىنچى خەلىپە ئۆمەر ئىبنى ئابدۇلئەزىز دۇنياغا كەلدى.

بۇ ھادىسە شۇنى كۆرسىتىدۇكى، داۋاملىق ھالالغا رىئايە قىلىپ ياشاش ئىنساننىڭ ئىككى دۇنيالىق بەخت-سائادىتى ئۈچۈن «ئەھسەنى تەقۋىم» (ئەڭ گۈزەل ھەرىكەت) بولۇش بىلەن بىرلىكتە، بۇنىڭ ئەكسىچە ھەرىكەت قىلىش، يەنى ھالال قىلىنغان سان-ساناقسىز نېمەتلەرگە قانائەت قىلماي، ھارامغا ياكى شۈبھىلىك نەرسىلەرگە قول ئۇزىتىش بەندىگە ياراشمايدىغان بىر قېلىقتۇر. پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام ھارام ئىكەنلىكى ئېنىق ئەمەس، ئەمما ھارام بولۇش ئېھتىمالى بولغان نەرسىلەرنى تەرك قىلىش توغرىسىدا: «سەندە گۇمان قوزغىغان نەرسىنى ئالما! گۇمان قوزغىمىغان نەرسىنى ئال!» دېگەن. بۇنىڭ بىلەن بىرلىكتە شۈبھىلىك نەرسىلەردىن يىراق تۇرۇشنى توغرا چۈشەنمەي ياكى ھەددىدىن ئاشۇرىۋېتىپ، ھالال نېمەتلەردىن يىراقلىشىپ كېتىش ياكى ھالال نېمەتلەر توغرىسىدا ۋەسۋەسىگە چۈشۈپ، بىكاردىن بىكار تەرەددۇت پەيدا قىلىشمۇ ئەلۋەتتە توغرا ئەمەستۇر.

ئىسلام دىنى بۇ جەھەتتە ئىنسانلارنى نورمال ۋە مۇۋاپىق بولۇشقا بۇيرۇيدۇ. چۈنكى ئىسلامنىڭ مەقسىدى ئىنسانلارنى قىيىن ئەھۋالدا قويۇش ئەمەس، بەلكى ھۇزۇر ئىچىدە راھەت ۋە ساغلام ياشاش ئىمكانىيىتىگە ئىگە قىلىشتۇر. بۇ كۆڭۈل سارىيىنى رېمونت قىلىش ئارقىلىق ئەمەلگە ئاشىدۇ. چۈنكى گۈزەل ۋە جەلىپكار نەرسىلەر كۆڭۈل سارىيىنىڭ مەركىزىگە يەرلەشكەن. بۇنى ئەمەلگە ئاشۇرۇش

پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامنىڭ قەلبىي خۇسۇسىيەتلىرىنى، چوڭقۇر ھېسسىياتىنى ۋە نازۇك تۇيغۇلىرىنى ھېس قىلىش ۋە ياشاش ئارقىلىق مۇمكىن بولىدۇ.

✵

پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام گەرچە ھېچقانداق گۇناھى بولمىسىمۇ، كېچىلىرى پۇتلىرى ئىششىپ كەتكۈچە ناماز ئوقۇيتتى، ھېرىپ كەتكۈچە قۇرئان تىلاۋەت قىلاتتى. ئاللاھنى ناھايىتى ياخشى كۆرگۈچى، ئەڭ كۆپ زىكىر قىلغۇچى ۋە ئۇنىڭدىن ئەڭ قاتتىق قورققۇچى پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام ئىدى.

ناماز بەندىنى رەببىگە باغلايدىغان بىر قەلب رىشتىسى ۋە بەندىنىڭ رەببىنىڭ ھۇزۇرىغا بېرىشىدۇر. ناماز ھەق ئاشىقلىرى ئۈچۈن باشقىلار ھېس قىلالمايدىغان بىر خىل ھاياجاندۇر. ئۇلار نامازغا تويمىغانلىقى ئۈچۈن نەپلە ئىبادەتلەرنى كۆپلەپ قىلىپ، ۋىسالغا يېتىشكە تىرىشىدۇ.

نامازدا تەسلىمىيەت باردۇر. شۇڭا نەپسكە ئېغىر-بېسىقلىق، تەمكىنلىك كېلىدۇ. پەقەت مۇشۇنىڭ ئۆزىمۇ ئىسلامنىڭ ھەق ۋە نامازنىڭ مۇتلەق بىر ئىبادەت ئىكەنلىكىنى كۆرستىش ئۈچۈن يېتەرلىكتۇر. بۇ ھەقتە ئايەتتە مۇنداق دېيىلگەن:

**«سەۋر قىلىش، ناماز ئوقۇش ئارقىلىق** (ئاللاھتىن) **ياردەم تىلەڭلار. ناماز ئاللاھتىن قورققۇچىلار** (يەنى كەمتەرلىك بىلەن ئاللاھقا بويسۇنغۇچىلار) **دىن باشقىلارغا ھەقىقەتەن مۇشەققەتلىك ئىشتۇر.»** (بەقەرە سۈرىسى 45-ئايەت)

نەپسىنىڭ ھاۋايى-ھەۋەسلىرىگە مەھكۇم بولغۇچىلار نامازغا يېقىن كېلەلمەيدۇ. نەپسىنىڭ تۇزاقلىرىدىن قوتۇلۇپ چىقالمىغانلار نامازنى شەكىل جەھەتتە ئوقۇيدۇ. ھەقىقىي ناماز ئاز كىشىگە نېسىپ بولىدۇ. بۇ ھەقتە پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام مۇنداق دېگەن:

«ئىككى كىشى بىرلا ۋاقىتتا بىر يەردە تۇرۇپ ناماز ئوقىدى، ئەمما ئىككىسىنىڭ ئارىسىدا ئاسمان-زېمىن پەرق بار ئىدى.»

ئائىشە رەزىيەللاھۇ ئەنھا مۇنداق دەيدۇ:

«پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام نامازغا تۇرغان ۋاقىتتا يۈرىكىدىن پات-پات قازان قاينىغاندەك بىر ئاۋاز چىقاتتى. ئەزان ئوقىغان چاغدا ئاللاھنىڭ ھۇزۇرىغا بارىدىغانلىقى

ئۇچۇن ئەتراپىدىكىلەرنى تونۇماس ھالغا كېلەتتى...» (ئەبۇداۋۇد، «سالات» (ناماز)، 157۔ بەت؛ نەسائى، «سەھۋ»،18۔بەت)

✵

پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام كۆپىنچە ھاللاردا قورسىقى ئاچ ھالدا روزا تۇتاتتى. بەزىدە سەۋمى ۋىسال (ئىپتارسىز روزا) تۇتاتتى. ساھابىلەرمۇ مۇشۇنداق قىلماقچى بولغاندا:

۔ سىلەر بۇنىڭغا تاقەت قىلالمايسىلەر. ۔ دېگەن ئىدى.

ئىبنى ئابباس رەزىيەللاھۇ ئەنھۇنىڭ رىۋايىتىگە ئاساسلانغاندا، پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام ئارقا۔ئارقىدىن بىر قانچە كۈن ئاچ قالدى. ئائىلىسىدىكىلەرگىمۇ كۆپ ھاللاردا كەچتە يېگۈدەك بىر نەرسە يوقتى. يەيدىغان نېنى ئارپا نېنى ئىدى. (ئىبنى سائاد،«تەباقاتۇل كۇبرا»، 1۔جىلد، 400۔بەت)

ئەنەس ئىبنى مالىك رەزىيەللاھۇ ئەنھۇنىڭ ئېيتىشىغا قارىغاندا، بىر كۈنى پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامنىڭ قىزى پاتىمە ئۆزى ياققانناندىن بىرنى دادىسىغا ئېلىپ كەلگەندە پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام:

۔ نېمە ئەكەلدىڭ؟ ۔ دەپ سورىغان. پاتىمە:

۔ نان ياققان ئىدىم. سىزگە بەرمەي تۇرۇپ گېلىمدىن ئۆتمىدى. ۔ دېگەندە پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام:

۔ ئۈچ كۈندىن بېرى داداڭنىڭ ئېغىزىغا كىرىدىغان تۇنجى لوقما مۇشۇ نان بولدى. ۔ دېگەن.

ئەبۇ ھۇرەيرەنىڭ رىۋايىتىگە ئاساسلانغاندا، پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام ئاچلىق ئازابىنى يەڭگىللىتىش ئۈچۈن بەزىدە بېلىگە تاش باغلىۋالاتتى. (ئىبنى سائاد، «تەباقاتۇل كۇبرا»، 1۔جىلد، 400۔بەت)

✵

پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام زۇھد ھاياتى ياشايتتى، خەيرى۔ساخاۋەتنى كۆپ قىلاتتى. ھەزرىتى ئائىشە مۇنداق دەيدۇ:

«ئاللاھ رەسۇلىنىڭ ئاشقازىنىغا بىر كۈندە ئىككى خىل يېمەك بىرلىكتە كىرمەيتتى. گۆش يېگەندە باشقا بىر نەرسە يېمىگەندەك، خورما بىلەن نان يېگەن چاغلاردىمۇ ئۇنىڭ ئۈستىدىن باشقا بىر نەرسە يېمەيتتى.» (ئىبنى سائاد، «تەباقاتۇل كۇبرا»،1-جىلد، 405-بەت)

ئەبۇ نادىر مۇنداق دەيدۇ: «مەن ھەزرىتى ئائىشە ئانىمىزنىڭ مۇنداق دېگەنلىكىنى ئاڭلىدىم: بىر كۈنى ئاللاھ رەسۇلى بىلەن بىرلىكتە ئولتۇراتتۇق. دادام ئەبۇبەكىر بىزگە بىر قوينىڭ پاچىقىنى ئەكېلىپ بەردى. كېچە قاراڭغۇلۇقىدا رەسۇلۇللاھ بىلەن ئۇنى توغرىماقچى بولدۇق. بىرەيلەن: شام ياكى چىراغ ياندۇرساڭلار بولمامدۇ؟» دېدى. مەن: «چىراغ ئىچىدە ياندۇرغۇدەك يېغىمىز بولغان بولسا، بۇ چاغقىچە يەۋەتكەن بولاتتۇق» دېدىم. (ئىبنى سائاد، «تەباقاتۇل كۇبرا»،1-جىلد، 405-بەت)

پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام خەيرى-ساخاۋەت قىلىشنى ياخشى كۆرەتتى. ھەزرىتى بىلالغا:

«ئەي بىلال! خەيرى-ساخاۋەت قىل! ساخاۋەت قىلغاندا ئەرشنىڭ ئىگىسى مېنىڭ مېلىمنى ئازايتىپ قويامدىكىن دەپ قىلچىلىك ئەندىشە قىلما!...» (ئەل-لۇما، 134-بەت؛ ئەبۇ داۋۇد،«ئىمارە»،35-بەت) دېگەن ئىدى.

پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام پۇل-مال يىغىشقا قىلچە قىزىقمايتتى. چۈنكى «قۇل پەيغەمبەر» بولۇشنى تاللىغان ئىدى. بۇ ھەقتە مۇنداق دەيدۇ: «ماڭا قۇل پەيغەمبەر بولۇش ياكى پەرىشتە پەيغەمبەر بولۇشتىن ئىبارەت ئىككىدىن بىرىنى تاللاش ئىختىيارلىقى بېرىلدى. جىبرىئىل كەمتەر بولىشىم توغرىلىق ماڭا ئىشارەت قىلدى. مەن قۇل پەيغەمبەر بولۇشنى تاللىدىم ۋە: ‹بىر كۈن توق، بىر كۈن ئاچ قالاي.› دېدىم.» (ھەيسەمى، «مەجمائۇز-زەۋائىد»،9-جىلد، 192-بەت)

بىر كۈنى پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام قىزى پاتىمە رەزىيەللاھۇ ئەنھا ئۆيىنى زىننەتلىگەن چاغدا ئۇنىڭ ئۆيىگە كىرمىگەن ئىدى ۋە:

- بۇنداق ياسىداق ئۆيگە كىرىش بىزگە ياراشمايدۇ. - دېدى. («ئەسرى سائادەت»، 2-جىلد، 90-بەت)

پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام بۇ خىل قۇللىقى بىلەن پەقەتلا ماختانمايتتى. ئاللاھنىڭ ئۆزىگە بەرگەن نېمەتلىرىنى سانايتتى، **«ماختىنىشقا بولمايدۇ!»** دەپ ئىنتايىن كەمتەر ھالەتتە ياشايتتى.

پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام ۋە ئۇنىڭ ئائىلىسىدىكىلەر ياشىغان زۇھد ھاياتىنى كۆرستىدىغان تۆۋەندىكى ۋەقەگە قارايلى:

ئەلى رەزىيەللاھۇ ئەنھۇ مۇنداق دەيدۇ:

«بىر كۈنى كەچلىك تاماق يېمەيلا يېتىپ قالغان ئىدۇق. ئەتىسى ئەتىگەن تاڭ ئېتىش بىلەنلا سىرتقا چىقتىم. بىر ئازدىن كېيىن پاتىمە رەزىيەللاھۇ ئەنھانىڭ يېنىغا قايتىپ كەلگەن چېغىمدا ئۇنىڭ غەمكىن ھالەتتە تۇرغانلىقىنى كۆردۈم.

- نېمە ئىش بولدى؟ - دەپ سورىدىم. ئۇ:

- تۈنۈگۈن كەچ بىر نەرسە يېمىدۇق. بۈگۈن ئەتىگەن ناشتا قىلمىدۇق. كەچكىچە يېگۈدەك بىرەر نەرسىمۇ يوق. ـ دېدى.

سىرتقا چىقىپ بىر ئىش تاپتىم. ئىشلەپ بىر ئاز يېمەكلىك ۋە گۆش ئالالىغۇدەك پۇل تاپتىم. بۇلارنى پاتىمەگە ئېلىپ كەلدىم. ئۇ نان ياقتى ۋە ئاش ئەتتى. قازان قايناشقا باشلىغاندا:

- دادامنى ئاشقا چاقىرغان بولساق، - دېدى.

رەسۇلۇللاھ سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەمنىڭ يېنىغا باردىم. ئۇ مەسجىدتە ياتاتتى ۋە: «ئاچلىق بىلەن دوست بولۇشتىن ئاللاھقا سېغىنىپ پاناھ تىلەيمەن.» دەۋاتاتتى.

- ئاتا-ئانام ساڭا پىدا بولسۇن، ئەي رەسۇلۇللاھ! بىز ئاش ئەتكەن ئىدۇق. ساڭا گېلىمىز سىقىلدى. بىزنىڭ ئۆيگە بارايلى. ـ دېدىم.

ئۆيگە كەلگۈچە بولغان ئارىلىقتا ماڭا يۆلىنىپ ماڭدى. ئۆيگە كەلگىنىمىزدە قازان تېخىچە قايناۋاتاتتى. پاتىمەگە:

- ئائىشەگە بىر قاچا ئاش بەر! ـ دېدى. پاتىمە بىر قاچىغا ئاش ئۇستى. پەيغەمبىرىمىز:

- ھەفسەگىمۇ بىر قاچا ئاش بەر! ـ دېدى. پاتىمە ھەفسە ئۈچۈنمۇ بىر قاچا ئاش ئۇستى. شۇنداق قىلىپ پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامنىڭ بارلىق ئاياللىرىغا ئاش ئەۋەتىلدى. ئاندىن پەيغەمبىرىمىز:

- داداڭ ۋە يولدىشىڭ ئۈچۈنمۇ ئاش ئۇسقىن. ـ دېدى. پاتىمە بىزنىڭ قاچىلىرىمىزغا ئاش ئۇستى. پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام:

- ئۆزەڭگىمۇ بىر قاچا ئاش ئۇسقىن ۋە يېگىن. ـ دېدى. پاتىمە رەزىيەللاھۇ ئەنھا ئۆزىنىڭ قاچىسىغا ئاش ئۇسۇپ بولۇپ قازاننىڭ تۈۋىقىنى ياپتى. ئېشىمىز بارغانسىرى بەرىكەتلىك بولۇپ كۆپىيىۋاتاتتى. ئۇنىڭدىن ئاللاھ خالىغان ۋاقىتقىچە ئۇزۇن ۋاقىت يېدۇق. (ئىبنى سائاد، 1-جىلد. 186-187)

ئائىشە رەزىيەللاھۇ ئەنھا مۇنداق دەيدۇ:

«رەسۇلۇللاھ سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم ناشتىدىن ئاشقان يېمەكلىكنى ئاخشام ئۈچۈن، ئاخشام ئاشقان يېمەكلىكنى ئەتىسى ئەتىگەن ئۈچۈن ساقلىمايتتى. ئۇخشاش كىيىمدىن ئىككى قۇر كىيىمى يوق ئىدى. پەقەت بىر قۇر كىيىمى بار ئىدى. ئۆيدە ھېچ بىكار تۇرمايتتى. بىر يوقسۇلنىڭ ئايىغىنى يامايتتى ياكى بىر تۇل خوتۇننىڭ كىيىمىنى تىكەتتى. (ئىبنۇل جەۋزى: «سىفاتۇس-سافۋە»، 1-جىلد، 200)

## رەھمەت پەيغەمبىرىنىڭ كەمتەرلىكى

تەكەببۇرلۇقنىڭ مەنبەسى ماختىنىش ۋە تەقدىرلىنىشتۇر. بۇ ئىنسانلارنىڭ ئەھۋالىنى يوغىناتقان پەرقلەردىن بىرىدۇر. پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام گەرچە ئىنسانلار ئىچىدىكى ئەڭ شەرەپلىك ئىنسان بولۇپ، ئاللاھنىڭ ماختىشىغا ئېرىشكەن بولسىمۇ، ئەمما ساھابىلىرىگە: «مېنى ئاللاھنىڭ قۇلى ۋە رەسۇلى» دەڭلار دەپ ئۆگەتكەن ئىدى. (بۇخارى، مۇسلىم رىۋايىتى)

ئۇ ئۈممىتىنىڭ ئۆتمۈشتىكى قەۋملەردەك ئېزىپ كېتىشىنىڭ ئالدىنى ئېلىش ئۈچۈن كەلىمە شاھادەت سۆزىگە **«ئەبدۇھۇ»** (ئاللاھنىڭ بەندىسى) دېگەن سۆزنى قوشۇشتا چىڭ تۇردى. ئۇ:

«سىلەر مېنى تېگىشلىك دەرىجەمنىڭ ئۈستىگە چىقىرىۋەتمەڭلار، چۈنكى ئاللاھتائالا مېنى ئەلچى قىلىشتىن ئىلگىرى قۇل قىلغان ئىدى.» دېدى. (ھەيسەمى، 9-جىلد، 21)

**كرىشنا** بىلەن **بۇددا**نى قىلچە ئىككىلەنمەي «خۇدا»، ئىسا ئەلەيھىسسالامنى «تەڭرىنىڭ ئوغلى» دەپ ئاتىۋالغانلار؛ خىجىل بولماستىن پىرئەۋن بىلەن نەمرۇدنى ئىلاھ قىلىۋالغانلار؛ ھايۋانلارغا، ئوت، سۇ، ھاۋا كەبى تەبىئەت جىسىملىرىغا چوقۇنىدىغان بىچارىلەر پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامدەك بىر پەۋقۇلئاددە ئادەمنى خوشاللىق بىلەن «ئىلاھ» دېيىشى مۇمكىن.

ئەمما ئۇ ئۆزىنى مۇنداق تونۇشتۇردى:

**«مەن سىلەرگە ئوخشاش بىر ئادەممەن. ماڭا پەقەت ۋەھيى نازىل بولدى. سىلەرنىڭ ئىبادەت قىلىشىڭلارغا پەقەت ئاللاھلا لايىقتۇر.»** (كەھف سۈرىسى 110-ئايەت)

پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام ھەمىشە ئۆزىنىڭ باشقىلاردىن ئۈستۈن ئەمەسلىكىنى بىلدۈرۈپ تۇراتتى. بۇ ھەقتە: «ھېچكىم پەقەت ئەمەل ۋە ئىبادىتىگە تايىنىپلا جەننەتكە كىرەلمەيدۇ. مەنمۇ بۇنىڭدىن مۇستەسنا ئەمەس.» دېگەندە ھەيران بولۇپ: «ئەي رەسۇلۇللاھ !سەنمۇ شۇنداقمۇ؟» دەپ سورىغانلارغا:

-ھەئە، مەنمۇ شۇنداق! ئەگەر رەببىمنىڭ ئىلاھىي لۇتفى ماڭا ياردەم قىلمىسا، ئاللاھ مېنى مەغپىرەت قىلمىسا، مەنمۇ جەننەتكە كىرەلمەيمەن! قىلغان ئەمەلىم مېنى قوتقۇزالمايدۇ! ... - دەپ جاۋاب بەرگەن. (بۇخارى، «رىقاق»، 18-بەت؛ مۇسلىم، «مۇنافىقۇن»، 71-72-بەتلەر)

بۇ تەبلىغ ھەقىقەتەن كىشىلەرگە ئىبرەت بولالايدۇ.

قىيىنچىلىقى بارلارنىڭ ئىشىنى قىلىش ئۈچۈن ئۇزۇن يول يۈرۈشتىن، ھېرىپ-چارچاشتىن قورقمايتتى، خۇشاللىق بىلەن ئۇلارنىڭ ئىشىنى قىلىشىپ بېرەتتى.»

ئەنەس رەزىيەللاھۇ ئەنھۇ مۇنداق دەيدۇ:

«رەسۇلۇللاھ سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم كۆپ زىكىر، ئاز چاقچاق قىلاتتى. ئېشەككە مىنەتتى، قوپال يۇڭ كىيىم كىيەتتى، قۇللار ئۆيلىرىگە چاقىرسا باراتتى، كېسەللەرنى يوقلايتتى، جىنازا نامىزىغا باراتتى. خەيبەر فەتھى قىلىنغان كۈنى ئۇنىڭ ئېشىكىنىڭ چۇلۋۇرىدىن تۇتۇپ مېڭىۋاتقان تۇرقىنى بىر كۆرگەن بولساڭ كاشكى! ئاللاھ ئۇنىڭغا غەلىبىلەر ئاتا قىلغانسىرى ئۇنىڭ كەمتەرلىكى ۋە شۈكرى تېخىمۇ ئېشىۋاتاتتى.»

رەسۇلۇللاھ سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم خەلقنىڭ ئارىسىدا ئولتۇراتتى. پەيغەمبىرىمىزنى تونۇمايدىغان بىرەر كىشى كەلسە، ئولتۇرغانلار ئىچىدە پەيغەمبىرىمىزنىڭ قايسىسى ئىكەنلىكىنى سوراپ تۇرۇپ بىلەلمەيتتى. (نەسائى: «ئىمان»، 6)

بەزى چاغلاردا ھەزرىتى ئائىشە ئانىمىزدىن پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامنىڭ ئۆيدە نېمە ئىش قىلىدىغانلىقى سورالغاندا ئۇ مۇنداق دەپ جاۋاب بەرگەن ئىدى:

«رەسۇلۇللاھ ئۆيدە ئۆي ئىشلىرى بىلەن مەشغۇل ئىدى. ئەزاننى ئاڭلىغان ھامان نامازغا چىقاتتى.» (بۇخارى: «نافاقات»، 8)

«رەسۇلۇللاھ سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم بىر ئىنسان ئىدى. ئۆز كىيىمىنى ئۆزى تىكەتتى، يامايتتى. قويىنى ساغاتتى. ئۆزىنىڭ ئىشىنى ئۆزى قىلاتتى.» (ئەخمەد، 6-جىلد، 256)

✵

پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام سەمىمى ۋە خۇشخۇي مۇئامىلىسى، كەمتەرلىكى بىلەن ئىنسانغا خاس ئالىجاناپ خىسلەتنىڭ ئەڭ گۈزەل ئۈرنىكىنى نامايەن قىلغان ئىدى. ئۇنىڭ بۇ خىل مۇئامىلىسى سۈنئىي ياكى ئادەتتىكىچە بولماستىن، بەلكى ئۇلۇغ روھىنىڭ چوڭقۇر قاتلاملىرىدا ساقلانغان، تەسەۋۋۇر قىلىش قىيىن بولغان ئالاھىدىلىكى ياكى سۈپىتى بولۇپ كۆزگە چېلىقاتتى.

ئادىيي ئىبنى ھاتىم مۇنداق دەيدۇ:

«تېخى مۇسۇلمان بولمىغان چېغىمدا پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامنى كۆرگىلى باردىم. مېنى ئۆيىگە تەكلىپ قىلدى. يولدا قېرى ۋە ئاجىز بىر موماي ئۇچراپ ئۇنىڭغا گەپ قىلدى. پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام مومايىنىڭ گېپى تۈگىگىچە ئۇزۇن ساقلاپ تۇردى. مەن ئۆز-ئۆزەمگە: تووۋا خۇدايىم! بۇ پەرىشتە ئەمەس.» دېدىم. كېيىن ئۇنىڭ ئۆيىگە باردۇق. ئىچى غازاڭ بىلەن توشقۇزۇلغان بىر تېرە ياستۇق ئېلىپ ماڭا بەردى ۋە:

-مەرھەمەت! بۇنىڭ ئۈستىدە ئولتۇرغىن. - دېدى. مەن:

ياق! سىز ئولتۇرۇڭ. - دېدىم. ئۇ:

- ياق! سەن ئولتۇر. - دېدى. شۇنىڭ بىلەن ئۇنىڭ گېپىنى يىرماسلىق ئۈچۈن ياستۇق ئۈستىدە ئولتۇردۇم. ئۆزى يەردە ئولتۇردى. مەن ئۆز-ئۆزەمگە: «تووۋا خۇدايىم! بۇ بىر پادىشاھنىڭ قىلىدىغان ئىشى ئەمەس.» دېدىم. كېيىن پاراڭلىششقا باشلىدۇق. پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام ماڭا مېنىڭ رەكۇسى مەزھىپى (سابىئىي دىنى ۋە خرىستىئان دىنىنىڭ بىرلىششىدىن قۇرۇلغان بىر دىنى مەزھەب) مۇرىدى ئىكەنلىكىمنى، يىغىلغان زاكاتلارنىڭ تۆتتىن بىرىنى ئالغانلىقىمنى، بۇنىڭ مېنىڭ مەزھىبىمگە ئاساسەن ھارام ئىكەنلىكىنى ئېيتتۇبىدى، ھەيران بولدۇم. شۇ چاغدىلا

ئۇنىڭ پەيغەمبەر ئىكەنلىكىنى چۈشەندىم. چۈنكى ھەممە كىشىنىڭ مەجھۇلىنى بىلەتتى.»

بۇ خىل ۋەقەلەرنىڭ ھەممىسى پەيغەمبەر سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەمنىڭ ئۇلۇغ تەبىئىتىنى ئوچۇق-ئاشكارا ئوتتۇرىغا قويماقتا.

ئەمىر ئىبنى رەبىئا رەزىيەللاھۇ ئەنھۇ مۇنداق دەيدۇ:

«بىر كۈنى پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام بىلەن بىرلىكتە مەسجىدگە كېتىۋاتاتتىم. يولدا ئۇنىڭ ئايىغىنىڭ بوغۇچى ئۈزۈلۈپ كەتتى. مەن چىگىپ قوياي دەپ ئېڭىشكەن ئىدىم، پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام ماڭا بەرمىدى ۋە:

- بۇ ئۆزىنى باشقىلاردىن چوڭ تۇتقانلىق بولۇپ قالىدۇ. مەن ئۆزەمنى باشقىلاردىن چوڭ تۇتۇشنى خالىمايمەن. - دېدى.»

ئىنسانلارنى ھىدايەت يولىغا مېڭىشقا چاقىرغان، ئۇلارغا چەكسىز بەخت-سائادەت ئوپئوچۇق كۆرسەتكەن پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام دۇنيادا قىلغان خىزمەتلىرىگە چۈشلۇق قىلچىلىك نەپ ئېلىشنى خىيالىغا كەلتۈرۈپمۇ قويمايتتى.

## رەھمەت پەيغەمبىرىنىڭ نازاكىتى، شەپقەتلىكلىگى ۋە باشقىلارغا كۆيۈنۈشى

نورغۇن ساھابىنىڭ رىۋايىتىگە قارىغاندا، پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام ئىنسانلار ئىچىدە خۇلقى ئەڭ گۈزەل ۋە مۇئامىلىسى ئەڭ سىلىق-سىپايە بىر ئىنسان ئىدى. ھەمىشە تەبەسسۇم بىلەن يۈرەتتى. يۈزىدە ئەقىل-پاراسەت ۋە نۇر پارلايتتى.

پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام كۆڭلى نازۇك ۋە ئەستايىدىل بىر كىشى ئىدى. بىر كۈنى يەرگە تۈكۈرگەن بىر ئادەمنى كۆردى-دە، مۇبارەك يۈزى قىزىرىپ تۇرۇپ قالدى. ساھابىلەر يۈگرەپ بېرىپ تۈكۈرۈكنى كۆمۈۋەتتى. ئاندىن كېيىن پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام يولىنى داۋاملاشتۇردى.

پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام كىيىم-كېچەكلەرنىڭ پاكىزلىقىغا ئىنتايىن ئەھمىيەت بېرەتتى. پاكىز كىيىمنىڭ مۇسۇلمانىنىڭ ئاللاھ نەزىرىدىكى يۈكسەك ئىززىتىنى ئىشارەت قىلىدىغانلىقىنى، ئاق رەڭلىك كىيىمنىڭ ئەۋزەللىكىنى ۋە مېيىتنى ئاق رەخت بىلەن كېپەنلەش كېرەكلىكىنى، بۇنىڭ تېخىمۇ پاكىز، گۈزەل ۋە ياخشى بولىدىغانلىقىنى ئېيتقان ئىدى. كىيىم-كېچەكلەرنى رەتلىك كىيىشكە بۇيرىغان ئىدى. كىيىم-كېچەكلەرنىڭ رەتسىز، قالايمىقان بولىشىنى ياخشى كۆرمەيدىغان پەيغەمبەر

ئەلەيھىسسالام چاچ-ساقاللارنىڭ پاكىز، رەتلىك، تارالغان بولۇشىنى تەلەپ قىلاتتى.
بىر قېتىم، پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام مەسجىدتە تۇرغاندا چاچ-ساقاللىرى ئۆسۈپ بىر-بىرىگە كىرىشىپ كەتكەن بىر ئادەم كىرىپ كەلدى. پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام قولى بىلەن ئۇنىڭغا چاچ-ساقىلىنى تۈزەشكە ئىشارەت قىلدى. ئادەم دېگىنىنى قىلىۋېدى، پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام:

- بۇ تۇرقۇڭ ھەرقانداق بىر كىشىنىڭ شەيتاندەك چاچ-ساقىلىنى قالايمىقان قويىۋېتىپ، رەتسىز يۈرگىنىدىن چىرايلىق ئەمەسمۇ؟! - دېدى. (ئەلىييۇل-قارى، «مىركات»، 8-جىلد، 261-بەت)

يەنە بىر كۈنى پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام چاچلىرى ئۆسۈپ پاخپاقلىشىپ كەتكەن بىر ئادەمنى كۆردى ۋە ھەيران بولۇپ: «بۇ كىشى نېمىشقا چېچىنى يۇيۇپ تارىمايدۇ؟» دەپ سورىدى.

ئۆمەر رەزىيەللاھۇ ئەنھۇ مۇنداق دەيدۇ:

«بىر بەدەۋى پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامغا سەۋەپسىز ئۈچ قېتىم توۋلىغان ئىدى. پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام ھەر قېتىم: «مەرھەمەت! قېنى كېلىڭ!» دەپ قوپال ئاۋازغا يېقىملىق ئاۋازدا جاۋاب بەردى.»

يەنە بىر قېتىم، كىيىم-كېچەكلىرى كىر ۋە رەتسىز كەلگەن بىر ئادەمدىن:

-پۇل-مېلىڭ بارمۇ؟ ھال-كۈنۈڭ قانداقراق؟ - دەپ سورىدى. ئادەم ئەھۋالىنىڭ ياخشى ئىكەنلىكىنى ئېيتقاندىن كېيىن ئۇنىڭغا:

- ئاللاھ بەندىسىگە بەرگەن نېمەتنىڭ بەندىسىدە نامايەن بولۇشىنى خالايدۇ.- دېدى. (ئەخمەد ئىبنى ھەنبەل، 4-جىلد، 182-بەت)

بۇ ۋەقەلەرنىڭ ھەممىسى ئىسلامدا قەلب پاكىزلىقى بىلەن تاشقى گۈزەللىكنىڭ ئۆزئارا بىر-بىرىنى تولۇقلاپ، ماسلىشىپ كەلگەنلىكىنى چۈشەندۈرۈپ بېرىدۇ.

لېكىن ئاللاھ بىزگە بەرگەن نېمەتلەرنى ئۆزىمىز ئۈچۈن ئىشلەتكەندە مۇۋاپىق ئىشلىتىشىمىز كېرەك. يەنى پىخسىقلىق قىلماسلىق بىلەن بىرلىكتە ئىسراپمۇ قىلماسلىق كېرەك. چۈنكى ئايەتتە:

**«ئىسراپ قىلغۇچىلار ھەقىقەتەن شەيتانلارنىڭ قېرىنداشلىرىدۇر.»**
(ئىسرا سۈرىسى 27-ئايەت) دېيىلگەن.

مۇسۇلمان كىشى يېڭى كىيىم كېيگەندە مەغرۇرلۇق ۋە كۆز-كۆز قىلىشتىن ساقلىنىش ئۈچۈن نېمەتنىڭ ئاللاھتىن كەلگەنلىكىنىڭ ئىدراكى ئىچىدە پەيغەمبەر ئەلەيھسسالامنىڭ ئۆگەتكەن دۇئاسى كەبى دۇئا قىلىشى كېرەك. رەسۇلۇللاھ سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم يېڭى كىيىم كىيگەن چاغدا:

اَللَهُمَّ لَكَ الْحَمْدُ اَنْتَ كَسَوْتَنِيهِ اَسأَلُكَ مِنْ خَيْرِهِ وَ خَيْرِ مَا صُنِعَ لَهُ
وَ اَعُوذُ بِكَ مِنْ شَرِّهِ وَ شَرِّ مَا صُنِعَ لَهُ

«ھېچقانداق كۈچ-قۇۋۋىتىم بولمىسىمۇ بۇنى ماڭا كېيدۈرگەن ئاللاھقا ھەمدۇ-سانا ئېيتىمەن. ئاللاھىم! سەندىن بۇ كىيىمنىڭ ۋە ئۇ قوللىنىلغان ياخشى ئىشنىڭ بەرىكىتىنى تىلەيمەن. بۇ كىيىمنىڭ ۋە ئۇ قوللىنىلغان ناچار ئىشنىڭ شەررىدىن ساڭا سېغىنىپ پاناھ تىلەيمەن...(ئەبۇداۋۇد، «لىباس»، 1؛ تىرمىزى، «لىباس»، 29) دەپ دۇئا قىلىش ئارقىلىق ھەممە نەرسىنىڭ ئاللاھ رازىلىقى ئۈچۈن ئىشلىتىلىشىنى ئارزۇ قىلغان ئىدى.

كىشىلەر ئالدىدا كۆرەڭلەش، مەغرۇرلىنىش ۋە كۆز-كۆز قىلىش مەقسىتىدە كىيىم كېيگەنلەرنىڭ قىيامەت كۈنى شەرمەندە بولۇپ، رەزىللىك كىيىمى كىيدۈرۈلىدىغانلىقىنى ئېيتىپ، ئۈممىتىنى جەھەننەم ئوتىغا قارشى ئاگاھلاندۇرغان ئىدى.

يەنە پەيغەمبەر ئەلەيھسسالام ئۆرپ-ئادەتلەردىكى قوپال ۋە سەت گەپلەرنى توسقان ۋە:

«قىيامەت كۈنى مۆمىن بەندىنىڭ تارازىسىدا گۈزەل ئەخلاقتىنمۇ بەكرەك ئېغىر كېلىدىغان ھېچقانداق نەرسە يوق. ئاللاھتائالا ناچار قېلىقلار ۋە سەت گەپ قىلغانلارغا نەپرەت قىلىدۇ.» دېگەن ئىدى. (تىرمىزى، «بىرر»، 61)

پەيغەمبەر ئەلەيھسسالام بىلالى ھەبەشىگە «قارا ئايالنىڭ ئوغلى» دېگەن ئەبۇزەر غىفارىغا:

- ئەي ئەبۇزەر! ئەسلىدە سەن جاھىلىيەت دەۋرىدىكى ئادەتلەرنى ساقلاپ قالغان بىر ئادەم ئىكەنسەن. - دېدى. (بۇخارى، «ئىمان»، 22) پەيغەمبىرىمىزنىڭ بۇ تەنقىدىنى ئاڭلىغان ئەبۇزەر رەزىيەللاھۇ ئەنھۇ بېشىنى يەرگە قويۇپ:

-ئەي بىلال! سەن بىشىمنىڭ ئۈستىگە دەسسەپ ماڭمىغۇچە بىشىمنى يەردىن ئالمايمەن!...- دەپ يالۋۇرۇپ، ئەدەبسىز گېپى ئۈچۈن كەچۈرۈم سورىدى.

پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام نازاكەتلىك بولغانلىقى ئۈچۈن مېھمانلىرىغا شەخسەن ئۆزى تاماق توشۇپ خىزمەت قىلاتتى.

بالىلىق چاغلىرىدىمۇ بىر كىمنىڭ كۆڭلىنى ئاغرىتىدىغان چاخچاق ياكى گەپ-سۆز قىلىپ باقمىغان ئىدى. پېقىرلارغا، ئىگە-چاقىسىز يېتىم-يوقسۇللارغا ۋە تۇل ئاياللارغا شەپقەت ۋە ياردەم قولىنى ئۇزىتىپ تونۇلغان ئىدى. (بۇخارى: «نافاقات»، 1؛ مۇسلىم: «زۇھد» 41-42))

ئەنەس رەزىيەللاھۇ ئەنھۇ مۇنداق دەيدۇ:

«پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامغا ئون يىل خىزمەت قىلدىم. قىلغان ئىشلىرىمدىن ئەيىپ تېپىپ بىرەر قېتىم بولسىمۇ «بۇ ئىشنى نېمىشقا بۇنداق قىلغانسەن؟!» دېگەن سۆزنى دەپ باقمىدى. (ئەبۇداۋۇد، «ئەدەب»،1 )

✵

پەيغەمبەر سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەمنىڭ مېھرى-شەپقىتى پۈتكۈل مەخلۇقاتلارغا قارىتىلغان ئىدى. كىچىك بالىلارنى كۆرگەندە يۈزىدە كۈلكە ۋە سۆيگۈ ئىپادىسى جىلۋە قىلاتتى. ساھابىلەرنىڭ بالىلىرىنى قۇچىقىغا ئېلىپ ئولتۇرغۇزۇپ، مېھرىبانلىق بىلەن سۆيەتتى. بالىلار بىلەن ئۇچراشقاندا سالام قىلاتتى. بالىلارنى بەك ياخشى كۆرەتتى ئۇلارغا پات-پات چاقچاق قىلىپ قوياتتى. ھەتتا بىر قېتىم يۈگرەشتە مۇسابىقىلىشىپ ئويناۋاتقان بالىلارنى كۆرۈپ، ئۇلارنىڭ ئارىسىغا كىرىپ بىللە يۈگۈرگەن ئىدى.

«رەھمەتەن لىل-ئالەمىين» (ئالەملەرگە رەھمەت قىلىپ ئەۋەتىلگەن) پەيغەمبىرىمىز تۆگىسىگە مىنىپ مېڭىۋاتقاندا بالىلار ئۇچراپ قالسا، ئۇلارنىڭ كۆڭلىنى خوش قىلىش ئۈچۈن تۆگىسىگە مىندۈرەتتى، قىزغىن مۇئامىلە قىلاتتى. ئۇنىڭ بۇ خۇسۇسىيىتى توغرىسىدا ئەنەس رەزىيەللاھۇ ئەنھۇ:

«ئائىلىسى ۋە بالىلىرىغا پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامدىنمۇ بەكرەك كۆيۈنىدىغان باشقا كىشى كۆرمىدىم.» دېگەن ئىدى.

ھەزرىتى ئائىشە رەزىيەللاھۇ ئەنھانىڭ رىۋايىتىگە قارىغاندا، بىر قېتىم پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام نەۋرىسىنى سۆيۈپ ئولتۇرغاندا بىر بەدەۋى ئۇنى كۆرگىلى كەلگەن. بەدەۋى پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامنىڭ كىچىك بالىلارنى سۆيۈۋاتقانلىقىنى كۆرۈپ تەئەججۈبلىنىپ:

- ئى رەسۇلۇللاھ! سىز بالىلىرىڭىزنى بۇنچىۋىلا سۆيەمسىز؟ بىز بالىلىرىمىزنى قوچىقىمىزغا ئالمايمىز، سۆيمەيمىز. - دېگەندە پەيغەمبىرىمىز:

- ئاللاھ سېنىڭ كۆڭلۈڭدىن مېھرى-شەپقەتنى چىقىرىۋەتكەن بولسا، مەن نېمىمۇ قىلالايتتىم؟! - دېگەن. (بۇخارى، «ئەدەب»، 22)

بۇ ئىپادىلەردە بالىلارغا نىسبەتەن ئىسلامدىكى مېھرى-مۇھەببەت نېمىدېگەن گۈزەل ئوتتۇرىغا قويۇلغان-ھە!

پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامنىڭ بىر تىزىنىڭ ئۈستىدە ئۇسامە ئىبنى زەيدنى، يەنە بىر تىزىنىڭ ئۈستىدە نەۋرىسى ھەسەن رەزىيەللاھۇ ئەنھۇنى ئولتۇرغۇزۇپ، ئۇلارنى باغرىغا باسقاندىن كېيىن:

«ئاللاھىم! بۇلارغا رەھمەت ۋە سائادەت ئېھسان قىل! چۈنكى مەن بۇلارغا ياخشىلىق ۋە سائادەت تىلەيمەن...» (بۇخارى، «ئەدەب»، 18-بەت؛ مۇسلىم، «ئەدەب»، 64-بەت) دەپ دۇئا قىلىشى ۋە بالىلارغا بەددۇئا قىلىشنى مەنئى قىلىشى ئۇنىڭ كۆڭلىدىكى چوڭقۇر سۆيگۈ-مۇھەببەت ۋە مېھرى-شەپقەتنىڭ بىر ئىنكاسىدۇر.

پەيغەمبىرىمىز بالىسى يىغلاپ قالغان ئانىنىڭ قىيىن ئەھۋالدا قالماسلىقى ۋە بالىسىنىڭ يېنىغا تېزرەك بېرىشى ئۈچۈن نامازدا قىرائەتنى قىسقا ئوقىغان. كېچە-كېچىلەپ ئۈممىتى ئۈچۈن كۆزلىرىدىن ياشلار تۆكۈپ دۇئا قىلغان. پۈتۈن ئۆمرىنى ئىنسانلارنىڭ جەھەننەمدىن قۇتۇلۇشى ئۈچۈن پىدا قىلغان. بۇلار ئۇنىڭ مېھرى-شەپقىتىنىڭ نامايەندىسىدۇر.

پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامنىڭ مەرھەمىتى ۋاپات بولغانلارغىمۇ تەۋە ئىدى. ۋاپات بولغۇچىنىڭ ئەڭ چوڭ غېمى تۆلىيەلمەي كەتكەن قەرزىدۇر. پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام مېيىت نامىزى ئوقۇش ئالدىدا مېيىتنىڭ قەرزى بار-يوقلۇقىنى سوراپتتى قەرزى تۆلىنىپ بولغۇچە مېيىت نامىزى ئوقۇشنى كېچىكتۈرەتتى. (بۇخارى: «فەرائىز»، 4، 15، 25؛ مۇسلىم: «فەرائىز»، 14؛ تىرمىزى: «جەنائىز»، 69\1069؛ نەسائى: «جەنائىز»، 67)

ۋاپات بولغۇچىلارنىڭ گەدىنىدە قەرزى بار ھالەتتە قەبرىگە كىرىپ كېتىشىدىن پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام قاتتىق ئەندىشە قىلاتتى. چۈنكى ئۇ مېھرى-شەپقەت ۋە رەھمەت پەيغەمبىرى ئىدى.

## رەھمەت پەيغەمبىرىنىڭ ئەپۇچانلىقى

ئاللاھتائالا ئەپۇ قىلىشنى ياخشى كۆرىدۇ. بەندە قىلغان خاتالىقلىرىغا قاتتىق پۇشايمان قىلىپ تەۋبە قىلسا، ئاللاھ ئۇنىڭ تەۋبىسىنى قوبۇل قىلىشقا كېپىل. قۇرئانى-كەرىمدىمۇ ئۆزى ئىنتايىن ئەپۇچان بولغانلىقى ئۈچۈن، بەندىلىرىنىڭ ئەپۇچان بولۇشىنى تەلەب قىلغان.

ئەپۇغا ئېرىشىشنىڭ شەرتى پۇشايمانلىق، ئاللاھنىڭ ئەمرلىرىگە ئىتائەت ۋە ھارام ئىشلاردىن يىراق تۇرۇشتۇر. ئەپۇچانلىقنىڭ ئەڭ گۈزەل ئۆرنەكلىرى پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامنىڭ ھاياتىدا بار.

ھۇدەيبىيەدە پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامنى قەستلەپ ئۆلتۈرۈش ئۈچۈن بىر قوشۇن كەلگەن ۋە ھەممىسى قولغا چۈشكەن ئىدى. پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام بۇلارنىمۇ ئەپۇ قىلىۋەتتى. (مۇسلىم: «جىھاد»، 132-133)

پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامغا مۇناپىق لەبىد سېھىر قىلىپ، كېسەل بولۇشىغا، ئازاب چېكىشىگە سەۋەبچى بولغان ئىدى. لەبىد ۋە بۇنى قىلىشقا قۇتراتقۇچىلاردىن پەيغەمبىرىمىز ۋەھيى ئارقىلىق خەۋەردار بولدى. لېكىن پەيغەمبىرىمىز بۇنى لەبىدنىڭ يۈزىگە سالمىدى، سۈرۈشتە قىلىپ ئەيىپلەپمۇ يۈرمىدى. پەيغەمبەرنىڭ جېنىغا قەست قىلغان لەبىد ۋە ئۇ مەنسۇپ بولغان بەنى زۇرايق قەبىلىسىدىن ھېچكىمنى جازالىمىدى.[13]

ھەزرىتى ئائىشە ئانىمىز:

- ئەي رەسۇلۇللاھ! سېھىر قىلغۇچى كىشىنى خەلقى ئالەمگە كۆرسىتىپ، رەسۋالىقنى ئاشكارا قىلساڭ بولمامدۇ؟ - دېگەندە، پەيغەمبىرىمىز مۇنداق دېدى:

- ئاللاھتائالا ماڭا شىپا بەردى. مەن ئىنسانلارنىڭ ئارىسىدا يامانلىقنىڭ تارقىلىشىنى، ئۇلارغا ئەسكىلىك قىلىشنى خالىمايمەن. (بۇخارى: «ئەدەب»، 56)

---

13. بۇخارى: «تىببى»، 47-49؛ مۇسلىم: «سالام»، 43؛ نەسائى: «تەھرىم»، 20.

پەيغەمبىرىمىز ئۆزىگە يامانلىق قىلغان كىشىنى جازالاشقا كۈچى يەتكەن تۇرۇغلۇق، ئەپۇ قىلدى. ھەتتا بىرەر ئىما-ئىشارەت بىلەن بولسىمۇ جىنايەتنى يۈزىگە سالمىدى. چۈنكى رەسۇلۇللاھ سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم مۇسۇلمان ياكى كاپىر بولسۇن، پۈتكۈل ئىنسانلارنىڭ يامان بولىشىنى خالىمايتتى. ھەممە كىشىگە ئەدەپ ۋە نازاكەت بىلەن مۇئامىلە قىلاتتى.

خەيبەر فەتھى قىلىنغاندىن كېيىن بىر ئايال پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامنىڭ ئېشىغا زەھەر سالدى. پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام بىر قوشۇق يەپلا زەھەر بارلىقىنى بىلدى. يەھۇدى ئايالمۇ تاماققا زەھەر سالغانلىقىنى ئېتىراپ قىلدى. شۇنداقتىمۇ پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام ئۇ ئايالنى يەنىلا ئەپۇ قىلدى.

ھامامە ئىسىملىك بىر ئادەم مۇسۇلمان بولغاندىن كېيىن، مەككە مۇشرىكلىرى بىلەن بولغان تىجارەتنى ئۈزگەن ئىدى. مەككىلىكلەر جىددىيلىشىپ پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامغا مۇراجىئەت قىلدى. پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام ھامامەگە مەكتۇپ يېزىپ، تىجارەتنى داۋاملاشتۇرۇشنى ئېيتتى. ھالبۇكى، ئۇ مۇشرىكلار مۇسۇلمانلارنى ئۈچ يىل ئاچ قويۇپ قىينىغان ئىدى. پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام بۇنى بىلىپ تۇرۇپ ئەپۇ قىلدى.

كېيىن ھىجرەتنىڭ 7-يىلى خەيبەر فەتھە قىلىنغاندىن كېيىن قورغاقچىلىق ۋە ئاچلىق ئاپىتىگە ئۇچرىغان مەككە خەلقىگە ئالتۇن، ئارپا ۋە ھەر خىل يېمەكلىكلەرنى ئەۋەتىپ ياردەم قىلدى. ئەبۇ سوفيان:

«ئاللاھ قېرىندىشىمنىڭ ئوغلىنى ياخشىلىق بىلەن مۇكاپاتلاندۇرغاي! چۈنكى ئۇ ئۇرۇق-تۇغقانچىلىق بۇرچىنى ئوبدان ئادا قىلدى! » دېيىش بىلەن مەمنۇنىيىتىنى ئىپادىلىدى. (يەئقۇبى، 2-جىلد، 56)

مۇشۇنداق گۈزەل ئەخلاق ئالدىدا كۆڭلى يۇمشىغان مەككە خەلقى بىر مەزگىلدىن كېيىن پۈتۈنلەي مۇسۇلمان بولدى.

ئۇھود ئۇرۇشىدا تاغىسى ھەمزىنىڭ قارنىنى يېرىپ يۈرىكىنى سۇغۇرۇپ ئېلىپ، چايناپ تاشلىغان ھىندىنى مەككىنىڭ فەتھى قىلىنغان كۈنى ئىمان ئېيتقان چېغىدا ئەپۇ قىلغان ئىدى.

ھىندى بەيئەت قىلماقچى بولغان باشقا ئاياللار بىلەن بىرلىكتە پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامنىڭ ھۇزۇرىغا كەلدى. تونۇشلىرىم تونۇيالمىسۇن دەپ يۈزىنى رومال

بىلەن ئورنۇبىلىپ، كىيىملىرىنى ئالماشتۇرغان ئىدى. ئۆلتۈرۈلۈشتىن قورقاتتى. پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامدىن يىراقتا تۇراتتى. باشقا ئاياللار گەپ قىلماي جىمجىت تۇرۇۋالغاندىن كېيىن ھىندى:

- ئەي رەسۇلۇللاھ! ئاللاھقا ھەمدۇ ئېيتىمەنكى، ئۆزى خالاپ تاللىغان دىنىنى ئۈستۈن قىلدى. شۈبھىسىزكى، سېنىڭ رەھمىتىڭ ماڭىمۇ نېسىپ بولغۇسى. مەن ھازىر ئاللاھقا ئىمان ئېيتقان بىر ئايالمەن. ــ دەپ يۈزىنى ئېچىپ:

- مەن ھىندى بىنتى ئۇتبە. ئاللاھ ئۆتمۈشتىكى گۇناھلارنى ئەپۇ قىلىدۇ. سەنمۇ مېنى ئەپۇ قىلغىنكى، ئاللاھمۇ سېنى ئەپۇ قىلسۇن! ــ دېدى.

پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام تەبەسسۇم قىلدى. ھىندىنى چاقىرىپ:

- دېمەك سەن ھىندى بىنتى ئۇتبە. شۇنداقمۇ؟ - دەپ سورىدى. ھىندى:

- شۇنداق! ــ دېدى. پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام:

- مەرھابا! خوش كەپسەن! ــ دېدى. ھىندى:

- ۋەللاھى، ئەي رەسۇلۇللاھ! تۈنۈگۈن يەر يۈزىدە سەن ۋە يېقىنلىرىڭنىڭ قانچىلىك يامان كۈنگە قېلىشىڭنى ۋە ھاقارەتكە ئۇچرىشىڭنى ئارزۇ قىلاتتىم. بۈگۈن بولسا، سېنىڭ ۋە يېقىنلىرىڭنىڭ قانچىلىك ئىززەت ۋە شەرەپكە نائىل بولۇشۇڭنى ئارزۇ قىلىمەن. ــ دېدى. پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام:

- سېنىڭ بۇ ھالىتىڭ تېخىمۇ كۈچلىنىدۇ. ــ دېدى. (ۋاقىدى، 2-جىلد، 850؛ تەبەرى، 28-جىلد، 99؛ زەمەخشەرى، 6-جىلد، 107؛ دىياربەكرى، 2-جىلد، 89)

پەيغەمبەر سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم كەلىمە تەۋھىدنىڭ ھۆرمىتى ئۈچۈن ھىند ۋە نۇرغۇن كىشىلەرنى ئەپۇ قىلدى.

مەككىنىڭ فەتھى كۈنى پەيغەمبەرنىڭ نېمە قىلىدىغانلىقىغا ئەندىشە بىلەن قاراپ تۇرغان مەككە خەلقىدىن:

- ئى قۇرەيشلەر، ھازىر سىلەر مېنى نېمە قىلىدۇ دەپ ئويلاۋاتىسىلەر؟ - دەپ سورىدى. قۇرەيشلەر:

- بىز سېنىڭ ياخشىلىق قىلىشىڭنى ئۈمىد قىلىپ «ياخشىلىق قىلىسەن» دەيمىز. چۈنكى سەن مەرت ۋە ياخشى بىر قېرىندىشىمىز سەن. مەرت ۋە ياخشى بىر قېرىندىشىمىزنىڭ ئوغلىسەن!... -دېيىشتى. بۇنىڭ بىلەن پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام:

- مەنمۇ يۇسۇپ ئەلەيھىسسالام قېرىنداشلىرىغا دېگەندەك **«بۈگۈن سىلەرنى ئەيىپلىمەيمەن»** دەيمەن. كېتىڭلار! ھەممىڭلار ئازات!... -دېدى. يەنە بىر خىتابىدا:

- بۈگۈن رەھمەت كۈنىدۇر. بۈگۈن ئاللاھنىڭ قۇرەيشنى ئىسلام بىلەن كۆچلەندۈرگەن، ئۈستۈن قىلغان كۈنىدۇر. - دېدى.

مەككىلىكلەر پەيغەمبىرىمىزگە ئىسلام بىلەن بەيئەت قىلدى. كۆچىنىڭ يېتىشىچە ئاللاھ ۋە پەيغەمبەرنىڭ ئەمىر-پەرمانلىرىغا ئىتائەت قىلىش ھەققىدە ۋەدە قىلدى. بۇ ئەسنادا پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام تاغىسى ئابباسقا:

- قېرىندىشىڭ ئەبۇ لەھەبنىڭ ئىككى ئوغلى ئۇتبە بىلەن مۇئاتتىب نەدە؟ ئۇلارنى كۆرمىدىمغۇ؟ - دېدى. ئاباس رەزىيەللاھۇ ئەنھۇ:

- ھەر ھالدا قۇرەيش مۇشرىكلىرىدىن يىراققا قېچىپ كەتكەن بولۇشى مۇمكىن. – دېدى. پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام:

- ئۇلارنى تېپىپ يېنىمغا ئېلىپ كەلگىن. – دېدى.

ئاباس رەزىيەللاھۇ ئەنھۇ ئۇلىقىغا مىنىپ، ئۇلارنى ئىزدەپ ماڭدى. ئۇلارنى تاپقان چېغىدا:

- رەسۇلۇللاھ سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم سىلەرنى چاقىرىۋاتىدۇ. – دېدى. ئۇلار دەرھال ئېتىغا مىنىپ، ھەزرىتى ئاباس بىلەن بىللە رەسۇلۇللاھنىڭ ئالدىغا كەلدى.

پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام ئۇلارنى ئىسلامغا دەۋەت قىلىش بىلەنلا دەرھال مۇسۇلمان بولدى. پەيغەمبىرىمىز ئۇلارنىڭ ئىسلامغا كىرگەنلىكىدىن بەك خۇشال بولدى. ئۇلارنىڭ قولىدىن تۇتۇپ مۇلتەزەمگە[14] ئېلىپ كېلىپ، ئۇلار ئۈچۈن ئۇزۇن دۇئا قىلىپ قايتتى. پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامنىڭ يۈزىدە خۇشاللىق نۇرلىرى پارلاپ تۇراتتى.

ھەزرىتى ئاباس رەزىيەللاھۇ ئەنھۇ:

- ئەي رەسۇلۇللاھ! ئاللاھ سېنى شادىمان قىلسۇن! مۇبارەك يۈزۈڭدە خۇشاللىق ئالامىتى كۆرۈۋاتىمەن. – دېدى. پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام مۇنداق دېدى:

---

14. مۇلتەزەم: كەبىنىڭ ئىشىگى بىلەن ھەجەر ئەسۋەد ئارىسىدىكى يەر.

- شۇنداق! رەببىمدىن تاغامنىڭ ئوغۇللىرىنى مەن ئۈچۈن ئەپۇ قىلىشنى تىلىدىم. تىلىگىمنى ئىجابەت قىلدى. (ئىبنى سائاد، 4-جىلد، 60؛ سۇيۇتى: «ھەسائىسۇل-كۇبرا»، 2-جىلد، 82؛ ھالەبى: «ئىنسانۇل-ئۇيۇن»، 3-جىلد، 48)

ئەبۇ لەھەب ۋە ئۇنىڭ ئوغۇللىرى پەيغەمبىرىمىزنىڭ ئەشەددى دۈشمەنلىرىدىن بولۇپ، قىلمىغان ئەسكىلىكى قالمىغان ئىدى. لېكىن پەيغەمبىرىمىز كەلىمە تەۋھىد ھۆرمىتى ئۈچۈن ئۇلارنى ئەپۇ قىلىۋەتتى. ئەبۇ ھەلەپ ئۆلۈشتىن ئىلگىرى ئىمان ئېيتقان بولسا ئىدى، شۈبھىسىز پەيغەمبىرىمىز ئۇنىمۇ ئەپۇ قىلغان ۋە مۇسۇلمان بولغانلىقىدىن چەكسىز شادلانغان بولاتتى. لېكىن ئىلاھىي تەقدىر بىزنىڭ ئەقلىمىز ئىدراك قىلالمايدىغان بىر سىرلار ئالەمىدۇر.

ئەبۇ جەھىلنىڭ ئوغلى ئىكرىمە ئىسلامنىڭ ئەشەددىي دۈشمەنلىرىدىن بىرى ئىدى. مەككە فەتھى قىلىنغاندىن كېيىن يەمەنگە قېچىپ كەتتى. ئايالى ئۇنى مۇسۇلمان بولغان ھالەتتە پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامنىڭ ئالدىغا ئېلىپ كەلدى. پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام ئۇنى مەمنۇنىيەت بىلەن كۈتىۋېلىپ:

- خوش كەلدىڭ! ئەي قاچقۇن چەۋەنداز. - دېدى ۋە مۇسۇلمانلارغا قىلغان ئەسكىلىكىنى يۈزىگە سالماي ئەپۇ قىلدى.

ھەببار ئىبنى ئەسۋەدمۇ بىر ئىسلام دۈشمىنى ئىدى. پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامنىڭ قىزى زەينەپ رەزىيەللاھۇ ئەنھا مەككىدىن مەدىنىگە ھىجرەت قىلىۋاتقاندا، ئۇنى تۆگە ئۈستىدىن يەرگە چۈشۈرۈۋەتكەن ئىدى. ھامىلدار زەينەپ بۇ سەۋەبتىن ئېغىر يارىلانغان ۋە بالىسى چۈشۈپ كەتكەن ئىدى. ھەببار ئىبنى ئەسۋەد بۇنىڭغا ئوخشاش نۇرغۇن جىنايەتلەرنى سادىر قىلغان ئىدى. مەككىنىڭ فەتھىدىن كېيىن قېچىشنى ئويلىدى، ئەمما مەقسىدىگە يېتەلمىدى. كېيىن ئىمان ئېيتىپ پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامنىڭ ھۇزۇرىغا كەلدى. پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام ئۇنىمۇ ئەپۇ قىلدى. ساھابىلەرگە ھەبباپقا قاتتىق مۇئامىلە قىلماسلىقنى جېكىلىدى. (ۋاقىدى، 2-جىلد، 857-858)

قۇرئانى-كەرىمدە:

**«ئەپۇنى دوست تۇتقىن، ياخشىلىققا** (يەنى ياخشى سۆز قىلىشقا، ياخشى ئىش قىلىشقا) **بۇيرۇغىن، نادانلار بىلەن تەڭ بولمىغىن** (يەنى نادانلارنىڭ

قىلغىنىنى قىلماي، ئۇلارغا مۇلايىم بولغىن).» دېيىلگەن ئىدى. (ئەئراف سۈرىسى 199-ئايەت)

پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام ھەمىشە: «ئاللاھىم، ئۇممىتىمنى ئەپۇ قىلغىن! چۈنكى ئۇلار بىلمەيدۇ.» دەپ دۇئا قىلاتتى. (ئىبنى ماجە، «مەناسىك»، 56؛ ئەخمەد ئىبنى ھەنبەل، 4-جىلد، 14)

✵

پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام قۇرئان ئەخلاقىنىڭ جانلىق مىسالى ئىدى. ئۆزىنىڭ شەخسىيىتىگە قىلىنغان جىنايەتلەرنى تەرەددۇتسىز ئەپۇ قىلاتتى. ئەمما ئۇمۇمنىڭ مەنپەئەتىگە تاقىلىدىغان ئىشلاردا ھەققەتتە چىڭ تۇرۇپ، خەلقنىڭ ھەققىنى ئىگىسىگە ساق-سالامەت ئېلىپ بەرگۈچە بولغان ئارىلىقتا ھېچكىم ئۇنى توختىتالمايتتى.

ساھابىلەر ئىچىدە پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام ئەڭ ياخشى كۆرىدىغان ساھابە ئۇسامە رەزىيەللاھۇ ئەنھۇ نامدار بىر ئائىلىنىڭ ئوغرىلىق قىلغان قىزى ئۈچۈن كەچۈرۈم تىلەپ كەلگەن ئىدى. بۇنى ئاڭلاپ، پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامنىڭ كۆڭلى يېرىم بولۇپ، چىرايى سارغىيىپ كەتتى ۋە:

- بۇ ئوغرىلىق ئىشنى ئەگەر قىزىم پاتىمە قىلغان بولسا ئىدى، ئۇنىڭمۇ قولىنى كەسكەن بولاتتىم. - دېدى. (بۇخارى، «ھۇدۇد»، 12)

✵

ھايات كىتابىنىڭ «ئاچچىقلىنىش» قىسمى پاجىئە تارىخىدۇر. بۇ دەھشەتلىك خېيىم-خەتەردىن قۇتۇلۇشنىڭ چارىسى ئىنسانىنىڭ كۆڭلىگە ياقمىغان ئىشلارغا نىسبەتەن سەۋر-تاقەت قىلىش، قېرىنداشلىقنى ئەسلەش، ئاچچىقنىڭ كەينىگە كىرمەي، سۈكۈت قىلىشتۇر.

پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامنىڭ تەربىيىسىدە يېتىشكەن ساھابىلەرنىڭ نەپسكە ئائىت مەسىلىلەردە، تەسۋىرلىگىلى بولمايدىغان دەرىجىدە پىداكار ۋە ئەپۇچان بولغانلىقىنى قانچىلىك ماختىساقمۇ ئازلىق قىلىدۇ. بۇنىڭ ئىچىدىكى تىپىك بىر مىسال، ھەزرىتى ئەلىينىڭ بېشىدىن ئۆتكەن بىر ۋەقەدۇر.

ھەزرىتى ئەلى رەزىيەللاھۇ ئەنھۇ ئاللاھ يولىدىكى بىر جىھادتا ئالدىغا قىلىچ تەڭلەپ چىققان بىر رەقىبىنى يەرگە يىقىلدۇردى ۋە بوينىغا قىلىچ تەڭلەپ ئۆلتۈرمەكچى بولدى. ئۆلۈم قاش بىلەن كىرپىك ئارىسىدا قالغان پەيتتە، رەقىبى ھەزرىتى ئەلىنىڭ يۈزىگە تۈكۈردى. رەقىبىنىڭ بۇ يىرگىنچ مۇئامىلىسىنى كۆرگەن ھەزرىتى ئەلى رەزىيەللاھۇ ئەنھۇ قىلىچىنى قىنىغا سالدى.

ئۆلۈمدىن قۇتۇلغان دۈشمەن ھەزرىتى ئەلىنىڭ بۇ مۇئامىلىسىنى كۆرۈپ ھەيران بولۇپ، ئاڭقىرالماي قورقۇشقا باشلىدى. ھەزرىتى ئەلى رەزىيەللاھۇ ئەنھۇدىن ئۆزىنى نېمىشقا ئۆلتۈرمىگەنلىكىنىڭ سەۋەبىنى سورىدى. ھەزرىتى ئەلى:

- ئى ئادەم، شۇنى بىلكى، مەن قىلىچىمنى ئاللاھنىڭ رازىلىقى ئۈچۈن قوللىنىۋاتاتتىم. چۈنكى مەن ئاللاھنىڭ قۇلى. نەپسىمنىڭ، ھاۋايى-ھەۋەسلىرىمنىڭ قۇلى ئەمەس !...سېنىڭ تۈكۈرۈشۈڭ نەپسىمگە ھار كەلدى. نەپسىمنىڭ شەررىدىن قورققانلىقىم ئۈچۈن قىلىچىمنى قىنىغا سالدىم. ئاللاھنىڭ رازىلىقىدىن باشقا ھەرقانداق ئىشتىن يۈز ئۆرۈدۈم. نەپسىگە قۇل بولغانلار قۇل ۋە ئەسىرلەردىنمۇ بەتتەر ئەھۋالغا چۈشۈپ قالىدۇ. چۈنكى قۇل خوجايىنىنىڭ بىر ئېغىز سۆزى بىلەن ئازات بولالايدۇ. ئەمما نەپسىنىڭ ۋە شەھۋەتنىڭ قۇلى بولغانلار ۋاقىتلىق لەززەتلەردىن مەست بولۇپ، ئېچىنىشلىق بىر پالاكەتنىڭ ئەبەدى ئازابىدا پۇشايمان بىلەن ئويغىنىدۇ. شۇڭا مەن نەپسىمنىڭ كەينىگە كىرمەي، سېنى ئۆلتۈرۈشتىن ۋاز كەچتىم. ئى ئادەم، مەندە ھەقنىڭ سۈپەتلىرىدىن باشقا سۈپەت يوقتۇر. ئەگەر سەنمۇ بۇ ھىدايەت دۆلىتىگە كىرىشنى خالىساڭ، كەل! ماڭا يېقىنلاشقىن. كەل! ئاللاھنىڭ فەزلۇ رەھمىتى سېنىمۇ ئازات قىلغاي! چۈنكى ئۇنىڭ رەھمىتى غەزىپىدىن ئارتۇقتۇر. - دېدى.

بۇ سۆزلەرنى ئاڭلىغاندىن كېيىن ھىدايەت نۇرى بىلەن شەرەپلەنگەن بەختىيار ئادەمگە ھەزرىتى ئەلى خىتاب قىلىپ:

«مانا ئەمدى خېيىم-خەتەردىن قۇتۇلدۇڭ. نەپسىڭنى تونىدىڭ. ھازىر ھىدايەت نۇرىنىڭ سايىسىدە نادىر بىر جاۋاھىرات بولدۇڭ.»

**«ئەي ئىلاھىي نۇر بىلەن شەرەپلەنگەن ئىنسان! بۇندىن كېيىن سەن مەن! مەن سەن! يەنى، سەنمۇ بىر ئەلى سەن. ئەھۋال مۇشۇنداق ئىكەن، مەن قانداقمۇ ئەلىنى باغرىمغا باسماي تۇرالايمەن!»** دېدى.

## رەھمەت پەيغەمبىرىنىڭ مەرتىلىگى

ئىبنى ئابباس رەزىيەللاھۇ ئەنھۇ پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامنىڭ مەرتىلىگى ھەققىدە مۇنداق دەيدۇ:

«رەسۇلۇللاھ سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم ئىنسانلار ئىچىدىكى ئەڭ مەرت كىشى ئىدى. ساخاۋىتى رامىزاندا تېخىمۇ كۆپىيەتتى. بىر نەرسە تىلىگەن ئادەمگە ئۆمرى بويىچە ياق دەپ باقمىغان ئىدى.» (بۇخارى، «بەدئۇل-ۋەھيى»، 5-6-بەتلەر؛ نەسائى، «سىيام»، 2-بەت)

پەيغەمبەرنىڭ ئەخلاقىدىن بىرى تىلىگەننى رەت قىلماسلىق، ھەققەتەن بېرەلىگۈدەك بىر ئىمكانى بولمىسا، خوشچىراي ئېچىپ كۆڭلىنى ئېلىشقا تىرىشىشتۇر. پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامغا ئائىت شۇ گۈزەل مىسالغا قاراڭ:

«بىر كىچىك بالا پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامنىڭ ھۇزۇرىغا كەلدى. ئانىسىنىڭ بىر كۆڭلەك تەلەپ قىلغانلىقىنى ئېيتتى. بۇ چاغدا پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامنىڭ ئۈستىدە كىيگەنلىك بىر تال كۆڭلىكىدىن باشقا كۆڭلىكى يوق ئىدى. بالىغا باشقا چاغدا كېلىشنى ئېيتتى. بالا كەتتى. بىر دەمدىن كېيىن بالا تەكرار كېلىپ، ئانىسىنىڭ پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامنىڭ ئۈستىدىكى كۆڭلەكنى تەلەپ قىلغانلىقىنى ئېيتتى. پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام سائادەت ھوجرىسىغا كىرىپ، ئۈستىدىكى كۆڭلەكنى سېلىپ بالىغا بەردى.

بۇ چاغدا بىلال رەزىيەللاھۇ ئەنھۇ ئەزان ئوقۇۋاتاتتى. پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام ئۇستىنى يۆگىگۈدەك بىر نەرسىسى بولمىغاچقا جامائەتنىڭ يېنىغا چىقالمىدى. ساھابىلەردىن بەزىسى ئۇنى ئىزدەپ سائادەت ھوجرىسىغا كىردى. ئۇنىڭ كۆڭلىكى يوق تۇرغانلىقىنى كۆردى. («تەپسىرى-خازىن»، ھەزرىتى جابىردىن رىۋايەت)

پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام ئۆزىنى بىر خەيرى-ساخاۋەت مەمۇرى دەپ قارايتتى. ھەممە نەرسىنىڭ ئاللاھنىڭ مۈلكى ئىكەنلىكى، بەرگۈچىنىڭمۇ ئاللاھ ئىكەنلىگىنى ئېيتاتتى.

قۇرەيش مۇشرىكلىرىنىڭ كاتتىلىرىدىن سەفۋان ئىبنى ئۇمەييە مۇسۇلمان بولمىغان بولسىمۇ، ئەمما ھۇنەين ۋە تائىف ئۇرۇشىدا رەسۇلۇللاھ سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەمنىڭ يېنىدا تۇرغان ئىدى.

جىرانەدە يىغىلغان غەنىيمەت ماللىرىنى كۆرۈۋاتقاندا سەفۋاننىڭ بۇ يەردىكى مال-چارۋىلارغا قاتتىق ھەيرانلىق ئىلكىدە قاراۋاتقانلىقىنى كۆرگەن پەيغەمبىرىمىز:

- بۇلارنى ياقتۇردۇڭمۇ؟ - دەپ سورىدى. «ھەئە!» دېگەن جاۋابنى ئاڭلاپ:

- ئال! ھەممىسى سېنىڭ بولسۇن! – دېدى. بۇنى ئاڭلىغان سەفۋان ھەيرانلىقىنى يۇشۇرماستىن:

- پەيغەمبەر قەلبىدىن باشقا ھېچقانداق بىر قەلب بۇ دەرىجىدە مەرت بولمايدۇ.- دەپ، كەلىمە-شاھادەت ئېيتىپ مۇسۇلمان بولدى. (ۋاقىدى، 2-جىلد، 854-855)

سەفۋان قەبىلىسىگە قايتىپ بارغاندىن كېيىنمۇ:

- ئەي قەۋمىم! (يۇگۇرۇڭلار)، مۇسۇلمان بولۇڭلار! چۈنكى مۇھەممەد نامراتلىقتىن قىلچە قورقمايدىغان دەرىجىدە مەرت ئىكەن، كۆپ ئېھسان قىلىدىكەن. - دېدى. (مۇسلىم: «فەدائىل»، 57-58؛ ئەخمەد، 3-جىلد، 107-108)

يەنە بىرەيلەن كەلدى. پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامدىن بىرەر نەرسە بېرىشنى تەلەپ قىلدى. پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامدا ئۇنىڭغا بەرگۈدەك بىرنەرسە يوق ئىدى. ئۇ ئادەمگە قەرز ئېلىشنى ئېيتىپ، ئۇ قەرزلەرنى ئۆزىنىڭ تۆلەيدىغانلىقىغا كېپىللىك بەردى.

بوۋىسى ئىبراھىم ئەلەيھىسسالامغا ئوخشاش ھەر ۋاق تاماقنى مېھمانلار بىلەن بىرلىكتە يەيتتى. يالغۇز تاماق يېمەيتتى. ۋاپات بولغانلارنىڭ قەرزلىرىنى تۆلەيتتى ۋە تۆلىتەتتى. ئۆلگۈچىنىڭ قەرزى تۆلەنمىگەن ئەھۋالدا جىنازا نامىزىنى ئوقۇمايتتى. بىر ھەدىس شەرىفتە:

«مەرت ئادەم ئاللاھقا، جەننەتكە ۋە ئىنسانلارغا يېقىندۇر. بېخىل، پىخسىق ئادەم بولسا، ئاللاھتىن، جەننەتتىن ۋە ئىنسانلاردىن يىراقتۇر.» دېگەن ئىدى. (تىرمىزى، «بىرر»،40-بەت)

يەنە بىر ھەدىستە:

«ھەققى مۆمىندە شۇ ئىككى خۇي ئەسلا يوقتۇر :پىخسىقلىق ۋە ئەسكى خۇي.» دېيىلگەن. (تىرمىزى، «بىرر»، 41-بەت)

ئۆزىگە ئايرىلغان غەنىمەت ھەسسىسىنى باشقىلارغا تارقىتىپ بەرمىگۈچە خاتىرجەم بولالمايتتى. ئەبۇ سائىد رەزىيەللاھۇ ئەنھۇ مۇنداق دەيدۇ:

«ئەنساردىن بەزى موھتاج ئادەملەر پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامدىن بىرەر نەرسە تەلەپ قىلىشاتتى. پەيغەمبىرىمىز يېنىدىكى نەرسىلەر تۈگىگۈچە ئۇلارغا دېگىنىنى بېرەتتى. بەرگۈدەك نەرسە قالمىغاندا ئۇلارغا مۇنداق دەيتتى: ‹يېنىمدا بىر نەرسە بولسا، سىلەردىن ئۇنى ھەرگىز مەخپى تۇتمايمەن. كىم ئىززەت-ھۆرمەتلىك بولۇشنى خالىسا، ئاللاھ ئۇنى ئىززەت-ھۆرمەتلىك قىلىدۇ. كىم سەۋر قىلىشنى خالىسا، ئاللاھ ئۇنىڭغا سەۋرنى ئاسانلاشتۇرۇپ بېرىدۇ. كىم مەنىۋى جەھەتتە باي بولۇشنى، كۆزى توق بولۇشنى ئارزۇ قىلسا، ئاللاھ ئۇنى مەنىۋى جەھەتتە باي قىلىدۇ. سىلەرگە ئېھسان قىلىنغان ئەڭ ياخشى، ئەڭ پايدىلىق نەرسە سەۋردۇر.›» (بۇخارى: «رىقاق»، 20-بەت)

## ساھابىلەرنىڭ مەرتىلىگى

پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامنىڭ «ئۇسۋەئى ھەسەنە»، يەنى ئەڭ گۈزەل ئەخلاقىنى ئۆگىنىشتە ساھابىلەر بىر-بىرى بىلەن بەسلىشەتتى. ئۇلار پەيغەمبەرنىڭ ئەخلاقى بىلەن ئەخلاقلىنىش ئۈچۈن تىرىشاتتى.

پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامنىڭ مەنىۋى جەھەتتە باي ساھابىلىرى ئىچىدە ماددى جەھەتتە باي بولغانلىرىمۇ بار ئىدى. ئۇلار مال-مۈلۈكلىرىنى، جانلىرىنى ئاللاھ يولىدا سەرپ قىلغانلىقى ئۈچۈن پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامنىڭ مەدھىيىسىگە سازاۋەر بولغان. ئاللاھمۇ ئۇلار ھەققىدە:

**«ئاللاھ مۆمىنلەرگە جەننەتنى بېرىش ھېساۋىغا ئۇلارنىڭ مېلىنى ۋە جېنىنى سېتىۋالدى.»** (تەۋبە سۈرىسى 111-ئايەت) دېگەن ئايەتتە خوشخەۋەر بەرگەن.

پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامنىڭ ئەڭ يېقىن دوستى، قۇرئانى-كەرىمدە **«ئىككى كىشىنىڭ بىرى»** دەپ تەرىپلەنگەن ۋە قۇرەيش قەبىلىسىدىكى ئەڭ چوڭ سودىگەر ۋە بايلاردىن بىرى بولۇشقا قارىماي ئىنتايىن ئاددى-ساددا ياشايدىغان ھەزرىتى ئەبۇ بەكرى رەزىيەللاھۇ ئەنھۇ مۇشۇ كىشىلەردىن بىرى ئىدى. ۋاپات بولغاندا تۈزۈك مىراس قالدۇرمىغان ئىدى. ئۇ دۇنيا مېلىنى ئەڭ پايدىلىق ئۇسۇلدا سەرپ قىلىش ئۈچۈن بار-يوق ھەممە نەرسىسىنى رەسۇلۇللاھقا ئاتاپ، بايلىقىنى ئاللاھ يولىدا خەجلىگەن. بولۇپمۇ ئىسلامىيەتنىڭ دەسلەپكى قىيىنچىلىق يىللىرىدا زۇلۇمغا، قىيىن-قىستاققا ئۇچرىغان مۇسۇلمان قۇللارنى سېتىۋېلىپ ئازات قىلغان.

ھەزرىتى ئەبۇ بەكرىنىڭ مال-مۈلكىنى بۇ خىل ئۇسۇلدا سەرپ قىلىشىنى خالىمىغان دادىسى ئەبۇ كۇھافە بىر كۈنى ئۇنىڭغا:

- ئوغلۇم! سەن ھەمىشە ئاجىز، بىچارە قۇللارنى سېتىۋېلىپ ئازات قىلىۋاتىسەن. ئەگەر قۇل ئازات قىلماقچى بولساڭ، ئەڭ ياخشىسى كۈچلۈك، باتۇر قۇللارنى سېتىۋالغىن. ئۇلار قىيىن، خەتەرلىك پەيتلەردە يېنىڭدا تۇرۇپ سېنى قوغدىسۇن. ـ دېدى.

ھەزرىتى ئەبۇ بەكرى رەزىيەللاھۇ ئەنھۇ بۇنىڭغا جاۋابەن مۇنداق دېدى:

- دادا، مېنىڭ بۇنداق قىلىشتىكى يېگانە مەقسىدىم ئاللاھنىڭ رازىلىقىغا ئېرىشىشتۇر. مەن ئۇلارنى ئازات قىلىش ئارقىلىق پەقەت ۋە پەقەت ئاللاھنىڭ مۇكاپاتىنىلا ئېلىشنى خالايمەن!

ھەزرىتى ئەبۇ بەكرى قاتارلىقلارنىڭ بۇ خىل مەرتلىگىنى ماختاپ شۇ ئايەت نازىل بولدى:

**«مېلىنى ئاللاھ يولىدا سەرپ قىلغان، ئاللاھتىن ئەيمىنىپ ھارامدىن يىراق تۇرغان** (تەقۋا ئىگىسى بولغان) **ۋە ئەڭ گۈزەل سۆز** (كەلىمە-شاھادەت)**نى تەستىق قىلغان كىشىگە بىزمۇ ئاسان يولنى مۇۋەپپەق قىلىپ بېرىمىز.»** (ئەل-لەيل، 5-7-ئايەتلەر)

ھەزرىتى ئەبۇ بەكرىنىڭ باي بولۇشى ئۇنىڭ زۇھد ئىچىدە ياشىشىغا توسقۇن بولمىغان. ئەكسىچە، ئۇ مېلىنى تېگىشلىك يەرگە خەجلەپ، بايلىق ئىچىدە زۇھد ھاياتىنى قانداق ياشىغىلى بولىدىغانلىقىنىڭ ئەڭ گۈزەل مىساللىرىدىن بىرى بولغان.

بۇ سەۋەپتىن پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام:

«ئەبۇ بەكردىن باشقا بىزگە ياخشىلىق قىلغانلارنىڭ ھەممىسىنىڭ قىلغان ياخشىلىقىغا يارىشا جاۋاب قايتۇردۇق. لېكىن ئۇنىڭ بىزگە قىلغان شۇنداق چوڭ ياخشىلىقى باركى، بۇنىڭ ماكاپاتىنى قىيامەت كۈنى ئاللاھ بېرىدۇ. ھېچكىمنىڭ مېلىدىن ئەبۇ بەكرىنىڭ مېلىدىن پايدىلانغاندەك پايدىلانمىدىم. بىرى بىلەن دوست بولماقچى بولسام، چوقۇم ئەبۇ بەكر بىلەن دوست بولغان بولاتتىم.» دېگەن. (تىرمىزى: «مەناقىب»، 15\3661)

تۆۋەندىكى مىساللار ساھابىلەرنىڭ گۈزەل ئەخلاقلىق بولۇشتا بەسلەشكەنلىكىنى ئەكس ئەتتۈرۈپ بېرىدۇ:

ھەزرىتى ئۆمەر رەزىيەللاھۇ ئەنھۇ مۇنداق دەيدۇ:

«بىر كۈنى، پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام بىزنى سەدىقە بېرىشكە چاقىردى. ئۇ چاغدا يېنىمدا مال-مۈلكۈم بار ئىدى. كۆڭلۈمدە: «ئەبۇبەكىر رەزىيەللاھۇ ئەنھۇنىڭ ئالدىغا ئۆتەلىسەم، بۈگۈن ئۆتەلىشىم مۇمكىن.» دەپ ئويلىدىم ۋە مال-مۈلكۈمنىڭ يېرىمىنى رەسۇلۇللاھقا بەردىم. رەسۇلۇللاھ:

- ئائىلەڭگە قانچىلىك قويۇپ قويدۇڭ؟ - دېدى. مەن جاۋابەن:

- ئۇلارغىمۇ ساڭا ئېلىپ كەلگىنىمچىلىك قويۇپ قويدۇم. - دېدىم.

ئەبۇبەكىر رەزىيەللاھۇ ئەنھۇ بولسا، مال-مۈلكىنىڭ ھەممىسىنى ئېلىپ كەلدى. رەسۇلۇللاھ سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەمنىڭ «ئى ئەبۇبەكىر، ئائىلەڭگە نېمە قويۇپ قويدۇڭ؟» دېگەن سوئالىغا:

- ئۇلارغا ئاللاھ ۋە رەسۇلىنى قويۇپ قويدۇم ! -دەپ جاۋاب بەردى.

ئەبۇبەكىر رەزىيەللاھۇ ئەنھۇنىڭ بۇ جاۋابىنى ئاڭلاپ ئىچىمدە: ‹ھېچقاچان ۋە ھېچقانداق ئىشتا ئەبۇبەكىر رەزىيەللاھۇ ئەنھۇنىڭ ئالدىغا ئۆتەلمەيدىكەنمەن.›دەپ ئويلىدىم.»

ھەزرىتى ئۆمەرنىڭ ياردەمچىسى ئەسلەم مۇنداق دەيدۇ:

«بىر كۈنى خەتتاب ئوغلى ئۆمەر رەزىيەللاھۇ ئەنھۇ بىلەن بىللە بازارغا بارغان ئىدىم. ياش بىر ئايال ئۆمەر رەزىيەللاھۇ ئەنھۇنىڭ كەينىدىن كېلىپ:

- ئەي ئەمىرۇلمۆئمىنىن! ئېرىم ئۆلدى، يېتىم باللىرىم بار. ئاللاھ گۇۋاھ بولسۇنكى، قولۇمدىن ھېچ ئىش كەلمەيدۇ. باللىرىم ئۆزىنىڭ كۈنىنى ئۆزى ئالالمايدۇ. يا تېرىغۇدەك يېرىمىز، يا چارۋا-مېلىمىز يوق. باللىرىمنىڭ يوقسۇللۇق ۋە ئاچارچىلىق دەردىدە ئۆلۈپ كېتىشىدىن ئەنسىرەيمەن. مەن خۇففاق ئىبنى ئەيما ئەل-غىفارىنىڭ قىزى. دادام ھۇدەيبىيە كېلىشىمىدە بار ئىدى..... دېدى.

ئۆمەر رەزىيەللاھۇ ئەنھۇ ئايالنىڭ بۇ گېپىنى ئاڭلاپ:

- نېمىدېگەن شەرەپ-ھە! - دېدى. ئاندىن زاكات ھايۋانلىرى بار يەرگە بېرىپ، باغلاغلىق تۇرغان كۈچلۈك ۋە ئېغىر يۈك يۈدەلەيدىغان بىر تۆگىنىڭ ئۈستىگە لىق ئىككى تاغار ئاشلىق يۈكلىدى، ئىككى تاغارنىڭ ئوتتۇرىسىغا ھەر خىل يېمەك-ئىچمەك ۋە كىيىم-كېچەك قويغاندىن كېيىن تۆگىنىڭ ئاغامچىسىنى ئايالنىڭ قولىغا تۇتقۇزۇپ:

- تۆگىنى ئېلىپ كەت! بۇ نەرسىلەر تۆگەپ بولغىچە ئاللاھ سىلەرگە چوقۇم ياخشى بىر چىقىش يولى بەرگەي! -دەپ دۇئا قىلدى. ھەزرىتى ئۆمەرنىڭ يېنىدا تۇرغانلاردىن بىرى:

- ئەي ئەمىرۇلمۆئمىنىن! بۇ ئايالغا بەك جىق نەرسە بەردىڭ. - دېگەندە ھەزرىتى ئۆمەر رەزىيەللاھۇ ئەنھۇ:

- بۇ ئايالنىڭ دادىسى ھۇدەيبىيە كېلىشىمى مەزگىلىدە پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام بىلەن بىللە ئىدى. ئاللاھ جەللە جەلالۇھۇغا قەسەم قىلىمەنكى، بۇ ئايالنىڭ دادىسى بىلەن ئاكىسىنىڭ بىر قەلئەنى ئۇزۇن مۇددەت قورشاپ، فەتھى قىلغانلىقىنى كۆرگەن ئىدىم. ئۇلار قەلئەنى ئالغاندا بىزمۇ كىرىپ غەنىيمەت ئۈلەشكەن ئىدۇق. - دېدى.»

تۆۋەندىكى بىر ۋەقەمۇ ھەزرىتى ئۆمەرنىڭ كۆڭلىنىڭ قانداق ئىكەنلىكىنى ئەكس ئەتتۈرۈپ بېرىدۇ:

ساھابىلەردىن ئەسلەم مۇنداق دەيدۇ:

«بىر كېچە ئۆمەر رەزىيەللاھۇ ئەنھۇ بىلەن بىرلىكتە مەدىنىدە ۋاقىم تېغىدا ئايلىنىپ يۈرگەن ۋاقتىمىزدا، بىر ئۆيدە بىر ئايال كۆردۇق. ئەتراپىدا بالىلىرى يىغلىشىپ تۇراتتى. ئوچاقتا سۇ تولدۇرۇلغان بىر قازان بار ئىدى. ئۆمەر رەزىيەللاھۇ ئەنھۇ بالىلارنىڭ نېمىشقا يىغلاۋاتقانلىقىنى سورىدى. ئايال:

-ئاچلىقتىن! - دەپ جاۋاب بەردى.

ئۆمەر رەزىيەللاھۇ ئەنھۇ قازاندا شورپا ئەمەس، تاش قايناۋاتقانلىقىنى، ئايالنىڭ بالىلىرىنى «تاماق مانا پىشىدۇ، مانا» دەپ ئالداپ، تاكى بالىلىرى تاماققا ساقلا-ساقلا ئاچ قورساق ئۇخلاپ قالغىچە قازانغا ئوت قالايدىغانلىقىنى ئاڭلاپ، كۆزلىرى ياشقا تولدى. دەرھال زاكات ماللىرى قويۇلغان ئامبارغا باردى. بىر تاغار ئۇن ۋە باشقا يەيدىغان نەرسىلەرنى ئېلىپ ئۆشنىسىگە ئارتتى. تاغارنى مەن كۆتىرەي دىسەم، ئۆمەر رەزىيەللاھۇ ئەنھۇ:

- ئەي ئەسلەم! مەن ئۆزەم كۆتىرىمەن. چۈنكى بالىلارنىڭ ھېسابىنى قىيامەتتە مەندىن سورايدۇ. - دېدى.

ئايالنىڭ ئۆيىگە كەلگەن ۋاقتىمىزدا تاماقنى ھەزرىتى ئۆمەر ئەتتى. بىر تەرەپتىن قازاننى قوچىسا، بىر تەرەپتىن ئوتنى پۈدەيتتى. ئىس-تۈتۈننىڭ ئۇنىڭ ساقىلىنىڭ ئارىسىدىن چىقىۋاتقانلىقىنى كۆردۈم. شۇنداق قىلىپ، تاماقنى پىشۇردى. ئاندىن

قولىدا قازاندىكى تاماقنى ئېلىپ باللارغا يېگۈزۈشكە باشلىدى. باللارنىڭ قورسىقى تويغاندىن كېيىن ئارقىغا يېنىپ، باللارنىڭ ئۇدۇلىغا كېلىپ ئولتۇردى. يولۋاستەك ھەيۋەتلىك ئىدى. گەپ قىلىشتىن تارتىنىدى. باللار بىر-بىرى بىلەن ئوينىشىپ كۈلۈشكىچە موشۇنداق ئولتۇردى.

كېيىن ئورنىدىن تۇردى ۋە:

- ئەي ئەسلەم! ئۇلارنىڭ ئالدىدا نېمشقا ئولتۇرغانلىقىمنى بىلەمسەن؟ ئۇلارنى كۆرگەن چېغىمدا يىغلىشىۋاتاتتى. كۈلگىنىنى كۆرمەي تۇرۇپ، يېنىدىن ئايرىلىشنى كۆڭلۈم تارتمىدى. ئۇلار كۈلۈشكە باشلىغاندىن كېيىن ئىچىم راھەتلىدى.- دېدى.»

ھەزرىتى ئەبۇبەكىر ۋە ھەزرىتى ئۆمەر خەلىپە بولغان مەزگىلدە دۇنيانىڭ راھەت- پاراغەتلىرىگە بېرىلمەي ئىنتايىن ئاددىي-ساددا ياشىغان ۋە ياماق چۈشكەن كونا كىيىملەرنى كىيىپ، ئىران ۋە رۇم پادىشاھلىرىنىڭ قاتتىق ھەيرانلىقىنى قوزغىغان ئىدى. بۇ ئىككەيلەن پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامنىڭ گۈزەل ۋارىسلىرىدۇر.

شۈبھىسىزكى، ئۇلارنىڭ بۇ خىل ئەخلاقى باشقا ساھابىلەردىمۇ كۆرۈلگەن ئىدى. بىر كۈنى بىر تىلەمچى ھەزرىتى ئەلى رەزىيەللاھۇ ئەنھۇنىڭ ئالدىغا كېلىپ، بىر نەرسە بېرىشنى تەلەپ قىلدى. ھەزرىتى ئەلى رەزىيەللاھۇ ئەنھۇ ئوغلى ھەسەن بىلەن ھۈسەيىننى چاقىرىپ:

«ئاناڭلارنىڭ يېنىغا بېرىپ ئۆيدىكى ئالتە دەرھەم پۇلنى ئېلىپ كېلىڭلار!» دېدى.

ھەسەن بىلەن ھۈسەيىن ئۆيگە بېرىپ ئالتە دەرھەمنىڭ ھەممىسىنى ئەكىلىپ دادىسىغا بەردى. ھەزرىتى ئەلى ئۇنى تىلەمچىگە بەردى. ئەسلى بۇ چاغدا ئۇلارنىڭمۇ بۇ پۇلغا ئېھتىياجى بار ئىدى. ھەزرىتى پاتىمە بۇ پۇلغا ئۇن ئالماقچى ئىدى.

ھەزرىتى ئەلى ھويلىدا ئىدى، بىر ئادەم كەلدى. بۇ كىشى تۆگىسىنى ساتماقچى ئىكەنلىكىنى ئېيتىپ: «پۇلىسىنى كېيىن بەر» دەپ 140 دەرھەمگە تۆگىسىنى ھەزرىتى ئەلىگە ساتتى ۋە تۆگىنى ھەزرىتى ئەلىنىڭ ھويلىسىغا باغلاپ قويۇپ كەتتى. بىردەمدىن كېيىن باشقا بىر ئادەم كەلدى ۋە تۆگىنى 200 دەرھەمگە ئېلىپ، پۇلىسىنى نەق بېرىپ كەتتى.

ھەزرىتى ئەلى 140 دەرھەمنى تۆگىنى ساتقۇچىغا بەردى. قالغان 60 دەرھەمنى ھەزرىتى پاتىمىگە بەردى ۋە مۇنداق دېدى:

- بۇ، ئاللاھ: **«كىمكى بىر ياخشىلىق قىلسا، ئۇنىڭغا قىلغان ياخشىلىقنىڭ ئون ھەسسە ئەجرى بېرىلىدۇ.[15]»** دەپ پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام ئارقىلىق بىزگە قىلغان ۋەدىدۇر. بىز ئالتە دەرھەم بەردۇق. ئاللاھ جەللە جەلالۇھۇ ئۇنىڭ ئون ھەسسىسى بولغان ئاتمىش دەرھەمنى بىزگە بەردى. - دېدى.

ھەزرىتى ھۇزەيفە رىۋايەت قىلغان تۆۋەندىكى ھادىسە ساھابىلەرنىڭ مەرتىلىگىنى، ئۆزئارا بىر-بىرىگە كۆيۈمچانلىقىنى ئىپادىلەش جەھەتتە دىققىتىمىزنى تارتىدۇ:

«يەرمۇك ئۇرۇشىدا ئىدۇق. قاتتىق ئېلىشىشتىن كېيىن ئوق ۋە نەيزە زەربىسىدە ئېغىر يارىلانغان يارىدار مۇسۇلمانلار ئوتتەك قىززىق قۇم ئۈستىدە جان تالىشىپ ياتاتتى. بۇ چاغدا مەنمۇ مېنىڭ تەسلىكتە ھۇشۇمغا كېلىپ، تاغامنىڭ ئوغلىنى ئىزدەشكە باشلىدىم. جېنى تۇمشۇقىغا كېلىپ قالغان يارىدارلارنىڭ ئارىسىدا بىر دەم ئىزدىگەندىن كېيىن، نىھايەت ئۇنى تاپتىم. لېكىن غەرق قان ئىچىدە ياتقان تاغامنىڭ ئوغلى كۆز ئىشارىتى بىلەن ناھايىتى تەس گەپ قىلدى. مەن ئالدىنئالا تەييارلاپ قويغان سۇ تۇلۇمنى كۆرستىپ:

- سۇ ئىچەمسەن؟- دېدىم.

سۇ ئىستەۋاتقانلىقى ئېنىق ئىدى. چۈنكى تۇمۇز ئىسسىقتا لەۋلىرى قۇرۇپ، گەز باغلاپ كەتكەن ئىدى. گۇيا كۆز ئىشارىتى بىلەن سۇغا تەشنا ئىكەنلىكىنى بىلدۈرۈۋاتقاندەك قىلاتتى.

مەن تۇلۇمنىڭ ئېغىزىنى ئېچىپ، سۇنى ئۇنىڭغا تەڭلەۋاتقاندا يان تەرەپتىكى يارىدارلار ئارىسىدا ئىكرىمەنىڭ: «سۇ! سۇ!... بىر تامچە سۇ بەرسەڭلارچۇ!...» دەپ ئىڭراۋاتقان ئاۋازى ئاڭلاندى.

تاغامنىڭ ئوغلى ھارىس بۇ پەرياتنى ئاڭلىغان ھامان، دەرھال بۇ سۇنى ئىكرىمىگە بېرىشىمنى كۆزى بىلەن ئىشارەت قىلدى.

---

15. ئەنئام سۈرىسى 160-ئايەت

ئوتتەك قىززىق قۇمنىڭ ئۈستىدە ياتقان شېھىدلەرنىڭ ئارىسىدا يۈگۈرۈپ، ئىكرىمەنىڭ يېنىغا كەلدىم ۋە تۇلۇمدىكى سۇنى ئۇنىڭ ئېغىزىغا يېقىن ئەكەلدىم. ئىكرىمە قولىنى تۇلۇمغا ئۇزىتىپ تۇرغاندا ئىياشنىڭ ئىڭرىغان ئاۋازى ئاڭلاندى:

- بىر تامچە سۇ بەرسەڭلارچۇ! ئاللاھ رازىلىقى ئۈچۈن بىر تامچە سۇ!...

بۇ پەرياتنى ئاڭلىغان ئىكرىمە سۇنى ئالمىدى ۋە ئىياشقا بېرىشىمنى ئىشارەت قىلدى. ھارىسقا ئوخشاش ئۇمۇ سۇنى ئىچمىدى.

مەن سۇ تۇلۇمنى كۆتۈرۈپ، شېھىدلەرنىڭ ئارىسىدا يۈرۈپ، ئىياشنىڭ يېنىغا كەلگەن چېغىمدا ئۇ ئاخىرقى سۆزلىرىنى قىلىۋاتاتتى:

- ئاللاھىم! ئىمان دەۋاسى ئۈچۈن جېنىمىزنى پىدا قىلىشتىن ئەسلا باش تارتمىدۇق. ئەمدى بىزگە شاھادەت دەرىجىسىنى بەر! خاتالىقلىرىمىزنى ئەپۇ قىل!...

ئېنىقكى، ئىياش شاھادەت شەربىتىنى ئىچىۋاتاتتى. مەن ئەكەلگەن سۇنى كۆردى، ئەمما ۋاقتى يەتمىدى، كەلىمە-شاھادەتنى ئاران ئوقۇپ تۈگەتتى.

دەرھال ئارقىمغا ياندىم. يۈگۈرگەن پېتى ئىكرىمەنىڭ يېنىغا كەلدىم. تۇلۇمنى ئۇنىڭغا تەڭلىگەن چاغدا كۆردۈمكى، ئىكرىمە شېھىد بولغان ئىدى.

مەيلى، ئەمدى تاغامنىڭ ئوغلى ھارىسەنىڭ يېنىغا ئۈلگۈرۈپ باراي دەپ ئويلىدىم. يۈگۈرگەن پېتى ئۇنىڭ يېنىغا كەلدىم. ۋاھ، قانداق قىلاي؟ ئۇمۇ ئوتتەك ھارارەتلىك قۇملار ئۈستىدە قورۇلۇپ، ئاللىقاچان جان تەسلىم قىلىپ بولغان ئىدى... ئەپسۇس، سۇ تۇلۇمى لىق ھالەتتە ئۈچ شېھىدنىڭ ئوتتۇرىسىدا قالدى.»

ھۇزەيفە رەزىيەللاھۇ ئەنھۇ ئۇ چاغدىكى روھى ھالىتى توغرىسىدا مۇنداق دەيدۇ:

«ھاياتىمدا نۇرغۇن ۋەقەلەرنى كۆردۈم. ئەمما ھېچبىرى مېنى بۇ ۋەقەدەك تەسىرلەندۈرمىدى. ئۇلار گەرچە ئۇرۇق-تۇغقان بولمىسىمۇ، ئەمما بىر-بىرىگە بولغان كۆيۈنۈش، پىداكارلىق ۋە مېھرى-شەپقەتكە (يەنى، ئاخىرقى نەپىسىدىمۇ خۇددى ھاياتىدا ياشىغان چاغدىكىدەك ئەخلاقى-پەزىلەت ئىچىدە جان تەسلىم قىلىشى، **«...پەقەت مۇسۇلمانلىق ھالىتىدە ئۆلۈڭلار**[16]**.»** دېگەن ئايەتنىڭ مەنىسىنى ھېس قىلىپ تۇرۇپ دۇنيا بىلەن ۋىدالىشىشىغا) مەن ھەقىقەتەن ھەۋەس ئىلكىدە

16. ئال-ئىمران سۈرىسى 102-ئايەت.

ھەيران قالدىم. ئەڭ يۇكسەك ئىمان نامايەندىسى بولغان بۇ ئىش قەلبىمدە چوڭقۇر ئىز قالدۇردى...»

## رەھمەت پەيغەمبىرىدىكى سەمىمىلىك، راستچىللىق ۋە ئادىللىق

پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام گۇناھ، ساۋاب، ئەمىر ۋە نەھىي (ئاللاھ بۇيرىغان ئىشلار ۋە توسقان ئىشلار) نى بىلمىگەن ئىنسانلارنىڭ ئەھۋالىغا قاتتىق ئىچ ئاغرىتاتتى. ئۆيمۇ-ئۆي كىرىپ، ئاللاھنىڭ دىنىنى تەبلىغ قىلغان چېغىدا، بەزىدە كىشىلەر ئىنتايىن سوغۇق مۇئامىلە قىلىپ ئىشىكنى يۈزىگە ياپاتتى. ئەمما پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام ئۆزىگە قىلىنغان بۇ قوپال ھەرىكەتتىن ئەمەس، بەلكى ئۇلارنىڭ غەپلەت ئىچىدىكى نادان ھالىدىن كۆڭلى يېرىم بولاتتى.

بۇ تىپتىكى ئىنسانلارغا:

**«ئېيتقىنكى،** (ئاللاھ تەرىپىدىن كەلگەن ۋەھيىنى) **تەبلىغ قىلغانلىقىمغا سىلەردىن ھېچ ھەق تەلەپ قىلمايمەن.»** (ساد سۈرىسى 86-ئايەت) دېيىش ئارقىلىق، پەقەت ئاللاھ رىزاسىنى مەقسەد قىلغانلىقىنى بىلدۈرەتتى.

راستچىللىق ۋە ئادىللىقتا ھېچكىم پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامچىلىك بولالىغان ئەمەس. ئۇ يېتىم ئىدى. تاغىسى ئەبۇ تالىبنىڭ يېنىدا تىجارەتكە باشلىدى. راستچىللىقى ۋە تىجارەتتىكى ئادىللىقى بىلەن تونۇلغان بولۇپ، ھەممە كىشى ئۇنى ھۆرمەت قىلاتتى ۋە «ئەل-ئەمىن» (ئىشەنچلىك ئادەم) دەپ ئاتايتتى. ئۇنى باي-كەمبەغەل ھەممەيلەن ئەمىن دەپ بىلەتتى. مەككىدىكى ئابرۇيلۇق ئايال ھەزرىتى خەدىچە رەزىيەللاھۇ ئەنھا ئۇنىڭ راستچىللىقىغا ھەيران بولۇپ، توي قىلىش تەلىۋىنى قويغان ئىدى. خەدىچە ئانىمىز ئۆمۈر بويى پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامنى قوللاپ-قۇۋۋەتلىگەن ئىدى. تۇنجى ۋەھيى كەلگەندە قورقۇپ ھودۇقۇپ كەتكەن پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامغا مەدەت بەرگەن، قىيىنچىلىق پەيتلىرىدە تەسەللىي بەرگەن ئىدى.

پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام پاك-پاكىز بىر ھايات ياشىدى. نەپسانى سەۋەبلەر بىلەن ئۇنىڭ پەيغەمبەرلىكىنى ئېتىراپ قىلمىغان كىشىلەرمۇ ۋىجدان بىلەن ئۇنىڭ ئالىجانابلىقىنى ئېتىراپ قىلىشقا مەجبۇر بولدى.

ئىسلام دۇنياغا كەلگەن 1400 يىلدىن بۇيان، ئۇنىڭ ئېسىل خىسلىتىگە قول قويمىغان ھېچكىم يوق. ئىسلام دۈشمىنى يەھۇدىيلەرمۇ ئۆزئارا كېلىشىم تۈزىشىدىغان

چاغدا ئۇنىڭ يېنىغا كېلەتتى. پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام ئۇلارنىڭ ئىختىلاپلىرىنى ھەل قىلاتتى. پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام يەھۇدىي ۋە خرىستىئانلارغىمۇ ئىنتايىن ئادىل مۇئامىلە قىلاتتى.

ھەزرىتى ئەلى رەزىيەللاھۇ ئەنھۇ ئادالەت توغرىسىدا:

«ئىختىلاپ قىلىشقۇچى ئىككى تەرەپنىڭ گېپىنى ئاڭلىماي تۇرۇپ، ھۆكۈم چىقارما! توغرا ھۆكۈمنى پەقەت ئىككى تەرەپنىڭ سۆزىنى تولۇق ئاڭلىغاندىن كېيىن چىقارغىلى بولىدۇ.» دېگەن ئىدى. (ئەخمەد ئىبنى ھەنبەل، 1-جىلد، 90)

پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام مەككىدىن مەدىنىگە ھىجرەت قىلىدىغان چاغدا، باشقىلار ئىلگىرى ئۆزىگە ئامانەت قويغان قىممەت باھالىق زىبۇ-زىننەت بويۇملىرى، جەۋاھىرات قاتارلىق نەرسىلەرنى ئىگىلىرىگە ساق-سالامەت قايتۇرۇپ بېرىش ئۈچۈن ھەزرىتى ئەلىنى ۋەكىل قىلىپ قويغان ئىدى. دۈشمەنلىرىمۇ ئۇنىڭ دۇرۇستلۇقىغا ھەيران ۋە قايىلدى.

## رەھمەت پەيغەمبىرىنىڭ ھاياسى

ساھابىلەرنىڭ ئېيتىشىغا قارىغاندا، پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام كىيىملىرىگە پۈركەنگەن ئۇن تۆت ياشلىق قىزدىنمۇ بەك ھايالىق ئىدى. قاتتىق ئاۋازدا ۋاقىراپ گەپ قىلمايتتى. ئىنسانلارنىڭ يېنىدىن تەبەسسۇم بىلەن ئاستا مېڭىپ ئۆتەتتى. خوشياقمايدىغان قوپال بىر گەپ ئاڭلىغان چاغدىمۇ، كىشىلەرنىڭ يۈزىگە سالمايتتى. روھى ھالىتى چىرايىدا مەلۇم بولغانلىقى ئۈچۈن، ئەتراپىدىكىلەر سۆز-ھەرىكەتلىرىدە دىققەت قىلاتتى. ھايا سەۋەبىدىن قاقاھلاپ كۈلمەيتتى، تەبەسسۇم قىلاتتى. بىر ھەدىستە: «ھايا ئىماننىڭ بىر پارچىسىدۇر. ھايالىق كىشىلەر جەننەتكە كىرىدۇ. ھاياسىزلىق قەلبنىڭ قاتتىقلىقى تۈپەيلىدىندۇر. ھاياسىز كىشىلەر جەھەننەمگە كىرىدۇ...» دېيىلگەن. (بۇخارى، «ئىمان» 16)

يەنە بىر ھەدىستە: «ھايا بىلەن ئىمان بىر يەردە بىللە تۇرىدۇ. بىرى كەتسە، يەنە بىرىمۇ ئارقىسىدىن كېتىدۇ.» دېيىش (سۇيۇتى، «ئەل-جامىئۇس-سەغىر»، 1-جىلد، 53-بەت) ئارقىلىق ھايانىڭ ئەھمىيىتى تەكىتلەنگەن ۋە «قوپال سۆز ئەيىپتىن باشقا نەرسە ئېلىپ كەلمەيدۇ. ھايا ۋە ئەدەب بولسا، كەلگەن يەرنى زىننەتلەيدۇ.» دېيىلگەن. (مۇسلىم، «بىرر»،78-بەت؛ ئەبۇداۋۇد، «جىھاد»،1-بەت)

ھەقىقى ھايا، دۇنيا نېمەتلىرىگە بولغان سۆيگۈ-مۇھەببەتنى كۆڭۈلدىن چىقىرىپ تاشلاشقا سەۋەب بولىدىغان «ئۆلۈمنى ئەسلەش» بىلەن ئوتتۇرىغا چىقىدۇ. پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام ساھابىلىرىگە ھەمىشە ئاللاھتىن ھەقىقى ھايا قىلىشنى تەكىتلەيتتى. بىر قېتىم ساھابىلەر: «رەببىمىزگە ھەمىشە ھايا بىلەن ھەمدۇ-سانا ئېيتىۋاتىمىز» دېگەندە، پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام ھەقىقى ھايانىڭ بەدەندىكى بارلىق ئەزالارنى ھارامدىن يىراق تۇتۇش، ئۆلۈمنى ھەر ۋاقىت ئەسلەش ئىكەنلىكىنى ئېيتقان. ئاندىن كېيىن ئاخىرەتنى ئارزۇ قىلغۇچىلارنىڭ دۇنيا نېمەتلىرىگە مۇھەببەت باغلىماسلىقى كېرەكلىكىنى ئوتتۇرىغا قويۇپ، پەقەت مۇشۇنداق قىلغانلارنىڭلا ئاللاھتىن ھەقىقەتەن ھايا قىلغان كىشىلەر ئىكەنلىكىنى بىلدۈرگەن. (تىرمىزى، «سىفاتۇل-قىيامە»، 24-بەت)

## رەھمەت پەيغەمبىرىنىڭ ئىنسانلارنى ياخشىلىققا چاقىرىشتىكى ئەستايىدىللىقى

پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام ئىنسانلارنىڭ ئازاب چەككىنىنى كۆرۈپ، كۆڭلى يېرىم بولۇپلا قالماستىن، بەلكى ئۇلارنىڭ ئازابتىن قۇتۇلۇشى، مۇۋەپپەقىيەت قازىنىشى ئۈچۈنمۇ تىرىشچانلىق كۆرسىتەتتى. قۇرئانى-كەرىمدە ئۇنىڭ بۇ ئالاھىدىلىكى ھەققىدە مۇنداق دېيىلگەن:

**«شۈبھىسىزكى، سىلەرگە ئۆز ئاراڭلاردىن پەيغەمبەر كەلدى. سىلەرنىڭ كۈلپەت چېكىشىڭلار ئۇنىڭغا ئېغىر تۇيۇلىدۇ؛ ئۇ سىلەرنىڭ** (ھىدايەت تېپىشىڭلارغا) **ھېرىستۇر، مۆمىنلەرگە ئامراقتۇر، ناھايىتى كۆيۈمچاندۇر.»** (تەۋبە سۈرىسى 128-ئايەت)

بۇ ئايەتتە ئاللاھتائالا پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامنى ئۇنىڭغا خاس **«رەئۇف»** (مۆمىنلەرنىڭ ھىدايەت تېپىشىغا ھېرىستۇر) ۋە **«رەھىم»** (مۆمىنلەرگە ناھايىتى ئامراقتۇر، كۆيۈمچاندۇر) نامى بىلەن تونۇشتۇرغان.

پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام ھەمىشە ئىنسانلارغا مۇۋەپپەقىيەت تىلەيتتى. ئىنسانلارنىڭ توغرا يولدا مېڭىپ، ياخشى ئىشلار قىلىۋاتقانلىقىنى كۆرگەندە ئىنتايىن خۇشال بولاتتى.

ئۇ ھەرقانداق بىر باشلىققا ئوخشاش پەقەت ياخشى ئىش قىلىشنى تاپىلاپ قويۇش بىلەنلا كۇپايىلەنمەيتتى، بەلكى ئۈممىتىگە پۈتۈن كۈچى بىلەن ھەمدەم بولىدىغان بىر رەھبەر ئىدى.

بىر ساھابە پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامدىن بىر كىشىنىڭ مەنىۋى جەھەتتە ياخشى ياكى ياخشى ئەمەس ئىكەنلىكىنى قانداق بىلگىلى بولىدىغانلىقىنى سورىدى. پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام ئۇنىڭغا:

«ئاخىرەت ئىشلىرىدىن بىرنى قىلماقچى بولغىنىڭدا، بۇ ئىش ساڭا قولاي بولسا؛ دۇنياغا ئائىت ئىشلاردىن بىرنى قىلماقچى بولغىنىڭدا، بۇ ئىش ساڭا تەس بولسا، مەنىۋى جەھەتتە ئەھۋالىڭنىڭ ياخشى ئىكەنلىكىنى بىل! ئەگەر ئاخىرەت ئىشلىرىدىن بىرنى قىلماقچى بولغىنىڭدا، بۇ ئىش ساڭا تەس ۋە دۇنيا ئىشلىرىدىن بىرنى قىلماقچى بولغىنىڭدا، بۇ ئىش ساڭا ئۇڭاي بولسا، ئەھۋالىڭنىڭ ياخشى ئەمەس ئىكەنلىكىنى بىلسەڭ بولىدۇ.» دېدى.

پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام ھەرىكىتى، سۆزى ۋە ئەخلاقى ياشىشى بىلەن پۈتكۈل ئىنسانلارغا رەھمەت ۋە يول كۆرسەتكۈچى ئىدى. ھىدايەت يولىدىكى ھەر تۈرلۈك مۇشەققەت ۋە قىيىنچىلىقنىڭ ئەڭ چوڭى ئۇنىڭ ئۈستىدە ئىدى. ئۇ بىر قېتىم مۇنداق دېگەن ئىدى:

«ئاللاھ يولىدا ھېچكىم مەندەك قورقۇتۇلغان ئەمەس. ئاللاھ يولىدا ھېچكىم ئۇچراپ باقمىغان قىيىنچىلىقلارغا ئۇچرىدىم. ئوتتۇز كۈن ئىچىدە بىلال بىلەن ئىككىمىزنىڭ تامىقى بىلالنىڭ قولتۇقىغا قىستۇرۇلغان پۇچۇق نان بولغان چاغلارمۇ بولغان ئىدى.» (تىرمىزى: «قىيامەت»، 34\2472)

ئۇ ئۈستىگە ئالغان ئىلاھىي ۋەزىپىنى مۇكەممەل ھالدا ئادا قىلىۋاتاتتى. بۇ جەھەتتە ئۇ ئىنتايىن كۈچلۈك سەۋر-تاقەت ۋە غەيرەتنىڭ ئىچىدە ئىكەنكى، بەزىدە ئۇنىڭ ئۆزىنى ئۆزى خاراب قىلماسلىقى ئۈچۈن ئىلاھىي ئاگاھلاندۇرۇش نازىل بولغان ئىدى.

ئىنسانلارنىڭ بەخت-سائادىتى ئۈچۈن پەيغەمبەر سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم كۆرسەتكەن بۇ يۈكسەك پەزىلەت ۋە پىداكارلىق قۇرئانى-كەرىمدىكى ئۇشبۇ ئايەتتە بايان قىلىنغان:

«(رەسۇلۇم) **ئۇلارنىڭ ئىمان ئېيتمىغانلىقىدىن ئۆزەڭنى ھالاك قىلىۋېتىشىڭ مۇمكىن.»** (شۇئەرا سۈرىسى 3-ئايەت)

پەيغەمبىرىمىز ئۆزىنىڭ بۇ ھالىتىنى مۇنداق تەسۋىرلىگەن:

«مېنىڭ ھالىتىم بىلەن سىلەرنىڭ ھالىتىڭلار شۇنىڭغا ئوخشايدۇ: بىر ئادەم گۈلخان ياقتى. ئوت ئەتراپىنى يورۇتۇشى بىلەنلا پەرۋانىلەر ۋە يورۇقلۇقنى ياخشى كۆرىدىغان بەزى ھايۋانلار ئۆزىنى بۇ ئوتقا ئېتىشقا باشلىدى. گۈلخان ياققۇچى ئادەم بۇ ھايۋانلارنى توسماقچى بولدى. بىراق ھايۋانلارنىڭ كۆپىنچىسى ئادەمنىڭ توسۇشىغا قارىماستىن ئوتقا ئۆزىنى ئاتتى. مەن سىلەرنىڭ ئوتقا چۈشۈپ كەتمەسلىكىڭلار ئۈچۈن سىلەرنى بىلىكىڭلاردىن تۇتۇۋالىمەن. بىراق سىلەر يۈگرەپ بېرىپ ئوتقا ئۆزەڭلارنى ئاتىسىلەر!» (بۇخارى: «رىقاق»، 26)

بۇ ئايەت ۋە ھەدىس پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامنىڭ دۇنيادىكى ھەر ئىنساننىڭ ئاللاھقا ئىشىنىشىنى ۋە بۇ ئارقىلىق جەھەننەم ئازابىدىن قۇتۇلۇشىنى مېھرى-شەپقەت تۇيغۇسى ئىچىدە نەقەدەر ئارزۇ قىلغانلىقىنى كۆرسىتىدىغان بىر دەلىلدۇر.

ئەبۇ جەھىلنىڭ پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامغا ھۇجۇم قىلغانلىقىنى ئاڭلىغان ھەزرىتى ھەمزە ئۇرۇق-تۇغقانچىلىق ۋە قەبىلىۋازلىق ھېسسىياتىنىڭ تۈرتكىسىدە ئەبۇجەھىلنى قاتتىق ئۇرغاندىن كېيىن، پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامنىڭ يېنىغا كېلىپ:

- مۇھەممەد، خۇشال بولغىن! چۈنكى ئەبۇجەھىلدىن ئىنتىقامىڭنى ئالدىم !... -دېدى. پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام:

- مېنىڭ ئىنتىقام ئالىدىغان بىرەر ئىشىم يوق. لېكىن سەن مۇسۇلمان بولساڭ، ئۇ چاغدا خۇشال بولىمەن! -دېدى. ھەزرىتى ھەمزە رەسۇلۇللاھنىڭ بۇ جاۋابىدىكى مەنانى چۈشەندى ۋە تەپەككۇر قىلىشقا باشلىدى.

ھەزرىتى ھەمزە ئىمان ئېيتىش ياكى ئېيتماسلىق ھەققىدە قاتتىق ئىككىلىنىپ كېچىنى ئۇيقۇسىزلىق ئىچىدە ئۆتكۈزگەندىن كېيىن ئەتىسى سەھەردە پەيغەمبەر سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەمنىڭ يېنىغا كەلدى. ئۇيقۇسىنى قاچۇرغان تەرەددۇتلىرىنى پەيغەمبىرىمىزگە بىرمۇ-بىر ئېيتتى:

«ئەي قېرىندىشىمنىڭ ئوغلى! مەن شۇنداق بىر چارىسىز ھالغا چۈشۈپ قالدىمكى، چىقىش يولى تاپالماي قالدىم. ماڭا مەسلىھەت بەر، يول كۆرسەت!» دېدى.

پەيغەمبەر سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم ئۇنىڭغا ۋەز-نەسىھەت قىلدى. ئاخىرەت ئازابى ۋە نېمەتلىرىنى چۈشەندۈرۈپ، ئۇنى ئازاب بىلەن قورقۇتتى، جەننەت بىلەن خۇشخەۋەر بەردى. پەيغەمبىرىمىزنىڭ بۇ نەسىھەتلىرىنىڭ نەتىجىسىدە ئاللاھنىڭ يولۋىسى ھەزرىتى ھەمزە ئىمان بىلەن شەرەپلىنىپ مۇسۇلمان بولدى.[17]

ئىسلامغا كىرىش ئەبەدىي نىجاتلىقنىڭ ئاساسى شەرتى بولغانلىقى ئۈچۈن پەيغەمبەر سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم ھەر بىر ئىنساننىڭ مۇسۇلمان بولۇشىنى بۈيۈك بىر ئىشتىياق بىلەن ئارزۇ قىلاتتى. پەقەت بىر ئىنسان ھىدايەتكە ئېرىشكەن چاغدىمۇ ئىنتايىن خۇشال بولاتتى. تائىفتا ھاقارەت ۋە زۇلۇمغا ئۇچرىغاندا ئادداس ئىسىملىك بىر قۇلنىڭ مۇسۇلمان بولغانلىق خۇشخەۋىرى پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامنىڭ پۈتكۈل ئازابلىرىنى ئونۇتتۇرغان ئىدى. تائىفتىن مەككە-مۇكەررەمگە قايتىپ كەلگىنىدە يىراق-يېقىندىن نۇرغۇن قەبىلىلەر جاھىلىيەت ھەججى ئۈچۈن كەلگەن ئىدى. پەيغەمبىرىمىز بۇ قەبىلىلەر تۇرۇۋاتقان يەرلەرگە بېرىپ، ئۇلارنى ئىسلامغا دەۋەت قىلاتتى. پەيغەمبەرلىككە شاھادەت ئېيتىشنى، ئاللاھ پەيغەمبىرىمىزگە تاپشۇرغان ۋەزىپىنى ئادا قىلىشتا پەيغەمبىرىمىزگە ياردەم قىلىشنى تەلەپ قىلاتتى.[18] ئۇلارغا:

«مەن ئاللاھنىڭ رەسۇلىمەن! سىلەرنىڭ يېنىڭلارغا كەلگىنىمدە رەببىمنىڭ ئەمرلىرىنى ئىنسانلارغا يەتكۈزۈپ بولغۇچە، ئەلچىلىك ۋەزىپەمنى ئادا قىلىپ بولغۇچە مېنى قوغدامسىلەر؟ سىلەرنى مەجبۇرلىمايمەن!»[19] دەپ ئىنسانلارنىڭ ھىدايەتكە ئېرىششى ئۈچۈن پۈتۈن كۈچى بىلەن تىرىشاتتى.

ھەزرىتى ئەلى رەزىيەللاھۇ ئەنھۇ:

---

17. ئىبنى ھىشام، 1-جىلد، 312-313؛ ھاكىم، 3-جىلد، 213؛ ئىبنى كەسىر: «ئەل-بىدايە»، 3-جىلد، 84.

18. ئىبنى سائاد، 1-جىلد، 216-217؛ ئەخمەد، 3-جىلد، 322، 492؛ ئىبنى كەسىر، 3-جىلد، 183-190..

19. ئىبنى ھىشام، 2-جىلد، 33-34؛ ئىبنى كەسىر: «ئەل-بىدايە»، 3-جىلد، 184.

«ئاللاھقا قەسەم قىلىمەنكى، ئاللاھنىڭ سەن ئارقىلىق بىر كىشىنى ھىدايەتكە باشلىشى (ئەڭ قىممەتلىك دۇنيا نېمىتى ھېسابلىنىدىغان) قىزىل تۆگىلەرگە ئىگە بولغىنىڭدىن (يەنى بارلىق دۇنيا نېمەتلىرىدىن) تېخىمۇ ياخشىدۇر.» دېگەن ئىدى. (بۇخارى: «ئەسھابۇن-نەبى»، 9)

ئەبۇ زەر، خالىد ئىبنى زەيد، ھۇبەيب ئىبنى يەساف ۋە رەيھانە بىنتى ئەمر قاتارلىق ئاللاھنىڭ بەندىلىرى ئىسلامغا كىرىپ راھەتلىگەن چاغدا پەيغەمبىرىمىزنىڭ چېھرىسىدە خۇشاللىق ۋە تەبەسسۇم جىلۋە قىلاتتى. ئادىي ئىبنى خاتىم رەزىيەللاھۇ ئەنھۇ پەيغەمبەر سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەمنىڭ خۇشاللىقىنى:

«مۇسۇلمان بولغان چېغىمدا رەسۇلۇللاھ سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەمنىڭ يۈزىدە پارلىغان بۈيۈك خۇشاللىقنى كۆردۈم.» دەپ ئىپادىلىگەن.[20]

رەسۇلۇللاھ سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەمنىڭ ئەشەددى دۈشمەنلىرى كەلىمە-شاھادەت ئېيتىپ مۇسۇلمان بولغان چاغدا پەيغەمبىرىمىز ئۇلارنى ئەپۇ قىلىپلا قالماستىن ساھابىلەرگە ئۇلارنىڭ ئۆتمۈشتىكى قىلمىشلىرىنى ئەسلىتىدىغان سۆز-ھەرىكەتتىن يىراق تۇرۇشنى تاپىلىغان ئىدى.[21] پەيغەمبىرىمىزنىڭ قىزى ھەزرىتى زەينەپنى تۆگىدىن تارتىپ چۈشۈرۈپ ئۆلۈشىگە سەۋەبچى بولغان ھەببار ئىبنى ئەسۋەد، سۆيۈملۈك تاغىسى ھەزرىتى ھەمزىنى شېھىد قىلغان ۋەھشى ۋە مۇسۇلمانلارغا كۆپ يىل زۇلۇم سالغان ئەبۇ جەھىلنىڭ ئوغلى ئىكرىمە رەزىيەللاھۇ ئەنھۇ قاتارلىقلار كەلىمە-شاھادەت ھۆرمىتى ئۈچۈن ئەپۇ قىلىنغانلار ئىچىدىكى پەقەت بىر قانچە كىشىدۇر، خالاس.

پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام گۈزەل مۇئامىلە قىلاتتى، ئالىجاناپ ئەخلاققا ئىگە ئىدى. ئادەتتە ماددى بىر غېمى، ئىنتىقام تۇيغۇسى ۋە شەخس بىلەن مۇناسىۋەتلىك بىرەر ئارزۇسى يوق ئىدى.

رەسۇلۇللاھنىڭ ھاياتىدا ھېچقاچان نەپسى ئۈچۈن ئىنتىقام ئېلىپ باقمىغانلىقىنى كۆرۈۋاتىمىز. بىر ھەدىستە مۇنداق دېيىلگەن:

20 ئەخمەد، 4-جىلد، 378

21. ۋاقىدى، 2-جىلد، 857-858

«مەن سىلەرنى ئەيىپ-نۇقسانلىرىڭلارنى يۇزۇڭلارغا سالماي، سۈكۈت قىلغاچ تەربىيىلەۋاتىمەن.»

پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام ساھابىلەر قىلىپ سالغان خاتا ئىشلارنى ئۇلارنىڭ يۈزىگە سالمايتتى. ئەكسىچە، «ماڭا نېمە بولغاندۇ؟! نېمىشقا سىلەرنى بۇنداق كۆرىدىغاندىمەن؟!» دەپ ئۆزىنى ئۆزى ئەيىپلەيتتى.

ھەزرىتى ئائىشە رەزىيەللاھۇ ئەنھا ئانىمىزنىڭ سۆزى بويىچە ئېيتقاندا، پەيغەمبىرىمىزگە بىرەيلەن ئۇ ياقتۇرمايدىغان سۆزنى يەتكۈزگەندە:

«پالانى كىشى نېمىشقا بۇنداق گەپ قىلىدىغاندۇ؟!» دېمەي، «بەزى كىشىلەر نېمىشقا مۇشۇنداق گەپ قىلىدىغان بولۇپ قالغاندۇ؟!» دەيتتى. (ئەبۇ داۋۇد: «ئەدەب»، 4788\5)

قارشى تەرەپكە نەسىھەت قىلغاندا، ئۇنىڭ كۆڭلىگە كېلىشى ياكى خاپا بولىشىدىن ئەنسىرەپ تىترەيدىغان شانى ئۇلۇغ پەيغەمبەر شەپقەت ئابىدىسى ئىدى.

بۇ ئالاھىدىلىكلەر ئۇنىڭ ھال ۋە ھەرىكەتلىرىدە مەلۇم بولغىنىدەك، گەپ-سۆزلىرىدىمۇ بىلىنىپ تۇراتتى. مانا بۇ ئۇنىڭ بىر خىتابى:

«ئى ئىمان ئېيتقانلار! ئاللاھ سىلەرنى خاتىرجەملىك ئىچىدە ياشاتقاي! سىلەرنى ئۆز پاناھىدا ساقلىغاي! سىلەرنى ئەسكى ئىشلاردىن يىراق قىلغاي! سىلەرگە ياردەم قىلغاي! سىلەرنى يۈكسەلدۈرگەي! سىلەرگە يول كۆرسەتكەي! ئۆز پاناھىدا ساقلىغاي! سىلەرنى ھەرخىل بالا-قازادىن ئامان قىلغاي ۋە دىنىڭلارنى سىلەر ئۈچۈن قوغدىغاي! ئامىين...»

ئالەملەرگە رەھمەت قىلىپ ئەۋەتىلگەن پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام ئاللاھنىڭ **«غەفۇر»** (مەغپىرەت قىلغۇچى) ۋە **«راھىم»** (رەھىم قىلغۇچى) ئىسىملىرىنىڭ تەجەللىسىگە شاھىت بولغاچ، ئىنكارچىلار ئۈچۈن كۆڭلى قاتتىق يېرىم ئىدى. ئۇلارنىڭ جەھەننەمگە كەتمەسلىكى ئۈچۈن دۇئا قىلاتتى. بۇنىڭغا جاۋابەن ئىلاھىي ئاگاھلاندۇرۇش كەلدى:

**«ئەگەر ئۇلار قۇرئانغا ئىمان ئېيتمىسا، ئەپسۇسلىنىپ، ئۇلارنىڭ** (ئىماندىن) **يۈز ئۆرۈگەنلىكىدىن ئۆزەڭنى ھالاك قىلىۋېتىشىڭ مۇمكىن.»** (كەھف سۈرىسى 6-ئايەت)

پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامنىڭ ئەخلاقىدىن كۆپ نېسۋە ئالغان ھەزرىتى ئەبۇبەكىر رەزىيەللاھۇ ئەنھۇ مۇنداق دەپ دۇئا قىلغان:

«يا رەببىم! قىيامەت كۈنى مېنىڭ بەدىنىمنى شۇنچىلىك چوڭايتقىنكى، جەھەننەمدە مەندىن باشقىلارغا يەر قالمىسۇن!»

پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامنىڭ گۈلدەك خۇشپۇراق سۆھبەتلىرىگە قاتناشقان ساھابىلەر ئۇنىڭدىن ئۆگەنگەن ئىلىم-مەرىپەت، گۈزەل ئەخلاق ۋە مەنىۋى ھاياتنى ئۆزۈن مۇساپىلەرنى بېسىپ، پۈتۈن جاھانغا تارقاتقان. ئۇلارنىڭ بۇنداق قىلىشىدىكى سەۋەب «ياراتقۇچىغا بولغان سۆيگۈ-مۇھەببەت تۈپەيلى، يارىتىلغۇچىلارنى ياخشى كۆرۈش» ئىدىيىسىنىڭ تىپىك بىر مىسالىدىن ئىبارەتتۇر.

ھەممە كىشى ئۇنىڭ ئالىجاناپلىقى ۋە مەرتلىكىدىن ئۆزىگە چۈشلۇق نېسۋە ئالغان ئىدى. ئۇنىڭ ياخشىلىق ۋە سۆيگۈسى گويا ئېتىز-ئېرىقلارنى سۇغا توشقۇزغان بىر دەريا كەبى ئىدى. ئۇنىڭ يېنىدىن ھېچكىم ئاچ، سۇسىز ۋە قۇرۇق قول ئايرىلمىغان ئىدى.

## رەھمەت پەيغەمبىرىنىڭ ۋاپاسى

قىلغان سۆزىدە چىڭ تۇرۇش پەيغەمبەرلەرگە، ۋەلىلەرگە ۋە پەزىلەتلىك كىشىلەرگە ئائىت سۈپەتلەر جۈملىسىدىن بولۇپ، مۇناپىقلىق ئالامەتلىرىدىن قۇتۇلۇشنىڭ سەۋەبلىرىدىندۇر. ھايات بۇنىڭ بىلەن تەرتىپ-ئىنتىزام ئىچىدە مەنزىلىگە يېتىدۇ. ئۇ ئىنسانلىقنىڭ ئۆلچىمى، شەخس ۋە جەمئىيەتتە پەزىلەتنىڭ ئىپادىسىدۇر. ئىنسانلار بۇنىڭغا رىئايە قىلسا، ۋىجدانى راھەتكە ئېرىشىدۇ.

بۇ جەھەتتە، پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام ۋاپادارلىقنىڭ چوققىسىدا تۇرۇپ، ئىنسانىيەتكە نەمۇنە بولغان ئىدى.

پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام ئالتە ياشقا كىرگەن چېغىدا ئانىسى بىلەن بىرلىكتە مەدىنىگە دادىسىنىڭ قەبرىسىنى زىيارەت قىلغىلى بارغان ئىدى. قايتىپ كېلىدىغان چاغدا ئانىسى ئەبۋا دېگەن يەردە ۋاپات بولدى. ئانىسىدىن ئايرىلىپ يېتىم قالغان پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام ئانىسىنىڭ چۆرىسى ئۇممۇ ئەيمەن رەزىيەللاھۇ ئەنھا بىلەن بىللە مەككىگە قايتىپ كەلدى.

پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام ئۆمرى بويىچە ئۇممۇ ئەيمەننى يوقلاپ تۇرغان، ئۇنى «ئانا!» دەپ چاقىرىپ كۆڭلىنى ئالاتتى. ئۇممۇ ئەيمەن ھەققىدە: «ئانامدىن كېيىنكى ئانام! ئۇ مېنىڭ ئائىلەم ئىچىدىكى ھايات قالغان بىردىنبىر كىشى» دەپ ئىلتىپات كۆرسىتىپ، ھۆرمەت قىلاتتى. (ئىبنى ئەسىر: «ئۇسدۇل غابە»، 7-جىلد، 303-304)

چوڭ دادىسى ۋاپات بولغاندىن كېيىن، پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامنى تاغىسى ئەبۇ تالىپ ھىمايىسىگە ئالدى. ئەبۇ تالىپنىڭ ئايالى فاتىمە ئەخلاقى پەزىلەتلىك، كۆڭلى يۇمشاق ياخشى ئايال بولۇپ، كېيىن ئىسلام بىلەن شەرەپلىنىپ مەدىنىگە ھىجرەت قىلغان ئىدى. پەيغەمبىرىمىز بۇ مۇبارەك ئايالغا ھۆرمەت، ۋاپا قىلىپ، پات-پات يوقلاپ تۇراتتى. (ئىبنى سائد، 8-جىلد، 222)

فاتىمە خاتۇن ۋاپات بولغاندا پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام كۆزلىرىدىن تارام-تارام ياشلار ئاققان ھالدا: «بۈگۈن مېنىڭ ئانام ۋاپات بولدى!» دەپ ئۆزىنىڭ كۆڭلىكىنى ئۇنىڭغا كېپەن قىلىپ، مېيىت نامىزىنى ئوقۇپ، قەبرىسى ئىچىدە بىر دەم تۇرغان ئىدى. بۇنىڭ سەۋەبىنى سورىغۇچىلارغا:

«ئەبۇ تالىپتىن كېيىن ماڭا بۇ ئايالدەك ياخشىلىق قىلغان باشقا كىشى يوق. ئاخىرەتتە جەننەت كىيىمى كىيىشى ئۈچۈن ئۇنىڭغا كۆڭلىكىمنى كېپەن قىلىپ بەردىم. قەبرە بىر ئاز ئىسسىسۇن دەپ ئۇ يەردە بىردەم ياتتىم.» دېگەن ئىدى.

پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامنىڭ قايغۇرغانلىقىغا ھەيران بولغۇچىلارغا:

«ئۇ مېنىڭ ئانامدىن كېيىنكى ئانام ئىدى. ئۆزىنىڭ بالىلىرى قورسىقى ئاچ ھالدا تۇرسىمۇ، ئۇلارغا قارىماستىن ئاۋۋال مېنىڭ قورسىقىمنى تويغۇزاتتى، چېچىمنى تاراپ قوياتتى، گۈل يېغى سۈركەپ قوياتتى. ئۇ مېنىڭ ئانام ئىدى!» دېگەندىن كېيىن، ئۇنىڭغا مۇنداق دەپ دۇئا قىلغان ئىدى:

«ئاللاھ سېنى مەغپىرەت قىلسۇن ۋە ياخشى مۇكاپاتلارنى بەرسۇن! ئاللاھ ساڭا رەھمەت قىلسۇن، جېنىم ئانا! سەن ماڭا ئانامدىن كېيىن ئانا بولدۇڭ! ئۆزەڭ يېمەي ماڭا يېگۈزدۈڭ. ئۆزەڭ كىيمەي ماڭا كىيگۈزدۈڭ. ئەڭ لەززەتلىك نېمەتلەرنى ماڭا بېرىپ، ئۆزەڭنى ئۇنىڭدىن مەھرۇم قىلدىڭ. بۇلارنى پەقەت ئاللاھ رىزاسى ئۈچۈن، ئاخىرەتنى ئويلاپ قىلغان ئىدىڭ! ...» (ھاكىم، 3-جىلد، 116-117؛ ھەيسەمى، 9-جىلد، 256-257؛ يەئقۇبى، 2-جىلد، 14)

ھىجرەت قىلىشتىن ئىلگىرى دۈشمەنلىرى ئۇنى قانداق ئۆلتۈرۈشنى پىلانلاپ تۇرغاندا، ئۇ ئۆزىگە ئامانەت قويۇلغان نەرسىلەرنى ئىگىسىگە قانداق قايتۇرۇپ بېرىشنىڭ غېمىدە ئىدى. (ئىبنى ھىشام، 2-جىلد، 95-98)

ھەزرىتى ئائىشە رەزىيەللاھۇ ئەنھا مۇنداق دەيدۇ:

«بىر قېتىم پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامنى زىيارەت قىلىش ئۈچۈن بىر موماي كەلدى. پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام بۇ موماي بىلەن سەممىي ۋە قىزغىن سۆھبەتلەشتى. موماي كەتكەندىن كېيىن:

- ئى رەسۇلەللاھ! بۇ مومايغا بەكلا قىزغىن مۇئامىلە قىلىپ كەتتىڭىز. بۇ زادى كىمدۇ دەپ ھەيران قالدىم. - دېدىم. ئۇ مۇنداق دېدى:

- خەدىچە رەزىيەللاھۇ ئەنھا ھايات چاغدا ئۆيىمىزگە كېلىپ-كېتىپ تۇراتتى. بىلگىنكى، «ۋاپادارلىق ئىمان جۈملىسىدىندۇر.» (ھاكىم، 1-جىلد، 62\40؛ بۇخارى، «ئەدەپ»، 23)

ھەزرىتى ئائىشە ئانىمىز رەسۇلۇللاھ سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەمنىڭ خەدىچە رەزىيەللاھۇ ئەنھاغا قىلغان ۋاپادارلىقىنى تەسۋىرلەپ مۇنداق دېگەن ئىدى:

«پەيغەمبىرىمىزنىڭ ئاياللىرى ئىچىدە ھېچكىمگە ھەزرىتى خەدىچىگە ھەۋەس قىلغاندەك ھەۋەس قىلىپ باقمىدىم، گەرچە ئۇنى ئۆمرۈمدە كۆرۈپ باقمىغان بولساممۇ. لېكىن پەيغەمبەر سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم ئۇنى داۋاملىق ئەسلەيتتى. بىر قوي ئۆلتۈرۈپ گۆشىنى پارچىلىغاندا كۆپ ۋاقىتلاردا خەدىچىنىڭ دوستلىرىغا ئەۋەتىپ بېرەتتى. مەن بەزىدە بەرداشلىق بېرەلمەي پەيغەمبىرىمىزگە:

«خۇددى دۇنيادا باشقا ئايال قالمىغاندەكلا بوپ كەتتىڭغۇ! ...» دېسەم، پەيغەمبىرىمىز:

«خەدىچە مۇنداق، مۇنداق دەيتتى ...» دەپ يەنە ئۇنى ماختاپ: «باللىرىم ئۇنىڭدىن تۇغۇلدى» دەيتتى. (بۇخارى: «مەناقىبۇل-ئەنسار»، 20؛ مۇسلىم: «فەدائىلۇس-ساھابە»، 74-76)

رەسۇلۇللاھ سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم ئوھود كۈنى شېھىدلەرنى دەپنە قىلغاندا ئامر ئىبنى جەمۇھ بىلەن ئابدۇللاھ ئىبنى ئامر ئىبنى ھارران رەزىيەللاھۇ ئەنھۇما ھەققىدە:

«ئۇلار دۇنيادا بىر سەپتە مۆرىنى-مۆرىگە تىرەپ بىللە تۇراتتى. بەك يېقىن دوست ئىدى. دۇنيادا بىر-بىرىنى ياخشى كۆرگەن بۇ ئىككى دوستنى بىر قەبرىگە دەپنە قىلايلى.» دەپ ۋاپادارلىقنىڭ يەنە بىر مىسالىنى كۆرسەتتى. (ئىبنى ھىشام، 3-جىلد، 49؛ ئىبنى سائاد، 3-جىلد، 562)

مەسجىدى نەبەۋىدە تازىلىق قىلىدىغان بىر نېگىر بار ئىدى. رەسۇلۇللاھ سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم ئۇنى بىر مەزگىل كۆرمىدى. بىر كۈنى ساھابىلەردىن ئۇنىڭ نەدە ئىكەنلىكىنى سورىدى. ۋاپات بولغانلىقىنى ئېيتىشتى. بۇنىڭ بىلەن پەيغەمبىرىمىز:

«ماڭا نېمىشقا خەۋەر قىلمىدىڭلار؟» دېدى. ئاندىن: «ماڭا ئۇنىڭ قەبرىسىنى كۆرسىتىپ قويۇڭلار!» دېدى. قەبرىسىگە بېرىپ مېيىت نامىزى ئوقۇدى، ئۇنىڭغا دۇئا قىلدى. (بۇخارى: «جەنائىز»، 67)

مۇھەممەد ئىبنى مەسلەمە رەزىيەللاھۇ ئەنھۇ مۇنداق دەيدۇ:

«بىر كۈنى رەسۇلۇللاھ سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەمنىڭ يېنىدا ئىدىم. پەيغەمبىرىمىز ھەسسان ئىبنى سابىتكە:

- ئەي ھەسسان! بىزگە جاھىلىيەت شېئىرلىرى ئىچىدىن ئاللاھ ئوقۇشقا رۇخسەت قىلغىنىدىن بىرنى ئوقۇپ بېرەمسەن؟ - دېدى. ھەسسان بىزگە ئائىشەنىڭ ئەلقامە ئىبنى ئۇلاسەنى ھەجۋى قىلىپ يازغان بىر شېئىرىنى ئوقۇشقا باشلىدى. رەسۇلۇللاھ سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم ئۇنىڭغا:

- ئەي ھەسسان! بۇ شېئىرنى مېنىڭ يېنىمدا، باشقىلارنىڭ ئالدىدا ئىككىنچى ئوقۇپ سالما! – دېدى. ھەسسان:

- ئەي رەسۇلۇللاھ! سەن مېنى قەيسەرنىڭ يېنىدا تۇرغان بىر مۇشرىكنى ھەجۋى قىلىشتىن مەنئى قىلىۋاتامسەن؟ - دەپ ھەيران بولۇپ سورىدى. رەسۇلۇللاھ سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم:

- ئەي ھەسسان! ئىنسانلارغا ئەڭ كۆپ تەشەككۈر ئېيتقان كىشى، ئاللاھقىمۇ ئەڭ كۆپ شۈكۈر قىلغۇچى بولۇپ ھېسابلىنىدۇ. قەيسەر ئەبۇ سوفياندىن مېنى سورىدى. ئۇ مەن توغرىلىق ياخشى گەپ قىلىشنى خالىمىدى. ئەلقامەدىن سورىغاندا، ئۇ مەن توغرىلىق ياخشى گەپلەرنى قىلدى. – دېدى.»

رەسۇلۇللاھ سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم مۇشۇنداق ۋاپادارلىق قىلىش بىلەن ئەلقامەگە بولغان تەشەككۈرىنى ئىپادىلىدى. (ئەلى ئەل-مۇتتەقى، 3-جىلد، 738-8621\739)

ھۇنەين ۋەقەسىدىن كېيىن، پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامغا بىر ھەيئەت كېلىپ مۇسۇلمان بولدى ۋە ئەسىرلەرنى ئازات قىلىشنى تەلەپ قىلدى. ئۇلاردىن بىرەيلەن:

- ئەي مۇھەممەد! بىزدە سېنىڭ سۈت ئاناڭ (ئېنىكئاناڭ) ۋە ئېمىلداش تۇققانلىرىڭ بار. - دېدى.

پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام بۈيۈك بىر ۋاپادارلىق بىلەن:

- ماڭا ۋە ئابدۇلمۇتتەلىب ئوغۇللىرىغا ئائىت ئەسىرلەرنى ئازات قىلدىم، ئۇلار ھۆردۇر. - دېدى.

رەسۇلۇللاھ سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم ساھابىلىرىگە:

- ئەسىرلەرنى بەدەلسىز ھالەتتە ئۆز ئىختىيارى بويىچە ئازات قىلىپ، قېرىنداشلىرىنى خۇرسەن قىلىشنى خالايدىغانلار بولسا، شۇنداق قىلسۇن! ئۆزىگە تەقسىم قىلىنغاننى بەدەلسىز بېرىشنى خالىمايدىغانلار بولسا، بۇنىڭ بەدىلىنى يېقىندا ئاللاھ بىزگە نېسىپ قىلىدىغان تونجى غەنىمەتتىن تۆلەپ بېرىمىز. خالىغانلار مۇشۇنداق قىلسۇن! ــ دەپ ئۆتۈندى. پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامنىڭ ۋاپادارلىقنى كۆرگەن مۇھاجىر ۋە ئەنسارلارمۇ مەرتلىك بىلەن:

- بىزمۇ ئەسىرلىرىمىزنى پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامغا ھەدىيە قىلىۋەتتۇق.- دېيىشتى. (بۇخارى: «مەغازى»، 54؛ ئىبنى ھىشام، 4-جىلد، 134-135)

شۇنداق قىلىپ، ئۇ كۈنى مىڭلارچە ئەسىر ھېچقانداق بەدەل ئېلىنماي، ھەۋازىنگە قايتۇرۇپ بېرىلدى. بۇ پەيغەمبىرىمىزنىڭ ئەمگەن سۈتىنىڭ ھەققى، ھۆرمىتى ئۈچۈن كۆرسەتكەن ۋاپادارلىقى ئىدى. بۇ زالىم بىر قەۋم ئۈچۈن نەقەدەر گۈزەل بىر ئەخلاق دەرسى-ھە! ھالبۇكى، ئىنسان ئىزى ئۆچۈپ كەتكەن ياخشىلىقنى ئۇنتۇپ قالىدۇ. كۆپ ھاللاردا «**ۋاپا**» لۇغەتلەردە بىر سۆز پېتى قالىدۇ. رەسۇلۇللاھ سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەمنىڭ بۇ خىل مۇئامىلىسى زالىم بىر مىللەت ئۈچۈن پەزىلەت دەرسى بولغان ئىدى.

ئابدۇللاھ ئىبنى ئۇبەي مۇناپىقلارنىڭ رەئىسى ئىدى. ئوھۇد كۈنى ئۆزىنىڭ ئەگەشكۈچىلىرى بىلەن بىللە يېرىم يولدا ئارقىغا يېنىپ، ئەڭ قىيىنچىلىق پەيتىدە رەسۇلۇللاھ سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەمگە ئاسىيلىق قىلغان ئىدى. ئۇنىڭ يەنە تېخىمۇ كۆپ ھادىسىلەردە پەيغەمبىرىمىز ۋە مۆمىنلەرگە قارشى خائىنلىق قىلغانلىق قىلمىشلىرى بار ئىدى.

ھېكمەتى ئىلاھى شۇنداق. بۇ مۇناپىق كاتتىۋاشىنىڭ ئوغلى بولسا دادىسىنىڭ ئەكسىچە سەممىي بىر مۆمىن ئىدى. ئابدۇللاھ ئىبنى ئۇبەي ئۆلگەندە ئوغلى ئابدۇللاھ دادىسىنىڭ ۋەسىيىتى بويىچە رەسۇلۇللاھنىڭ يېنىغا كېلىپ:

- ئەي رەسۇلۇللاھ! ئابدۇللاھ ئىبنى ئۇبەي ئۆلدى. كۆڭلىكىڭنى بەرگىن، ئۇنىڭغا كېپەن قىلاي. مېيىت نامىزىنى سەن ئوقۇپ، ئىستىغپار ئېيتساڭ. ــ دېدى.

پەيغەمبەر سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم ئۆزى ياخشى كۆرىدىغان بۇ ساھابىنىڭ دېگىنىنى قىلدى. گەرچە مۇناپىق ئابدۇللاھ ئىبنى ئۇبەي پەيغەمبىرىمىزنىڭ پاك ئايالى ھەزرىتى ئائىشىگە تۆھمەت چاپلاش ھادىسىسىدە رول ئوينىغان بولسىمۇ، ئەمما پەيغەمبىرىمىز ئۇنىڭغا كېپەن قىلىش ئۈچۈن كۆڭلىكىنى بەردى. مېيىت يۇيۇپ تارانغاندىن كېيىن پەيغەمبىرىمىز ئىمام بولۇپ مېيىت نامىزىنى ئوقىدى. (تەبەرى، 10-جىلد، 261؛ بۇخارى: «جەنائىز»، 23؛ ئىبنى ماجە: «جەنائىز»، 31)

ئەجىبا دۇنيادا بۇنىڭدىنمۇ بەكرەك ئىنسانلىق، ياخشىلىق ۋە ۋاپادارلىق مىسالى كۆرۈلگەنمىدۇ؟

بەزى رىۋايەتلەردە پەيغەمبىرىمىزنىڭ بۇ مۇناپىققا كېپەنلىك ئۈچۈن كۆڭلىكنى بەرگەنلىكىنىڭ سەۋەبى مۇنداق چۈشەندۈرۈلگەن:

ھەزرىتى ئاباباس رەزىيەللاھۇ ئەنھۇ بەدرىدە ئەسىرگە چۈشكەندە ئۇستىدە كۆڭلىكى يوق ئىدى. رەسۇلۇللاھ سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم ئۇنىڭغا كېيدۈرۈش ئۈچۈن بىر كۆڭلەك ئىستىدى. ئابدۇللاھ ئىبنى ئۇبەينىڭ كۆڭلىكىدىن باشقا كۆڭلەك ئۇنىڭغا دەل كەلمىدى.

ئابدۇللاھ ئىبنى ئۇبەي ئۇ كۈنى ھەزرىتى ئاباباسقا كېيدۈرۈش ئۈچۈن كۆڭلىكىنى بەرگەچكە رەسۇلۇللاھ سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم تاغىسىغا قىلىنغان بۇ ياخشىلىقنى ئۇنتۇپ قالماي، كۆڭلىكىنى ئابدۇللاھ ئىبنى ئۇبەيگە كېپەنلىككە

بەردى. (بۇخارى: «جەنائىز»، 23، 78؛ «جىھاد»، 142؛ «لىباس»، 8؛ مۇسلىم: «مۇنافىقىين»، 2؛، نەسائى: «جەنائىز»، 40\1900؛ ئىبنى كەسىر: «تەپسىر»، 2-جىلد، [تەۋبە، 84])

پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام ۋاپات بولۇشتىن ئىلگىرى كېسىلى ئېغىرلىشىپ قالغان بىر پەيتتە، ساھابىلەر بىلەن كۆرۈشۈش ئۈچۈن مەسجىدكە بېرىپ مۇنبەرگە چىققاندا مۇنداق دېگەن:

«ئەي ئىنسانلار! ئەنسارلارغا ياخشى مۇئامىلە قىلىڭلار. چۈنكى ئىنسانلار كۆپىيىۋاتىدۇ. ئەمما ئۇلار ئۆز پېتى تۇرىۋاتىدۇ. ئۇلار قەدىرلىكتۇر. چۈنكى ئۇلار ماڭا پاناھ بولغان ئىدى. ياخشىلىق قىلغانلارغا ياخشىلىق بىلەن جاۋاب قايتۇرۇڭلار. يامانلىق قىلغانلارنى ئەپۇ قىلىڭلار.»

پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامنىڭ ئەنسارلارنىڭ ياخشىلىقىغا قايتۇرغان ۋاپاسى بىز ئۈچۈن گۈزەل ئۆرنەكتۇر. ئۇنىڭ ھاياتىدا ۋاپادارلىقىغا ئائىت مىساللار ناھايىتى كۆپ.

پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامنىڭ تەڭداشسىز ئەخلاقى ساھابىلەرگىمۇ ئۇلارنىڭ قابىلىيىتى ۋە مۇھەببەت دەرىجىسىگە يارىشا تەسىر قىلغان ئىدى. ھەزرىتى ئوسمان رەزىيەللاھۇ ئەنھۇ ھۇدەيبىيەدە پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامغا ۋاكالىتەن ئەلچى بولۇپ، مەككىگە ئەۋەتىلگەن ئىدى.

ساھابىلەر:

- ئەي رەسۇلۇللاھ! ئوسمان مەككىگە كىرىپ بەيتۇللاھنى تاۋاپ قىلدى. ئۇ نېمىدېگەن بەختلىك-ھە! ــ دېيىشتى. رەسۇلۇللاھ سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم:

- بىز تاۋاپتىن مەھرۇم قىلىنىپ بۇ يەردە ئولتۇرغاندا ئوسماننىڭ بەيتۇللاھنى يالغۇز تاۋاپ قىلىدىغانلىقىغا ئىشەنمەيمەن. ــ دېدى. ساھابىلەر:

- ئەي رەسۇلۇللاھ! ئوسمان بەيتۇللاھقا بارغاندا قۇرەيشلەر ئۇنىڭغا تۇسالغۇ بولمايدۇ. ــ دېيىشتى. رەسۇلۇللاھ سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم:

- مېنىڭ بۇ جەھەتتىكى پەرىزىمگە قارىغاندا، بىز بەيتۇللاھنى تاۋاپ قىلماي تۇرۇپ، ئوسمانمۇ ئۇنى تاۋاپ قىلمايدۇ. ــ دېدى. (ۋاقىدى، 2-جىلد، 601-602؛ ئەلى ئەل-مۇتتاقى، 10-جىلد، 483)

ھەزرىتى ئوسمان مۇشرىكلارغا رەسۇلۇللاھ بىلەن ساھابىلەرنىڭ ئۆمرە قىلىپ قايتىش نىيىتىدە كەلگەنلىكىنى ئېيتقاندا، مۇشرىكلار پەقەت ھەزرىتى ئوسماننىڭلا كەبىنى تاۋاپ قىلىشىغا رۇخسەت قىلدى. ئەمما ئوسمان رەزىيەللاھۇ ئەنھۇ:

**- ئاللاھ رەسۇلى تاۋاپ قىلمىغۇچە، مەنمۇ تاۋاپ قىلالمايمەن! مەن بەيتۇللاھنى پەقەت رەسۇلۇللاھنىڭ ئارقىسىدا تۇرۇپ تاۋاپ قىلىمەن! -** دەپ پەيغەمبىرىمىزگە بولغان ساداقىتىنى ئىپادىلەپ مۇشرىكلارنىڭ تەكلىۋىنى رەت قىلدى. (ئەخمەد، 4-جىلد، 324)

بۇ چاغدا پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام ھۇدەيبىيەدە ساھابىلەرنىڭ بەيئىتىنى قوبۇل قىلىۋاتاتتى. ئوسمان نەق مەيداندا بولمىغانلىقى ئۈچۈن پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام ئۇنىڭ ئورنىغا ئىككى قولىنى بىرىنىڭ ئۈستىگە بىرىنى قويۇپ:

**«ئاللاھىم، بۇ بەيئەت ئوسمان ئۈچۈندۇر. شۈبھىسىزكى، ئۇ سېنىڭ ۋە رەسۇلىڭنىڭ خىزمىتىنى قىلىۋاتىدۇ.»** دېدى.

ھەزرىتى ئوسمان مەككىدىن قايتىپ كەلگەندە مۇسۇلمانلار:

- ئەي ئەبۇ ئابدۇللاھ (ئابدۇللاھنىڭ دادىسى)! ھەقاچان بەيتۇللاھنى تاۋاپ قىلىپ كۆڭلۈڭ خۇشال بولغاندۇ؟ - دېيىشتى. ھەزرىتى ئوسمان رەزىيەللاھۇ ئەنھۇ:

- سىلەر مەن توغرىلىق يامان گۇمان قىلىپ كېتىپسىلەر. مېنى ياراتقۇچى ئاللاھقا قەسەم قىلىمەنكى، مەككىدە بىر يىل تۇرسام ۋە رەسۇلۇللاھ سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم ھۇدەيبىيەدە تۇرسا ئىدى، رەسۇلۇللاھ كەبىنى تاۋاپ قىلمىغۇچە، مەنمۇ تاۋاپ قىلمىغان بولاتتىم! گەرچە قۇرەيشلەر بەيتۇللاھنى تاۋاپ قىلىشىمنى ئىختىيارىمغا قويۇپ بەرگەن بولسىمۇ، لېكىن مەن تاۋاپ قىلمىدىم. - دېدى. بۇنى ئاڭلىغان مۇسۇلمانلار:

- ۋەللاھى، رەسۇلۇللاھ سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم بىزدىن تېخىمۇ ياخشى بىلىدۇ. (ئۇ سېنىڭ مۇشۇنداق قىلىدىغانلىقىڭنى ئىلگىرى بىزگە ئېيتقان ئىدى) - دېيىشتى. (بەيھاقى: «دەلائىلۇن-نەبۇۋۋە»، 4-جىلد، 134-135؛ ئەلى ئەل-مۇتتەقى، 10-جىلد، 483)

قىسقىسى، قانچىلىك دەرىجىدە ھەقىقى مۆمىن بولۇشىمىز پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامنى قانچىلىك دەرىجىدە تەقلىد قىلالىشىمىزغا باغلىقتۇر.

پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامنىڭ نۇرغۇن مۆجىزىلىرى بار ئىدى. بۇنىڭ بىلەن بىرلىكتە ئىنساننىڭ ئۆزىگە خاس خاراكتېرىنى، مەدەنىيەت، گۈزەللىك، ئەخلاق ۋە شان-شەرەپ خۇسۇسىيىتىنى ئۆز ئىچىگە ئالغان بىر گەۋدە سۈپىتىدە بىنا قىلغان. بۇلار مەدەنىيەت ۋە ساپانىڭ يۈكسەك دەرىجىدە كۈچلىنىشىگە سەۋەب بولىدىغان گۈزەل سۆزلەر، سىلىق-سىپايە مۇئامىلە ۋە ئۆرنەك ھەرىكەتلەر بولۇپ، بۇلارنىڭ ھەممىسى مۇھەممەد سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەمنىڭ ئۆرنەك مۇئامىلىسى، سۆز-ھەرىكىتى ئارقىلىق ئەمەلگە ئاشقان.

پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامنىڭ تەلىم-تەربىيىسى بىلەن ئىنسانلارنىڭ خاراكتېرىدە ئەمەلگە ئاشقان بۇ پەۋقۇلئاددە ئىنقىلاپ مىسلىسىز بىر مۆجىزىدۇر.

ئۇنىڭ پەقەت ئەرەب يېرىم ئارىلى بىلەنلا چەكلىنىپ قالماي، زامان ۋە ماكاندىكى بارلىق چېگرىلاردىن ھالقىپ ئۆتكەنلىكىنى كۆرۈۋاتىمىز. كۆز قارىشى ۋە ھىس-تۇيغۇسى ماددى مۇكەممەللىكنىڭ ئالدىدا ماڭماقتا. بارلىق مۇكەممەللىكنى، مۇۋەپپىقىيەتلەرنى ۋە ئىنسانلىق تارىخىنى ئۆز ئىچىگە ئالغان ھالدا يۈز يىللارنى ھەتتا مىڭ يىلنى ئاشماقتا.

ھاياتىدا قارىمۇ-قارشى قۇتۇبلار ئارىسىدا قۇرغان تەڭپۇڭلۇقتىمۇ كىچىككىنە نوقسان ۋە يېتەرسىزلىكنى كۆرگىلى بولمايدۇ. تارىختا مۇشۇنىڭغا ئوخشايدىغان ئىككىنچى بىر شەخسنى تېپىش مۇمكىن ئەمەس.

تارىختا ھاياتىدىكى مەلۇم مەزگىللەردە ماھارەت ۋە ئۈستۈنلىكى بىلەن داڭق چىقارغان قەھرىمانلار ئۆتكەن. ئەمما پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام بولسا، بارلىق ئۈستۈنلۈكلەر بىر ئادەمدە توپلانغان يېگانە ئۆرنەكتۇر.

ئۈممىتىگە ھەر جەھەتتىن تەڭداشسىز نەمۇنە بولغان پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام بايان قىلغان ئۇشبۇ ھايات دەستۇرى گۈزەل ئەخلاقنىڭ نامايەندىسىدۇر. مۇھەددىسلار ئۇنىڭ يۈكسەك ئەخلاقىنى مۇنداق يىغىنچاقلىغان:

1. ئاللاھتىن يوشۇرۇن ۋە ئاشكارا ھالەتتە قورقاتتى.
2. خۇشال بولغان ۋە غەزەپلەنگەن چاغلىرىدا ئادالەتتىن ئايرىلمايتتى.

3. باي بولغاندا ئىسراپ قىلمايتتى، كەمبەغەللەشكەندە پىخسىقلىق قىلمايتتى، ھەر ئىككى خىل ئەھۋالدا نورمال ئىدى.

4. توققانلار مۇناسىۋەتنى ئۈزگەن تەقدىردىمۇ، ئۆزى ئالاقىنى كەسمەيتتى.

5. ئۆزىنى مەھرۇم قىلغانلارغىمۇ ئېھسان قىلاتتى.

6. ئۆزىگە زۇلۇم قىلغۇچىغىمۇ ئەپۇ بىلەن ياخشى مۇئامىلە قىلاتتى.

7. سۈكۈت ئىچىدە تەپەككۇر قىلاتتى.

8. سۆزلىرى زىكىر (ئاللاھنى ئەسلەش) ئىدى.

9. كۆرگەنلىرىدىن ئىبرەت ئالاتتى. (ئىبراھىم جانان: «ھەدىس ئېنسىكلوپېدىيىسى»، 16-جىلد، 5838\252)

پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامنىڭ قىلىچىنىڭ ئۈستىگە ئۇشبۇ ئىبارىلەر يېزىغلىق ئىدى:

**«ساڭا زۇلۇم قىلغۇچىنى ئەپۇ قىل! سەن بىلەن كارى بولمىغان تۇققىنىڭغا ياردەم قىل! ساڭا ئەسكىلىك قىلغان كىشىگە ياخشىلىق قىل! مەنپەئەتىڭ ئۈچۈن زىيانلىق بولغان تەقدىردىمۇ راست گەپ قىل!»**

ھەزرىتى ھۇزەيفە رەزىيەللاھۇ ئەنھۇنىڭ رىۋايەت قىلىشىچە، پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام مۇنداق دېگەن:

«سىلەر‹ساڭا بېقىپ مەن، ئىشىككە بېقىپ دەم. ئۇلار ماڭا ياخشىلىق قىلسا، مەنمۇ ئۇلارغا ياخشىلىق قىلىمەن. ئەسكىلىك قىلسا، مەنمۇ ئەسكىلىك قىلىمەن› دەپ ھەممە ئىشتا باشقىلارغا تەقلىد قىلىدىغان تۇتامى يوق كىشىلەردىن بولماڭلار. سىلەر ئۆزەڭلارغا شۇنى دەستۇر قىلىڭلاركى، كىشىلەر سىلەرگە ياخشىلىق قىلسا، سىلەرمۇ ياخشىلىق قىلىڭلار. ئەگەر ئەسكىلىك قىلسا، ئۇلار بىلەن ئۇچراشماسلىققا تىرىشىڭلار.» (تىرمىزى: «بىرر»، 2007\63)

«قېرىندىشىڭ بىرەر پالاكەتكە يولۇقسا، كۈلمە! ئاللاھ ئۇنى قۇتقۇزۇپ، سېنى دۇچار قىلىشى مۇمكىن.» (تىرمىزى: «قىيامەت»، 2506\54)

پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامنىڭ ھاياتىنى تەتقىق قىلغانلار ئۇنىڭ ھەقىقەتەن بىر رەھمەت ۋە شەپقەت پەيغەمبىرى ئىكەنلىگى، ھېچكىمگە لەنەت قىلمىغانلىقى،

زالىم بىر قەۋم ئىچىدىن كۆپلىگەن ئېسىل شەخسلەرنى يېتىشتۈرۈپ چىققانلىقىنى كۆرەلەيدۇ.

پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام تائىفتا كوچىدىكى باللار ۋە قۇللارنىڭ تاش ئېتىشى، مەسخىرە قىلىشىغا ئۇچرىغان، ھەتتا ھېرىپ قېلىپ ئولتۇرغان يېرىدىن مەجبۇرى قوپۇرۇۋېتىلگەن بولسىمۇ، ئەمما ئۆزىگە يامانلىق قىلغۇچىلارغا پەقەت ھىدايەت تىلەپ دۇئا قىلغان.

مەككە فەتھى قىلىنغان كۈنى، ئون يىل ئىلگىرى زۇلۇم بىلەن چىقىرىۋېتىلگەن يۇرتىغا غەلىبە بىلەن قايتىپ كەلگەن چاغدا، ئىنتايىن كەمتەر ۋە مەرتلىكنى كۆرسىتىپ، كەبىنىڭ ئاچقۇچىنى تېخى مۆمىن بولمىغان ئوسمان ئىبنى تەلھادىن ئالمىغان ۋە:

«بۈگۈن ياخشىلىق قىلىدىغان ۋە ئەھدىگە ۋاپا قىلىدىغان كۈندۇر.» دېگەن.

بىر كىشىنى ۋەلىئەھدى قىلىپ تەيىنلىمەي ۋاپات بولغان ۋە:

«بىز پەيغەمبەرلەرنىڭ مىراسىنى تەقسىملەشكە بولمايدۇ. نېمە قالغان بولسا، ھەممىسى مۇسۇلمانلارغا سەدىقىدۇر.» دەپ ئائىلىسىگە ھېچقانداق مال-مۈلۈك مىراس قالدۇرمىغان يېگانە سۇلتان پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامدۇر.

ئۇنىڭ ئۈممىتىگە قالدۇرغان يېگانە ھەدىيە ۋە مىراسى ئەلۋەتتە «ئۇسۋەئى ھەسەنە» (گۈزەل ئۆرنەكلەر) دەپ ئاتالغان ئۆرنەك ھاياتىدۇر.

پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام بىر ھەدىستە، «ئۇسۋەئى ھەسەنە»نى خۇلاسە قىلىپ مۇنداق دېگەن:

«مەرىپەت (ئاللاھنى قەلبتە تونۇش) سەرمايەم، ئەقىل دىنىمىنىڭ ئەسلى، مۇھەببەت ئاساسىم، ئىرادە ۋە غەيرەت مىنىدىغان ئېتىم، ئاللاھنى زىكىر قىلىش يېقىن دوستۇم، ئىشەنچ خەزىنەم، ھەسرەت يولدىشىم، ئىلىم قورالىم، سەۋر كۆڭلىكىم، قانائەت غەنىمىتىم، پېقىرلىق ئىپتىخارىم، زۇھد كەسپىم، يېقىنلىق قۇۋۋىتىم، توغرىلىق شاپائەتچىم، ئاللاھقا ئىتائەت شەرىپىم، جىھاد يول ۋە مىتودىم، كۆزۈمنىڭ نۇرى بولسا نامازدۇر...»

✵

## رەھمەت پەيغەمبىرىنىڭ ئىنسانلارغا قىلغان مۇئامىلىسى

ئاللاھ رەسۇلى سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم پەقەت سۆزلىرىدىلا ئەمەس، بەلكى پۈتكۈل ئىش-ھەرىكىتىدە ئەگەشكۈچىلەر ئۈچۈن ئەڭ گۈزەل نەمۇنە ئىدى. ھاياتىدىكى ھەربىر باسقۇچ ئىنسانلار ئۈچۈن بىر ئۆرنەك ئىدى. ھەر بىر مەخلۇقاتنى چەكسىز ياخشى كۆرەتتى، ئەھلى ئىماننىڭ سىرتىدىكىلەرگىمۇ ياخشى مۇئامىلە، مېھرى-شەپقەت ۋە مەرتىلىكنى ئاياپ ئولتۇرمىغان ئىدى.

بىر كۈنى رەسۇلۇللاھ سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەمنىڭ ئالدىدىن بىر جىنازا ئۆتتى. بۇنى كۆرۈپ پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام ئورنىدىن تۇردى. ئۇنىڭغا:

-ئى رەسۇلۇللاھ! ئۇ بىر يەھۇدىنىڭ جىنازىسى.- دېيىلدى. رەسۇلۇللاھ ئەلەيھىسسالام:

-ئەجىبا ئۇ بىر ئىنسان ئەمەسمۇ؟! - دەپ جاۋاب بەردى. (بۇخارى: «جەنائىز»، 50؛ مۇسلىم: «جەنائىز»، 81)

يالا ئىبنى مۇررە رەزىيەللاھۇ ئەنھۇ مۇنداق دەيدۇ:

«نەبىيى ئەكرەم سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەمنىڭ يېنىدا كۆپ قېتىم سەپەرگە چىقتىم. رەسۇلۇللاھ سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم ھەر قانداق بىر ئىنساننىڭ ۋاپات بولغانلىقىنى كۆرگىنىدە دەرھال دەپنە قىلىشنى بۇيرۇيتتى. ئۆلگۈچىنىڭ مۇسۇلمان ياكى كاپىر ئىكەنلىكىنى سوراپ ئولتۇرمايتتى.» (ھاكىم، 1-جىلد، 526\1374)

چۈنكى ئۇ ئاللاھنىڭ پۈتۈن مەخلۇقاتىنى قۇچاقلىغان «راھمان» سۈپىتىنىڭ تەجەللىسى بولغان بىر ئىلاھىي رەھمەت ئىدى. ياراتقۇچىغا بولغان سۆيگۈسى سەۋەبىدىن يارىتىلغۇچىلارغا ھەر ۋاقىت مېھرى-شەپقەت كۆرسىتەتتى.

بىر كۈنى مۇشرىكلارنىڭ زۇلمىغا ئۇچرىغان ساھابىلەردىن بىر قىسمى پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامنىڭ يېنىغا كېلىپ، دۈشمەنلىرىنى لەنەتلەشنى تەلەپ قىلدى. پەيغەمبىرىمىز بۇنىڭغا جاۋابەن:

- مەن لەنەتلەش ئۈچۈن ئەمەس، بەلكى ئالەملەرگە رەھمەت قىلىپ ئەۋەتىلدىم. -دېدى. (مۇسلىم: «بىرر»، 87)

ئۇنىڭ ئەشەددىي دۈشمەنلىرىگە قىلغان دۇئاسى مۇنداق ئىدى: «ئاللاھىم ئۇلار ئۇقمايدۇ. سەن ئۇلارغا ھىدايەت نېسىپ قىل!»

شەپقەت پەيغەمبىرى بىر كۈنى ئۆزىنىڭ ئارقىسىدا تۇرۇپ ناماز ئوقۇۋاتقان بىر بەدەۋىنىڭ:

- ئەي رەببىم! مۇھەممەد بىلەن ماڭا رەھمەت قىل! باشقىلارغا رەھمەت قىلما! - دەپ دۇئا قىلىۋاتقانلىقىنى ئاڭلاپ قالدى. سالامدىن كېيىن:

- كەڭرىنى تارلاشتۇرماقچى بولىۋاتىسەن. - دەپ ئۇنى ئاگاھلاندۇردى.

پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام پەقەت يېنىدىكىلەر ۋە ياشاۋاتقان مۇھىتىنىڭلا ئادىمى ئەمەس ئىدى. ئۇ قەبىلىۋازلىق، گوروھۋازلىق ۋە تاش يۈرەكلىك ھۆكۈم سۈرگەن بىر مۇھىت بىلەن باشقا مۇھىتلارنى ئىسلام نۇرى بىلەن يوغۇرۇپ، پۈتكۈل ئىنسانلارنى مۇھەببەت، مېھرى-شەپقەت ۋە سائادەت قوچىقىدا بىرلەشتۈرىدىغان بىر نوقتا ئىدى ۋە بۇ نوقتىدا قازانغان مۇۋەپپەقىيەتلىرى ئىنسانىيەت تارىخىنىڭ كۆزلىرىنى قاماشتۇرغۇدەك ماھىيەتتە ئىدى.

ئۇ: «مېنى رەببىم تەربىيىلىدى، ئۇ نېمىدېگەن گۈزەل تەربىيىچى-ھە!» دېگەن ئىدى.

پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامنى ئاللاھ تەربىيىلىدى. پەيغەمبەر بولسا ئىنسانلارغا تەربىيىچى بولدى. بىر چاغلاردا قىز باللىرىنى تىرىك كۆمۈۋەتكەن نۇرغۇن تاش يۈرەكلەر ۋە قۇللىرىنى ئىنساندەك كۆرمىگەن نۇرغۇن زالىملار ئۇنىڭ مەرھەمەت قۇببىسى ئاستىدا ھىدايەتكە ئېرىشتى، ئۇلار ھىدايەتتىن كېيىن يۈكسەك ئەخلاقى پەزىلىتى بىلەن دۇنيادىكى ئەڭ ئېسىل ئىنسانلار قاتارىدىن ئورۇن ئالدى.

✵

پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام تەبىقە ئايرىماي ھەممە كىشىگە ئوخشاش ياردەم قىلىشقا غەيرەت قىلاتتى ۋە ياردەم قىلغاندىمۇ قارشى تەرەپنى رازى قىلغۇدەك دەرىجىدە قىلىشقا تىرىشاتتى. ئۇنىڭ بۇ خۇسۇسىيىتىنى تۆۋەندىكى ھادىسە ئەكس ئەتتۈرۈپ بېرىدۇ:

بىر كۈنى ئۇنىڭ يېنىغا بىر بەدەۋى كېلىپ ياردەم تەلەپ قىلدى. ئۇ مۇشۇ پەيتتە قولىدا بار ھەممە نەرسىنى بەرگەندىن كېيىن:

-بۇنچىلىك بەرسەم خوش بولامسەن؟ - دەپ سورىدى. كۆزى ئاچ بەدەۋى:

-ياق! ئېھسان قىلمىدىڭ! (كۆپ بەرمىدىڭ!) - دېدى.

بۇنى ئاڭلىغان بەزى ساھابىلەرنىڭ ئاچچىغى كەلدى ۋە بەدەۋىنى ئەدەبلەپ قويماقچى بولدى. پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام ئۇلارنى بەدەۋىگە چېقىلماسلىق توغرىسىدا ئاگاھلاندۇرغاندىن كېيىن بەدەۋىنى باشلاپ ئۆيىگە ئېلىپ باردى. بەدەۋىگە ئۆيىدىن بىرمۇنچە نەرسىلەرنى بېرىپ:

-ئەمدى خوش بولدۇڭمۇ؟ - دەپ سورىدى. بەدەۋى خوشال بولۇپ:

-شۇنداق! خوش بولدۇم. ئاللاھ ساڭا ئائىلەم ۋە يېقىنلىرىم ھېسابى بىلەن مول ياخشىلىق بەرگەي! - دېدى.

ئۇنى خوش قىلغان پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام بەدەۋى بىلەن ساھابىلەر ئوتتۇرىسىدىكى سوغۇقچىلىقنى تۈگىتىش ئۈچۈن:

- سەن دەسلەپتە بەرگەنلىرىمىزدىن رازى بولمىغانلىقىڭنى ئېيتقان ئىدىڭ. بۇنىڭ بىلەن بەلكىم بەزى دوستلىرىم سەندىن ئاغرىنغان بولىشى مۇمكىن. ئۇلارنىڭ يېنىغا بارغان چېغىمىزدا باياتتىن ماڭا ئېيتقان سۆزۈڭنى ئۇلارنىڭ ئالدىدا بىر قېتىم ئېيتقىنكى، ئۇلار سېنى توغرا چۈشەنسۇن ۋە سەندىن ئاغرىنمىسۇن! -دېدى.

ساھابىلەرنىڭ يېنىغا كەلگەن چاغدا، بەدەۋى پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامغا قاراپ:

-ئاللاھ، ئائىلەم ۋە يېقىنلىرىم نامىغا ساڭا مول ياخشىلىق ئاتا قىلغاي! -دەپ دۇئا قىلدى.

بەدەۋى كەتكەندىن كېيىن پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام ساھابىلىرىگە:

- مەن بىلەن بەدەۋىنىڭ ئەھۋالى تۆگىسىنى يۈتتۈرۈپ قويغان بىر ئادەمنىڭ ئەھۋالىغا ئوخشايدۇ. ئادەمنىڭ تۆگىسى قاچىدۇ. كىشىلەر تۆگىنى تۇتماقچى بولۇپ كەينىدىن قوغلاپ ماڭىدۇ. تۆگە ئۈركۈپ تېخىمۇ قاچىدۇ. بۇ چاغدا تۆگىنىڭ ئىگىسى كىشىلەرگە: «تۆگەم بىلەن مېنىڭ ئارامىغا كىرمەڭلار. ئۇ ماڭا كۆنۈك. مەن ئۇنىڭ خۇيىنى سىلەردىن ئوبدان بىلىمەن.» دەپ يالغۇز ھالدا تۆگىنىڭ ئارقىسىدىن ماڭىدۇ. يەردىكى خورمىلارنى تېرىپ ئېلىپ تۆگىگە تەڭلەيدۇ. تۆگە ئىگىسىنىڭ يېنىغا كېلىدۇ. ئادەم تۆگىنىڭ چۇلۋۇرىنى تۇتۇپ، ئۈستىگە مىنىپ قايتىپ كېلىدۇ. بۇنىڭغا ئوخشاش مەنمۇ ئۇ بەدەۋى گەپ قىلغان ۋاقىتتا سىلەرنىڭ كەينىڭلارغا كىرىپ ئۇنى ئەيىپلىگەن بولسام، ئۇ بىچارە بەدەۋى جەھەننەمگە كەتكەن بولاتتى. -دېدى.

بۇ ئىپادىلەردە ئىنسانلارنى تەربىيىلەشتە دىققەت قىلىشقا تېگىشلىك مۇھىم بىر نوقتىغا ئىشارەت قىلىنغان. ئالدى بىلەن قارشى تەرەپنىڭ پىسخولوگىيىلىك ئەھۋالىنى ئىگەللەش ۋە ئەھۋالىغا ئاساسەن ئۇنىڭ قەلب ئالىمىگە تۇتىشىدىغان يوللارنى بايقاش ۋە بۇ يوللاردىن ئىلگىرىلەپ كىرىپ، مەقسەتكە يېتىش كېرەك. بۇنىڭ ئەكسىچە ئىش قىلىنغاندا، ئىجابىي نەتىجە بەرمىگەننىڭ ئۈستىگە يەنە قارشى تەرەپنىڭ نەپرىتىنى ئىككى ھەسسە ئاشۇرىۋېتىدۇ.

يۇقىرىدىكى قىسسىدىن چىقارغىلى بولىدىغان يەنە بىر يەكۈن شۇكى، ئىنسان ئاجىز يارىتىلغانلىقى ئۈچۈن ئېھسان (ياخشىلىق) ۋە ئىكرام ئالدىدا بويۇن ئېگىدۇ. دۈشمەنگە ياخشىلىق قىلىنسا، ئۇنىڭ دۈشمەنلىكى ئاز قالىدۇ. ئوتتۇراھال بولسا، دوست بولىدۇ. دوست بولسا تېخىمۇ يېقىن بولىدۇ. ئاتا-بوۋىلىرىمىز: «بىر پىيالە قەھۋەنىڭ قىرىق يىللىق يۈز-خاتىرىسى بار» دەپ بىكارغا ئېيتمىغان.

## رەھمەت پەيغەمبىرىنىڭ كەمبەغەللەرگە ياخشى مۇئامىلە قىلىشى

ماددى تۇرمۇش سەۋىيىسىنىڭ تۆۋەنلىكىدىن قىيىنچىلىقتا قالغانلارنىڭ كۆڭلىنى ئېلىش ئۈچۈن پەيغەمبىرىمىز پېقىرلارغا ئىنتايىن ياخشى مۇئامىلە قىلاتتى. ئەبۇ سەئىد رەزىيەللاھۇ ئەنھۇ مۇنداق دەيدۇ:

«مۇھاجىرلارنىڭ ئىچىدىكى پېقىر كىشىلەردىن بىر توپ كىشى بىلەن بىللە ئولتۇراتتىم. بۇلاردىن بىر قىسمى (بەدىنىنى يۆگىگۈدەك كىيىمى بولمىغانلىقى ئۈچۈن) باشقىلارنىڭ دالدىسىدا بەدىنىنى يۆگەشكە تىرىشاتتى. بىرى بىزگە قۇرئان ئوقۇپ بېرىۋاتاتتى. بۇ ئەسنادا رەسۇلۇللاھ سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم كىرىپ كەلدى ۋە يېنىمىزدا تۇردى. پەيغەمبىرىمىز كېلىشى بىلەن قۇرئان ئوقۇۋاتقان كىشى ئوقۇشنى توختاتتى. پەيغەمبىرىمىز سالام بەرگەندىن كېيىن:

- نېمە ئىش قىلىۋاتىسىلەر؟ - دەپ سورىدى.

- ئەي رەسۇلۇللاھ! ئۇ بىزنىڭ ئۇستازىمىز، بىزگە قۇرئان ئوقۇپ بېرىۋاتىدۇ. بىز ئاللاھنىڭ كىتابىنى تىڭشاۋاتىمىز. ــ دېدۇق. رەسۇلۇللاھ سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم:

- ئۈممىتىمنىڭ ئارىسىدا ئۇلار بىلەن بىللە سەۋر قىلىشىم بۇيرۇلغان كىشىلەرنى ياراتقان ئاللاھقا ھەمدۇ-سانالار بولسۇن! ــ دېدى.[22] ئاندىن پەيغەمبىرىمىز ئىنتايىن كەمتەرلىك بىلەن ئارىمىزغا كىرىپ ئولتۇردى. قولى بىلەن ئىشارەت قىلىپ:

- مۇنداق (ھالقا بولۇپ) ئولتۇرايلى. ــ دېدى. جامائەت دەرھال ئۇنىڭغا ئالدىنى قىلىپ ئەتراپىنى چۆرىدەپ ئولتۇردى. نىھايەت رەسۇلۇللاھ سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم بىزگە مۇنداق خوشخەۋەرنى يەتكۈزدى:

- ئەي يوقسۇل مۇھاجىرلار، سىزلەرگە بىر خوشخەۋەر! سىلەر قىيامەت كۈنى نۇر ئىچىدە تۇرىسىلەر. سىلەر جەننەتكە بايلاردىن يېرىم كۈن ئىلگىرى كىرىسىلەر. بۇ يېرىم كۈن (دۇنيا كۈنلىرى بويىچە ھېسابلىغاندا) بەش يۈز يىل دېگەنلىك بولىدۇ. (ئەبۇ داۋۇد: «ئىلىم»، 13\3666)

چۈنكى پېقىرلارنىڭ مال-مۈلكى بولمىغانلىقى ئۈچۈن ئۇلار قىسقا ۋاقىت ئىچىدە ھېساب بېرىپ بولىدۇ.

قىيامەت كۈنى ئاللاھ دۇنيا مېلى مەسئۇلىيىتىدىن ھېساب سورايدۇ دېگەن ئەندىشە تۈپەيلى پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام داۋاملىق:

«ئەي رەببىم! مېنى پېقىر ھالىم بىلەن ياشاتقىن! ماڭا پېقىر بىر ئىنساننىڭ ئۆلۈمىدەك بىر ئۆلۈم نېسىپ قىل! مېنى پېقىرلار بىلەن بىللە تىرىلدۈرگىن!» دەپ دۇئا قىلاتتى. (تىرمىزى، «زۇھد»،37؛ئىبنى ماجە، «زۇھد»،7) پەيغەمبەرلەرنىڭ ھەممىسىنىڭ

---

22. پەيغەمبىرىمىز بۇ سۆزى ئارقىلىق: **«سەن پەرۋەردىگارىڭنىڭ رازىلىقىنى تىلەپ، ئەتىگەن-ئاخشامدا ئۇنىڭغا ئىبادەت قىلىدىغانلار** (يەنى ئاجىز، كەمبەغەل مۇسۇلمانلار) **بىلەن سەۋىرچان بولغان ھالدا بىللە بولغىن، ھاياتى دۇنيانىڭ زىبۇ-زىننىتىنى** (يەنى مۇشرىكلارنىڭ چوڭلىرىنىڭ سۆھبىتىنى) **دەپ، ئۇلارنى كۆزگە ئىلماي قالمىغىن، بىز دىلىنى زىكرىمىزدىن غەپلەتتە قالدۇرغان، نەپسى خاھىشىغا ئەگەشكەن، ئىشى ھەددىدىن ئاشقان ئادەمنىڭ** (سۆزى)**گە ئەگەشمىگىن.»** (كەھف سۈرىسى 82-ئايەت)تىكى مەنىنى ئىشارەت قىلغان. بۇ ئايەتتە ئاللاھتائالا رەسۇلۇللاھ سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەمگە ئىسلامغا تۇنجى كىرگەن پېقىر-مىسكىنلەر بىلەن بىرلىكتە بېشىغا كېلىدىغان كۈلپەتلەرگە سەۋر قىلىشنى ۋە ئۇلار بىلەن بېرىش-كېلىش قىلغاندا ناھايىتى دىققەت بىلەن مۇئامىلە قىلىش كېرەكلىكىنى بۇيرىغان.

جەننەتكە كىرىدىغانلىقى ئالدىنئالا ئېيتىلغان بولسىمۇ، ئەمما ئۇلار ئۆزلىرىگە بېرىلگەن نېمەت ۋە تەبلىغ مەسئۇلىيىتىدىن ھېساب بېرىدۇ. قۇرئانى-كەرىم ئەئراف سۈرىسى 6-ئايەتتە پەيغەمبەرلەرگىمۇ سوئال-سوراق بارلىقى بىلدۈرۈلگەن:

**«ئەلۋەتتە پەيغەمبەر ئەۋەتىلگەن ئۈممەتلەردىن** (پەيغەمبەرلەر تەبلىغ قىلدىمۇ؟ سىلەر قانداق جاۋاب بەردىڭلار؟ دەپ) **سورايمىز، پەيغەمبەرلەردىنمۇ ئەلۋەتتە** (ئاللاھ تاپشۇرغان ۋەزىپىنى ئادا قىلدىڭلارمۇ؟ دەپ) **سورايمىز.»**

ھەقىقەتەن سۇلايمان ئەلەيھىسسالامغا كۆپ مال-دۇنيا ۋە سەلتەنەت بېرىلگەن، ئۇنىڭ ھېسابى ئۇزۇن بولغانلىقى ئۈچۈن جەننەتكە باشقا پەيغەمبەرلەرنىڭ ئارقىسىدا كىرىدىغانلىقى نەقىل قىلىنغان.

شۇنى بىلىش كېرەككى، كەمتەر، مەرت، قانائەتچان بايلار بىلەن سەۋر-تاقەتلىك ۋە نۇمۇسچان پېقىرلار ئىنسانلىق شەرىپى ۋە ئىلاھى رىزادا باراۋەردۇر. مەرتلىك بىلەن مېھرى-شەپقەت شەخسلەرنى دۇنيا مۇسىبەتلىرىدىن قوغداپ ئاخىرەت سائادىتىگە نائىل قىلغاندەك، سەۋر-تاقەت بىلەن دەردىنى ئىچىگە يۇتقانلارنىمۇ ئىلاھىي خوشخەۋەرلەر ساقلاپ تۇرماقتا.

تۆۋەندىكى ھەدىس دۇنيا ھاياتىدىكى ئەھۋاللاردا قەلبىي تاكامۇللۇق ئۈچۈن قىلىشىمىز زۆرۈر بولغان شۈكۈر ۋە سەۋر-تاقەتنىڭ تەدبىقىنى كۆرسىتىپ بەرمەكتە:

«مەن ھەقىقەتەن پۈتكۈل ئىشى خەيرلىك بولغان مۆمىنگە ھەۋەس قىلىمەن!... بۇ خەير مۇشۇ مۆمىندىن باشقا كىشىدە يوقتۇر. بۇ مۆمىن ئۆزىنى خوش قىلىدىغان بىرەر نېمەت كەلسە، شۈكۈر قىلىدۇ-دە، بۇ ئۇنىڭ ئۈچۈن خەيرلىك بولىدۇ. بىرەر مۇسىبەتكە يولۇقسا، سەۋر قىلىدۇ-دە، بۇ يەنە ئۇنىڭ ئۈچۈن خەيرلىك بولىدۇ.» (مۇسلىم، «زۇھد»،64)

بىر كۈنى رەسۇلۇللاھ سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم مەدىنىدىكى چاغدا كەمبەغەل بىر قەبىلە مەدىنىگە كەلدى. ئۇلار يالاڭئاياق ئىدى. ئاچلىقتىن ۋە ھېرىپ كەتكەنلىكتىن بىر تېرە، بىر ئۇستىخان بولۇپ كەتكەن ئىدى. بۇنى كۆرگەن پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامنىڭ كۆڭلى يېرىم بولۇپ، چىرايى ئۆڭۈپ كەتتى. بىلال رەزىيەللاھۇ ئەنھۇغا ئەزان ئوقۇتۇپ، ساھابىلەرنى توپلىدى. ھەممەيلەن بۇ كەمبەغەل كىشىلەرگە كۆپ نەرسە ئىنئام قىلدى. (مۇسلىم رىۋايىتى)

جەمئىيەتتىكى ئىنسانلار ئىقتىسادىي جەھەتتە تەبئىي ھالدا پېقىر، باي ۋە ئوتتۇراھالدىن ئىبارەت تەبىقىلەرگە بۆلۈنگەن. قۇرئان ئايەتلىرى ۋە پەيغەمبىرىمىزنىڭ ھەدىسلىرىدە بۇ ئۈچ تەبىقىدىكى ئىنسانلارنىڭ ئىسلامىي ئۆلچەم بويىچە قانداق ياشىشى كېرەكلىكى ئېنىق ئوتتۇرىغا قويۇلغان. بۇلارنىڭ ئىچىدە «سەۋرىچان پېقىر» بىلەن «شۈكۈر قىلغان باي» ماختاشقا لايىق ئىككى گۇرۇپتۇر.

غايە ئاللاھ بەرگەن نېمەتلەرنى يەنە ئاللاھ يولىدا سەرپ قىلىش، نېمەت بېرىلمىگەندە سەۋر قىلىشتۇر. ئابدۇراھمان ئىبنى ئەۋف، ھەزرىتى ئەبۇبەكىر ۋە ئۇلارغا ئوخشاش كىشىلەر شۈكۈر قىلغۇچى بايلارجۈملىسىدىن ئىدى. ئەبۇزەر ئەل-غىفارى، ئەبۇدەردا ۋە ئۇلارغا ئوخشاش كىشىلەر بولسا سەۋر قىلغۇچى پېقىرلار جۈملىسىدىن ئىدى. ھەر ئىككى گۇرۇپپىنىڭ تۇرمۇش ئەھۋالى بىر-بىرىگە ئىنتايىن يېقىن بولۇپ، ئۇلار مال-دۇنياغا نىسبەتەن **«مۈلۈك ئاللاھقا ئائىتتۇر»** دېگەن كۆز قاراشتا ئىدى.

بۇ سەۋەبتىن ئىسلام توغرا يولدا بولغان پېقىرلار ۋە بايلارنى ئەيىپلىمىگەن. بايلىقنىڭ ھەم نامراتلىقنىڭ شۈكرىنى ئادا قىلغانلارغا جەننەت بىلەن خۇشخەۋەر بەرگەن.

ئاللاھتائالا ئىنسانلارغا ئاجىزلارنىڭ ھۆرمىتى، دۇئاسى، بەرىكىتى بىلەن ياردەم قىلىدۇ ۋە رىزىق بېرىدۇ. دەرۋەقە، پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام:

«ئاللاھ بۇ ئۈممەتكە ئاجىزلارنىڭ دۇئاسى، نامازى ۋە ئىخلاسى سەۋەبى بىلەن ياردەم قىلىدۇ.» دېگەن. (نەسائى، «جىھاد»،43-بەت)

پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام بۇ ھەقتە تۆپەيلى ئۇرۇشلارنى پېقىر مۇسۇلمانلارنىڭ دۇئاسى بىلەن باشلايتتى ۋە بۇنىڭ بىلەن فەتھى قىلىشنى كۈتەتتى. سۇففا ئەھلىنىڭ موھتاج ھالىنى كۆرگەندە:

**«...ئەگەر ئاللاھ يېنىدا سىلەر ئۈچۈن تەييارلانغان نېمەتلەرنى بىلسەڭلار، ئېھتىياجىڭلارنىڭ تېخىمۇ كۆپ بولۇشىنى ئارزۇ قىلغان بولاتتىڭلار.»** (تىرمىزى، «زۇھد»، 30) دەپ ئۇلارنىڭ ئەھۋالىنى ماختاپ، پېقىرلىقنىڭ ئەھمىيىتىنى بىلدۈرگەن ئىدى.

ئۇ يەنە ئۆزىنىڭ ۋە ئۇ دەۋردىكى مۇسۇلمانلارنىڭ ئىقتىسادى ئەھۋالىنى نەزەردە تۇتۇپ: **«ئىچىدە ئولتۇرغىلى بولغۇدەك بىر ئۆيى، يېگۈدەك نېنى، ئەۋرەت**

**يەرلىرىنى يۆگىگۈدەك كىيىمى ۋە ئىچكۈدەك سۈيى بار بىر كىشىنىڭ بۇنىڭدىن كۆپ نەرسىلەردە ھەققى يوق».** (تىرمىزى، «زۇھد»، 30؛ ئەخمەد ئىبنى ھەنبەل،1-جىلد،62 ) دېگەن. جەننەتتە «ھەۋزى كەۋسەر» سۈيىدىن ئەڭ ئالدىدا ئىچىدىغانلارنىڭ مۇھاجىرلار ئىچىدىكى نامرات كىشىلەر ئىكەنلىكىنى (تىرمىزى، «زۇھد»، 15) ئېيتىپ خوشخەۋەر بەرگەن. ئاللاھنىڭ ئىپپەتلىك پېقىر مۆمىنلەرنى ياخشى كۆرىدىغانلىقىنى ئۇتتۇرىغا قويىشىمۇ پېقىرلارنىڭ سەۋرى-تاقىتى ھەم تەۋەككۈلىنىڭ قىممىتىنى بىلدۈرىدىغان ئىپادىلەردۇر.

پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام مۇنداق دېگەن:

**«سىلەرنىڭ ئاراڭلاردا چاچ-ساقاللىرى تاغاق يۈزى كۆرمىگەن، كىيىملىرى يىرتىق نۇرغۇن نامرات ئادەملەر بار. ئەگەر ئۇلار قولىنى ئېچىپ ئاللاھقا قەسەم قىلسا، ئاللاھ ئۇنى ئىجاۋەت قىلىدۇ. (يەنى، بۇ ئادەملەر ئاللاھقا نىسبەتەن «ناز ئەھلى» بولۇپ، ئاللاھتىن بىرەر نەرسىنى كۈچلۈك ئۈمىد قىلىپ، بۇنى خەلققە قەسەم بىلەن سۆزلىسە، ئاللاھ ئۇلارنىڭ دېگىنىنى بېرىدۇ.) بەرا ئىبنى مالىك مانا شۇلارنىڭ ئىچىدىكى بىرەيلەندۇر.»** (تىرمىزى،«مەناقىب»،54)

ئەنەسنىڭ قېرىندىشى بەرا ئىنتايىن نامرات بولۇپ، يەيدىغان نەرسىسى ۋە تۇرىدىغان ئۆيى يوق ئىدى. ئازىراقلا نان بىلەن ئۆلمىگۈدەك دەرىجىدە ئاران-ئاران جان ساقلاپ كېلىۋاتاتتى. مانا مۇشۇنداق كىشىلەر، يەنى پېقىرلىقنى سەۋر-تاقەت ۋە تەۋەككۈل بىلەن قارشى ئالغان كىشىلەر قەسەم قىلسا، پەيغەمبىرىمىز ئاللاھنىڭ ئۇلارنى يالغانچى قىلمايدىغانلىقىنى بىلدۈرگەن ئىدى. دېگەندەكلا، بەرا رەزىيەللاھۇ ئەنھۇ ھەزرىتى ئۆمەر زامانىدىكى جىھادلاردىن بىرىدە مۇسۇلمان ئەسكەرلەر ناھايىتى قىيىن ئەھۋالدا قالغان بىر پەيتتە، قوشۇن قۇماندانى يۇقىرىدىكى ھەدىسنى تىلغا ئېلىپ، بەرادىن قەسەم قىلىپ بېرىشنى ئۆتۈنگەندە، بەرا:

**«ئەي رەببىم، ئۇلارغا قارشى زەپەر ئېھسان قىلىشىڭ ۋە مېنى نەبىيى ئەكرەم ئەپەندىمىز** (پەيغەمبىرىمىز) **بىلەن كۆرۈشتۈرۈشۈڭ ئۈچۈن ساڭا قەسەم قىلىمەن!...»** دېدى.

ھەقىقەتەن، ئەتىسى كۈنى مۇسۇلمانلار غەلىبە قىلدى ۋە ھەزرىتى بەرا ئۆزى ئارزۇ قىلغان شاھادەت شەربىتىنى ئىچىش شەرىپىگە ئېرىشىپ، رەھمەتى-راھمانىغا (ئاللاھقا) كەتتى. بۇ ۋەقەدىن پەيغەمبىرىمىزنىڭ يەنە بىر مۆجىزىسىنى كۆرەلەيمىز.

✵

پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامنىڭ ھاياتى مۆجىزە، ئىبرەت، ئىشەنچ، راستچىللىق، ساداقەت، مۇلايىملىق، ھېسداشلىق، مېھرى-شەپقەت ۋە كەمتەرلىك قاتارلىق پەزىلەتلەر بىلەن تولغان. ئايالى ئائىشە رەزىيەللاھۇ ئەنھاغا:

**«ئى ئائىشە! نامراتلارنى ياخشى كۆرگىن. ئۇلارنى يېنىڭغا ئالغىن. شۇنداق قىلساڭ، جانابى ئاللاھ قىيامەت كۈنى سېنىمۇ يېنىغا ئالىدۇ.»**

«ئى ئائىشە! موھتاجلارنى دەرۋازىدىن قورۇق قول قايتۇرما. يېرىم خورما بېرىپ بولسىمۇ ئۆزەڭنى جەھەننەم ئازابىدىن مۇھاپىزەت قىل!» (تىرمىزى، «زۇھد»، 37\2352)

دەپ تەۋسىيە قىلغان ئىدى.

✵

ئىسلامدا ئالدى بىلەن جىنايەتنىڭ سەۋەبى ئېنىقلىنىدۇ، جىنايەتچىنىڭ ئۆزگىرىپ ياخشى ئادەم بولىشى ئۈچۈن تىرىشچانلىق كۆرسىتىلىدۇ. ئىسلام شەرىئىتىدىكى جازا ئاتا-ئانىنىڭ بالىسىغا بەرگەن جازاسىغا ئوخشايدۇ. جازالاشتىكى مەقسەت جىنايەتچىنى جەمئىيەتتىن چىقىرىپ تاشلاش ئەمەس، بەلكى يېڭىۋاشتىن ئۆزگەرتىپ جەمئىيەتكە پايدىلىق بىر ئادەم قىلىپ تەربىيىلەپ چىقىشتىن ئىبارەت.

ئابباد ئىبنى شۇراھبىل رەزىيەللاھۇ ئەنھۇ مۇنداق دەيدۇ:

بىر چاغلاردا قاتتىق نامراتچىلىق ئىچىدە قالدىم. شۇنىڭ بىلەن مەدىنىدىكى خورمىلىق باغلاردىن بىرىگە كىردىم. خورمىلارنى يېگەچ خالتامنى توشقۇزدۇم. دەل مۇشۇ پەيتتە باغنىڭ ئىگىسى كېلىپ قالدى. مېنى تۇتىۋېلىپ ئۇردى، خالتامنى تارتىۋېلىپ، مېنى رەسۇلۇللاھنىڭ ئالدىغا ئاپىرىپ شىكايەت قىلدى.

رەسۇلۇللاھ سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم باغنىڭ ئىگىسىگە:

- ئۇ نادان ئىدى، ئۆگەتمىدىڭ. قورسىقى ئاچ ئىدى، تويغۇزمىدىڭ! ـ دېدى. ئاندىن باغنىڭ ئىگىسىگە خالتامنى قايتۇرۇپ بېرىشنى ئېيتتى.

كېيىن رەسۇلۇللاھ سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم ماڭا بىر خورجۇن يېمەكلىك بەردى. (ئەبۇ داۋۇد: «جىھاد». 85\2620ـ2621؛ نەسائى: «قۇدات»، 21)

بۇ ئىش ئوغرىنى قوغدىغانلىق ئەمەس، بەلكى بۇ قىلمىشىنىڭ ئوتتۇرىغا چىقىشىغا سەۋەب بولغان بىر ئىجتىمائى نوقساننى تۈزەتكەنلىكتۇر. چۈنكى پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام مۇبادا قىزى پاتىمە ئوغرىلىق قىلىپ سالغان تەقدىردىمۇ، قىلچە ئىككىلەنمەي ئۇنىڭ قولىنى كېسىدىغانلىقىنى ئوچۇق سۆزلىگەن ئىدى.

## رەھمەت پەيغەمبىرىنىڭ ئاياللارغا قىلغان مۇئامىلىسى

جاھىلىيەت دەۋرىدە ئاياللار ئىنتايىن كەمسىتىلەتتى. ئىنسانلار قىز باللىرىنى كەلگۈسىدە پاھىشە بولۇپ يۈزىمىزنى تۆكەرمىكىن دەپ ئەندىشە قىلغانلىقى ئۈچۈن تىرىك كۆمۈۋېتەتتى. كىشىلەرنىڭ قەلبى تاشتىنمۇ بەك قېتىپ كېتىپ، بىر سەتچىلىكنىڭ ئالدىنى ئالدۇق دەپ تېخىمۇ ئېغىر گۇناھلارنى قىلاتتى. ئاياللارنىڭ قىلچىلىك ئىززەت-ھۆرمىتى يوق ئىدى. ئاللاھ قۇرئانى-كەرىم نەھل سۈرىسى 58-ئايەتتە ئۇلارنىڭ ئەھۋالىنى مۇنداق تەسۋىرلەيدۇ:

**«ئۇلاردىن بىرەرسىگە** (خوتۇنىنىڭ) **قىز تۇغقانلىق خوش خەۋىرى يەتكۈزۈلسە، چىرايى ئۆزگىرىپ غەزەپناك بولۇپ كېتىدۇ.»**

دېدەك-چۆرىلەر ئىززەت-ھۆرمەتتە دەپسەندە قىلىنغان ھالدا بىر كۆڭۈل ئېچىش سايمىنى ھېسابلىنىپ خارلىناتتى.

ئاللاھتائالا نىسا سۈرىسى 19-ئايەتتە:

**«...ئاياللار بىلەن ياخشى ئۆتۈڭلار، ئۇلارغا چىرايلىق مۇئامىلە قىلىڭلار!...»** دېگەن.

پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامنىڭ ئەمرى بىلەن ئاياللارغا ئائىت قانۇن تۈزۈلۈپ چىقىلدى. ئاياللار جەمئىيەتتە ئىپپەت ۋە پەزىلەتنىڭ ئۆرنىگى بولدى. ئانىلار شان-شەرەپكە ئېرىشتى. **«جەننەت ئانىلارنىڭ ئايىغى ئاستىدىدۇر»** دېگەن ھەدىس (ئەخمەد ئىبنى ھەنبەل، 3-جىلد، 429-بەت) بىلەن ئاياللار پەيغەمبىرىمىز سايىسىدە تېخىمۇ قەدىر-قىممەتكە ئېرىشتى.

پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامنىڭ ئاياللارغا نازاكەتلىك مۇئامىلە قىلغانلىقىغا ئائىت بۇ مىسالغا قاراپ باقايلى:

بىر قېتىم ساياھەت جەريانىدا، ئەنجەشە ئىسىملىك بىر چۆرە ناخشا ئېيتىپ تۆگىلەرنى تېز ماڭدۇردى. (تۆگىلەر يېقىملىق نەغمە-ناۋا ۋە ناخشا ئاۋازىغا ئىنتايىن ئامراق بولۇپ، تۆگە پادىچىلىرى تۆگىلەرنىڭ مېڭىش سۈرئىتىنى تېزلىتىش ئۈچۈن ناخشا ئېيتاتتى ياكى ساز چالاتتى.) پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام تېز-تېز مېڭىۋاتقان تۆگىلەرنىڭ ئۈستىدىكى ئاياللارنىڭ بىر يېرىنىڭ ئاغرىش ئېھتىمالىنى نەزەردە تۇتۇپ: «ئى ئەنجەشە! دىققەت قىل! ئەينەكلەر سۇنۇپ كەتمىسۇن.» دېدى. (بۇخارى، «ئەدەب»، 95-بەت)

پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامنىڭ بىر ھەدىسىدە: «دۇنيادا ئايال، خوشبۇي پۇراق ۋە نامازدىن ئىبارەت ئۈچ نەرسىنى ياخشى كۆردۈم. ناماز كۆزۈمنىڭ نۇرىدۇر.» دېگەن ئىدى.[23] (نەسائى، «ئىشرەتۇن نىسا»،10؛ ئەخمەد ئىبنى ھەنبەل، 3-جىلد، 128-199)

ئايال ۋە خوشبۇي پۇراق دۇنيا ھاياتىدىكى مۇبارەك نېمەتلەردىن بىر قىسمىدۇر. رەسۇلۇللاھنىڭ ئايال كىشىنى ياخشى كۆرگەنلىكىنى غەپلەت نەزىرى بىلەن باھالاشقا بولمايدۇ.[24] بىلىش كېرەككى، بۇ مۇھەببەت ئاللاھ ئىنسان تەبىئىتىدە ياراتقان ۋە

---

23. ھەدىستە تىلغا ئېلىنغان **«خوشبۇي پۇراق»** ئىنسان روھىنى جانلاندۇرۇدىغان ۋە خۇش قىلىدىغان راھەتلىكتۇر. لەتىپ مەۋجۇداتلار بولمىش پەرىشتىلەرمۇ لەززەت ئالىدىغان زەۋقى بەدىئىيدۇر. ئۇنىڭدىن باشقا خوشبۇي پۇراق پاكىزلىقنىڭ نىشانىسىدۇر. چۈنكى پاكىز نەرسىلەر خوشبۇي پۇرايدۇ. دەرۋەقە، رەسۇلۇللاھ سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەمنىڭ مۇبارەك بەدىنىمۇ ھەمىشە گۈل پۇراقلىق خوشبۇي ئەتىر سېپىلگەندەك ئىدى. گۈل خۇددى ئۇنىڭدىن تامچىلىغان تەردىن مەيدانغا كەلگەندەك ئىدى. ئۇ گۈللەر شاھى بىر كىچىك بالىنىڭ بېشىنى سىلىسا، ئۇ بالىنىڭ بېشى خېلى ئۇزۇن ۋاقىتقىچە گۈلدەك پۇرايتتى.

**«ناماز»**مۇ بەندە بىلەن رەببى ئوتتۇرىسىدىكى ئۇچرىشىش بولۇپ، ئاللاھنى كۆرگەندەك ھېسسىياتتا تۇرۇپ قىلىدىغان ئىبادەتتۇر. روھنىڭ مېراجغا چىقىشىدۇر. بۇ سەۋەپتىن كۆزنىڭ نۇرىدۇر.

24. رەسۇلۇللاھ سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەمنىڭ ئۆيلىنىشىنىڭ ھېچبىرىدە نەپسانى ئارزۇ ئىستەك ۋە شەھۋەتپەرەسلىكنى كۆرۈش مۇمكىن ئەمەس. ئۇ ياش يىگىت ۋاقتىدىمۇ ھېچقانداق بىر قىزغا تەلەپ قويۇپ باقمىغان. ئۆزىگە تەلەپ قويغان 40 ياشلىق، بالا-چاقىسى بار تۇل خۇتۇن ھەزرىتى خەدىچە بىلەن ئۆيلىنىشنى قوبۇل قىلغان. ئۆمرىنىڭ ئەڭ قاۋۇل چاغلىرىنى

پەقەت ئىلاھىي سۆيگۈگە سەۋەپ بولىدىغان بىر مۇھەببەتنىڭ قەدەم باسقۇچىدۇر. ئەسلا ئايال زاتىغا بولغان شەھۋەتپەرەسلىك بولماستىن، ئەكسىچە ئۇلارغا لايىق بولغان يۈكسەك قەدىر-قىممەتنى بېرىشتىن ئىبارەتتۇر.

ئىنسانىيەت تارىخىدا ئاياللار پەقەت ئىسلامىيەتنىڭ سايىسىدىلا ئەڭ يۈكسەك مەۋقەگە نائىل بولغان. ئىسلامنىڭ سىرتىدا ئاياللارنى قەدىرلىگەنلىكنى داۋراڭ قىلغان بارلىق تۈزۈملەر ئەمەلىيەتتە ئاياللارنى پەقەت پوكەي بويۇمى قاتارىدا كۆرۈپ قىممەت بەرمەكتە. پەردە ئارقىسىدا بولسا ئاياللارنى ئىقتىسادىي ۋە شەھۋانىي بىر لاتا ئورنىدا ئىشلىتىپ زۇلۇم سالماقتا ۋە ئىستىمال قىلماقتا.

قۇرئانى-كەرىمدە مۇنداق دېيىلگەن:

**«ئاياللار بىلەن بىرلىكتە كۆڭۈللۈك ياشىشىڭلار ئۈچۈن** (ئاللاھنىڭ) **ئۇلارنى سىلەرنىڭ ئۆز تىپىڭلاردىن ياراتقانلىقى، ئاراڭلاردا** (يەنى ئەر-خوتۇن ئارىسىدا) **مېھرى-مۇھەببەت ئورناتقانلىقى ئاللاھنىڭ** (كامالى قۇدرىتىنى كۆرسىتىدىغان) **ئالامەتلىرىدىندۇر، پىكىر يۈرگۈزىدىغان قەۋم ئۈچۈن، شەك-شۈبھىسىزكى، بۇنىڭدا نۇرغۇن ئىبرەتلەر بار.»** (رۇم سۈرىسى 21-ئايەت)

---

ئۇنىڭ بىلەن ئۆتكۈزگەن. ئۇنىڭدىن كېيىنكى (45 ياشتىن كېيىنكى) ئۆيلىنىشى ھەممىسى ئاساسەن ياشانغان چاغلىرىغا توغرا كەلگەن.

بۇ ئۆيلىنىشلەر ئۇنىڭ ئۆز ئارزۇسى بىلەن ئەمەس، بەلكى ئىلاھىي ئەمر بىلەن بولغان. نۇرغۇنلىغان ھېكمەت بىلەن بىرلىكتە بولۇپمۇ دىنىنىڭ ئاياللارغا ئۆگىتىلىشى، ئاياللار ئارقىلىق باشقىلارغا (باشقا ئايال ۋە باللارغا) ئۆگىتىلىشىدىن ئىبارەت غايە نەزەردە تۇتۇلغان. دېمىسىمۇ پەيغەمبىرىمىز بىلەن ياشانغان چېغىدا ئۆيلىنىش نېسىپ بولغان ئانىلىرىمىزنىڭ كۆپىنچىسى يېشى چوڭ، بالا-ۋاقىسى بار، ئىگە-چاقىسىز تۇل ئاياللار ئىدى.

قىسقىسى، رەسۇلۇللاھ سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەمنىڭ بىردىن كۆپ ئايال بىلەن ئۆيلىنىش زامانى ھەم ياشانغان چېغىدا ھەمدە دىنىنى يىراق رايونلارغا تارقىتىش زامانىغا ئۇدۇل كەلگەنلىكى بۇ ئۆيلىنىشلەرنىڭ ئىلاھىي ئەمر ۋە ئىسلامنى تېخىمۇ يىراق جايلارغا بىمالال يەتكۈزۈش غايىسى بىلەن ئەمەلگە ئاشقانلىقىنى ئېنىق ئوتتۇرىغا قويماقتا. (تەپسىلىي مەلۇمات ئۈچۈن ئوسمان نۇرى توپباش يازغان «ھەزرىتى مۇھەممەد مۇستاپا» 1-قىسىم، 130-140-بەتلەرگە قاراڭ.)

يەنى، بىر-بىرىگە سۆيگۈ-مۇھەببەت ۋە مېھرى-شەپقەت بىلەن يېقىنلىشىپ ھۇزۇر مەنبەسى بولغان، بىر-بىرىگە خەيرلىك ئىشلاردا ياردەم بېرىدىغان ئەر-خوتۇنلار بەختىيار بىر ئائىلە قۇرۇپ چىقىشتا، مۇشۇنداق بەختىيار ئائىلىلەر بولسا ساغلام ۋە ھۇزۇر-ھالاۋەتلىك بىر جەمئىيەت بەرپا قىلىشتا ئەڭ مۇھىم ۋەزىپىنى ئىجرا قىلغان بولىدۇ.

ئەر بىلەن ئايال تونجى يارىتىلغان چاغدىن باشلاپلا بىر-بىرىنى تولۇقلايدىغان ئىككى بېپايان ئالەمدۇر. لېكىن بۇ تولۇقلاشتا ئاللاھ تەرىپىدىن ئايال كىشىگە تېخىمۇ تەسىرلىك بىر رول بېرىلگەن. شۇڭا جەمئىيەتنى بەربات قىلغانمۇ، ئاۋات قىلغانمۇ ئايال كىشىدۇر. بۇ سەۋەپتىن ئىسلامنىڭ قارىشىچە، جەمئىيەتنى ئاۋات قىلىدىغان ئاياللارنى تەربىيىلەپ يېتىشتۈرۈپ چىقىش ئەڭ چوڭ غايەدۇر.

ھەدىس شەرىفتە مۇنداق دېيىلگەن:

«كىمكى ئۈچ قىز بالىنى ياكى قىز تۇققانلىرىنى بېقىپ چوڭ قىلسا، ياخشى تەربىيىلىسە، تويىنى قىلىپ قويسا ۋە ئۇلارغا داۋاملىق ياخشىلىق قىلسا، جەننەتكە كىرىدۇ.» (ئەبۇ داۋۇد: «ئەدەب»، 120-5147\121؛ تىرمىزى: «بىرر»، 1912\13؛ ئەخمەد، 3-جىلد، 97)

باشقا بىر ھەدىس شەرىفتە رەسۇلۇللاھ سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم:

«كىمكى ئىككى قىز بالىنى بالاغەتكە يەتكۈچە بېقىپ چوڭ قىلسا، تەربىيىلىسە، قىيامەت كۈنى مەن ئۇ كىشى بىلەن مۇنداق يېقىن تۇرىمەن» دەپ بارماقلىرىنى جۈپلەپ كۆرسەتكەن. (مۇسلىم: «بىرر»، 149؛ تىرمىزى: «بىرر»، 1914\13)

ئاندىن سالىھ (ياخشى) ئايالنىڭ قىممىتىنى تەكىتلەپ مۇنداق دېگەن:

«دۇنيا ۋاقىتلىق پايدىلىنىشتىن ئىبارەتتۇر. ئۇنىڭ ئەڭ پايدىلىق قىسمى بولسا تەقۋادار، ياخشى بىر ئايالدۇر.» (مۇسلىم: «رادا»، 64؛ نەسائى: «نىكاھ»، 15؛ ئىبنى ماجە: «نىكاھ»، 5)

ئادەتتە مۇۋەپپەقىيەت قازانغان داڭلىق كىشىلەرنىڭ كەينىدە ھەمىشە بىر سالىھ ئايال باردۇر. مەسىلەن: پەيغەمبەر سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەمنىڭ تۇنجى تەبلىغىدە ئۇنىڭغا تۇنجى ھەم ئەڭ چوڭ ياردەم ھەزرىتى خەدىچە ئانىمىزدىن كەلگەن. پەيغەمبىرىمىز خەدىچە ئانىمىزنىڭ ياردىمىنى ئۆمۈر بويى ئونتۇتالمىغان. شۇڭىدەك،

ھەزرىتى ئەلىنىڭ مۇۋەپپەقىيىتىدىمۇ ھەزرىتى پاتىمە ئانىمىزنىڭ ياردىمى چوڭ بولغان.

دۇنيا ھاياتىنىڭ ھۇزۇرلۇق ۋە بەختلىك بولۇشى ئۈچۈن سالىھە (ياخشى) بىر ئايالنىڭ مۇھىملىقى ھەممەيلەنگە ئاياندۇر. سالىھە بىر ئايال ئېرىنىڭ مال-مۈلكىنى ساقلايدۇ، ئۆي تۇتىدۇ، نەسلىنى ۋە ئىپپەت نومۇسىنى قوغدايدۇ. ئائىلىنى مەنىۋى شاتلىققا تولدۇرىدۇ.

ئائىلىنىڭ سائادەت ئىقلىمى ئانىنىڭ تەبەسسۇمى بىلەن باشلىنىدۇ. بالىلارنىڭ ئېغىرچىلىقلىرى ئانىنىڭ شەپقەت نەزىرى ئاستىدا كۆزگە كۆرۈنمەس بولىدۇ. ئەۋلادلىرىغا ھايات ۋە سائادەت لەززىتىنى تېتىتىشتا، ئەجىبا ئانا قەلبىدىنمۇ بەكرەك نازۇك، چوڭقۇر ۋە ھېسسىياتچان بىر ماكان بارمىدۇر؟...

ئانىلار ياراتقۇچىنىڭ ئىلاھىي شەپقىتىدىن ئەڭ كۆپ نېسىۋە ئالغانلاردۇر. ئاياللارنىڭ سائادەت سەلتەنەتى ئۇلارنىڭ ئەخلاقلىق بىر ئانا بولىشى بىلەن باشلىنىدۇ. «جەننەت ئانىلارنىڭ ئايىغى ئاستىدا» دېگەن ھەدىستىمۇ پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامنىڭ ئانىلارغا نەقەدەر يۈكسەك باھا بەرگەنلىكى مانا مەن دەپ ئىپادىلىنىپ تۇرۇپتۇ.

ئەھۋال مۇشۇنداق ئىكەن، ئايال كىشىنى پەقەتلا بىر ئويۇنچۇق ئورنىدا كۆرۈش، ئۇنىڭغا شەھۋانىي ھەۋەسنى قاندۇرغۇچى سۈپىتىدىلا مۇئامىلە قىلىش ۋە ئۇنىڭ پەقەتلا جىسمانىي ئالاھىدىلىكى بىلەن مەشغۇل بولۇش ئەڭ چوڭ ۋەيرانچىلىقتۇر. ئاللاھ ئايال كىشىگە بەرگەن يۈكسەك خۇسۇسىيەتلەرگە نىسبەتەن تۇزكورلۇقتۇر، ئاياللارنىڭ مەنىۋى شەخسىيىتىگە قارىتا تۇزكورلۇقتۇر.

بۈگۈن ئاياللارنىڭ ئىستىمال دۇنياسىدا يالىڭاچلىنىپ بىر ئېلان ۋاستىسى سۈپىتىدە قوللىنىلىشى ئۇنىڭ ئىززەت-ھۆرمىتى ۋە غۇرۇرىغا نىسبەتەن نەقەدەر چوڭ مەسخىرە ۋە ھاقارەت-ھە!

ئەسلىدە ئاياللارنى جەمئىيەتنىڭ ھەقىقى بىناكارى دەپ قاراش كېرەك. ئۇ ياخشى كىشىلەرنى، ئالىملارنى، قەھرىمانلارنى تەربىيىلەپ يېتىشتۈرگۈچى بىر ساماۋى قۇچاق بولىشى كېرەك. بىزنى بىر مەزگىل قورسىقىدا، ئاندىن قولىدا، ئاندىن دۇنيادىن كەتكۈچە بولغان ئارىلىقتا قەلبىدە كۆتىرىپ يۈرۈيدىغان ئانىلىرىمىزغا مۇھەببەت ۋە ھۆرمەت جەھەتتە تەڭداش بولالىغۇدەك باشقا بىر مەۋجۇدات يارىتىلمىغان. **ئۆزىنى**

**ئائىلىسىگە بېغىشلىغان ۋاپادار ئانىلار چوڭقۇر مۇھەببەت، كۈچلۈك ھۆرمەت ۋە بىر ئۆمۈرلۈك تەشەككۈرگە لايىقتۇر.**

رەسۇلۇللاھ سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم ئاياللارغا مۇناسىۋەتلىك بىر ھەدىس شەرىفتە:

«سىلەرنىڭ ئىچىڭلاردىكى ئەڭ ياخشى كىشى ئائىلىسىدىكىلەرگە ئەڭ ياخشى مۇئامىلە قىلغان كىشىدۇر.» دېگەن. (ئىبنى ماجە: «نىكاھ»، 50؛ دارىمى: «نىكاھ»، 55)

باشقا ھەدىس شەرىفلەردىمۇ مۇنداق دېيىلگەن:

«كىشىنىڭ ئۆزىگە، ئائىلىسىگە، بالىلىرىغا ۋە خىزمەتچىسىگە خەجلىگەنلىرى سەدىقە ھېسابلىنىدۇ...» (ئىبنى ماجە: «تىجارەت»، 1)

«بىر كىشى ئاللاھ رىزاسىنى ئۈمىد قىلىپ تۇرۇپ ئائىلىسىنىڭ چىقىمىنى قامدىسا، خەجلىگەنلىرى ئۇنىڭ ئۈچۈن سەدىقە بولىدۇ.» (بۇخارى: «ئىمان»، 41؛ «مەغازى»، 12؛ «نەفەقات»، 1؛ مۇسلىم: «زاكات»، 49)

ئۇ بۇ ھەدىس شەرىفلەردە ساغلام ئائىلىنى پەقەت مۇھەببەت ئاساسى ئۈستىدە بەرپا قىلغىلى بولىدىغانلىقىنىمۇ ئىپادىلىگەن.

پەيغەمبىرىمىز يەنە ئاياللار توغرىسىدا ساھابىلىرىگە نەسىھەت قىلىپ، ئايالى بىلەن بولغان مۇھەببەتكە زىيان يەتكۈزىدىغان ئىش-ھەرىكەتلەردىن يىراق تۇرۇشنى تاپىلىغان.

«ئاياللارنى ئۇرماڭلار! ... ئايالىنى ئۇرغان كىشى ياخشى كىشى ئەمەس.» (ئەبۇ داۋۇد: «نىكاھ»، 42؛ ئىبنى ماجە: «نىكاھ»، 51)

«ئاياللىڭلارغا ئۆچلۈك قىلماڭلار. ئۇنىڭ بىر خۇيىنى ياقتۇرمىساڭلار، باشقا بىر خۇيىنى ياقتۇرىسىلەر.» (مۇسلىم: «رادا»، 61)

ھەزرىتى ئائىشە ئانىمىزنىڭ ئېيتىشىغا قارىغاندا، پەيغەمبىرىمىز ئۆمرىدە بىرەر ئايالىنى دۈشكەللەپ باققان ئەمەس. ھېچكىمنى قولىدا ئۇرۇپ باقمىغان. (ئىبنى ماجە: «نىكاھ». 51)

بىر ساھابە:

- ئەي رەسۇلۇللاھ! ئايالىمىزنىڭ بىزنىڭ ئۈستىمىزدىكى ھەققى نېمە؟ - دەپ سورىغاندا پەيغەمبىرىمىز مۇنداق دەپ جاۋاب بەرگەن:

- نېمە يېيىسەڭلار شۇنى يېگۈزۈش، نېمە كېيىسەڭلار ئۇنىڭغىمۇ كېيگۈزۈش، (خاتا ئىش قىلىپ قويسا، ئۇلارنىڭ ئىززەت-ھۆرمىتىنى يەرگە ئۇرماسلىق ئۈچۈن) يۈزىگە ئۇرماسلىق، ئۇلارنىڭ قىلغان ئىشىنىڭ ناچارلىقىنى، ئۇلارنىڭ تەقى-تۇرقىنىڭ سەت ئىكەنلىكىنى ئېيتماسلىق (ئەدەپلىك مۇئامىلە قىلىش)...» (ئەبۇ داۋۇد: «رادا»، 41؛ ئىبنى ماجە: «نىكاھ»، 3)

رەسۇلۇللاھ سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەمنىڭ بۇ سۆزلىرىدە قانچىلىك نازاكەت ۋە ئىنچىكىلىك بارلىقىنى كۆرۈۋالغىلى بولىدۇ. ئاياللارغا ئىسلامىيەت بەرگەن ھوقۇق ۋە ئىنسانىي قىممەتنى بېرەلەيدىغان باشقا بىر تۈزۈم بارمىدۇ؟!

## رەھمەت پەيغەمبىرىنىڭ يېتىملەرگە قىلغان مۇئامىلىسى

قۇرئانى-كەرىمدە يېتىملەرنى قوغداش توغرىلىق نۇرغۇن ئايەتلەر بار. ئاللاھتائالا يېتىملەرگە ياخشى مۇئامىلە قىلىشنى ئەمر قىلغان.

**«يېتىمنى خارلىما!»** (زۇھا سۈرىسى 9-ئايەت)

**«...يېتىملەرنىڭ ھەققىنى بېرىشتە ئادالەتلىك بولۇڭلار. قانداقلا ياخشىلىق قىلساڭلار، شۈبھىسىزكى، ئاللاھ ئۇنى بىلىپ تۇرىدۇ.»** (نىسا سۈرىسى 127-ئايەت)

دۇنياغا كەلگەندە يېتىم بولۇپ كۆزىنى ئاچقان رەسۇلۇللاھ سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم:

«يېتىملەرگە قارىتا شەپقەتلىك بىر دادىدەك بولۇڭلار.» دەپ تەۋسىيە قىلغان. (ھەيسەمى، 8-جىلد، 163)

باشقا بەزى ھەدىس شەرىفلەردە مۇنداق دېيىلگەن:

«مۇسۇلمانلار ئىچىدە ئەڭ گۈزەل ئۆي ئىچىدە يېتىملەرگە ياخشى مۇئامىلە قىلىنىغان ئۆيدۇر. ئەڭ ناچار ئۆي ئىچىدە يېتىملەرگە ناچار مۇئامىلە قىلىنىغان ئۆيدۇر.» (ئىبنى ماجە، «ئەدەب»، 6)

«ئەگەر بىر كىشى مۇسۇلمانلارنىڭ ئىچىدىكى بىرەر يېتىمنى ئۆيىگە ئاپىرىپ يېمەك-ئىچمەك بەرسە، ئۇ كىشى كەچۈرگىسىز گۇناھ قىلمىسىلا، ئاللاھ ئۇنى چوقۇم جەننەتكە كىرگۈزىدۇ.» (تىرمىزى: «بىرر»، 14\1917)

«ئەگەر بىر كىشى بىرەر يېتىمنىڭ بېشىنى سىلىسا، قولى تەككەن ھەر بىر تال چاچنىڭ سانىغا تەڭ ساۋابقا ئېرىشىدۇ...» (ئەخمەد، 5-جىلد، 250)

رەھمەت پەيغەمبىرىمىز ئەلەيھىسسالاتۇ ۋەسسەلام جەمئىيەتتىكى مىسكىن قەلبلەرنى شاد قىلىش ئۈچۈن ئىجتىمائى مەسئۇلىيەتلەرنى جايىدا ئادا قىلىش كېرەكلىكىنى تەكىتلەيتتى.

ئۇ بىر قېتىم:

«كىم تەربىيىسى ئاستىدىكى يېتىم قىز ياكى يېتىم ئوغۇلغا ياخشى مۇئامىلە قىلسا، ئۇ كىشى بىلەن جەننەتتە بىللە بولىمىز.» دەپ ئىككى بارمىقىنى بىرلەشتۈرۈپ مانا مۇشۇنداق دەپ كۆرسەتكەن. (بۇخارى، «ئەدەب»، 24)

پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامغا تاش يۈرەك بىرەيلەن ھەققىدە شىكايەت كەلدى. پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام ئۇ كىشىنى تۈزەش ئۈچۈن:

«يېتىملەرنىڭ بېشىنى سىلىسۇن ۋە ئاچ-يوقسۇل كىشىلەرگە يېمەك-ئىچمەك بەرسۇن!» دېگەن خەۋەرنى ئەۋەتتى. (ئەخمەد ئىبنى ھەنبەل، 2-جىلد، 263)

ئۇلۇغ روھىي پەزىلەتكە ئىگە بولغان پەيغەمبىرىمىز ئۈممىتى ئىچىدىكى يېتىملەرگە بىۋاستە كۆڭۈل بۆلۈپ، ئىنسانلىق ئالىمىگە مۇنۇ گۈزەل مىسالنى ھەدىيە قىلغان:

«مەن ھەر مۆمىنگە ئۇلارنىڭ ئۆز نەپسىدىنمۇ بەك يېقىنمەن. بىر كىشى ئۆلۈپ مال-دۇنياسى مىراس قالسا، ئۇ مال-دۇنيا ئۇنىڭ يېقىنلىرىغا ئائىت بولىدۇ. لېكىن ئۇ كىشى ئۆلگەندە قەرزى ۋە يېتىم باللىرى ئارقىسىدا قالغان بولسا، ئۇ قەرز ماڭا ئائىت، يېتىملەرنى بېقىشمۇ مېنىڭ ۋەزىپەم.» (مۇسلىم: «جۇمە»، 43؛ ئىبنى ماجە: «مۇقەددىمە»، 7)

ئەنەس رەزىيەللاھۇ ئەنھۇ مۇنداق دەيدۇ:

رەسۇلۇللاھ سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم ۋاپات بولۇش ئالدىدا بىز ئۇنىڭ يېنىدا ئىدۇق. بىزگە ئۈچ قېتىم:

«ناماز ھەققىدە ئاللاھتىن قورقۇڭلار!» دېدى. ئاندىن مۇنداق دېدى:

«قول ئاستىڭلاردىكى كىشىلەر ھەققىدە ئاللاھتىن قورقۇڭلار. **تۇل خۇتۇن ۋە يېتىم باللىدىن ئىبارەت ئىككى ئاجىز ھەققىدە ئاللاھتىن قورقۇڭلار!»**

كېيىن «ناماز، ناماز» دەپ تەكرارلاشقا باشلىدى. (مۇبارەك تىلى سۆزلىيەلمەس بولۇپ قالغان چاغدىمۇ) مۇبارەك روھى چىققۇچە بولغان ئارىلىقتا بۇنى ئىچىدە تەكرارلاپ تۇردى. (بەيھاقى: «شۇئاب»، 7-جىلد، 477)

پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامنىڭ يېتىم بولۇپ دۇنياغا كېلىشى بىلەن يېتىملەر دۇنيا ۋە ئاخىرەتتە ئىززەتكە ئېرىشتى. شائىر مەھمەد ئاسلان يېتىملەرنىڭ ئەھۋالىنى مىسرالىرىدا مۇنداق تەرىپلىگەن:

گۇناھتۇر رەنجىتىش يېتىملەرنى،
چۈنكى ئاللاھ ئۇنىڭ ئىگىسى.
ئاجىز دەپ چاغلىما يېتىملەرنى،
ئوقياسىدۇر ئۇنىڭ كۆز يېشى.

## رەھمەت پەيغەمبىرىنىڭ خولۇم-خوشنا ھەققى توغرىسىدىكى تەۋسىيلىرى

پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام خوشنا ھەققىگە دىققەت قىلىشنى ئالاھىدە تەكىتلەيتتى. ھەدىستە:

«جىبرىئىل ماڭا دائىم خوشنا ھەققىگە ئەھمىيەت بېرىشمنى تەۋسىيە قىلاتتى. ھەتتا مەن كىشى ئۆلگەندە خوشنىسى ئۇنىڭغا مىراسخور بولىدىغان ئوخشايدۇ دەپ ئويلاپ قالغان ئىدىم.» دېگەن. (بۇخارى، «ئەدەب»، 28؛ مۇسلىم، «بىرر»، 140)

باشقا بىر ھەدىستە:

«كاپىر خوشنىنىڭ بىر ھەققى بار. مۇسۇلمان خوشنىنىڭ ئىككى ھەققى بار. ھەم مۇسۇلمان ھەم ئۇرۇق-تۇغقان خوشنىنىڭ ئۈچ ھەققى بار.» دېيىلگەن. (سۇيۇتى، «جامىئۇس-سەغىر»، 1-جىلد، 146)

خوشنىلارنىڭ دېرىزىسىدىن مارىماسلىق، تاماق ئەتكەن چاغدىكى پۇراقلار بىلەن ئۇنى بىئارام قىلماسلىق، خوشنا ياقتۇرمايدىغان ھەرىكەتلەرنى سادىر قىلماسلىق قاتارلىقلار خوشنا ھەقلىرى دائىرىسىگە كىرىدۇ.

ساھابىلەرنىڭ ئىچىدىكى پېقىرلاردىن بىرى بولغان ئەبۇزەر غىفارى مۇنداق دېدى:

«پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام ماڭا تاماق ئەتكەن ۋاقتىمدا سۇنى كۆپرەك قۇيۇپ، ئاشنى ئاۋۇتۇپ، تاماقتىن خوشنىلىرىمغىمۇ بېرىشىمنى ئېيتتى...» (ئىبنى ماجە، «ئەتئىمە»، 58)

ئەبۇزەر ساھابىلەر ئىچىدىكى نامراتلاردىن ئىدى. قول-ئىلكىدە پەقەت ئۆزىنىڭ قورسىقىنى ئاران تويغۇزغۇچىلىكلا يېيدىغان نەرسىسى بار ئىدى. شۇڭا ئۇ ئېشىغا ئازىراق سۇ قوشۇپ ئاۋۇتقاندىن كېيىن باشقىلارغا بېرەلەيتتى. ھەدىسنىڭ مەزمۇنىدىن قارىغاندا، نامراتلىق خوشنا ھەققىگە رىئايە قىلماسلىق ئۈچۈن سەۋەب بولالمايدۇ.

تۆۋەندىكى ھەدىسمۇ ساھابىلەرنىڭ خوشنا ھەققىگە رىئايە قىلىشقا قانچىلىك ئەھمىيەت بەرگەنلىكىنى كۆرسىتىدىغان ياخشى بىر ئۆرنەكتۇر.

ئىبنى ئۆمەر رەزىيەللاھۇ ئەنھۇ مۇنداق دەيدۇ:

«يەتتە ئائىلە بار ئىدى. ھەممىسى بىر-بىرىدىن نامرات ئىدى. بىرەيلەن بۇ ئائىلىلەردىن بىرىگە كاللا (قوينىڭ كاللا-پاچىقى) ئەۋەتتى. بۇنى ئالغان ئۆي ئىگىسى خوشنىسىنىڭ ئېھتىياجى بارلىقىنى ئويلاپ، كاللىنى خوشنىسىغا بەردى. بۇ خوشنىمۇ يەنە باشقا بىر خوشنىسىنى ئويلاپ، ئۇنىڭغا بەردى. ئۇ خوشنا يەنە بىر خوشنىسىغا بەردى. شۇنداق قىلىپ، بۇ كاللا يەتتە ئۆيدىن ئايلىنىپ، ئەڭ ئاخىرىدا يەنە كاللىنى بىرىنچى قېتىم ئالغان ئائىلىگە يېنىپ كەلدى. بۇ مۇناسىۋەت بىلەن تۆۋەندىكى ئايەت نازىل بولدى:

**«ئۇلاردىن** (يەنى مۇھاجىرلاردىن) **مەدىنىدە يەرلىك بولغان، ئىمانى كۈچلۈك بولغانلار** (يەنى ئەنسارلار) **يېنىغا ھىجرەت قىلىپ كەلگەنلەرنى** (يەنى مۇھاجىرلارنى) **دوست تۇتىدۇ، ئۇلارغا بېرىلگەن نەرسىلەر ئۈچۈن ئىچى تارلىق قىلمايدۇ، ئۇلار موھتاج تۇرۇقلۇق** (مۇھاجىرلارنىڭ مەنپەئەتىنى) **ئۆزلىرىنىڭ** (مەنپەئەتى)**دىن ئەلا بىلىدۇ، ئۆز نەپسىنىڭ بېخىللىقىدىن ساقلانغانلار مەقسەتكە ئېرىشكۈچىلەردۇر.»** (ھەشر سۈرىسى 9-ئايەت) (ھاكىم، 2-جىلد، 526\3799)

## رەھمەت پەيغەمبىرىنىڭ چۆرە ۋە مالايلارغا قىلغان مۇئامىلىسى

پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام بولۇپمۇ خىزمەتچى مالايلار ۋە قۇللارغا (ئۇرۇش ئەسىرلىرىگە) ئىنتايىن كۆڭۈل بۆلەتتى.

«ئۇلار سىلەرنىڭ قېرىنداشلىرىڭلاردۇر. نېمە يېسەڭلار، ئۇلارغىمۇ شۇنىڭدىن يېگۈزۈڭلار، نېمە ئىچسەڭلار بىللە ئىچىڭلار.» دېگەن ئىدى. (مۇسلىم، «ئەيمان»، 36-38)

قۇل ئازات قىلىشقا تەشۋىق قىلىپ، بۇنىڭ چوڭ بىر ئىبادەت ئىكەنلىكىنى ئېيتقان ئىدى. بىر كۈنى پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام ئەبۇزەر رەزىيەللاھۇ ئەنھۇنىڭ غەپلەت بىلەن قۇلىغا قاتتىق مۇئامىلە قىلىپ سالغانلىقىنى ئاڭلاپ قالدى ۋە كۆڭلى قاتتىق يېرىم بولۇپ:

- ئى ئەبۇزەر! سەن تېخىچە جاھىلىيەت ئادىتىنى داۋاملاشتۇرىۋاتامسەن؟ - دەپ سورىدى. ئاندىن كېيىن «ئاللاھ ياراتقان بەندىلەرگە قوپاللىق قىلما! كۆڭلۈڭگە ياقمىسا، ئۇنى ئازاد قىلىۋەت! ئېغىر يۈك يۈكلىمە! ئېغىر يۈك يۈكلىگەن بولساڭ، ياردەملىشىپ بىللە كۆتۈرگىن» - دېدى. (مۇسلىم،«ئەيمان»، 38)

بىر ئادەم قۇلى بىلەن دېدىكىنىڭ توينى قىلىپ قويغان ئىدى. كېيىن ئۇلارنى ئاجراشتۇرۋەتمەكچى بولدى. قۇل بۇ ئەھۋالنى پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامغا شىكايەت قىلدى. پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام قۇلنىڭ خوجايىنىغا:

- ئەي ئىنسانلار! بەزى كىشىلەر مالىيى بىلەن چۆرىسىنىڭ بىر ئوبدان توينى قىلىپ قويۇپ، كېيىن يەنە ئاجراشتۇرغۇسى كېلىپ قالىدىغان بولۇپ قاپتۇ. بۇلارغا نېمە بولدىكىن-تاڭ؟! شۇنى ئېنىق بىلىڭلاركى، تالاق قىلىش ھوقۇقى خوتۇنىنىڭ ئېرىگە ئائىتتۇر! - دېدى.[25](ئىبنى ماجە: «تالاق»، 31؛ تەبەرانى: «كەبىر»، 11-جىلد، 300)

پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام ساھابىلەردىن قۇل-دېدەكلىرىنىڭ خاتالىقلىرىنى ھەمىشە كەچۈرۈم قىلىۋېتىشنى تەلەپ قىلاتتى. شۇڭا ئۆزىنىڭ يېنىغا كېلىپ:

25. ئىسلام قانۇنى بويىچە ئەگەر ئايال كىشى نىكاھ ئەسناسىدا ئۆزىگىمۇ تالاق قىلىش (ئاجرىشىش) ھوقۇقى بېرىلىشىنى تەلەپ قىلىپ، مۇشۇ شەرت بويىچە نىكاھلانغان بولسا، ئايال كىشىنىڭمۇ تالاق قىلىش ھوقۇقى بولىدۇ. مىجەزى كېلىشمەسلىك ياكى باشقا جەھەتتىكى چىقىشالماسلىق تۈپەيلى، ئائىلىنى جېدەل-ماجىراسىز تۈتۈپ تۇرۇش مۇمكىن بولمىغان ئەھۋال ئاستىدا ئىسلام قانۇنىدىكى بەلگىلىمىلەر بويىچە قازى نىكاھنى بىكار قىلىش قارارىنى چىقارسا بولىدۇ.

- مالايلىرىمىزنىڭ خاتالىقىنى قانچىلىك ئەپۇ قىلساق بېتەر؟ - دەپ سورىغان ساھابىلىرىگە:

- ئۇلارنى ھەر كۈنى يەتمىش قېتىم ئەپۇ قىلىڭلار! ــ دەپ جاۋاب بەرگەن. (ئەبۇ داۋۇد: «ئەدەب»، 123ـ5164\124؛ تىرمىزى: «بىرر»، 1949\31)

بىر كۈنى رەسۇلۇللاھ سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم بىر كىيىم-كېچەك دۇكىنىغا بېرىپ تۆت دەرھەمگە بىر كىيىم سېتىۋالدى. كىيىمنى كىيىپ سىرتقا چىقىشىغىلا ئەنسارلاردىن بىر كىشى بىلەن ئۇچراشتى. ئۇ كىشى:

- ئەي رەسۇلۇللاھ! ماڭا بىر كىيىم بەرگىن. ئاللاھ ساڭا جەننەت لىباسلىرىنى كېيدۈرگەي! ــ دېدى.

پەيغەمبىرىمىز سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم دەرھال ئۈستىدىكى يېڭى كىيىمنى سېلىپ، ئۇ كىشىگە كېيدۈرۈپ قويدى. دۇكانغا قايتا بېرىپ تۆت دەرھەمگە يەنە بايىقى كىيىمدەك كىيىمدىن بىرنى ئالدى. يانچۇقىدا پەقەت ئىككى دەرھەملا پۇلى قالغان ئىدى.

يولدا كېتىۋاتقاندا يىغلاپ ئولتۇرغان بىر دېدەك كۆردى ۋە:

- نېمىشقا بۇنداق يىغلايسەن؟ - دەپ سورىدى. دېدەك:

- ئەي رەسۇلۇللاھ! خوجايىنىم ماڭا ئىككى دەرھەم پۇل بېرىپ ئۇن سېتىۋېلىشقا ئەۋەتكەن ئىدى. پۇلنى يۈتتۈرۈپ قويدۇم. ــ دېدى.

پەيغەمبىرىمىز سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم يانچۇقىدىكى ئىككى دەرھەمنى چىقىرىپلا ئۇنىڭغا بەردى. قايتىپ كېتىۋاتقاندا دېدەك قىزنىڭ يەنىلا ئورنىدا ئولتۇرۇپ يىغلاۋاتقانلىقىنى كۆردى. پەيغەمبىرىمىز دېدەك قىزنى چاقىرىپ:

- پۇلنى ئالدىڭ، يەنە نېمىشقا يىغلايسەن؟ - دەپ سورىدى. قىز:

- ئۆيگە قايتىشقا كېچىكىپ قالغانلىقىم ئۈچۈن مېنى ئۇرامدىكىن دەپ قورقۇپ يىغلاۋاتىمەن. ــ دېدى ئېسەدەپ تۇرۇپ.

رەسۇلۇللاھ سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم دېدەك قىز بىلەن بىللە ئۇنىڭ خوجايىنىنىڭ ئۆيىگە بېرىپ، ئۆيدىكىلەرگە سالام بەردى. ئۆيدىكىلەر پەيغەمبىرىمىزنى ئاۋازىدىن تونىدى، لېكىن جاۋاب بەرمىدى. پەيغەمبىرىمىز ئىككىنچى قېتىم سالام بەردى. ئۆيدىكىلەر يەنە جىمجىت. ئۈچىنچى قېتىم سالام بەرگىنىدە ئۆيدىكىلەر: «ۋە ئەلەيكۇم ئەسسالام!» دەپ خۇشاللىق بىلەن ئالدىغا چىقتى. پەيغەمبىرىمىز:

- تۇنجى سالىمىنى ئاڭلىمىدىڭلارمۇ؟ - دېدى. ئۆيدىكىلەر:

- ئاڭلىدۇق، ئەي رەسۇلۇللاھ! لېكىن بىزگە كۆپرەك سالام قىلىپ، بىزگە بەرىكەت كەلتۈرۈشۈڭنى ئارزۇ قىلدۇق. سېنى بۇ يەرگە قانداق شامال ئۇچۇرۇپ كەلدى؟ ئانا-ئانىمىز ساڭا پىدا بولسۇن! ــ دېدى.

رەسۇلۇللاھ سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم:

- بۇ قىز سىلەرنىڭ ئۇنى ئۇرۇشۇڭلاردىن قورقىدىكەن. ــ دېدى.

دېدەكنىڭ خوجايىنى دەرھاللا:

- پەيغەمبىرىمىز ئۆيىمىزگە قەدەم كەلگەن ئىكەن، دېدەك ئۇنىڭ كېلىشىگە سەۋەپ بولغان ئىكەن، ئەمدى بۇ دېدەك ئاللاھ ئۈچۈن ئازاتتۇر! ــ دەۋەتتى. رەسۇلۇللاھ سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم ئۇلارنىڭ ياخشى قىلغانلىقىنى ئېيتىپ، ئۇلارغا جەننەت بىلەن خوشخەۋەر بەردى. كېيىن مۇنداق دېدى:

- ئاللاھ ئون دەرھەمگە نەقەدەر كۆپ بەرىكەت بەردى-ھە! بىر ئون دەرھەم پۇل بىلەن ئاللاھنىڭ نەبىيسى ۋە ئەنساردىن بىر بەندە كىيىم كىيدى، بىر دېدەك ئازات بولدى. ئاللاھقا ھەمدۇ-سانالار بولسۇن! بۇلارنىڭ ھەممىسىنى بىزگە لۇتۇپ قىلىپ بەرگەن ئاللاھتۇر! (ھەيسەمى: 9-جىلد، 13-14)[26]

پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام قۇللارنىڭ كۆڭلىنى ئاغرىتىشنى ئەسلا راۋا كۆرمەيتتى. بۇ ھەقتە مۇنداق دېگەن ئىدى:

---

26. پەيغەمبەر سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم ۋە ساھابىلەر بۇ گۈزەل ئەخلاقنى ئەمەلىي ھەرىكىتىدە ئىپادىلەپ، كەلگۈسىدىكى ئىمانلىق ئەۋلادلارغا ياخشى ئۈلگە بولغان. ياراتقۇچىنىڭ مېھرى-شەپقەت نەزىرى بىلەن يارىتىلغۇچىلارغا نەزەر سېلىش ئۇسۇلىنىڭ سان-ساناقسىز ئىپادىلىرى ئىسلام تارىخىدا كۆزگە چېلىقىدۇ. مەسىلەن: ئوسمانلىنىڭ پادىشاھى II. مەھمۇد (تەختتە ئولتۇرغان مەزگىلى: 1808-1839)نىڭ ئائىلىسىدىكىلەردىن خانىش بەزمىئالەم شام رايونىدا بىر ۋەقپ تەسىس قىلغان. ۋەقپ بەلگىلىمىسىنىڭ بىر ماددىسىدا: «بۇ يەردە ئىشلىگەن خىزمەتكارلار سەھۋەنلىك بىلەن سۇندۇرىۋەتكەن ياكى بۇزۇۋەتكەن ئەشيالارنى ۋە بىلمەي كەلتۈرۈپ چىقارغان زىياننى خانىش تۆلەپ بېرىدۇ» دېيىلگەن. بۇنداق قىلىشتىكى مەقسەت خىزمەتكارلارنىڭ تەنقىد ئەيىپلەشلەرگە ئۇچراپ كۆڭلى رەنجىشى، ئىززەت-ھۆرمىتىنىڭ يەرگە ئۇرۇلۇشىنىڭ ئالدىنى ئېلىشتىن ئىبارەت.

«قۇلىغا ناچار مۇئامىلە قىلغان كىشى جەننەتكە كىرەلمەيدۇ.»

«ئۇلارغا بالىلىرىڭلارغا مۇئامىلە قىلغاندەك ياخشى مۇئامىلە قىلىڭلار، بالىلىرىڭلارغا بەرگەندەك بېرىڭلار.»

«خىزمەتكارى تاماق ئېتىپ ئېلىپ كەلسە، ئۇنى بىللە داستىخاندا ئولتۇرغۇزمىغان كىشى ھېچ بولمىغاندىمۇ ئۇنىڭغا بىر ئىككى لوقما ۋە باشقا يېمەكلىك بەرسۇن. چۈنكى تاماقنى ئۇ خىزمەتكار جاپا تارتىپ ئەتكەن.» (بۇخارى: «ئەتئىمە»، 55؛ تىرمىزى: «ئەتئىمە»، 44)

ئاللاھتائالا ئۇلارنى خوجايىنلىرىغا خىزمەتچى ۋە مالاي قىلغان. ئەگەر ئاللاھ خالىسا، خوجايىنلىرىنى ئۇلارغا خىزمەتچى قىلغان بولاتتى!...

پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامنىڭ قۇللارغا قارىتا شەپقىتى شۇ دەرىجىگە بارغانكى، كىشىلەرنىڭ قۇللىرىنى «مالىيىم، دېدىكىم» دەپ ئاتىشىغىمۇ رازى ئەمەس ئىدى. مۇسۇلمانلارغا ئىسلام ئەخلاقى بويىچە ئۇلارنى «ئوغلۇم، قىزىم» دەپ ئاتاشنى تەۋسىيە ۋە ئەمر قىلغان ئىدى.

شەخسەن ئۆزى قۇللار، مالايلار ۋە پېقىرلارنىڭ ئارىسىغا كىرىپ، ئۇلار بىلەن پاراڭلىشاتتى، چاقىرسا ئۆيىگە باراتتى، ئاغرىپ قالغانلارنى يوقلايتتى ۋە جىنازا نامازلىرىغا قاتنىشاتتى.

ئۇممۇ سەلىمە ئانىمىز مۇنداق دەيدۇ:

«رەسۇلۇللاھ سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەمنىڭ ئاخىرىدا ئېيتقان ھەدىس شەرىفى:

«نامازغا دىققەت قىلىڭلار! (نامازنى تەئدىل-ئەركان بىلەن ئوقۇڭلار!) ۋە قول-ئىلكىڭلاردىكى قۇل-دېدەك، چۆرىلەر ھەققىدە ئاللاھتىن قورقۇڭلار!»

رەسۇلۇللاھ سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم بۇ سۆزنى شۇنچىلىك كۆپ تەكرارلىدىكى، مۇبارەك تىلى سۆزلىيەلمەس بولۇپ قالغاندا، ئىچىدە تەكرارلىدى.» (ئەبۇداۋۇد، «ئەدەب»، 124)

✵

بىلىشكە تېگىشلىك بىر نوقتا شۇكى، ئىسلامدا قۇللۇق تۈزۈمىنىڭ مەۋجۇد بولۇشىدىكى بىر سەۋەب، شۇ زاماننىڭ شارائىتىدىكى ساقلانغىلى بولمايدىغان ئۇرۇشلار

ۋە بۇ ئۇرۇشلارنىڭ بىر نەتىجىسى بولغان ئۇرۇش ئەسىرلىرىنىڭ مەۋجۇتلىغىدۇر. ئىسلامنىڭ مۇھىم ئالاھىدىلىكلىرىدىن بىرى مېھرى-شەپقەت بولغانلىقى ئۈچۈن، ئۇرۇش ئەسىرلىرىنىڭمۇ ھۆر ئىنسانلار كەبى ياشىشىنى ئۈمىد قىلىدۇ.

ئاللاھ رەسۇلى سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم قۇللارنى ھۆرلۈككە ئېرىشتۈرۈشنى، ئۇلارنىڭ ئىنسانىي قەدىر-قىممىتى بىلەن ياشىيالىشىنى ئىنتايىن ئارزۇ قىلاتتى. بۇنىڭ ئەڭ ئېنىق مىسالى ئۇنىڭ زەيد ئىبنى ھارىسەگە تۇتقان مۇئامىلىسىدە ئىپادىلىنىدۇ.

پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام ھەزرىتى خەدىچە ئانىمىز ھەدىيە قىلغان زەيد ئىبنى ھارىسەنى ئازات قىلدى ۋە خالىسا دادىسىنىڭ يېنىغا كېتىشنى، خالىسا ئۆزىنىڭ يېنىدا قېلىشنى ئىختىيارىغا قويدى. پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامنىڭ ماددى كۈچى ئاجىز ۋە ھەمىشە قۇرەيشنىڭ زۇلمىغا ئۇچراپ تۇرغان بىر زاماندا زەيد ئۆزىنى ئېلىپ كېتىش ئۈچۈن كەلگەن دادىسى بىلەن تاغىسىغا: «سىلەر مېنىڭ دادام بىلەن تاغام. لېكىن مەن ئۇنىڭدىن ئايرىلالمايمەن!» دەپ پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامنىڭ يېنىدا قېلىشنى تاللىدى.

كېيىن بۇ ساھابە باشقا ساھابىلەر ئارىسىدا بۈيۈك ئابرۇيغا ئېرىشتى. پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام ئۇنى ۋىزانتىيىگە قارشى مۇتە ئۇرۇشىدا ئىسلام قوشۇنىنىڭ باش قۇماندانى قىلىپ تەيىنلىدى. ئۇرۇشتا باش قۇماندان سۈپىتى بىلەن قەھرىمانلارچە جەڭ قىلغان زەيد نىھايەت شاھادەت شەربىتىنى ئىچىپ، كېيىنكى ئەۋلادلارغا پارلاق بىر يۇلتۇز مىسالى ھايات قالدۇرۇپ قويۇپ كەتتى. قىسقىسى، ئۇنىڭ ھاياتى ئىسلامنىڭ بەرىكىتى بىلەن ھەزرىتى يۇسۇپ ئەلەيھىسسالامغا ئوخشاش قۇللۇقتىن سۇلتانلىققىچە يۈكسەلگەن بىر ھايات شەكلىدە ئۆتتى.

ئىسلام تاكامۇللاشتۇرغۇچى بىر تۈزۈمدۇر. شۇڭا ئىسلام ئۆزىدىن ئىلگىرىكى بىر تۈزۈمنىڭ ئىجابىي ئالاھىدىلىكلىرىنى رەت قىلمايدۇ ۋە ئۇنى تېخىمۇ مۇكەممەللەشتۈرىدۇ. سەلبىي تەرەپلىرىنى بولسا ئىسلاھ قىلىشقا تىرىشىدۇ. ئىسلامنىڭ ئاساسىي پىرىنسىپلىرىغا زىت كەلمىسە، ئىلگىرىكى تۈزۈملەرنىڭ ئىجابىي تەرەپلىرىنى ساقلاپ قېلىشنى زىيانلىق دەپ قارىمايدۇ. بۇ ئۆلچەم بويىچە، بىر تۈزۈمنى تۈپتىن ئەمەلدىن قالدۇرۇشنىڭ ئورنىغا ئۇنى ئىسلاھ قىلىش يولىنى تاللايدۇ.

ئىنسانلارنىڭ ئېنىق نىشانى ۋە قەتئىي ئىرادىسى بولغاندىلا، ئاندىن ئۆزگەرتىشلەرنى ئاخىرىغىچە تەلتۆكۈس ئېلىپ بارغىلى بولىدۇ. بۇ خىل ئۆزگىرىش نەتىجىسىدە، ئىجتىمائىي نىزاملاردىكى تۈپكۈقسىز ئۆزگەرتىشنىڭ ئورنىغا تەدرىجى ئۆزگەرتىشنى دەسسەتكەندە، جەمئىيەتتىكى سەلبىي، ئەكس تەسىرلەردىن ساقلانغىلى بولىدۇ. بۇنىڭ ئەڭ ياخشى مىسالى، ئىسلامنىڭ قۇللۇق تۈزۈمنى ئۆزگەرتكەنلىكىدە ئۆز ئىپادىسىنى تاپقان. ئىسلام قۇللۇق تۈزۈمنى ئۆزگەرتىپ، ئۇنى «نامى بار، ئۆزى يوق» ھالەتكە كەلتۈردى ۋە پەيدىنپەي يوق قىلىدىغان بىر ئەخلاقنىڭ ئىچىگە يەرلەشتۈردى.

ئىسلام قۇللۇق تۈزۈمنىڭ ئىسمىنىڭ ۋاقىتلىق مەۋجۇد بولۇشىغا يول قويدى. بۇ سەۋەپتىن «ئىسلام قۇللۇق تۈزۈمنى قوبۇل قىلىدۇ» دەپ مۇئەييەنلەشتۈرۈشنىڭ ئۆزى، يا ئىسلامنى بىلمىگەنلىك، يا غەرەزلىك ھالدا قەستەن بورمىلىغانلىقتىن باشقا نەرسە ئەمەس خالاس. قۇللارغا ئائىت يېڭى ۋە ئىسلامىي تۈزۈملەر ئۇ دەۋردىكى قۇللارنى بۈگۈن ئازات دەپ قارالغان «زامانىۋى سانائەت ئىشچىلىرى» ئىگە بولغان ئازاتلىقتىن تېخىمۇ ئۈستۈن دەرىجىدە تۇرىدىغان سائادەتكە ئېرىشتۈرگەن ئىدى.

ئىسلام شەرىئىتى ھەرخىل گۇناھلارنىڭ كەففارىتى (ئەپۇ قىلىنىشى) ئۈچۈن قۇل ئازات قىلىش چارىسىنى يولغا قويۇش ئارقىلىق قۇللارنى خوجايىنىنىڭ قولىدىكى سايمانلىق ھالەتتىن قۇتۇلدۇرۇپ، ئۇلارنىڭ ئورنىنى يۇقىرى كۆتۈرگەن. شۇنداق قىلىپ، قۇلنىڭ ھۆر ئادەملەردىن كۆپ پەرقى قالمىغان. دەرۋەقە، پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام قۇللارغا ئىگىسى نېمە يېسە، شۇنى يېگۈزۈش، ئىگىسى نېمە كىيسە شۇنى كىيگۈزۈشتەك قائىدىلەرنى تونجى قېتىم يولغا قويغۇچى دىنىنىڭ ئەڭ مۇكەممەل تەدبىقچىسى بولغان ئىدى. ئەزگۈچى تۈزۈم بولغان قۇللۇق تۈزۈم، ئىسلامىي مېھرى-شەپقەتنىڭ بەرىكىتى بولغان «كىشىنىڭ ھەققىنى يەپ سېلىش» ئەندىشىسى بىلەن قىسقا ۋاقىت ئىچىدە ماھىيىتىنى يۇقاتتى. بۇ سەۋەبتىن، كۆپلىگەن ساھابىلەر كىشى ھەققىنى يەپ سېلىشتىن ئەندىشە قىلغانلىقى ئۈچۈن قىسقا ۋاقىت ئىچىدىلا قۇللىرىنى ئازات قىلىۋەتكەن ئىدى.

تۆۋەندىكى ئۇشبۇ مىسال يۇقىرقى ئەھۋاللارنى ئىپادىلەيدىغان نۇرغۇنلىغان مىساللارنىڭ ئىچىدىكى پەقەتلا بىرىدۇر:

بىر كىشى رەسۇلۇللاھ سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەمنىڭ ئالدىغا كېلىپ مۇنداق دېدى:

- ئەي رەسۇلۇللاھ! مالايلىرىم بار. ماڭا توختىماستىن يالغان گەپ قىلىدۇ، خائىنلىق قىلىدۇ، گېپىمنى ئاڭلىمايدۇ. مەنمۇ ئۇلارنى ئۇرۇپ تىللايمەن. ئۇلار تۈپەيلى مېنىڭ ئاقىۋىتىم قانداق بولار؟

رەسۇلۇللاھ سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم مۇنداق دېدى:

- ئۇلارنىڭ ساڭا قىلغان خىيانەت، ئىسيان ۋە ساختىپەزلىكلىرى بىلەن سەن ئۇلارغا بەرگەن جازا ھېسابلىنىدۇ. ئەگەر سېنىڭ جازايىڭ ئۇلارنىڭ گۇناھىغا تەڭ بولسا، ساڭا ھېچقانداق بىر ئىش بولمايدۇ. ئەگەر سەن بەرگەن جازا ئۇلارنىڭ گۇناھىدىن ئاز بولسا، بۇ سەن ئۈچۈن ياخشى پەزىلەت بولۇپ ھېسابلىنىدۇ. **ئەگەر جازايىڭ ئۇلارنىڭ گۇناھىدىن ئېشىپ كەتكەن بولسا، ئۇ چاغدا بۇنىڭ ھېسابىنى بېرىسەنكى، سەندىن قىساسى ئېلىنىدۇ.**

بۇنى ئاڭلىغان كىشى بىر بۇرجەككە بېرىپ ئاھ ئۇرۇپ يىغلاشقا باشلىدى. رەسۇلۇللاھ سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم ئۇنىڭغا:

- ئاللاھتائالانىڭ: **«قىيامەت كۈنى بىز** (ئەمەللەر تارتىلىدىغان) **ئادالەت تارازىسىنى ئورنىتىمىز، ھېچ ئادەمگە قىلچە ئۇۋال قىلىنمايدۇ** (يەنى ياخشى ئادەمنىڭ ياخشىلىقى كېمەيتىۋېتىلمەيدۇ، يامان ئادەمنىڭ يامانلىقى ئاشۇرۇۋېتىلمەيدۇ)**. ئەگەر ئۇنىڭ قىچا چاغلىق ئەمەلى بولسىمۇ، ئۇنى ھازىر قىلىمىز،** (بەندىلەرنىڭ ئەمەللىرىدىن) **ھېساب ئېلىشقا بىز يېتەرلىكمىز.»**[27] دېگەنلىكىنى بىلمەمسەن؟ - دېدى. بۇنى ئاڭلىغان كىشى:

- ۋەللاھى يا رەسۇلۇللاھ! ئەمدى ئۆزەم ئۈچۈن ھەم ئۇلار ئۈچۈن بىر-بىرىمىزدىن ئايرىلىشتىن باشقا ياخشىراق يول قالمىدى. شاھىد بولۇڭ، ئۇلارنىڭ ھەممىسى ئازات!

— دېدى. (تىرمىزى: «تەپسىر»، 21\3165)

ھەقىقەتەن، پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام ساھابىلىرىدىن ئۇرۇش ئەسىرلىرىنى ئوقۇتۇپ، تەربىيىلەشنى ۋە ئۇلارنى ئازات قىلىپ، ئۆيلەندۈرۈپ قويۇشنى تەلەپ قىلغان، قۇللىرىغا قوپال ۋە ناچار مۇئامىلە قىلغانلارنىڭ جەننەتكە كىرەلمەيدىغانلىقىنى

27. ئەنبىيا سۈرىسى 47-ئايەت.

بىلدۈرگەن ئىدى. يەنى خىزمەتكارىغا ياخشى مۇئامىلە قىلسا بەرىكەت، يامان مۇئامىلە قىلسا پالاكەت باردۇر.

✵

ساھابىلەر ئىلگىرى ئىرق، قەبىلە، قۇلدارلىق، قۇللۇق، باي-نامراتلىق پەرقى تۈپەيلى ھەر خىل گورۇھلارغا بۆلۈنۈپ كەتكەن بولۇپ، بىر-بىرىنىڭ قېنىنى ئىچىشكە تەييار ۋەزىيەتتە ئىدى. ئەمما ئىسلام بىلەن شەرەپلەنگەندىن كېيىن ئۆيۈلتاشتەك ئۇيۇشۇپ، تىللاردا داستان بولغۇدەك قېرىنداشلىق ھاۋاسى ئىچىدە ياشىدى. ئۇلار پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام ئېيتقان: «ئىنسانلار تاغاقنىڭ چىشلىرىدەك باراۋەردۇر. پەرق پەقەت تەقۋادارلىقتا.» دېگەنگە چىن كۆڭلىدىن ئىمان ئېيتقان ئىدى. بۇنىڭ بىر مىسالى تۆۋەندىكىچە:

مەككە فەتھى قىلىنغاندىن كېيىن پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام روملارغا قارشى ئىككىنچى قېتىم يۈرۈش قىلىشنى قارار قىلىپ، ئازات قىلىۋەتكەن قۇلى زەيدنىڭ ئوغلى ئۇسامەنى قوشۇننىڭ قۇماندانى قىلىپ تەيىنلىدى. ئۇسامە بۇ چاغدا يىگىرمە ياش ئىدى. قوشۇن پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامنىڭ ۋاپاتى مۇناسىۋىتى بىلەن يۈرۈشنى كېچىكتۈرگەن بولسىمۇ، ئەمما يېڭىدىن خەلىپە قىلىنىپ تەيىنلەنگەن ھەزرىتى ئەبۇبەكرىنىڭ ئەمرى بىلەن سەپەرگە ئاتلاندى. چوڭ-چوڭ ساھابىلەر ۋە قۇرەيشنىڭ ئاقساقاللىرى يىگىرمە ياشلىق قۇماندانىنىڭ ئارقىسىدىن ماڭدى. ھەتتا ھەزرىتى ئەبۇبەكرى رەزىيەللاھۇ ئەنھۇ خەلىپە بولۇشقا قارىماستىن، ياش قۇماندان ئۇسامەنى مەدىنىنىڭ سىرتىغىچە شەخسەن ئۆزى ئۇزىتىپ قويىدى، ھەمدە پىيادە مېڭىپ... ھەزرىتى ئۇسامە ئېتىدىن چۈشۈپ، ھەزرىتى ئەبۇبەكرىنى ئاتقا مىندۈرمەكچى بولغان بولسىمۇ ئۇ قەتئىي قوشۇلماي:

-ئەي ئۇسامە! سېنى ئاللاھ رەسۇلى تەيىنلىدى. مېنى پىيادە ماڭغىلى قويغىن! جىھاد يولىدا ئاياغلىرىمغا ئانچە-مۇنچە توپا-چاڭ قونسۇن! -دېدى.

كۆرگىنىمىزدەك، پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامنىڭ مۇبارەك قولىدا يېتىشىپ چىققانلار قۇلدار خوجايىن، قۇل-دېدەك، باي-نامرات، قېرى-ياش ... دەپ ئايرىلمايتتى. ھەرقانداق ئادەم ئىخلاسى ۋە تەقۋاسى بىلەن ئەڭ يۈكسەك مەۋقەلەرگىچە چىقالايتتى.

سۇۋەيدىنىڭ ئوغلى مەئرۇر مۇنداق دەيدۇ:

«ئەبۇزەرنىڭ ئۈستىدە بىر كىيىمنى كۆردۈم. مالىيمۇ ئۇنىڭغا ئوخشاش كىيىم كىيىۋاپتۇ. سەۋەبىنى ئەبۇزەردىن سورىسام، ئۇ ماڭا پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامنىڭ:

«قۇللار، مالايلار ئاللاھ سىلەرنىڭ ئەمرىڭلارغا بەرگەن قېرىنداشلىرىڭلاردۇر. كىمنىڭ قول ئاستىدا بىر قېرىندىشى بولسا، ئۇنىڭ بىلەن نېمە يېسە، تەڭ يېسۇن! نېمە كىيسە، تەڭ كىيسۇن! ئۇلارنى كۈچى يەتمەيدىغان ئىشلارغا سالمىسۇن! سالغان بولسا، ياردەملىشىپ ئىشنى تەڭ قىلسۇن!» دېگەن ھەدىسىنى نەقىل قىلدى.

ئىسلام بۇ جەھەتتىكى ھۆكۈملىرى بىلەن ئىنسانلىق تارىخىغا تەڭداشسىز بىر ئەخلاقىي پەزىلەتنى تەقدىم قىلغان.

## رەھمەت پەيغەمبىرىنىڭ ھايۋانلارغا قارىتا مۇئامىلىسى

جاھىلىيەت دەۋرىدىكى ئىنسانلار ھايۋانلارغا ئىنساپسىز ۋە رەھىمسىز مۇئامىلە قىلاتتى. ھايۋانلارغا قىلچە ئىچ ئاغرىتماستىن تىرىك پېتى تۇرغۇزۇپ گۆشى ۋە ياغلىرىنى كېسىپ يەيتتى. ھايۋان سوقۇشتۇرۇش مۇسابىقىسى ئۆتكۈزەتتى. كىشىنىڭ ۋىجدانىنى ئازابلايدىغان بۇ خىل مەنزىرىلەرگە پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام خاتىمە بەردى ۋە:

«ھايۋاننى تىرىك تۇرغۇزۇپ ئۇنىڭدىن كېسىپ ئالغان گۆش مەيتە (لەش) ھۆكمىدە بولۇپ، يېگىلى بولمايدۇ!» دېدى. (تىرمىزى: «سايد» 12\1480)

كۈنىمىزدىكى خوراز چوقۇشتۇرۇش، تۆگە، كالا (توپاق) ۋە بۇغا ئۈسۈشتۈرۈش ئويۇنى قاتارلىقلار ھەممىسى جاھىلىيەت دەۋرىدىن قالغان ئادەتلەردۇر.

بىر كۈنى پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام يولدا كېتىۋېتىپ، يۈزى داغلانغان بىر ئېشەكنى كۆرۈپ، كۆڭلى يېرىم بولدى ۋە:

«بۇ ئېشەكنىڭ يۈزىنى داغلىغانلارغا ئاللاھ لەنەت قىلغاي!» دېدى. (مۇسلىم: «لىباس»، 107)

ھايۋانلارغا ئىشارەت قىلىش ئۈچۈن داغلاپ بەلگە قىلىش زۆرۈر بولغاندا، ھايۋانلارنىڭ ئاغرىمايدىغان يەرلىرىگە ئىشارەت قىلىش تەۋسىيە قىلىنىدى.

ئورۇقلاپ بىر تېرە بىر ئۇستىخان بولۇپ قالغان بىر تۆگىنى كۆرۈپ ساھابىلىرىگە: «گەپ قىلالمايدىغان بۇ ھايۋانلار ھەققىدە ئاللاھتىن قورقۇڭلار (ئۇلارنى ئاچ قويماڭلار).» دېگەن ئىدى.

ئابدۇللا ئىبنى جابىر رەزىيەللاھۇ ئەنھۇ مۇنداق دەيدۇ:

«رەسۇلۇللاھ سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم بىر كۈنى ئەنسارلاردىن بىرىنىڭ بېغىغا باردى. ئۇ يەردىكى بىر تۆگە رەسۇلۇللاھنى كۆرۈپ نالە قىلدى ۋە كۆزلىرىدىن ياشلار ئېقىشقا باشلىدى.» رەسۇلۇللاھ تۆگىنىڭ يېنىغا بېرىپ، بېشىنى سىلىدى. تۆگە يىغلاشتىن توختىدى. ئاندىن كېيىن رەسۇلۇللاھ ئەلەيھىسسالام باغنىڭ ئىگىسىنى ئىزدەپ تېپىپ ئۇنىڭغا:

- شۇ ھايۋاننى ساڭا مۈلۈك قىلىپ بەرگەن ئاللاھتىن قورقامسەن؟ ئۇ ماڭا سېنىڭ ئۇنى ئۇرغانلىقىڭدىن، ئەزىيەت قىلغانلىقىڭدىن شىكايەت قىلدى.- دېدى.

بىر ھەدىس شەرىفتە:

«سىلەرگە كىمنىڭ جەھەننەمدىن يىراق ۋە جەھەننەمنىڭمۇ ئۇنىڭدىن يىراق ئىكەنلىكىنى ئېيتىپ بېرەيمۇ؟» دەپ سورىغاندىن كېيىن:

«مۇلايىم، مېھرىۋان، چىقىشقاق، نازاكەتلىك، ئاق كۆڭۈل كىشىلەردۇر...» دېگەن. (ئەخمەد ئىبنى ھەنبەل، 1-جىلد، 415)

رەسۇلۇللاھ سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم يولدا كېتىۋېتىپ، بىر توپ كىشىنى كۆردى. بۇ كىشىلەر توختىتىپ قويۇلغان ھايۋانلارنىڭ ئۈستىگە مىنىپ ئولتۇرۇپ پاراڭلىشىۋاتاتتى. رەسۇلۇللاھ سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم ئۇلارغا مۇنداق دېدى:

«ھايۋانلىرىڭلارنىڭ ئۈستىگە مىنگەندە ئۇلارنى ھارغۇزماي چىرايلىق مىنىڭلار. (ئىشلەتمەيدىغان چاغدىمۇ) ئۇلارنىڭ ئۈستىدىن چىرايلىق چۈشۈپ، ئۇلارنى دەم ئالغۇزۇڭلار. ئۇلارنى يولدا، كوچىدا پاراڭلاشقاندا ئولتۇرىدىغان ئورۇندۇق قىلىۋالماڭلار (توختىتىپ قويۇپ ئۈستىگە مىنىپ ئولتۇرۇپ پاراڭلاشماڭلار). **نۇرغۇنلىغان ئۇلاغ ھايۋانلار باركى، ئۇلار ئۆزىنىڭ ئۈستىگە مىنگۈچىدىن نەچچە ھەسسە ياخشى، ئۇلار ئاللاھتائالانى تېخىمۇ كۆپ زىكىر قىلىدۇ.»** (ئەخمەد، 3-جىلد، 439)

رەسۇلۇللاھ سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم قوينى قۇلىقىدىن سۆرەپ بوغۇزلاشقا ئېلىپ ماڭغان بىر ئادەمنى كۆرۈپ، دەرھال ئۇنىڭ يېنىغا بېرىپ:

- قوينىڭ قۇلىقىنى قويۇۋەت. بوينىنىڭ بىر تەرىپىدىن تۇت! ـ دېدى. (ئىبنى ماجە: «زەبائىھ»، 3)

پەيغەمبىرىمىز يەنە پىچاقنى ياخشى بىلەشنى، پىچاق بىلىگەننى بوغۇزلانماقچى بولغان مالغا كۆرسەتمەسلىكنى بۇيرۇپ:

«مالنى بوغۇزلايدىغان چاغدا ئىتتىك ۋە تولۇق بوغۇزلاڭلار!» دېگەن.

بىر كۈنى پەيغەمبىرىمىز قوي بوغۇزلىغان بىر ئادەمنى كۆرگەن ئىدى. بۇ ئادەم قوينى باغلاپ يەرگە ياتقۇزۇپ قويغاندىن كېيىن پىچاقنى بىلەشكە باشلىدى. بۇ ئادەمنىڭ تاش يۈرەك ۋە رەھىمسىزلىكنى كۆرگەن پەيغەمبىرىمىز ئۇنى مۇنداق دەپ ئاگاھلاندۇردى:

- قوينى بىر قانچە قېتىم بوغۇزلىماقچىمۇسەن؟ پىچىقىڭنى قوينى يەرگە ياتقۇزۇشتىن ئىلگىرى بىلىسەڭ بولماسمىدى؟ (ھاكىم، 4-جىلد، 257، 260\7570)

بىر قېتىم رەسۇلۇللاھ سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم مەككىگە بېرىش ئۈچۈن ئېھرام باغلاپ مەدىنىدىن يولغا چىققان ئىدى. ئۇسايە دېگەن يەرگە كەلدى. بۇ يەر رۇۋەيسە بىلەن ئەرج ئارىسىدىكى بىر يەر ئىدى. بۇ يەردە سايىدا تولغىنىپ يېتىپ ئۇخلاۋاتقان بىر كىيىكنى كۆردى. رەھمەت پەيغەمبىرى ساھابىلەردىن بىر كىشىنى كىيىكنىڭ يېنىدا كۈزەتچىلىككە بەلگىلەپ، ھەممە كىشى ئۆتۈپ بولغۇچە بولغان ئارىلىقتا ھېچقانداق كىشىنىڭ كىيىكنى ئۈركۈتۈۋەتمەسلىكى، قورقۇتماسلىقى ئۈچۈن قاراپ تۇرۇشنى تاپىلىدى. (مۇۋەتتا: «ھەج»، 79؛ نەسائى: «ھەج»، 78)

ئاللاھنىڭ مەخلۇقاتلىرىغا قىلىنغان بۇ مېھرى-شەپقەتنىڭ يەنە بىر مىسالى مۇنداق:

رەسۇلۇللاھ سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم ئون مىڭ كىشىلىك زور قوشۇنى بىلەن مەككىگە قاراپ ئىلگىرىلەۋاتاتتى. ئەرج دېگەن يەردىن يولغا چىقىپ، تالۇبقا قاراپ كېتىۋاتقاندا يولدا يېتىپ تۇرۇپ كۈچۈكلىرىنى ئېمىتىۋاتقان بىر چىشى ئىت كۆردى. پەيغەمبىرىمىز دەرھال ساھابىلەر ئىچىدىن جۇئەيل ئىبنى سۇراقەنى يېنىغا

چاقىرىپ، ئۇنى بۇ ئىتقا كۆزەتچىلىككە بەلگىلىدى. چىشى ئىت ۋە كۈچۈكلىرىنىڭ ئىسلام قوشۇنى تەرىپىدىن ئۈركۈتۈلمەسلىكىنى تاپىلىدى. (ۋاقىدى، 2-جىلد، 804)

✵

پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام شەپقەتلىك ۋە شەپقەتسىز كىشىلەرنىڭ ئەھۋالىنى تۆۋەندىكى ھەدىستە مۇنداق ئوتتۇرىغا قويغان:

«بىر گۇناھكار ئايال چۆلدە ئۇسسۇزلۇقتىن چاڭقاپ، ھاسىراپ تىلىنى چىقىرىپ، قۇمنى يالاپ تۇرغان بىر ئىتنى كۆرۈپ، ئۇنىڭغا ئىچى ئاغرىپ، ئۆتۈكىنى سېلىپ ئىتقا قودۇقتىن سۇ ئېلىپ ئىچۈردى. بۇ سەۋەپتىن، ئاللاھ بۇ ئايالنىڭ گۇناھىنى ئەپۇ قىلدى.

باشقا بىر ئايال مۈشۈكىنى ئاچ قويغان ئىدى. (ھەتتا يەردىن ھاشارەتلەرنى تۇتۇپ يېيىشىگىمۇ يول قويمىغان ئىدى، نىھايەت) مۈشۈك ئاچلىقتىن ئۆلدى. ئۇ ئايال مۈشۈ رەھىمسىزلىكى تۈپەيلىدىن جەھەننەمگە كەتتى.» (بۇخارى: «ئەنبىيا»، 54؛ مۇسلىم: «سالام»،154-151؛ «بىرر»،133؛ نەسائى: «كۇسۇف»،14)

پەيغەمبىرىمىز بۇ ئۆلچەملەر بىلەن بىر جاھىلىيەت جەمئىيىتنى ئەسرى-سائادەت جەمئىيىتى ھالىتىگە كەلتۈرگەن ئىدى. بىر چاغلاردا، ھايۋان تۈگۈل ئىنسانلارغىمۇ ناچار مۇئامىلە قىلىدىغان، ھەتتا قىز بالىلىرىنى تىرىك كۆمۈۋېتىدىغان ئىنسانلار ئەمدىلىكتە ھايۋانلارغا قەدەر ھەممە جانلىققا ياخشى مۇئامىلە قىلىدىغان، مېھرى-شەپقەت قولىنى سۇنىدىغان رەھىمدىل ئىنسانلار بولۇپ يېتىشىپ چىقتى.

ئۇلارغا ئەڭ گۈزەل نەمۇنە بولغان پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام كىچىك بىر قۇشقاچتىن تارتىپ، ھەرقانداق بىر جانلىقنىڭ ھەققىنى لىللا مەيداندا تۇرۇپ، ئەستايىدىل قوغدىغان ئىدى.

ئابدۇللانىڭ ئوغلى ئابدۇرراھمان مۇنداق دەيدۇ:

«رەسۇلۇللاھ ئەلەيھىسسالام بىلەن بىر قېتىم بىللە سەپەرگە چىققان ئىدۇق. يېنىدا ئىككى چۈجىسىنى ئەگەشتۈرۈپ كېتىۋاتقان بىر مىكيان قۇرنى كۆردۇق-دە، ئۇنىڭ چۈجىسىنى تۇتىۋالدۇق. مىكيان قۇر ئەنسىز قاقىلداپ بېشىمىزنىڭ ئۈستىدە ئۇچۇشقا باشلىدى. بۇ ئارىلىقتا پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام يېتىپ كەلدى ۋە:

- كىم بۇ قۇشنىڭ چۈجىسىنى تۇتىۋېلىپ، ئۇنى بىئارام قىلدى؟ ئۇنىڭ چۈجىلىرىنى دەرھال قويۇپ بېرىڭلار!» دېدى.

بىر قېتىم بىز ئوت قويۇۋەتكەن بىر چۈمۈلە ئۇۋىسى كۆردى. (بۇ ئىدىيىسىدىن ئۆتمىدى. چۈمۈلىلەرنىڭ كۆيۈپ كەتكەن ئۇۋىسى ئۇنىڭ كۆڭلىنى قاتتىق بىئارام قىلغان ئىدى.) كۆڭلى يېرىم ھالدا:

- بۇ يەرگە كىم ئوت قويدى؟ - دەپ سورىدى.

- بىز! ــ دېدۇق. پەيغەمبىرىمىز:

- ئوت بىلەن ئازابلاش پەقەتلا ئوتنىڭ رەببىگە مەخسۇستۇر! ــ دېدى. (ئەبۇ داۋۇد: «جىھاد»، 112\2675، «ئەدەب»، 163-164\5268)

ئۇۋ ئوۋلاش شەرىئەتتە جائىزدۇر. لېكىن ئېكولوگىيىلىك تەڭپۇڭلۇقنى ساقلاشنى پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام بۇنىڭدىن 1400 يىل ئىلگىرى ئەمر قىلغان بولۇپ، ھايۋانلارنىڭ كۆپىيىش مەزگىلىگە دىققەت قىلىش (يەنى، بۇ مەزگىلدە ئوۋ ئوۋلىماسلىق)نى بۇيرىغان. ئۇچرىغانلىكى يەردە خالىغانچە ئوۋ ئوۋلاش، ئانىسىنى ئوۋلاپ، بالىسىنى يىغلىتىش ياكى بالىسىنى ئوۋلاپ، ئانىسىنى قاخشىتىش قاتارلىق قىلمىشلار مېھرى-شەپقەت تۇيغۇسىنى زېدىلەيدۇ.

بۇ ھەدىس شەرىف ئوتتۇرىغا قويغان بىر ھەقىقەت شۇكى، كامىل بىر مۆمىنىنىڭ مېھرى-شەپقىتى ۋەھشى ھايۋانلارنىمۇ ئۆز ئىچىگە ئالالايدىغان دەرىجىدە كەڭ ۋە چوڭقۇر بولىشى كېرەك. چۈنكى ئىسلامدا يىلان ۋە چايان قاتارلىق زەھەرلىك ھايۋانلارنىمۇ ئۇزۇن ئەزىيەت قىلماسلىق، بىر ئۇرۇپلا ئۆلتۈرۈش ئەمر قىلىنغان.

«ئىككى قېتىم ئۇرغاندىن كېيىن ئۆلتۈرگەن ئاز ساۋاب ئالىدۇ. ئۈچ قېتىم ئۇرۇپ ئۆلتۈرگۈچى بولسا ئۇنىڭدىنمۇ بەك ئاز ساۋاب ئالىدۇ.» دېيىلگەن. (كىميايى سائادەت)

زىيانلىق ھايۋانلارنى ئۆلتۈرگەندىمۇ رەھىمسىزلىك قىلماسلىقنىڭ تەۋسىيە قىلىنىشى تەڭداشسىز بىر شەپقەت نەمۇنىسى ئەمەسمۇ؟!

پەيغەمبىرىمىز ھايۋانلارغا رەھىمدىل بولۇشنى تەۋسىيە قىلىش بىلەن بىرلىكتە، ئۇلارغا بەددۇئا قىلىشنى توسقان ئىدى. باتنۇبۇۋاتقا ئۇرۇشقا كېتىۋاتقاندا، ئەنسارلاردىن بىرەيلەن تۆگىگە مىنىش نۆۋىتى كەلگەندە، ئاستا ماڭىدىغان تۆگىگە

لەنەت قىلغان ئىدى. پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام ئۇنى تۆگىدىن چۈشۈرۈپ مۇنداق دېدى:

- لەنەتلەنگەن تۆگىگە مىنىپ بىزگە يولداش بولما! ئۆزەڭلارغا بەددۇئا قىلماڭلار. بالىلىرىڭلار ۋە ماللىرىڭلارغا بەددۇئا قىلماڭلار! (مۇسلىم، «زۇھد»، 74-بەت)

بۇ ھەدىس شەرىف ئىسلامدىكى مېھرى-شەپقەت ئۇپۇقىنىڭ چەكسىزلىكىنى ئىپادىلىگەن.[28]

رەسۇلۇللاھنىڭ ئەخلاقى بىلەن ئەخلاقلىنىپ، «سۇلتانۇل ئارىفىن» لەقىمى بىلەم مەشھۇر بولغان بەيازىدى بەستامى ئىلاھى مۇھەببەتتىن مەستخۇش بولۇپ، كۆڭلى شۇنداق نازۇكلىشىپ كەتتىكى، ياراتقۇچىغا بولغان سۆيگۈسى تۈپەيلى، يارىتىلغۇچىنىڭ ئىزتىرابىنى ھېس قىلالايتتى.

بىر كۈنى بەستامى سەپەرگە چىقتى. يولدا بىر دەرەخنىڭ ئاستىدا ئولتۇرۇپ، بىردەم ئارام ئالغاندىن كېيىن يولنى داۋاملاشتۇردى. يولدا كېتىۋېتىپ، خورجۇنىنىڭ ئۈستىدە يۈرىۋاتقان بىر قانچە چۈمۈلىنى كۆردى. بۇ چۈمۈلىلەر ئەسلىدە ئۇ دەرەخ تۈۋىدە ئارام ئېلىۋاتقاندا ئۇنىڭ خورجۇنىغا يامىشىپ چىقىۋالغان ئىدى. ئۇ بۇ چۈمۈلىلەرنى يۇرتىدىن ئايرىماسلىق ۋە غۇربەتتە قويماسلىق ئۈچۈن كەينىگە يېنىپ، ئۆزى ئارام ئالغان ھېلىقى دەرەخنىڭ يېنىغا كەلدى ۋە چۈمۈلىلەرنى ئەسلى ماكانىغا قويۇپ بەردى.

---

28. مەخلۇقاتلارغا مېھرى-شەپقەت قىلىشنى بۇيرۇغان ئىسلام ئەخلاقىنىڭ جەمئىيەتتىكى نەتىجىسىنى غەرپلىك بىر كۆزەتكۈچى كلائود فارېر تەسۋىرلەپ مۇنداق دېگەن: «ئىستانبۇلدا ئۇچرىغان بىر مەھەللىنىڭ مۇسۇلمان مەھەللىسى ياكى مۇسۇلمان ئەمەسلەرنىڭ مەھەللىسى ئىكەنلىگىنى شۇ يەردىكى ئىت-مۈشۈكلەرنىڭ سىزگە قىلغان مۇئامىلىسىگە قاراپلا بىلەلەيسىز. ئەگەر ئىت-مۈشۈكلەر سىزگە يېقىنچىلىق قىلسا، ئۇ يەرنى مۇسۇلمان مەھەللىسى دەپ بىلىسىڭىز بولىدۇ. ناۋادا ئىت-مۈشۈكلەر سىزنى كۆرۈپلا قاچسا ياكى قاۋاپ، ھاۋشىپ سىزنى چىشلىگىلى كەلسە، بۇ يەر مۇسۇلمان ئەمەسلەرنىڭ مەھەللىسىدۇر.» خرىستىئان ساياھەتچى بايقىغان بۇ مەنزىرە مۇسۇلمانلاردىكى «ياراتقۇچىغا بولغان مۇھەببەت تۈپەيلى يارىتىلغۇچىلارنى ياخشى كۆرۈش» ھېسسىياتىنىڭ ئوچۇق نامايەندىسىدۇر.

بۇ ھال پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامنىڭ گۈزەل ئەخلاقىنى ئۆزىگە ئۆرنەك قىلغان بىر ئادەمنىڭ ئەھۋالى ئىدى.

چۈنكى پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامنىڭ بايانلىرى بۇ ھەقتە كىشىلەرنى ئاگاھلاندۇرىدىغان ۋە تەربىيەلەيدىغان نەسىھەتلەردىن ئىبارەتتۇر. ئۇ بىر قېتىم تۆگىگە قوپاللىق قىلغان بىر ئادەمنى كۆرۈپ، كۆڭلى يېرىم بولغان ھالدا:

«ئىچ ئاغرىتىش تۇيغۇسى بولمىغان ئادەمنىڭ ئاق كۆڭۈللىكىدىن سۆز ئېچىش مۇمكىن ئەمەس.» دېگەن ئىدى.

مۇسۇلمانىنىڭ باشقىلاردىن پەرقلىق بىر خۇسۇسىيىتى مېھرى-شەپقەتلىك بولغانلىقىدۇر. ھەر قېتىم بىر ئىشنى باشلايدىغان چاغدا دەيدىغان «بىسمىللاھ»تا ئاللاھ بىزگە ئۆزىنىڭ ئەڭ مېھرىبان ۋە شەپقەتلىك ئىكەنلىكىنى خاتىرلىتىدۇ. رەھىمدىللىك بىر مۇسۇلمانىنىڭ شەخسىي ئالاھىدىلىكىدۇر.

ئاللاھ دوستلىرىدىن فۇدايل ئىبنى ئىيادنىڭ ئۇشبۇ ھالى مۆمىنىنىڭ كۆڭلىنى ئىپادىلەيدىغان گۈزەل ئۆرنەكتۇر:

ئۇ يىغلاپ تۇرغاندا باشقىلار كۆردى:

- نېمىشقا يىغلايسەن؟ - دەپ سورىدى. ئۇ:

- ماڭا زۇلۇم سالغان بىر بىچارە مۇسۇلمان ئۈچۈن يىغلاۋاتىمەن. ئۇنىڭ قىيامەتتە رەزىل بولىدىغانلىقى مېنى قاتتىق ئازابلاۋاتىدۇ. - دېدى.

بۇ ئەھۋاللار بىر مۇھەممەدى قەلب تەربىيىسىنىڭ نامايەندىسىدۇر.

پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام:

«يەر يۈزىدىكىلەرگە رەھىم-شەپقەت قىلىڭلار. شۇنداق قىلساڭلار، ئاسماندىكىلەرمۇ سىلەرگە رەھىم-شەپقەت قىلىدۇ.» دېگەن. (تىرمىزى، «بىرر»، 16)

## رەھمەت پەيغەمبىرىنىڭ دۈشمەن ۋە كاپىرلارغا قارىتا مۇئامىلىسى

ئەبۇ باسرا ئەل-غىفارى مۇسۇلمان بولۇشتىن ئىلگىرىكى ئەھۋالى ھەققىدە مۇنداق دەيدۇ:

ھىجرەت قىلغان چېغىمدا نەبىيىي ئەكرەم سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەمنىڭ ئۆيىگە كەلدىم. بۇ ئىش مۇسۇلمان بولۇشۇمدىن ئىلگىرىكى ئىش ئىدى. پەيغەمبىرىمىز ئائىلىسىنىڭ كۈنلۈك غىزا ئېھتىياجىنى تەمىنلەيدىغان بىر كىچىك قويىنى مەن ئۈچۈن

ساغدى. سۈتنىڭ ھەممىسىنى ئىچىپ بولدۇم. ئەتىسى ئەتىگەندە ئىسلامغا كىرىپ ئىمان ئېيتتىم. نەبىيى ئەكرەم سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەمنىڭ ئائىلىسىدىكىلەر:

- تۈنۈگۈن ئاخشامقىدەك بۇ ئاخشاممۇ ئاچ ئۇخلاشقا رازىمىز. ــ دېيىشتى. شۇنىڭ بىلەن رەسۇلۇللاھ سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم مەن ئۈچۈن قوينى تەكرار ساغدى. بۇ قېتىم سۈتتىن ئازىراق ئىچىپلا قاندىم. رەسۇلۇللاھ سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم:

- تويدۇڭمۇ؟ - دەپ سورىدى.

- ئەي رەسۇلۇللاھ! تۈنۈگۈن ئاخشام كۆپ سۈت ئىچكەن بولساممۇ تويمىغان ئىدىم. بۈگۈن ئازىراق ئىچىپلا تويدۇم! ــ دېدىم. رەسۇلۇللاھ سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم:

- كاپىر يەتتە ئۈچەيگە يەيدۇ. مۆمىن بىر ئۈچەيگە يەيدۇ. ــ دېدى. (ئەخمەد، 6-جىلد، 397)

پەيغەمبەر سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم بىر مۇشرىكنىڭ بۇ خىل قوپاللىقى ۋە شەخسىيەتچى ئاچكۆزلۈكىگە نىسبەتەن ھېچقانداق گەپ-سۆز قىلمىدى. ئائىلىسىدىكىلەر بىلەن قورسىقى ئاچ ھالدا يېتىپ قالدى. ئەمما قىلچىلىك بىزارلىق ياكى نارازىلىق ئالامىتى كۆرسەتمىدى. مۇشرىك بۇ ئالىيجاناب ئەخلاقتىن تەسىرلىنىپ، ئىنساپقا كېلىپ مۇسۇلمان بولدى...

پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام ئالەملەرگە رەھمەت قىلىپ ئەۋەتىلگەنلىكى ئۈچۈن ئۇنىڭ سۆيگۈ ۋە مۇھەببىتى پۈتكۈل جانلىقلارنى ئۆز ئىچىگە ئالغان ئىدى. بىر كۈنى بىرەيلەن ئۇنىڭدىن كاپىرلارغا بەددۇئا قىلىشنى تەلەپ قىلغاندا:

«مەن دۇنياغا بەددۇئا قىلىش ئۈچۈن ئەۋەتىلمىدىم. رەھمەت قىلىپ ئەۋەتىلدىم.» دېدى. (مۇسلىم، «فەدائىل»، 126؛ تىرمىزى، «دەئاۋات»، 118)

پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام مۇسۇلمانلىقنى تەبلىغ قىلىش ئۈچۈن تائىفقا بارغان چېغىدا نادان، بۇتپەرەس تائىف خەلقى ئۇنىڭغا تاش ئاتقان ئىدى. جىبرىئىل ئەلەيھىسسالام ئۇنىڭغا:

«شۇ ئىككى تاغنى بىر-بىرىگە سوقۇشتۇرۇپ بۇ قەۋمنى ھالاك قىلايمۇ؟» دەپ سورىغاندا، پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام:

- ياق! مەن ئاللاھتىن ئۇلارنىڭ نەسلىدىن پەقەت ئاللاھقىلا ئىبادەت قىلىدىغان، ئاللاھقا ھېچكىمنى شېرىك قوشمايدىغان مۆمىنلەرنىڭ كېلىشىنى تىلەيمەن. - دېدى. (بۇخارى: «بەدئۇل-خالق»، 7؛ مۇسلىم: «جىھاد»، 111)

تائىف خەلقى ھىجرىيەنىڭ 9-يىلىغا قەدەر ئېتىقادسىزلىقتا چىڭ تۇرۇپ قارشىلىق كۆرسىتىپ، مۇسۇلمانلارغا كۆپ زىيان سالدى. نىھايەت مۇسۇلمانلار:

- ئەي رەسۇلۇللاھ! سەقىف قەبىلىسىنىڭ ئوقيا ۋە نەيزىلىرى بىزنى ياردىدار ۋە پەرىشان قىلدى. ئۇلارغا بەددۇئا قىلىسىڭىز! ــ دېگەندە:

- يا رەببى! سەقىف قەبىلىسىگە ھىدايەت نېسىپ قىل! ئۇلارنى بىزنىڭ ئارىمىزغا قوشقىن! ــ دەپ دۇئا قىلدى. دۇئا نەتىجىسىدە بىر مۇددەتتىن كېيىن تائىف خەلقى مۇسۇلمان بولۇش ئۈچۈن مەدىنە-مۇنەۋۋەرگە كەلدى. (ئىبنى ھىشام، 4-جىلد، 134؛ تىرمىزى: «مەناقىب»، 73\3942)*

مۆھتەرەم ئوقۇرمەن:

ئەڭ ئۇلۇغ بىر ئىنسان ھەققىدە مۇشۇ يەرگىچە ئاڭلاتقانلىرىمىز، دېيىشكە تەمشىلگەنلىرىمىز ۋە سۆزلىگەنلىرىمىزنىڭ ئۇنىڭ مۇتلەق ھەقىقىتىدىن تېخى خېلى يىراقتا ئىكەنلىكىنى ھېس قىلىپ تۇرۇپتىمىز. بەلكىم بۇ جەھەتتىكى ئاجىزلىقىمىزنى ئىپادىلىگەن سۆزلىرىمىز بىلەن بىز بىر نىيەت ۋە غەيرەتنىڭ شەرىپىدىن باشقا نەرسىگە لايىق ئەمەس. ئۇ كۆچلۈك مۇھەببەت ۋە سەممىي نىيەت بىلەن چۈشەنگىلى بولىدىغان بىر چەكسىزلىك ئالىمىدۇر.

ئاللاھتائالا، بۇ ئالەمنىڭ سامالىرىدا قانات قېقىپ ئۈچۈشنى ھەممىمىزگە نېسىپ قىلغاي!..

ئامىين!..

# گۈزەل قىياپىتى (ھىليەئى شەرىفە)



پەيغەمبىرىمىزنىڭ رەسىمىنى كەلىملەر بىلەن سىزىشقا ئورۇنغان «ھىليەئى شەرىفە»لەر سائادەت دەۋرىدە ياشاش نېسىپ بولمىغان، ھەسرەت ئىچىدە يانغان كۆڭۈللەرگە ئازىراق بولسىمۇ تەسەللىي ۋە ئارام بەرمەكتە. ھىليەلەر ۋاستىسى بىلەن قەترىدىكى ئۈمىدنى كۆرۈشكە ئىنتىلىدىغان مۆمىنلەر پەيغەمبىرىمىزگە بولغان مۇھەببىتىنى كۈچەيتكەچ ئۇنىڭ ئۇسۇۋەئى-ھەسەنەسى (ئەڭ گۈزەل ئۆرنەك ئىكەنلىكى)دىن پايدىلىنىش، گۈزەل قىياپىتى بىلەن قىياپەتلىنىش، ئەخلاقى بىلەن ئەخلاقلىنىش ئۈچۈن تىرىشىدۇ.

# ھىلیەئى شەرىفە

ھىلیە ـ لۇغەتتە «زىننەت، پەداز، یۈز ۋە روھ گۈزەللىكى» دېگەن مەنىنى ئىپادىلەیدۇ. ئاتالغۇدىكى مەنىسى بولسا، پەیغەمبەر سەللەللاھۇ ئەلەیھى ۋەسەللەمنىڭ ئىنسان سۆزىنىڭ كۈچى یېتىدىغان دائىرىدە سۆز بىلەن سىزىلغان رەسمى دېگەنلىكتۇر.

18-ئەسىردىكى ئوسمانلى ئالىم ۋە شائىرلىرىدىن سۇلایمان ناھفى مۇنداق دەیدۇ:

«شۇ مۇھەققەقتۇركى، بىر كىشى ئەگەر ھىلیەئى شەرىفە یازسا ۋە ئۇنىڭغا كۆپ نەزەر ئەیلىسە، ئاللاھتائالا ئۇ كىشىنى كېسەللىكتىن، قىیىنچىلىقتىن ۋە تۇیۇقسىز كېلىدىغان ئۆلۈمدىن ساقلایدۇ. ئەگەر بىر یەرگە سەپەرگە چىققاندا یېنىدا ساقلىسا، ئۇ سەپەردە دائىم ئاللاھنىڭ مۇھاپىزىتى ئاستىدا بولىدۇ.»

نۇرغۇنلىغان ئىسلام مۇئەللىپلىرى ھىلیەئى شەرىفەنىڭ سان-ساناقسىز پەزىلىتى ھەققىدە كۆز قاراشلىرىنى ئوتتۇرىغا قویغان. ھەتتا پەیغەمبىرىمىز سەللەللاھۇ ئەلەیھى ۋەسەللەمنى چۈشىدە كۆرۈش ئۈچۈن ھىلیەئى شەرىفەنى یادقا ئېلىش ئەنئەنىسى نۇرغۇن ئىسلام دۆلەتلىرىدە ھازىرمۇ مەۋجۇت.

ئىنسانىنىڭ كۆڭلى توغما خۇسۇسىیىتى تۈپەیلى دائىم گۈزەللىككە مایىل، گۈزەللىك بىلەن بىللە بولۇشنى خالایدۇ. بۇ جەلپكارلىق سەۋەبىدىن زېھىن ئۇنىڭ بىلەن مەشغۇل بولىدۇ. كۆڭلىدە روھى ۋە ئەخلاقى جەھەتتە مەھبۇبىغا ئوخشایدىغان بولۇش ئارزۇسى تۇغۇلىدۇ. نەتىجىدە ئۆزى یاخشى كۆرىدىغان شەخسنى ئۆرنەك قىلىپ، ئۇنىڭ ھالى بىلەن ھاللىنىشقا باشلایدۇ. ئىنساندىكى بۇ تۇغما خۇسۇسىیەت (گۈزەللىككە مایىللىق) سەۋەبىدىن ھىلیەئى شەرىفەنىڭ پەیغەمبىرىمىزگە بولغان ئىشتیاق، سۆیگۈ-مۇھەببەت ۋە ئۇنىڭغا ئەگىشىش روھىنى كۈچەیتىشكە ۋاستە بولىدىغانلىقى ئېنىقتۇر.

دەرۋەقە، ھەزرىتى ھەسەن رەزىيەللاھۇ ئەنھۇ ئۆگەي تاغىسى ھىندى ئىبنى ئەبى ھالەدىن رەسۇلۇللاھ سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەمنىڭ ھىلىيەسىنى سورىغاندا، شۇ چاغدىكى روھى ھالىتىنى مۇنداق تەسۋىرلىگەن:

«تاغام ھىندى ئىبنى ئەبى ھالە رەسۇلۇللاھنىڭ ھىلىيەسىنى ياخشى ئاڭلىتاتتى. قەلبىمنىڭ رەسۇلۇللاھقا باغلانغان ھالەتتە تۇرۇشى، ئۇنىڭ ئىزىدىن مېڭىش ئۈچۈن، تاغامنىڭ رەسۇلۇللاھ ھەققىدە بىلگەنلىرىنى سۆزلەپ بېرىشىنى ئىنتايىن ياخشى كۆرەتتىم.» (تىرمىزى: «شەمائىل»، 10)

كەلىمىلەر بىلەن پەيغەمبىرىمىزنىڭ رەسىمىنى سىزماقچى بولغان ھىلىيەئى شەرىفەلەر سائادەت دەۋرىدە ياشاش نېسىپ بولمىغان، ھەسرەت ئىچىدە يانغان كۆڭۈللەرگە ئازىراق بولسىمۇ تەسەللىي بەرمەكتە. ھىلىيەلەر ۋاستىسى بىلەن قەتىرىدىكى ئۆمىدنى كۆرۈشكە ئىنتىلىدىغان مۆمىنلەر پەيغەمبىرىمىزگە بولغان مۇھەببىتىنى كۈچەيتكەچ ئۇنىڭ ئۇسۇۋەئى-ھەسەنەسى (ئەڭ گۈزەل ئۈرنەك ئىكەنلىكى)دىن پايدىلىنىش، گۈزەل قىياپىتى بىلەن قىياپەتلىنىش، ئەخلاقى بىلەن ئەخلاقلىنىش ئۈچۈن تىرىشىدۇ.

بۇنىڭ بىلەن بىرلىكتە پەيغەمبەر سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەمنىڭ «نۇرۇن ئەلا نۇر»، يەنى نۇر ئۈستىدە نۇر بولغان مۇبارەك سىماسىنى سۆز بىلەن تەسۋىرلىگەندە كەلىمىلەرنىڭ يەتمەسلىكى بىلەن ئىنسانىنىڭ ئۇنىڭ ھەقىقىتىنى تولۇق چۈشىنىشتىكى مۇتلەق ئاجىزلىقىنىمۇ ھېسابقا ئېلىش كېرەك. بۇنىڭ تارىختا مۇنداق بىر مەشھۇر مىسالى بار:

ھەزرىتى مەۋلانانىڭ مۇرىتى گۇرجۇ خاتۇننىڭ پاشا (گېنېرال) بولغان ئېرى قەيسەرىگە خىزمەتكە تەيىنلىنىدۇ. گۇرجۇ خاتۇن سەلجۇق پادىشاھلىقى پايتەختى كونيادىن قەيسەرىگە كېتىش ئالدىدا ئوردىدىكى مەشھۇر رەسسام ۋە نەققاش ئەينۇد-دەۋلەنى ھەزرىتى مەۋلانانىڭ رەسىمىنى مەخپىي ھالدا سىزىپ ئۆزىگە ئەكېلىپ بېرىشكە بۇيرۇيدۇ. رەسسام نېمە ئىش ئىكەنلىكىنىمۇ بىلمەيلا ھەزرىتى مەۋلانانىڭ يېنىغا كېلىپ ئەھۋالنى ئېيتىدۇ. مەۋلانا تەبەسسۇم بىلەن:

- ساڭا بۇيرۇلغاننى خالىغىنىڭچە بىجا كەلتۈرگىن! ــ دەيدۇ.

رەسسام سىزىشقا باشلايدۇ. لېكىن سىزىپ چىققىنى كۆز ئالدىدىكى سىماغا ئوخشىمايدىغان باشقا بىرەيلەنگە ئوخشاپ قالغىنىنى كۆرۈپ، يەنە قايتىدىن سىزىشقا

باشلايدۇ. شۇنداق قىلىپ ھەزرىتى مەۋلانانىڭ رەسىمىنى سىزغاچ ئۇنىڭ يىگىرمە قېتىم شەكىل ئۆزگەرتكەنلىكىگە شاھىت بولىدۇ. ئاخىرىدا ئۆزىنىڭ ئاجىزلىقىنى چۈشىنىپ، بۇ ئىشتىن ۋاز كېچىشكە مەجبۇر بولىدۇ. ھەزرىتى مەۋلانانىڭ قولىنى ھۆرمەت بىلەن تۇتىدۇ. چۈنكى ھۈنىرى ئۆزىنىڭ سىزغانلىرىنىڭ ئىچىدە غايىپ بولۇپ كېتىدۇ.[29]

بۇ ھادىسە رەسسامنىڭ قەلبىنى ئويغىتىدۇ. ھەيرانلىق، چۆچۈش ۋە ئەندىكىش ئىچىدە چوڭقۇر تەپەككۇرغا غەرق بولىدۇ، سۇبىكتىپ ئالەمنىڭ سەيياھى بولىدۇ. بۇ خىل روھى ھالەت ئىچىدە رەسسام ئۆز-ئۆزىگە:

«بىر دىنىنىڭ ۋەلىسى مۇشۇنچىلىك بولغان يەردە، كىم بىلىدۇ نەبىسى (پەيغەمبىرى) قانداقتۇر؟» دەيدۇ.

ئۇندىن كېيىن قەلب ئالىمىدە باشقا بىر پەنجىرىدىن (دېرىزىدىن) رەسۇلۇللاھنى تەسەۋۋۇر قىلىشقا باشلايدۇ.

ئەجبا پەيغەمبىرىمىز سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەمنىڭ قىياپىتى تەسۋىرلەپ يېزىلغان شەمائىلى-شەرىفلەر پەيغەمبىرىمىزنىڭ ھەقىقىتىدىن زادى قانچىدىن بىرىنى توغرا ئىپادىلەپ بېرەلەر-ھە؟ مۇھەققەقكى، شەمائىلى-شەرىفەنى ھەر كىشى كۆڭلىدىكى مۇھەببەت نىسبىتىدە ۋە كەلىمىلەرنىڭ چەكلىك دائىرىسى ئىچىدە رەسىملەشتۈرەلەيدۇ.

بىزمۇ گەرچە ئاجىز بولساقمۇ، رىۋايەتلەردىن كۆڭلىمىزدە ئەكس ئەتكەن شەبنەملەر نىسبىتىدە ھىلىيەئى شەرىفەنى مۇبارەك بىلىپ نەقىل قىلىشنى مۇۋاپىق كۆردۇق.

## مۇبارەك جامالى

ھەر خىل رىۋايەتلەردە خۇلاسە قىلىنىپ مۇنداق دېيىلگەن:

رەسۇلۇللاھ سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم ئېگىزگە يېقىن ئوتتۇرا بوي ئىدى. يارىتىلىشى پەۋقۇلئاددە قاملاشقان بولۇپ، بەدىنى كېلىشكەن ئىدى. مۆرىسى كەڭ، دۈمبىسىدە پەيغەمبەرلىك مۆھۈرى بار ئىدى. سۆڭەك ۋە ئۇستىخانلىرى راۋرۇس

29. سىزىلغان بۇ رەسىملەر ھازىرغىچە تۈركىيە كونيا مەۋلانا مۇزېيىدا ساقلانماقتا.

ئىدى. تېنى گۈلدەك، ئېقى ئاق، قىزىلى قىزىل، نۇرلۇق، پارلاق، يېپەكتىن يۇمشاق ئىدى.

مۇبارەك ۋۇجۇدى ھەمىشە پاكىز ئىدى. خوشپۇرىقى كىشىگە ئارامبەخشلىك ھېس قىلدۇراتتى. خۇشبۇي پۇراق ئىشلەتسۇن ئىشلەتمىسۇن، تەن ۋە تەرلىرى ئەڭ خوشبۇي ئەتىردىنمۇ گۈزەل پۇرايتتى. ئۇنىڭ بىلەن قول ئېلىشىپ كۆرۈشكەن كىشىنىڭمۇ قولى كۈن بويى ئۇنىڭ خوشبۇي ھىدىنى ھېس قىلاتتى. خۇددى گۈل پۇرىقىنى ئۇنىڭدىن ئالغاندەك ئىدى. مۇبارەك قوللىرى بىلەن بىر بالىنىڭ بېشىنى سىلىغان بولسا، بۇ بالىمۇ ئالاھىدە خوشبۇي پۇرىقى بىلەن باشقا بالىلاردىن پەرقلىق بولۇپ قالاتتى.

ئەبۇ جۇھەيفە رەزىيەللاھۇ ئەنھۇ مۇنداق دەيدۇ:

«رەسۇلۇللاھ سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم چۈشتە تۇمۇز ئىسسىقتا باتھا ۋادىسىگە باردى، تاھارەت ئالدى، (سەپەردە بولغانلىقى ئۈچۈن) پېشىن نامىزى بىلەن ئەسىر نامىزىنى ئىككى رەكئەتتىن ئوقۇدى... نامازدىن كېيىن كىشىلەر ئورنىدىن تۇرۇپ، رەسۇلۇللاھنىڭ قولىنى تۇتۇپ، يۈزىگە سۈرتۈشكە باشلىدى. مەنمۇ ئۇنىڭ قولىنى تۇتۇپ، يۈزۈمگە قويدۇم. پاھ! قانداق بولدى دېمەمسىز؟ ئۇنىڭ مۇبارەك قولى قاردىنمۇ بەك سالقىن، پۇرىقى مۇشكى-ئەنبەردىنمۇ بەك خوشپۇراق ئىدى!» (ئەخمەد، 4-جىلد، 309-بەت)

پەيغەمبىرىمىز تەرلىگەندە مۇبارەك تېنى گۈل بەرگىلىرى ئۈستىدىكى شەبنەملەرنى ئەسلىتەتتى.

ساقىلى قويۇق ئىدى. ساقىلىنى قويۇپ بەرگەندە بىر تۇتامدىن كۆپ ئۆزاتمايتتى. ۋاپات بولغاندا چېچى ۋە ساقىلىغا يىگىرمە تالدەك ئاق سانجىلغان ئىدى.

قېشى ھىلالدەك بولۇپ، ئىككى قېشىنىڭ ئارىسى بىر-بىرىدىن ئۇزاق ۋە ئوچۇق ئىدى.

ئىككى قېشىنىڭ ئارىسىدا بىر تومۇرى بار بولۇپ، ھەقىقەت ئۈچۈن ئاچچىقلانغاندا كۆپەتتى.

چىشلىرى ئۈنچە-مارجاندەك بولۇپ، ھەمىشە مىسۋاك ئىشلىتەتتى ۋە باشقىلارغىمۇ داۋاملىق مىسۋاك ئىشلىتىشنى تەۋسىيە قىلاتتى.

كىرپىكلىرى ئۇزۇن ۋە قاپ-قارا ئىدى. كۆزى چوڭ، كۆزىنىڭ ئېقى ئاق، قارىسى تۇم قارا ئىدى. گويا كۆزلىرىدە قۇدرەت قولى بىلەن ئەزەلدە سۈرتۈلگەن بىر سۈرمە باردەكلا ئىدى.

مۇستەسنا روھى قۇرۇلۇشى كامىل بولغاندەك، بەدەن قۇرۇلۇشىنىڭ جامالىمۇ تەڭداشسىز ئىدى.[30]

سىماسى ئون تۆت كۈنلۈك تولۇن ئايدەك پارلاق ئىدى.

ئائىشە رەزىيەللاھۇ ئەنھا مۇنداق دەيدۇ:

«رەسۇلۇللاھنىڭ يۈزى شۇنچىلىك نۇرلۇق ئىكەنكى، كېچە قاراڭغۇلۇقىدا يىپنى يىڭنىگە ئۇنىڭ يۈزىنىڭ يورۇقىدا ئۆتكۈزەتتىم.»

مۆرىسىدە پەيغەمبەرلىككە دائىر ئىلاھىي نىشانە بار ئىدى. نۇرغۇنلىغان ساھابىلەر ئۇنى بىر سۆيۈۋېلىشنى ئارزۇ قىلىشاتتى. ۋاپات بولغاندا بۇ مۆھۈرنىڭ غايىب بولۇشى ئۇنىڭ دۇنيادىن كەتكەنلىكىنى بىلدۈردى. (تىرمىزى: «شەمائىل»، 15-بەت؛ ئىبنى سائاد، 2-جىلد، 272؛ ئىبنى كەسىر: «ئەل-بىدايە»، 5-جىلد، 231)

مۇبارەك ۋە نۇرانە ۋۇجۇدى ۋاپاتىدىن كېيىنمۇ قىلچىلىك ئۆزگەرمىگەن ئىدى. ھەزرىتى ئەبۇ بەكىر رەزىيەللاھۇ ئەنھۇ كۆڭلى يېرىم، غەمكىن، ئىچى پۇشۇق، كۆزى ياشقا تولغان ھالەتتە پەيغەمبىرىمىزگە قاراپ:

«ھاياتىڭ كەبى ۋاپاتىڭمۇ نەقەدەر گۈزەل ئەي رەسۇلۇللاھ!...» دېگەچ ئۇنىڭ مۇبارەك پېشانىسىگە سۆيگەن ئىدى. (ئىبنى سائاد، 2-جىلد، 265؛ ئىبنى ئەبى شەيبە: «مۇسەننەف»، 3-جىلد، 57)

## ئېسىل ھالى ۋە يۈرۈش-تۇرۇشلىرىدىن بەزىلىرى

رەسۇلۇللاھنىڭ مۇبارەك يۈزى يۈزلەرنىڭ ئەڭ گۈزىلى ۋە ئەڭ پاكىزىسى ئىدى. يەھۇدى ئالىملىرىدىن ئابدۇللاھ ئىبنى سالام ھىجرەتتە قىزىقىپ پەيغەمبىرىمىزنى سورىغان. ئۇنىڭ يۈزىگە قاراپلا:

---

30. ھاكىم، 3-جىلد، 10؛ ئەخمەد، 1-جىلد، 89، 96، 117، 127؛ 4-جىلد، 309؛ ئىبنى سائاد، 1-جىلد، 376، 412، 420-423؛ 2-جىلد، 272؛ ئىبنى كەسىر: «ئەل-بىدايە»، 6-جىلد، 31-33؛ تىرمىزى: «شەمائىل»، 15-بەت.

«بۇ يۈز يالغان گەپ قىلمايدۇ!» دەپلا مۇسۇلمان بولغان ئىدى. (تىرمىزى: «قىيامەت»، 42\2485؛ ئىبنى ماجە: «ئەتئىمە»، 1؛ «ئىقامەت»، 174)

ھارىس ئىبنى ئامىر مۇنداق دەيدۇ:

رەسۇلۇللاھ سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم مىنادا ياكى ئەراپاتتا تۇرغاندا يېنىغا باردىم. ئىنسانلار ئەتراپىغا يىغىلىشقان ئىدى. ئۇ ئەسنادا بەدەۋىلەر كېلىپ، پەيغەمبىرىمىزنىڭ مۇبارەك يۈزىنى كۆرۈپ ئىختىيارسىز ھالدا:

- بۇ مۇبارەك بىر يۈزدۇر! ـ دېمەي تۇرالمىدى. (بۇخارى: «ئەدەبۇل مۇفرەد»، 1148-نومۇر)

ئۇنىڭدىكى گۈزەللىك، ھەيۋەت، نۇرانىيەت ۋە لاتاپەت شۇنچىلىك يۇقىرى دەرىجىدە ئىكەنكى، ئاللاھنىڭ پەيغەمبىرى ئىكەنلىكىگە دائىر باشقا بىر مۆجىزە، دەلىل ۋە بۇرھانغا ئېھتىياج يوق ئىدى.

رەسۇلۇللاھ سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم بىر نەرسىنى ياقتۇرمىغان چاغدا دەرھال يۈزىدىن بىلگىلى بولاتتى. بىر نەرسىنى ياقتۇرغانلىقىمۇ، مەمنۇن بولغىنىمۇ چىرايىدىن مەلۇم ئىدى.

تۇنجى يارىتىلغان نۇر ئۇنىڭ نۇرىدۇر. پاك-پاكىز جىسمى كۈچلۈك، قاۋۇل بولۇپ، قاتتىق ھايا ۋە كۈچلۈك ئىرادە بىر يەردە جەم بولغان ئىدى. كىيىمگە پۈركىنىۋالغان ياش قىزدىنمۇ بەك ئەدەبلىك ئىدى.

كۆڭلىنىڭ نازۇكلۇقى، ئىنچىكىلىكىنىڭ چوڭقۇرلۇقىنى جايىدا ئىزاھلاش مۇمكىن ئەمەس.

يۈزىدە گۈزەللىك نۇرى بار، سۆزى راۋان ۋە ئېنىق، ھەرىكىتى لاتاپەتلىك، تىلى ئوچۇق، كەلىمىلىرى پاساھەتلىك، بايانىدا پەۋقۇلئاددە بالاغەت بار ئىدى.

قۇرۇق گەپ قىلمايتتى، ھەر سۆزىدە ھېكمەت ۋە نەسىھەت بار ئىدى. لۇغىتىدە ئەسلا غەيۋەت-شىكايەت ۋە مەنىسىز گەپ-سۆز يوق ئىدى. ھەر كىشىنىڭ چۈشىنىش قابىلىيىتىگە يارىشا گەپ قىلاتتى.

مۆلايىم ۋە كەمتەر ئىدى. كۈلگەندە قاقاقلاپ، تېلىقىپ كۈلمەيتتى. ھەمىشە تەبەسسۇم بىلەن يۈرەتتى.

ئۇنى تويۇقسىز كۆرگەن كىشى قورقۇپ تىترەيتتى. ئۇنىڭ بىلەن ئۇلپەت بولۇپ، سۆھبەتلەشكەن، پاراڭلاشقان كىشى ئۇنىڭغا چىن كۆڭلىدىن ئاشىق ۋە مەپتۇن بولاتتى.

پەزىلەت ئەربابىغا مەرتىۋىسىگە قاراپ ھۆرمەت، ئېھتىرام قىلاتتى. ئۇرۇق-تۇغقانلىرىغىمۇ كۆپ ھەدىيە بېرەتتى. ئەھلى بەيتىگە (ئائىلىسىدىكىلەرگە) ۋە ساھابىلىرىگە چىرايلىق مۇئامىلە قىلغاندەك، باشقا ئىنسانلارغىمۇ ناھايىتى ياخشى، قىزغىن مۇئامىلە قىلاتتى.

خىزمەتكارلىرىنىڭ كۆڭلىنى ئالاتتى. ئۆزى نېمە يەپ، نېمە كىيسە، ئۇلارغىمۇ شۇنى يېگۈزۈپ، شۇنى كىيگۈزەتتى. مەرت، سېخى، مېھرى-شەپقەتلىك، جەسۇر ۋە كۆڭلى يۇمشاق ئىدى.

ۋەدىسىگە ئەمەل قىلاتتى، سۆزىدە تۇراتتى. گۈزەل ئەخلاقى ۋە ئەقىل-پاراستى جەھەتتە بارلىق ئىنسانلاردىن ئۈستۈن بولۇپ، بارلىق ماختاش ۋە مەدھىيىلەشلەرگە لايىق ئىدى.

رەسۇلۇللاھ سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم دائىم ئۈممىتىنىڭ غېمىنى يەيتتى، تەپەككۇر قىلاتتى. زۆرۈر بولمىسا گەپ قىلمايتتى. كۆپ ۋاقىتلاردا سۈكۈت قىلاتتى. بىر سۆزنى باشلىسا، ئۇنى يېرىم قويماي تولۇق پۈتتۈرەتتى. بىر قانچە خىل مەنىنى بىر نەچچە سۆزگە يىغىنچاقلاپ سۆزلەيتتى. سۆزلىرى دانىمۇ-دانە، ئوچۇق ۋە ئېنىق ئىدى. ئېھتىياجدىن ئارتۇق ياكى كەم گەپ قىلمايتتى. يارىتىلىشىدىلا خۇيى يۇمشاق بولىشىغا قارىماستىن ئىنتايىن سالاپەتلىك ۋە ھەيۋەتلىك ئىدى.

ئاچچىقلانغان چېغىدا ئورنىدىن تۇرمايتتى. ھەقىقەت بورمىلانغان ۋە ناھەقچىلىققا ئۇچرىغان چاغدىن باشقا چاغلاردا ئاچچىقلانمايتتى. باشقىلار دىققەت قىلماي باشقا بىرىنىڭ ھەققىنى ئېلىۋالغاندا ئاچچىقلىناتتى، ھەققىنى ئىگىسىگە ئېلىپ بەرگۈچە بولدى قىلمايتتى. لېكىن ھەققىنى ئىگىسىنىڭ قولىغا تاپشۇرۇپ بېرىپ بولغاندىن كېيىن، سۈكۈنات ئىچىگە چۆكەتتى. ئۆزىگە ئائىت ئىشلاردا ئاچچىقلانمايتتى. شەخسى مەسىلىلەردە ئۆزىنى ئاقلىمايتتى، باشقىلار بىلەن تالاش-تارتىش قىلىشمايتتى.

ئۇ باشقىلارنىڭ ئۆيىگە رۇخسەتسىز قەدەم باسمايتتى. ئۆيىگە كەلگەن چېغىدا ئۆيدىكى ۋاقتىنى ئۈچكە ئايرىيتتى. بىرىنى ئاللاھقا، بىرىنى ئائىلىسىگە، يەنە بىرىنى ئۆزىگە ئايرىيتتى. ئۆزىگە ئايرىغان ۋاقتىنى ئۆزىنى ئىزدەپ سوراپ كەلگەن كىشىلەر

بىلەن پاراڭلىشىشقا، ئۇلارنىڭ دەردىنى ئاڭلاشقا، كۆڭلىنى ئېلىشقا ئىشلىتەتتى، ھېچكىمنى مەھرۇم قىلمايتتى.

رەسۇلۇللاھ سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەمنىڭ ھەر ھالى ۋە ھەرىكىتى زىكىر بىلەن مەشغۇل ئىدى. مۇقىم بىر يەردە ئولتۇرۇۋېلىشنىڭ ئادەت بولۇپ قېلىشىنىڭ ئالدىنى ئېلىش ئۈچۈن مەسجىدنىڭ ھەر يېرىدە ئولتۇراتتى. يەرلەر ۋە ئورۇنلارنىڭ مۇقەددەسلەشتۈرۈلۈشى، مەسجىدلەرنىڭ كىبىرلىنىشكە سەۋەپ بولىدىغان ئىش-ھەرىكەتنى خالىمايتتى.

بىر مەسجىدكە كىرگىنىدە قەيەر بوش بولسا، شۇ يەردە ئولتۇراتتى، باشقىلارنىڭمۇ شۇنداق قىلىشىنى ئارزۇ قىلاتتى.

كىم ئۈنىڭدىن ھەر قانداق بىر ئېھتىياجىنى قامداش ئۈچۈن بىرەر نەرسە تەلەپ قىلسا، ئەھمىيەتلىك ياكى ئەھمىيەتسىز بولۇشىدىن قەتئىينەزەر، ئۇنى ھەل قىلماي تۇرۇپ خاتىرجەم بولالمايتتى. ئەگەر ھەل قىلىش مۇمكىن بولمىسا، چىرايلىق گەپ بىلەن قارشى تەرەپنىڭ كۆڭلىنى ئالاتتى. ھەممە كىشىنىڭ دەردىگە دەرتداش ئىدى.

قانداق تەبىقىدىن، قانداق مەرتىۋىدە بولۇشىدىن قەتئىينەزەر، باي، كەمبەغەل، نادان، ئالىم بارلىق ئىنسانلارنىڭ ئۇنىڭ يېنىدا ئىنسان بولغانلىقىنىڭ شان-شەرىپىدىن باراۋەر مۇئامىلىگە نائىل بولاتتى. بارلىق مەسجىدلىرى ئىلىم-بىلىم، كەمتەرلىك، ھايا، سەۋر-تاقەت، تەۋەككۇل ۋە ئامانەت (ئىشەنچلىكلىك) قاتارلىق پەزىلەتلەر ئۆستۈنلۈكنى ئىگەللىگەن بىر مەھەللە ئىدى.

ئەيىپ ۋە خاتالىقى تۈپەيلى ھېچقانداق كىشىنى ئەيىپلىمەيتتى. تەنقىد قىلىشقا توغرا كەلگەندە قارشىسىدىكى كىشىنى رەنجىتمەيدىغان شەكىلدە، ئىنچىكە ئىما-ئىشارەت بىلەن قىلاتتى. كىشىنىڭ ئاشكارىلانمىغان ئەيىپ-خاتالىرى بىلەن كارى بولمىغىنىدەك، بۇنى كوچىلاشتىنمۇ قاتتىق مەنئى قىلغان ئىدى. ئاساسەن باشقىلار ھەققىدە يامان گۇمان قىلىش ۋە سىرىنى ئاشكارىلاشقا ئۇرۇنۇش ئىلاھىي ئەمىر بىلەن مەنئى قىلىنغان ئىدى.

ساۋابىنى ئۈمىد قىلغان ئىشلاردىن باشقا ئىشلار ھەققىدە گەپ قىلمايتتى. سۆھبەت ۋە يىغىلىشلىرى جوشقۇن دىنىي ھېسسىيات ۋە ھاياجان ئىچىدە ئىدى. ئۇ سۆزلەۋاتقاندا ئەتراپىى خۇددى سېھىرلەنگەندەك، ھەممەيلەن پۈتۈن دىققىتى

بىلەن بېرىلىپ ئاڭلايتتى. ھەزرىتى ئۆمەرنىڭ سۆزى بويىچە ئېيتقاندا، بۇ چاغدا ئۇلارنىڭ بېشىغا بىرەر قۇش كېلىپ قونسا، ئۇچۇپ كەتمەي سائەتلەرچە تۇرالايتتى. پەيغەمبەردىن ساھابىلەردە ئەكس ئەتكەن ئەدەب ۋە ھايا شۇنچىلىك يۇقىرى ئىكەنكى، ساھابىلەر ئۇنىڭدىن سوئال سوراشقىمۇ كۆپىنچە ھاللاردا جۈرئەت قىلالمايتتى، چۆلدىن بىرەر بەدەۋى كېلىپ ھەزرىتى پەيغەمبەردىن سوئال سوراپ سۆھبەتكە سەۋەپ بولسا، شۇنىڭ باھانىسدا پەيغەمبەرنىڭ فەيز ۋە روھانىيىتىدىن بەھىر ئالساق دەپ ساقلايتتى.[31]

قىسقىسى، پەيغەمبىرىمىز سۈرىتى گۈزەل، ھاياتى مۇكەممەل، تەڭدىشى يارىتىلمىغان بىر مۇبارەك ۋۇجۇد ئىدى.

## تەڭداشسىز جاسارىتى ۋە شىجائىتى

رەسۇلۇللاھ سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەمدىنمۇ باتۇر بىر قەھرىماننى تەسەۋۋۇر قىلىش مۇمكىن ئەمەس. ئۇ قورقۇش ۋە تەمترەشتىن خالىي ئىدى. پەۋقۇلئاددە ئەھۋاللار يۈز بەرگەندە تەمكىن ۋە سەۋرچان ئىدى. جىددىيلىشىپ نامۇۋاپىق ھەرىكەت قىلمايتتى.

ياسىن سۈرىسىدىكى شۇ ئىككى ئايەتنى ئوقۇغاچ، ئۆزىنى ئۆلتۈرۈشكە كەلگەنلەرنىڭ ئارىسىدىن سالامەت ۋە خاتىرجەم چىققان ئىدى.

**«بىز ھەقىقەتەن ئۇلارنىڭ بويۇنلىرىغا ئېڭەكلىرىگىچە تاقاقلارنى تاقىدۇق، شۇنىڭ ئۈچۈن ئۇلار باشلىرىنى ئېگەلمەيدۇ.** (يەنى ئۇلار ئىمانغا بويسۇنمايدۇ ۋە ئىمانغا باش ئەگمەيدۇ). **ئۇلارنىڭ ئالدىدا بىر توسۇق، كەينىدە بىر توسۇق قىلدۇق، ئۇلارنىڭ كۆزلىرىنى پەردىلىدۇق، شۇنىڭ ئۈچۈن ئۇلار** (ئىماننىڭ يوللىرى توسۇلۇپ كەتكەنلىكى ئۈچۈن) **ھېچ نەرسىنى كۆرەلمەيدۇ.»** (ياسىن سۈرىسى 8-9-ئايەتلەر)

ھەزرىتى ئەلى رەزىيەللاھۇ مۇنداق دەيدۇ:

«بەدرىدە ئۇرۇش شىددەتلىك ھالدا داۋام قىلىۋاتقاندا، بەزىدە بىز پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامنىڭ ئارقىسىغا ئۆتۈپ دالدىدا تۇرۇۋالاتتۇق. بىزنىڭ ئىچىمىزدىكى

31. ئىبنى سائاد، 1-جىلد، 121، 365، 422-425؛ ھەيسەمى، 9-جىلد، 13.

ئەڭ قورقماس، جەسۇر جەڭچى ئۇ ئىدى، دۈشمەن سېپىگە ئەڭ يېقىن يەردە ئۇ تۇراتتى.»

ئۇ دىن ئۈچۈن ھەمىشە ئالدىنقى سەپتە تۇرۇپ ئۇرۇش قىلاتتى. ھۇنەيىندىكى جەڭدە دەسلەپتە ئىسلام قوشۇنىنىڭ بىر ئاز پاراكەندىچىلىككە ئۇچرىشىدىن كېيىن، ئۇ تەمكىن ۋە سالماق ھالدا ئۆزىنى دۈشمەن سېپىنىڭ ئوتتۇرىسىغا ئېتىپ، يول ئېچىپ ئىلگىرىلەپ، ساھابىلەرنىڭ غەيرىتىگە غەيرەت قوشقان ۋە نىھايەت زەپەر نېسىپ بولغان ئىدى.

ئۇ مۇنداق دېگەن ئىدى:

**«قۇدرەت ۋە ئىرادىسى بىلەن مېنى ياشاتقان ئاللاھقا قەسەم قىلىمەنكى، ئاللاھ يولىدا شېھىد بولغاندىن كېيىن قايتا تىرىلىشنى ۋە يەنە شېھىد بولۇشنى ئارزۇ قىلاتتىم.»**

✵

بۇ يەردە پەيغەمبىرىمىزنىڭ خۇسۇسىيەتلىرىنى سۆزلەرنىڭ چەكلىك ئىمكانلىرى بىلەن خۇلاسە قىلىشقا تىرىشۋاتىمىز. بۇلار ئۇنىڭ ئىدراكىمىزغا تامچىلىغان شەبنەملىرى كەبى ئازدۇر. ئاللاھنىڭ رازىلىقىغا ئېرىشىشنىڭ سىرى، ئاللاھنىڭ كىتابى قۇرئانى-كەرىم ۋە پەيغەمبىرىمىز مۇھەممەد سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەمنىڭ سۈننىتىگە ئەگىشىش، يەنى رەسۇلۇللاھنىڭ يۈكسەك ئەخلاقى ۋە ئىش-ئىزلىرىنى سەمىمي قەلب ۋە ئىخلاس بىلەن ئۆز ئەمەلىيىتىمىزگە تەدبىقلاپ، ئاللاھ ۋە رەسۇلى ياخشى كۆرگەنلەرگە مۇھەببەت، زىتلىرىغا نەپرەت قىلىشتۇر. مۇھەببەت بىلەن نەپرەت ئارىسىدىكى پەرق **ئەئلايى ئىللىيىين** (ئەڭ يۈكسەك جەننەتلەردىكى ئەڭ ئالىي مەرتىۋىلىك كىشىلەر) بىلە **ئەسفەلى سافىلىن** (جەھەننەمدە ئەڭ قاتتىق ئازابقا دۇچار بولغۇچى پەس كىشىلەر) ئارىسىدىكى پەرق كەبى چەكسىزدۇر. ئاللاھ رەسۇلىنىڭ مەنىۋىيىتىدىن روھىي ئۇزۇق ئېلىشتىكى مۇھىم نوقتا ئۇنىڭغا مۇھەببەت ۋە ئۇنىڭ دۈشمىنىگە نەپرەت بىلدۈرۈشتىن ئىبارەتتۇر.

# مۇھەببەت داستانىنىڭ سادالىرى




پەيغەمبەر سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم مۇنداق دېگەن:
«ئۈممىتىمنىڭ ئىچىدە مېنى ئەڭ ياخشى كۆرىدىغان بىر قىسىم كىشىلەر مەندىن كېيىن كېلىدىغانلار ئارىسىدىن چىقىدۇ. ئۇلار (ئاخىرەتتە) مېنى كۆرۈش ئۈچۈن مال-لىرى ۋە ھەتتا ئائىلىسىنى پىدا قىلىشقا تەييار تۇرىدۇ.»
(مۇسلىم: «جەننەت»، 12؛ ھاكىم، 4-جىلد، 95\6991)

# مۇھەببەت داستانىنىڭ سادالىرى

ئىسلام تارىخىدا ساھابىلەر دەۋرىدىن كېيىن ئەڭ ھەيۋەتلىك سەلتەنەت سۈرگەن ئوسمانلى دۆلىتى پۈتۈن خەلقى پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامغا چوڭقۇر مۇھەببەت بىلەن تەلپۈنگەن بىر دۆلەت ئىدى. پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامنىڭ ئىسمى ئېيتىلغان ھامان ئۇنىڭغا دۇرۇد ئوقۇش (سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم دېيىش)، ئېھتىرام يۈزىسىدىن قولىنى كۆكسىگە قويۇش، پەيغەمبىرىمىزنىڭ تەرجىمىھالى ئوقۇلغاندا پەيغەمبىرىمىز دۇنياغا كەلگەنلىكى تەسۋىرلەنگەن مىسرالارنى ئۆرە تۇرۇپ ئاڭلاش قاتارلىق سان-ساناقسىز ھۆرمەت ئىپادىلىرىنىڭ ئەڭ مۇكەممەل ئۆرنەكلىرىنى ئوسمانلى دۆلىتىنىڭ پادىشاھلىرى بىر ئۆرپ-ئادەت ھالىتىگە كەلتۈرگەن ئىدى. ئوسمانلى سۇلتانلىرىنىڭ ھەممىسى مەدىنە مۇنەۋۋەردىن پوچتا خالتىسى كەلگەندە يېڭىدىن تاھارەت ئېلىپ، ئۇ يەردىن كەلگەن خەت-چەكلەرنى سۆيۈپ، كۆزىگە سۈرتۈپ، مەكتۇپنى ئۆرە تۇرۇپ ئاڭلاپ، كامالى-ئېھتىرامنى ۋايىغا يەتكۈزگەن ئىدى.

ئوسمانلىلار مەدىنىدىكى مەسجىدى نەبەۋىنى رېمونت قىلغاندا ھەر بىر خىش-كېسەكنى غۇسۇل تاھارەت ئېلىپ، بىسمىللاھ دەپ يېرىگە قويغان. رەسۇلۇللاھنىڭ روھىنى بىئارام قىلماسلىق ئۈچۈن ناھايىتى ئېھتىيات ۋە ھۆرمەت بىلەن ئىش قىلغان ئىدى.

ئوسمانلىلار دەۋرىدە ھەر يىلى رەجەپ ئېيىنىڭ 12-كۈنى پادىشاھلارنىڭ بۇيرۇقى بويىچە ھىجاز رايونىغا ئەۋەتىلىش ئۈچۈن بىر توپ كىشى مۇراسىم ۋە دۇئا بىلەن يولغا چىقاتتى. بۇلارنىڭ ئىسمى «سۈررە ئالايى» دەپ ئاتىلاتتى. مەدىنە مۇنەۋۋەرگە كەلگەن «سۈررە ئالايى» شەھەرگە كىرىشتىن ئىلگىرى، يېقىن بىر يەردە توختاپ، ئۆزىنى مەدىنىنىڭ مەنىۋى ھاۋاسىغا تەييارلاپ، ئىستىھارە قىلغاندىن كېيىن رەسۇللاھنىڭ قەبرىسىگە يېقىن كېلەتتى ۋە زىيارەت قىلاتتى. قايتىپ كېتىدىغان چاغدا مەدىنىنىڭ مۇبارەك توپراغىنى تۇتىيا بىلىپ، ئازراق ئالغاچ كېتەتتى.

مەدىنە مۇنەۋۋەرنى مۇھاپىزەت قىلىشقا مەسئۇل بولغان ئوسمانلى سۇلتانلىرى پەيتۇنلىرىنى مەسجىدى نەبەۋىدىن يىراقتا توختىتىپ قوياتتى. پەيغەمبىرىمىزنىڭ مەسجىدىگە ئەدەب بىلەن پىيادە مېڭىپ كېلەتتى.

ئوسمانلى پادىشاھلىرىنىڭ شۇ دەۋردە سىزىلغان رەسىملىرىگە قارايدىغان بولسىڭىز، ئۇلارنىڭ سەللىسىنىڭ بورجىكىگە كىچىك بىر سۈپۈرگە مودىلىنىڭ قويۇلغانلىقىنى كۆرەلەيسىز. بۇنىڭ مەنىسى نېمە؟ بۇنىڭ مەنىسى: بۇ ئارقىلىق ئۇلار ئۆزلىرىنىڭ ئىككى ھەرەمنىڭ سۈپۈرگىسى، خىزمەتكارى ئىكەنلىكىنى ئىپادىلەيتتى ۋە ئىككى ھەرەمنى سۈپۈرگۈچى تازىلىق خادىملىرىنىڭ مائاشىنى ئۆزىنىڭ شەخسىي پۇلىسىدىن بېرەتتى.

بۇ خىل ئەدەپ-ئىكرامنىڭ سان-ساناقسىز مىساللىرىدىن بىرى شۇكى، سۇلتان I-ئەخمەد خان (1590-1617) پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامنى ھەر دائىم ئېسىدىن چىقارماسلىق ئۈچۈن، پەيغەمبىرىمىزنىڭ ئاياق ئىزىنى سەللىسىگە رەسىم قىلىپ سىزدۇرىۋالغان ۋە تۆۋەندىكى مىسرالارنى يازغان:

نىم بولار تاجىم كەبى باشىمدا كۆتۈرسەم دائىم،
پاك قەدىمنى ئۇ ھەزرىتى شاھ رەسۇلنىڭ.
گۈلى گۈلزارى نەبۇۋۋەت ئۇ قەدەم ساھىبىدۇر،
ئەخمەد، تۇرما! يۈزۈڭنى سۈر قەدىمگە ئۇ گۈلنىڭ!...

جاھان سۇلتانى ياۋۇز سۇلتان سەلىم خان (1470-1520) ئۆزىگە رەسۇلۇللاھنىڭ ھەقىقىتىنى ئۆگەتىدىغان بىر ئۇستاز، بىر ۋەلىنى دۇنيادىكى ھەممە كىشىدىن ئۈستۈن كۆرگەن:

پادىشاھى ئالەم بولۇش بىر قۇرۇق غەۋغا ئىكەن،
بىر ۋەلىگە دوست بولۇش ھەممىدىن ئەلا ئىكەن!..

دەپ، ئاللاھ ۋە رەسۇلۇللاھنىڭ دوستىغا يېقىنلىششىنىڭ ئەھمىيىتىنى تەكىتلىگەن.

ئائىشە رەزىيەللاھۇ ئەنھا ئۆزى مۇھەببەت بىلەن ئاشىق بولغان رەسۇلۇللاھنىڭ نۇرلۇق سىماسىنى مۇنداق تەسۋىرلىگەن:

وَ لَوْ سَمِعَ أَهْلُ مِصْرَ أَوْ صَافَ حَدِّهِ لَمَا بَذَلُوا فِي سَوْمِ يُوسُفَ مِنْ نَقْدٍ
لَوَائِمُ زُلَيْخَا لَوْ رَأَيْنَ جَبِينَهُ لَآثَرْنَ بِالْقَطْعِ الْقُلُوبَ عَلَى الْاَيْدِ

**«مىسىر ئاھالىسى رەسۇلۇللاھ سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەمنىڭ يۈزىنىڭ گۈزەللىكىنى ئاڭلىغان بولسا ئىدى، يۇسۇپ ئەلەيھىسسالامنى**

**سىتىۋېلىشقا بىر سىننىتمۇ خەجلىمىگەن بولاتتى. زۇلەيخانى ئەيىپلەپ، يۇسۇپنى كۆرگەندە ئۆزىنىڭ بارماقلىرىنى كېسىۋالغان ئاياللار رەسۇلى ئەكرەمنىڭ نۇر كەبى پارلىغان پىشانىسىنى كۆرگەن بولسا ئىدى، قولىنى كېسىۋېلىشنىڭ ئورنىغا يۈرەكلىرىنى كەسكەن بولاتتى.»**

ھەدىس ئالىمى، مۇجتەھىد ئىمام نەۋەۋى (مىلادى1233ـ1277 \ھىجرى 631 ـ 676) ھەممە ئىشىدا رەسۇلۇللاھنى ئۆرنەك قىلىپ، رەسۇلۇللاھنىڭ تاۋۇزنى يېرىپ يېگەن ياكى كېسىپ يېگەنلىكىنى بىلەلمىگەنلىكى ئۈچۈن، ئۆمۈر بويى تاۋۇز يېمىگەن

ئوتتۇرا ئاسىيادىن بالقانغىچە بولغان كەڭرى زېمىندا ئىسلام نۇرىنى كۆڭۈللەردە ياشارتىش ئۈچۈن ئۆزىنى ئاتىغان سەييىد ئەخمەد يەسەۋى (ۋاپاتى: مىلادى 1194\ ھىجرى 590) ئاتمىش ئۈچ ياشقا كىرگەن چېغىدا، بىر مازار كولاتقان ۋە:

«ئەمدى بۇ ياشتىن كېيىن زېمىن ئۈستىدە ياشىشىمنىڭ ھاجىتى يوق» دەپ 63 يېشىدا ۋاپات بولغان پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامنى ئەسلەپ، ئىبادەت ۋە ئىرشاد ھاياتىنى مازار ئىچىدە داۋاملاشتۇرغان

ئىمام مالىك رەزىيەللاھۇ ئەنھۇ (مىلادى 711ـ795) رەسۇلۇللاھ دەسسىگەن تۇپراققا ھۆرمەت قىلىپ، مەدىنە-مۇنەۋۋەردە ئۇلاغ مىنمىگەن، پۇتىغا ئاياغ كىيمىگەن. يېنىغا ھەدىس شەرىفتىن سوئال سورىغىلى بىر كىم كەلگەن ھامان، دەرھال تاھارەت ئېلىپ، سەللە يۆگەپ، خوشبۇي ئەتىرلەرنى ئىشلىتىپ، ئىگىز بىر يەرگە چىقىپ ئاندىن جاۋاب بەرگەن. رەسۇلۇللاھنىڭ مۇبارەك كالامىنى نەقىل قىلىپ سۆزلەيدىغان چاغدا ئەدەبكە ئىنتايىن رىئايە قىلغان. راۋزادا ئىماملىق قىلغاندا پەس ئاۋازدا گەپ قىلغان. شۇ دەۋردىكى خەلىپە ئەبۇ جافەر مەنسۇر يۇقىرى ئاۋازدا گەپ قىلغاندا، ئىمام مالىك ئۇنىڭغا:

«ئەي خەلىپە، بۇ ماكاندا پەس ئاۋازدا گەپ قىل! ئاللاھ: **«پەيغەمبەرنىڭ ھۇزۇرىدا يۇقىرى ئاۋازدا گەپ قىلماڭلار!»** دېگەن ئاگاھلاندۇرۇشنى سەندىن نەچچە ھەسسە ئەخلاقلىق بولغان ساھابىلەرگە خىتاب قىلىپ ئېيتقان ئىدى...» دېگەن.

ئىمام مالىك ئۆزىگە زۇلۇم قىلغان مەدىنە ۋالىيسىنى ئەپۇ قىلىپ:

«رەسۇلۇللاھنىڭ نەۋرىسى بولغان بىر زات ئۈستىدىن مەھشەر كۈنى شىكايەت قىلىشتىن ھايا قىلىمەن.» دېگەن. پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامغا بولغان چەكسىز

ھۆرمەت ۋە مۇھەببەت ئىپادىلىرى مۇسۇلمانلارنىڭ ئارىسىدا ناھايىتى كەڭ تارقالغان بولۇپ، بۇلارنىڭ ھەممىسىنى تىلغا ئېلىپ بولۇش مۇمكىن ئەمەس.

## خۇلاسە

يۇقىرىدىكى بايانلاردىن چىققان ئومۇمىي ۋە نىھايى نەتىجە شۇكى، پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامغا قانچىلىك ھۆرمەت ۋە ئىززەت كۆرسەتسەك، يەنىلا ئازدۇر. چۈنكى بۇ ئۇلۇغ پەيغەمبەرنى ئاللاھتائالا ھەبىبىم، يەنى ياخشى كۆرگىنىم دەپ ئاتىغان ۋە قۇرئانى-كەرىم ئەھزاب سۈرىسى 56-ئايەتتە:

**«شۈبھىسىزكى، ئاللاھ پەيغەمبەرگە رەھمەت يوللايدۇ (يەنى پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامغا رەھمەت قىلىدۇ، شانىنى ئۇلۇغ قىلىدۇ، دەرىجىسىنى ئۈستۈن قىلىدۇ)، پەرىشتىلەرمۇ ھەققەتەن (پەيغەمبەرگە) مەغپىرەت تەلەپ قىلىدۇ. ئى مۆمىنلەر! سىلەر پەيغەمبەرگە دۇرۇد ئېيتىڭلار ۋە ئامانلىق تىلەڭلار**، (چۈنكى رەسۇلۇللاھنىڭ سىلەرنىڭ ئۈستۈڭلاردىكى ھەققى چوڭدۇر. ئۇ سىلەرنى گۇمراھلىقتىن ھىدايەتكە، زۇلمەتتىن يورۇقلۇققا چىقارغۇچىدۇر)».

بۇ ئۇلۇغ پەيغەمبەرنىڭ مۇكەممەل پەزىلىتىنى تولۇق چۈشىنىش ۋە سۆز بىلەن تەسۋىرلەش مۇمكىن ئەمەس. بۇ ھەقتە تالاش-تارتىش قىلىشنى سۈكۈتنىڭ چەكسىزلىكىدە ئاخىرلاشتۇرۇشتىن باشقا چارە يوقتۇر!.. ئۇنى تەسۋىرلەشكە تىل ئاجىزلىق قىلغان يەردە بىزنىڭ تىلىمىزدىكى ئىپادىسىمۇ پەقەتلا ئوكياندىن ئېلىنغان بىر تامچە قەدەردۇر.

ئۇنىڭ ھەقىقى ماھىيىتىنى ھېچقانداق كىشى تولۇق تەسۋىرلەشكە مۇۋەپپەق بولالمىدى. يۈكسەك ئەخلاقى ۋە يارىتىلىشى مۇناسىپ ھالدا ھېس قىلىنمىدى. ئالىملار، مۇتەپەككۇرلار، كۆڭۈل سۇلتانلىرى (ئەۋلىيالار) ۋە ھەتتا جىبرىئىل ئەلەيھىسسالام ئۇنىڭ يولىدا مېڭىشنى «ئىززەت»، ئىشىكى ئالدىدا تىلەمچى بولۇشنى «دۆلەت» دەپ بىلدى.

بۇ ئەھۋالنى «مەۋلۇت» شېئىرىنىڭ ئاپتورى سۇلايمان چەلەبى (مىلادى 1346-1422) مۇنداق خۇلاسە قىلغان:

ئۈممىتىڭىز بولغىنىمىز دۆلەت بولۇپ يېتەر بىزگە!
خىزمىتىڭىزنى قىلغىنىمىز ئىززەت بولۇپ يېتەر بىزگە!..

ئاللاھ ۋە رەسۇلۇللاھقا كۆڭلىنى بەرگەن، ئۇلارنى مۇھەببەت بىلەن قىزغىن سۆيگەن مۆمىنلەر بەختلىكتۇر! ئۇلار رەسۇلۇللاھتىن باشقىسىنى ياخشى كۆرمەيدۇ، ناتونۇش، ياۋايى باغلاردىكى سۈنئى گۈل-چېچەكلەرگە ئالدانمايدۇ.

پۈتۈن ۋۇجۇدىمىز بىلەن پەيغەمبىرىمىزنىڭ مەنىۋىيىتىنى يېتەكچى قىلىپ، ئالالھقا يۈزلىنەيلى!

ئۇنىڭ مۇھەببىتىنى ھۆججەت قىلىپ، رەببىمىزگە يالۋۇرايلى...
پەيغەمبىرىمىز ئۆتمۈشتىكى، ھازىرقى ۋە كەلگۈسىدىكى بارلىق مەۋجۇداتلارغا
مۇبارەك بولغاي! بەرىكەت بولغاي!رەھمەت بولغاي!
ئىنسانلار ۋە روھلار ئالىمىنىڭ غوجىسى مۇھەممەد مۇستاپاغا سالام!...
ئىنسانلار ۋە روھلار ئالىمگە ئەۋەتىلگەن ئەلچى مۇھەممەد مۇستاپاغا سالام!...
مەككە ۋە مەدىنىنىڭ ئىمامى مۇھەممەد مۇستاپاغا سالام!...
ھەسەن ۋە ھۈسەيىننىڭ بوۋىسى مۇھەممەد مۇستاپاغا سالام!.....

اَللّٰهُمَّ صَلِّ عَلَى مُحَمَّدٍ وَ عَلَى آلِهِ وَ صَحْبِهِ وَ بَارِكْ وَ سَلِّمْ

ئۇنى ئەسلەش بىلەن ئۆتكەي كۈنلەر، كېچىلەر،
ئۇچقاي يەنە پەرۋاز قىلىپ كەپتەرلەر.
ھا-ھۇلارغا ئارلاشسۇن
ئامىنلەر،
مۇبارەك ئاخشامدۇر،
كېلىڭلار ئەي فاتىھەلەر، ياسىنلەر.[32]
ئالالھىم، قىيامەت كۈنى بىزنى بۇ ئىقرارىمىز بىلەن بىللە تىرىلدۈرگىن!
ئامىين!...

32. ئارىف نىھات ئاسيا: «دۇئالار ۋە ئامىنلەر»، ئىستانبۇل، 1973-يىل، 122-بەت.

# پەيغەمبەرلەرنىڭ مۆجىزىلىرى ۋە قۇرئانى-كەرىم




**«ئەمەلىيەتتە** (ئۇلارنىڭ ئىنكار قىلغىنى) **لەۋھۇلمەھپۇزدا ساقلانغان**
**ئۇلۇغ قۇرئاندۇر.»** (بۇرۇج سۇرىسى 21-22-ئايەت)

# پەيغەمبەرلەرنىڭ مۆجىزىلىرى ۋە قۇرئانى-كەرىم

ئاللاھ بەندىلەرنى ھىدايەت قىلىش ئۈچۈن ئۇلارغا بىر قىسىم ئالاھىدىلىكلەرنى بېرىش بىلەن بىر ۋاقىتتا، ئۇلارنىڭ ئىچىدىكى مۇستەسنا يارىتىلغان سالىھ ئىنسانلارنى ئۇلارغا رەھبەر قىلىپ ئەۋەتكەن. بۇ سالىھ ئىنسانلارنىڭ ئىچىدىكى ۋەھيى ئىنئامىغا ئېرىشكەنلىرى پەيغەمبەرلەردۇر.

ئاللاھنىڭ ئىنسانلارغا قارىتا ئالاھىدە ياردىمىنى ئىپادىلەيدىغان پەيغەمبەر ئەۋەتىش ئىشى يەر يۈزىدىكى بارلىق ئىنسانلارنى ئۆز ئىچىگە ئېلىشى ئۈچۈن ھەزرىتى ئادەم ئەلەيھسسالامدىن باشلانغان. ئادەم ئەلەيھسسالام ھەم تۇنجى ئادەم ھەمدە تۇنجى پەيغەمبەر ئىدى.

پەيغەمبەرلىك بىلەن ۋەزىپىلەندۈرۈلگەن شەخسلەر بىلەن ئۇلارنىڭ تەبلىغىنى ئاڭلىغۇچى خەلق ئارىسىدىكى زامان پەرقى ئۇزارغانسىرى بۇزۇلغان ئىلاھىي تەبلىغ مەزمۇنىنى ئىجتىمائىي تەرەققىيات ئېھتىياجىغا ئۇيغۇن كېلىدىغان بىر قىسىم ئەھكاملارنى قوشۇش ئارقىلىق يېڭىدىن تەبلىغ قىلىش ئاللاھنىڭ ئادىتىدۇر. بۇ ئادەت ئادەم ئەلەيھسسالامدىن باشلاپ، ئاخىرقى پەيغەمبەر مۇھەممەد سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەمگىچە مۇشۇ تەرىقىدە داۋام قىلىپ كەلگەن.

ئاللاھتائالا سالىھ بەندىلىرى ئىچىدىن بىرىنى پەيغەمبەر قىلىپ ئەۋەتكەندە ئىنسانلار ھەمىشە ئۇنىڭغا:

- پەيغەمبەرمەن دەيسەن، ئۇنداق بولسا بىر مۆجىزە كۆرسىتىپ باق قېنى! ــ دەپ كەلگەن.

پەيغەمبەرمۇ ئۆزى ياشاۋاتقان شۇ زامانغا نىسبەتەن ئەڭ تەرەققى قىلغان بىر ساھەدە ئىنسانىنىڭ كۈچى يەتمەيدىغان پەۋقۇلئاددە بىر ھادىسە (مۆجىزە)نى كۆرسەتكەن. قەلبى پۈتۈنلەي غەپلەت ئىچىدە قالمىغان بەختىيار ئىنسانلار:

- شۇنداق، سەن بىر پەيغەمبەرسەن! ــ دەپ ئىمان ئېيتقان. بۇنىڭ بىلەن بىرلىكتە قەلبى نەپسانىي ئارزۇ-ئىستەكلەر بىلەن تولۇپ قارىداپ كەتكەن ئىنسانلار

مۆجىزە كۆرسەتكەن پەيغەمبەرنى سېھىرگەر دەپ تۆھمەت چاپلاپ دۈشمەنلىشىش يولىنى تۇتقان.

ھەر قانداق بىر پەيغەمبەرنىڭ دەۋرىنىڭ ئېھتىياجىغا ئاساسەن، بەزى ئالاھىدىلىكلەرگە ئىگە بولغانلىقى تارىخىي رېئاللىقتۇر.

ئىسا ئەلەيھىسسالامنىڭ زامانىدا تىببىي ئىلىم ئىنتايىن تەرەققى قىلغان بولۇپ، ئەڭ نوچى ئىنسان كېسەللەرنى داۋالىيالايدىغان تېۋىپلەر ئىدى. شۇڭا ئۇنىڭغا تېۋىپلەرنىڭ كۈچى يەتمەيدىغان مۆجىزە، يەنى ئەماالارنىڭ كۆزىنى ئېچىش، ئۆلۈكلەرنى تىرىلدۈرۈش مۆجىزىسى بېرىلگەن ئىدى.

مۇسا ئەلەيھىسسالام ياشىغان دەۋردە سېھىرگەرلىك ئىنتايىن تەرەققى قىلغانلىقى ئۈچۈن ئۇنىڭغا سېھىرگەرلەرنى ھەيران قالدۇرىدىغان بىر مۆجىزىنىڭ بېرىلگەنلىكىمۇ ئوخشاش بىر ھېكمەت تۈپەيلى بولغان ئىدى.

پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامنىڭ زامانىدا بەلاغەت، فەساھەت، تالاقەت (دېكلىماتسىيە) ۋە ئەدەبىيات راۋاجلانغان ئىدى. كىشىلەر ھەۋەسلىنىدىغان ۋە ماختايدىغان كىشى مۇشۇ ساھەدە تالانتى بار كىشى ئىدى. مۆجىزىنىڭ مەقسىدى كۆرگۈچىلەرنى تەسىرلەندۈرۈش ۋە قايىل قىلىش ئارقىلىق ئۇلارنى پەيغەمبەرگە ئىتائەت قىلدۇرۇش بولغانلىقى سەۋەبىدىن، پەيغەمبەر ئەۋەتىلگەن قەۋملەردىكى ئەڭ قۇدرەتلىك ۋە ئېتىبارلىق بولغانلارنىڭمۇ ئىتائەت قىلىشىنى ئەمەلگە ئاشۇرۇش ئۈچۈن پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامغا باشقا مۆجىزىلەر بىلەن بىرلىكتە ئەڭ ئۈستۈن مۆجىزە ھېسابلانغان، ئىنسانلار قىيامەتكە قەدەر ئۇنىڭ ئوخشىشىنى يېزىپ چىقالمايدىغان قۇرئانى-كەرىم مۆجىزىسى بېرىلگەن.

ئىلاھىي ۋە ئەبەدىي بىر مەشئەل كەبى پەيغەمبەر سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم ۋاستىسى بىلەن ئىنسانلارغا تەقدىم قىلىنغان قۇرئانى-كەرىم مۆجىزىسى بەلاغەت ۋە فەساھاتنى ياخشى بىلىدىغان «سائادەت ئەسرى» ئىنسانلىرىنى پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامغا ئىتائەت قىلدۇرۇشتىكى ئەڭ مۇھىم تەسىر كۈچ بولغان. ھەزرىتى ئۆمەر پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامنى ئۆلتۈرۈشتىن ئىبارەت يامان نىيەتنى كۆڭلىگە پۈكۈپ ماڭغاندا، تاساددىپىي ھالدا قۇرئانى-كەرىمدىن بىر قانچە ئايەتنى ئاڭلاپ

قالغاندىن كېيىن، چاقماقتەك تېز سۈرئەتتە بىر قۇتۇپتىن يەنە بىر قۇتۇپقا ئۆتۈپ ھىدايەتكە ئېرىشكەن. مانا بۇ قۇرئان مۆجىزىسىنىڭ بىر تىپىك مىسالىدۇر.

شۇ ئېسىمىزدە بولسۇنكى، رەسۇلۇللاھ سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەمدىن ئىلگىرى كەلگەن پەيغەمبەرلەر كۆرسەتكەن مۆجىزىلەر ئۇلار ياشىغان زامانغىلا ئائىتتۇر. پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالاتۇ ۋەسسەلامنىڭ پەيغەمبەرلىكى بولسا، قىيامەتكە قەدەر كېلىدىغان زامان ۋە ماكانغا ئائىت بولغانلىقى ئۈچۈن، ئۇ ئۆزىدىن ئىلگىرىكى بارلىق پەيغەمبەرلەردىكى سالاھىيەت، كۈچ-قۇۋۋەت، مۆجىزىلەرگە ئىگە ۋە ھەممىسىدىن ئۈستۈندۇر. چۈنكى ئۇنىڭ مۆجىزىلىرىنى قىيامەتكىچە كېلىدىغان بارلىق ئىنسانلار كۆرۈشى كېرەك. شۇڭا ئۇنىڭغا ئەڭ چوڭ مۆجىزە ھېسابلانغان ۋە قىيامەتكىچە داۋاملىشىدىغان قۇرئانى-كەرىم بېرىلگەن.

بۇ نوقتا قۇرئانى-كەرىمدىمۇ مۇئەييەنلەشتۈرۈلۈپ مۇنداق دېيىلگەن:

**«ئۇلار: ‹نېمىشقا ئۇنىڭغا پەرۋەردىگارىدىن مۆجىزىلەر نازىل قىلىنمايدۇ› دېدى. ئېيتقىنكى، مۆجىزىلەر ھەقىقەتەن ئاللاھنىڭ دەرگاھىدىدۇر** (مېنىڭ قولۇمدا ئەمەستۇر)**، مەن پەقەت بىر ئاشكارا ئاگاھلاندۇرغۇچىمەن. بىزنىڭ ساڭا ئۇلارغا تىلاۋەت قىلىنىپ تۇرىدىغان كىتابنى نازىل قىلغانلىقىمىز ئۇلارغا** (مۆجىزە بولۇشقا) **كۇپايە قىلمىدىمۇ؟ بۇ كىتابتا ئىمان ئېيتقان قەۋم ئۈچۈن شەك-شۈبھىسىز رەھمەت ۋە ۋەز-نەسىھەت بار.»** (ئەنكەبۇت سۈرىسى 50-51-ئايەتلەر)

ۋەھيىنى تونجى قېتىم ئاڭلىغان ئەرەبلەر ھەيران بولۇپ، پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامدىن دەلىل-پاكىت تەلەپ قىلغاندىن كېيىن، يۇقىرىقى ئايەتلەر نازىل بولۇپ، ئەڭ چوڭ دەلىل-ئىسپات ۋە مۆجىزىنىڭ قۇرئان ئىكەنلىكى كۆرسىتىلگەن.

رەسۇلۇللاھ سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم مۇنداق دېگەن:

«ئاللاھ تەرىپىدىن ئەۋەتىلگەن ھەر بىر پەيغەمبەرگە ئىنسانلارنىڭ ھىدايىتىگە سەۋەپ بولىدىغان بىر مۆجىزە بېرىلگەن. ماڭا بېرىلگىنىمۇ ئاللاھنىڭ كەلامى تۈرىدىن بىرى بولغان قۇرئانى-كەرىمدۇر. بۇ سەۋەپتىن قىيامەت كۈنى ئۈممىتىمنىڭ باشقا ئۈممەتلەرگە قارىغاندا سان جەھەتتە تېخىمۇ كۆپ بولۇشىنى ئۈمىد قىلىمەن.» (بۇخارى: «ئىتىسام»، 1؛ «فەدائىلۇل-قۇرئان»، 1؛ مۇسلىم: «ئىمان»، 279)

قۇرئاننىڭ مۆجىزىلىكى كۆرۈپ بىلگىلى بولىدىغان مۆجىزە تۈرىگە كىرىدۇ. شۇڭا قۇرئانغا ئەگەشكىدىغانلار تېخىمۇ كۆپ بولىدۇ. (سۇيۇتى: «ئەل-ئىتكان»، 4-جىلد، 3)

ئىنساننى باشقا جانلىقلاردىن پەرقلەندۈرۈدىغان ئاساسلىق خۇسۇسىيەتلەر ئەقىل ۋە مېڭە بولغانلىقى ئۈچۈن ئەڭ ئاخىرقى ۋە ئەڭ مۇكەممەل كىتاب بولغان قۇرئانى-كەرىمنىڭ مۆجىزىلىكىمۇ تېخىمۇ كۆپ ئەقىل ۋە مېڭە ساھەسىدە ئوتتۇرىغا چىققان. دەرۋەقە، ئايەتتە مۇنداق دېيىلگەن:

**«مېھرىبان ئاللاھ قۇرئاننى تەلىم بەردى، ئىنساننى ياراتتى. ئۇنىڭغا سۆزلەشنى ئۆگەتتى.»** (راھمان سۈرىسى 1-4-ئايەتلەر)

پەيغەمبەر سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەمنىڭ قىيامەتكە قەدەر داۋاملىشىدىغان قۇرئان مۆجىزىسىنىڭ يېنىدا ئىلگىرىكى پەيغەمبەرلەرگە ئوخشاش زامان ۋە ماكانغىلا ئائىت نۇرغۇن مۆجىزىسىمۇ بار. بۇ مۆجىزىلەر توغرىسىدا توم-توم كىتابلار قەلەمگە ئېلىنغان. پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامنىڭ بۇ مۆجىزىلىرى ھەققىدە بىر قانچە مىسال:

- مەككىدە قۇرەيشلەر پەيغەمبىرىمىزدىن مۆجىزە كۆرسىتىشنى تەلەپ قىلغاندا پەيغەمبىرىمىزنىڭ بىر ئىشارەت قىلىشى بىلەنلا ئاينىڭ ئىككىگە بۆلۈنۈشى،
- ئاز تاماق بىلەن نۇرغۇن كىشىنىڭ قورسىقىنى تويغۇزغانلىقى،
- بارماقلىرىنىڭ ئارىسىدىن سۇ چىقىشى ۋە سۇسىز قالغان زور بىر قوشۇننىڭ بۇ سۇدىن قانغۇدەك ئىچىپ، بارلىق سۇ ئېھتىياجى ئۈچۈن كەگرى ئىشلىتىشى،
- يەردىن ئېلىپ دۈشمەن تەرەپكە ئاتقان بىر سىقىم توپىنىڭ دۈشمەن ئەسكەرلىرىنىڭ ھەممىسىنىڭ كۆزىگە دەل تېگىپ، ئۇلارنىڭ كۆزلىرىنى كۆرمەس قىلىپ، ئارقىسىغا قاراپ قېچىشىغا سەۋەپ بولۇشى،
- ئىلگىرى پەيغەمبىرىمىز ئۇنىڭغا يۆلىنىپ تۇرۇپ خۇتبە ئوقۇيدىغان بىر قۇرۇق خورما ياغىچىدىن ياسالغان تۈۋرۈكنىڭ مۇنبەر ياسالغاندا پەيغەمبىرىمىزدىن ئايرىلىپ قالغانلىقى ئۈچۈن ھەسرەت چېكىپ نالە قىلىشى،
- ئالدىنى كۆرۈش بىلەن تەڭلا ئارقىسىنىمۇ كۆرەلىشى،
- كۈندۈزى يورۇقتا كۆرگەندەك كېچىسى قاراڭغۇدىمۇ كۆرەلىشى،

- قۇياش ۋە ئاي يورۇقىدا ماڭغاندا ھېچقانداق كۆلەڭگىسىنىڭ كۆرۈنمەسلىكى[33]... قاتارلىق نۇرغۇنلىغان مۆجىزىلىرى بار.

## ئەڭ چوڭ مۆجىزە: قۇرئانى-كەرىم

پەيغەمبەر سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم ئۆزىنىڭ رەسۇلۇللاھ ئىكەنلىكىنى، ئاللاھ تەرىپىدىن ئۆزىگە ۋەھيى كەلگەنلىكىنى ئىنسانلارغا جاكارلاپ، ھەممە كىشىنى ئىسلامغا دەۋەت قىلىشقا باشلىشى بىلەنلا مەككە مۇشرىكلىرى ئۇنىڭغا قاتتىق قارشى تۇردى. ئاللاھنىڭ ھېچقانداق نەرسە نازىل قىلمىغانلىقى[34]، قۇرئاننىڭ ئاللاھنىڭ سۆزى ئەمەس، بىر ئىنساننىڭ سۆزى ئىكەنلىكى، ئۇنى رەسۇلۇللاھ سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەمنىڭ ئىچىدىن چىقىرىپ، ئاللاھتىن كەلدى دەپ تۇرۇۋالغانلىقى[35]، پەيغەمبەرنىڭ بەزى چاغلاردا ساراڭ، شائىر، كاھىن، سېھىرگەر ۋە سېھىرلەنگەن ئادەم ئىكەنلىكىنى ئېيتىپ تۆھمەت چاپلىدى.[36]

بۇنىڭ بىلەن ئاللاھ ئىنكارچىلارنىڭ يالغانچى ئىكەنلىكى، ئۇلارنىڭ سۆزلىرىنىڭ باتىل ئىكەنلىكىنى ئوتتۇرىغا قويدى.[37] قۇرئانى-كەرىمنىڭ جىبرىئىل ئەلەيھىسسالامنىڭ ۋاستىسى بىلەن ئالەملەرنىڭ پەرۋەردىگارى ئاللاھ تەرىپىدىن نازىل قىلىنغانلىقىنى بايان قىلدى.[38]

33. سۇيۇتى: «ئەل-ھەسائىسۇل-كۇبرا»، تەرجىمە قىلغۇچى: نائىم ئەردوگان، ئىستانبۇل، 2003-يىل، 186-بەت.

34. مۇلك سۈرىسى 9-ئايەتكە قاراڭ.

35. مۆئمىنۇن سۈرىسى 38-ئايەت؛ مۇددەسسىر سۈرىسى 24-25-ئايەتلەرگە قاراڭ.

36. يۇنۇس سۈرىسى 2-ئايەت؛ ھىجر سۈرىسى 6-ئايەت؛ ئىسرا سۈرىسى 47-ئايەت؛ فۇرقان سۈرىسى 8-ئايەت؛ ساففات سۈرىسى 36-ئايەت؛ ساد سۈرىسى 4-ئايەت؛ دۇخان سۈرىسى 14-ئايەت؛ تۇر سۈرىسى 29-30-ئايەتلەر؛ قەلەم سۈرىسى 51-ئايەتكە قاراڭ.

37. ھەققە سۈرىسى 41-42-ئايەتلەر؛ تەكۋىر سۈرىسى 25-ئايەت؛ شۇئەرا سۈرىسى 210-211-ئايەتلەرگە قاراڭ.

38. بەقەرە سۈرىسى 97-ئايەت؛ شۇئەرا سۈرىسى 192-194-ئايەتلەر؛ تاھا سۈرىسى 4-ئايەت؛ سەجدە سۈرىسى 2-ئايەت؛ ۋاقىئە سۈرىسى 80-ئايەتكە قاراڭ.

ئىنكارچىلار قۇرئانى-كەرىم ۋە ئۇنىڭ مەنبەسى ھەققىدە سۆزلىگەنلىرىنىڭ بىت-چىت بولغانلىقىنى كۆرۈپ، باشقا بىر يول ئىزدەشكە باشلىدى. قۇرئاندا ئىلگىرىكى قەۋملەرگە ئائىت قىسسەلەر بارلىقىنى ئاڭلاپلا، ئۇنى پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام توقۇپ چىققان يالغان گەپ ۋە قەدىمقى قەۋملەرنىڭ ئەپسانىلىرىنى ئاڭلاپ يېزىۋالغان دەپ قارىلىدى.[39] قۇرئاننى پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامغا بىر چەتئەللىك ئۆگەتكەن دەپ تۆرىۋالدى. جانابى ئاللاھ تىلى ساپ ئەرەپچە بىلەن نازىل بولغان قۇرئانى-كەرىمنى تىلى ئەرەپچە ئەمەس بىر چەتئەللىكنىڭ يازدۇرغانلىقىنىڭ قانچىلىك دەرىجىدە مەنتىقسىزلىقى (ئەقىلگە سىغماسلىقى)نى ئەسكە سېلىش بىلەن بۇ ئۆسەك گەپلەرنىمۇ يوققا چىقاردى.[40]

ئىنكارچىلار پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام ۋە قۇرئانى-كەرىم توغرىسىدا ئېيتقان بۇ سۆزلىرىگە ئۆزلىرىمۇ قايىل ئەمەس ئىدى. شۇنداقتىمۇ ئۇلار داۋاملىق گېپىنى ئۆزگەرتىپ[41] بىر-بىرىگە زىت پىكىرلەرنى ئوتتۇرىغا ئاتتى.

بۇ ئىنكارچىلارغا قۇرئاننىڭ ھەقىقەتەن ئاللاھ تەرىپىدىن كەلگەنلىكىنى ئىسپاتلاش ئۈچۈن بەزى مۆجىزىلەرگە ئېھتىياج بار ئىدى. شۇڭا ئاللاھ قۇرئانى-كەرىمنىڭ بىۋاستە ئۆزىنى بەزى جەھەتلەردە مۆجىزە قىلدى. شۇنىڭ بىلەن قۇرئان ئۆز ماھىيىتى ۋە پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامنىڭ توغرا ئىكەنلىكىنىڭ دەلىلى بولدى.

قۇرئانى-كەرىم ئالىي ماقامغا ئىگە بولغانلىقى ئۈچۈن بالاغەت، ھۆكۈم قويۇش (تەشرى) خۇسۇسىيىتى ۋە بىلدۈرگەن غەيب خەۋەرلىرى كەبى نۇرغۇن جەھەتتە ئىنسانلار ئۇنىڭ ئوخشىشىنى مەيدانغا كەلتۈرۈشكە، ئۇنىڭدىكىدەك جۈملىلەرنى سۆزلەشكە ئاجىزدۇر. بۇ جەھەتتىمۇ قۇرئان ئۆلۈغ بىر مۆجىزە بولۇپ كۆرۈنمەكتە.[42]

39. فۇرقان سۈرىسى 4-5-ئايەتلەرگە قاراڭ.

40. نەھل سۈرىسى 103-ئايەت؛ شۇئەرا سۈرىسى 210-211-ئايەتلەرگە قاراڭ.

41. ئەنبىيا سۈرىسى 5-ئايەت؛ سۈئات يىلدىرىم: «قۇرئان»، «دىيانەت ئىسلام ئېنسىكلوپېدىيىسى»، 26-جىلد، 393-بەت.

42. مۇھەممەد سەئىد رامازان ئەل-بۇتى: «مىن راۋائى-ئىل-قۇرئان»، بېيرۇت، 1996-يىل، 125-بەت.

ئىنكارچىلار قۇرئانى-كەرىمنىڭ پەيغەمبىرىمىز تەرىپىدىن توقۇپ چىقىرىلغانلىقىدىن ئىبارەت تامامەن ئاساسسىز پىكىرلىرىدە چىڭ تۇرۇش بىلەن پەقەت ئۆزىنىڭ ئازابلىرىنى ئاشۇردى. ئەسلىدە ئۇلار كۆڭلىدە ئېنىق بىلىدۇكى، بۇ مۆجىزە كىتاب رەسۇلۇللاھ سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەمگە نازىل قىلىنغان ئىلاھىي ۋەھيىدىن باشقا بىر نەرسە ئەمەس ئىدى. چۈنكى **ئۇ يېتىم ۋە ساۋاتسىز پەيغەمبەر ئىنسانلاردىن دەرس ئالمىدى. ئۆزى ئۇلارغا زۇلۇم ۋە جاھالەت قاراڭغۇلۇقىدىن قۇتۇلدۇرۇش ئۈچۈن ئەۋەتىلگەن ئىنسانلارغا غەيب ئالىمىنىڭ تەرجىمانى ۋە ھەقىقەت مەكتىۋىنىڭ مۇئەللىمى بولۇپ كەلدى.**

شۈبھىسىز ئۇنىڭ قىرىق يېشى ئىنسانىيەتنىڭ بۇرۇلۇش نۇقتىلىرىدىن بىرى بولدى.

جاھالەت قاپلىغان بىر جەمئىيەتتە قىرىق يىل ياشىدى. ئۇنىڭ كېيىنچە ئوتتۇرىغا قويماقچى بولغان مۇكەممەللىكلىرىنىڭ كۆپ قىسمى خەلقكە نىسبەتەن مەجھۇل ئۇقۇملار ئىدى. ھېچكىم ئۇنىڭ بىر دۆلەت ئەربابى، بىر تەبلىغچى، بىر ۋائىز بولىدىغانلىقىنى بىلمەيتتى. ئۇنىڭ كەلگۈسىدە ئۇلۇغ بىر قوماندان بولىدىغانلىقىدىن سۆز ئېچىش ئۇياقتا تۇرسۇن، ھېچ بولمىسا ئادەتتىكى بىر ئەسكەر بولىشمۇ ھېچكىمنىڭ خىيالىغا كەلمىگەن ئىدى.

ئۆتمۈشتىكى مىللەتلەرنىڭ ۋە پەيغەمبەرلەرنىڭ تارىخى، قىيامەت كۈنى، جەننەت ۋە جەھەننەم توغرىسىدا گەپ-سۆز قىلغىنىنى ھېچكىم ئاڭلىمىغان ئىدى. پەقەت يالغۇز ۋە ئەخلاقلىق ھالدا ياشايتتى. لېكىن ئىلاھىي بىر تەلىماتنى ئېلىپ، ھىرا غارىدىن چىقىپ ئۆيىگە قايتقان چېغىدا پۈتۈنلەي ئۆزگەرگەن ئىدى.

تەبلىغنى باشلىغان چېغىدا پۈتۈن ئەرەبىستان قورقتى ۋە ھەيران بولدى. پەۋقۇلئاددە بالاغىتى (تەبلىغى) ۋە خىتابى ئۇلارغا تەسىر قىلدى. شېئىر، ئەدەبىيات، بالاغەت (نۇتۇق) ۋە پاساھەت مۇسابىقىلىرى تۇيۇقسىز توختاپ قالدى. ئۇنىڭدىن كېيىن ھېچقانداق شائىر مۇسابىقىدە مۇكاپاتقا ئېرىشكەن شېئىرىنى كەبىنىڭ تېمىغا ئېسىپ قويالمايدىغان بولدى. شۇنداق قىلىپ، ئەسىرلەردىن بىرى داۋام قىلىپ كەلگەن بىر ئەنئەنە تارىخقا ئايلىنىپ كەتتى.

مەدەنىيەتتىن خەۋەرسىز قالاق بىر جەمئىيەتتە چوڭ بولغان ساۋاتسىز بىر ئادەم ئوتتۇرىغا قويغان ئىلىم ۋە ھېكمەت ئۇ دەۋردىكى ئىنسانلارنى ھاڭ-تاڭ قىلغاندەك، قىيامەتكە قەدەر ھالقىپ ئۆتكىلى بولمايدىغان بىر مۆجىزە بولۇپ قالدى. كۆز ئالدىمىزدا كۆرۈنۈپ تۇرغان يەنە بىر ئەمەلىيەت شۇكى، قۇرئانى-كەرىم ئۆتمۈشتىكى تارىخىي ھادىسىلەردىن باشلاپ، كەلگۈسىدە مەيدانغا كېلىدىغان ۋەقەلەرگە قەدەر نۇرغۇنلىغان ئىلمىي ۋە پەننىي مەسىلىنى بايان قىلغان بولۇپ، 1400 يىلدىن بۇيان مەيدانغا كەلگەن ئىلمىي بايقاشلارنىڭ ھەممىسى بۇ بايانلارنىڭ توغرىلىقىنى ئىسپاتلىدى. قۇرئاندىكى بىشارەتلەرگە زىت ھېچقانداق بىر ئىش كۆرۈلمىدى. ھالبۇكى، زامانىمىزدا دۇنيانىڭ ئەڭ مەشھۇر قامۇسلىرى ھېسابلانغان ئىلمىي كىتابلار ھەر يىلى يېڭىدىن بىر قوشۇمچە جىلد نەشر قىلىش ئارقىلىق كەمچىلىكىنى تولۇقلاپ كەلمەكتە.

پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام بارلىق ئىنسانلارغا ئۆزىنىڭ يەر يۈزىدە ئاللاھنىڭ خەلىپىسى (ۋەكىلى) ئىكەنلىكىنى ئەمەلىي ھەرىكىتى ئارقىلىق ئوتتۇرىغا قويدى.

ئەڭ داڭلىق ئالىملار ئۆمۈر بويى جاپالىق ئىزدىنىپ، ماددىي ۋە مەنىۋى دۇنيا ھەققىدە مول تەجرىبە توپلىغاندىن كېيىن ئاندىن ئوتتۇرىغا قويالايدىغان ئىجتىمائىي، مەدەنىي ۋە ئىقتىسادىي تەشكىلات، ھۆكۈمەت ۋە خەلقئارا مۇناسىۋەتلەرگە ئائىت ئەڭ مۇكەممەل قائىدە-پرىنسىپلارنى پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام ئوتتۇرىغا قويدى. ئەمەلىيەتتە ئىنسانلار نەزىرىيە ۋە ئەمەلىي بىلىم جەھەتتە قانچىلىك تەرەققىي قىلغانسىرى **«ھەقىقەتى مۇھەممەدىييە»** (مۇھەممەدنىڭ ھەقىقىتى) نىمۇ شۇنچىلىك چۈشىنەلەيدىغان بولماقتا.

## 1. قۇرئانى-كەرىمنىڭ دوئىلغا چاقىرىشى

ئاللاھ قۇرئاننىڭ بىر مۆجىزە كىتاب ئىكەنلىكىنى ئىنكارچىلارنى مۇسابىقىگە مەيدانغا چاقىرىش (تەھاددى) ئۇسۇلى بىلەنمۇ ئىسپاتلىغان.

قۇرئاننىڭ ئىنكارچىلارنى دوئىلغا چاقىرىشى ئۇلارنى تۈيۈقسىز ھەيران قالدۇرماسلىق، ئۇلارغا پۈتۈن كۈچى بىلەن تەييارلىق قىلىۋېلىشقا مۆھلەت، پۇرسەت بېرىش ئۈچۈن تۆت باسقۇچتا ئېلىپ بېرىلغان. بۇنىڭ بىلەن ئۇلارنىڭ قۇرئانغا

ئوخشاش بىر سۆزنى ئوتتۇرىغا قويۇشقا كۈچىنىڭ قىلچىلىك يەتمەيدىغانلىقى ئېنىق ئىسپاتلانغان.

1. باسقۇچتا مۇشرىكلاردىن قۇرئانغا پۈتۈنلەي ئوخشايدىغان بىر كىتاب كەلتۈرۈش تەلەپ قىلىنغان:

**«ئېيتقىنكى، ‹ئەگەر** (ئۇ ئىككى كىتاب سېھىردۇر دېگەن سۆزۈڭلاردا) **راستچىل بولىدىغان بولساڭلار، ئۇ ئىككى كىتابقا قارىغاندا، ئاللاھ تەرىپىدىن نازىل بولغان تېخىمۇ توغرا بىر كىتاب كەلتۈرۈپ بېقىڭلار، مەن ئۇنىڭغا ئەگىشەي› »** (قەسەس سۈرىسى 49-ئايەت)

«**ئېيتقىنكى، ئەگەر ئىنسانلار، جىنلار بۇ قۇرئاننىڭ ئوخشىشىنى مەيدانغا كەلتۈرۈش ئۈچۈن يىغىلىپ بىر-بىرىگە ياردەملەشكەن تەقدىردىمۇ، ئۇنىڭ ئوخشىشىنى مەيدانغا كەلتۈرەلمەيدۇ.»** (ئىسرا سۈرىسى 88-ئايەت)

**«ئېيتقىنكى،** (بۇ سۆزۈڭلاردا) **راستچىل بولساڭلار، ئاللاھدىن غەيرى چاقىرالايدىغانلىكى كىشىلىرىڭلارنى** (ياردەمگە) **چاقىرىپ،** (پاساھەت ۋە بالاغەت جەھەتتىن) **قۇرئاندىكىگە ئوخشايدىغان ئون سۈرىنى ئىجاد قىلىپ بېقىڭلار.»** (تۇر سۈرىسى 34-ئايەت)

2. مۇشرىكلار قۇرئاننىڭ ئوخشىشىنى مەيدانغا كەلتۈرۈشكە ئاجىزلىق قىلغاندا، ئىككىنچى باسقۇچتا ساھە بىر ئاز تارالدى. ئىنكارچىلارنىڭ ئىشلىرى ئاسانلاشتۇرۇلۇپ، قۇرئان سۈرىلىرىگە ئوخشاش ئون سۈرە ئوتتۇرىغا قويۇشى تەلەپ قىلىندى. مەككىدە نازىل بولغان ھۇد سۈرىسىدە مۇنداق دېيىلگەن:

«**ئېيتقىنكى،** (بۇ سۆزۈڭلاردا) **راستچىل بولساڭلار، ئاللاھدىن غەيرى چاقىرالايدىغانلىكى كىشىلىرىڭلارنى** (ياردەمگە) **چاقىرىپ،** (پاساھەت ۋە بالاغەت جەھەتتىن) **قۇرئاندىكىگە ئوخشايدىغان ئون سۈرىنى ئىجاد قىلىپ بېقىڭلار.»** (ھۇد سۈرىسى 13-ئايەت)

لېكىن ئىنكارچىلار بۇ دەۋەتكىمۇ جاۋاب قايتۇرالمىدى.

3. باسقۇچتا قۇرئاننىڭ ھەر قانداق بىر ئىنسان تەرىپىدىن توقۇپ چىقىرىلغان سۆز ئەمەسلىكى، ئالەملەرنىڭ رەببى ئاللاھ تەرىپىدىن كەلگەنلىكىدە شۇبھە يوقلۇقى

مۇئەييەنلەشتۈرۈلدى ۋە ئىنكارچىلارنىڭ پەقەتلا قۇرئان ئايىتىگە ئوخشايدىغان ئون ئايەت مەيدانغا كەلتۈرۈپ بېقىشى تەلەپ قىلىندى:

**«ئۇلار قۇرئاننى مۇھەممەد ئۆزى توقۇپ چىققان دېيىشەمدۇ؟ ئېيتقىنكى، ئەگەر** (بۇ سۆزۈڭلاردا) **راستچىل بولساڭلار، ئاللادىن باشقا** (ياردەمگە) **چاقىرالايدىغانلىكى كىشىلىرىڭلارنى چاقىرىپ، قۇرئانغا ئوخشاش بىر سۈرىنى كەلتۈرۈپ بېقىڭلار».** (يۇنۇس سۈرىسى 38-ئايەت)

4. ئىنكارچىلار بۇنىڭغا جاۋاب بېرەلمىگەندە، تۆتىنچى باسقۇچتا قۇرئان ئۇلارنى قۇرئاندىكىگە پۈتۈنلەي ئوخشىمىسىمۇ ئازىراق ئوخشايدىغان بىر سۆز ئوتتۇرىغا قويۇشقا دەۋەت قىلدى:

**«ئەگەر** (مۇھەممەد ئۇنى توقۇدى دېگەن سۆزۈڭلاردا) **راستچىل بولساڭلار،** (تۈزۈلۈشتە، گۈزەللىكتە، باياندا) **قۇرئانغا ئوخشايدىغان بىر سۆزنى كەلتۈرۈپ بېقىڭلار.»** (بەقەرە سۈرىسى 23-ئايەت)

مۇشرىكلارغا دەسلەپتە قۇرئاننىڭ بىر ئوخشىشىنى مەيدانغا كەلتۈرۈش تەكلىپ قىلىندى. دوئىلغا چاقىرىش جەھەتتە ئەڭ ئاخىرىدا نازىل بولغان بۇ ئايەتتە قۇرئاندىكىگە ئوخشايدىغان خالىغان بىر سۆزنى ئوتتۇرىغا قويۇشى تەلەپ قىلىنغان. (دراز: «نەبە»، 84-بەت)

ئاخىرقى قېتىمقى دوئىلغا چاقىرىشنىڭ داۋامىدىكى ئايەتتە[43] ئىنكارچىلار ئاگاھلاندۇرۇلۇپ، ئۇلارنىڭ قۇرئاندىكىگە ئوخشايدىغان بىر سۆزنى ھېچقاچان ئوتتۇرىغا قويالمايدىغانلىقى، شۇڭا ئىسياندىن ۋاز كېچىپ ئىلاھىي ئازابتىن قۇتۇلۇشقا تىرىشىشنىڭ ئۆزلىرى ئۈچۈن ئەڭ پايدىلىق بولىدىغانلىقى خەۋەر قىلىنغان. بۇ ئايەتتىكى **«وَلَنْ تَفْعَلُوا . . .ئەسلا قىلالمايسىلەر»** ئىبارىسى شۇنداق بىر خاتىرجەملىك ۋە قەتئىلىك تۇيغۇسىنى ئىپادىلىمەكتە، بۇنداق بىر كەسكىن ھۆكۈمنى پەقەت ئىلمى ۋە قۇدرىتى چەكسىز، ئەيىپ-نوقسانلاردىن پاك بولغان بىر زات، يەنى ئاللاھلا چىقىرالايدۇ. ھەقىقەتەن ئاللاھتىن باشقا ھېچكىم ئىنسانغا

43. دىققەت قىلىنسا كۆرگىلى بولىدۇكى، ئاللاھ ھەر قېتىم ئۇلارغا ئەگەر خالىسا بارلىق مەخلۇقاتلاردىن ياردەم ئالسىمۇ بولىدىغانلىقىنى بىلدۈرۈش ئارقىلىق قۇرئانى-كەرىمنىڭ ئىنسان سۆزى ئەمەسلىكىنى كەسكىن ئوتتۇرىغا قويغان.

نىسبەتەن غەيب بولغان (بىلگىلى بولمايدىغان) كەلگۈسى ھەققىدە بۇنداق كەسكىن ھۆكۈم ۋە ئىپادىلەرنى قوللىنالمايدۇ.

ئىنكارچىلار ئاجىزلىقىنى ئېلان قىلغان سۆزلەرنى ئاڭلىدى. بۇ سۆزلەر ئۇلارنىڭ ئىچ ئىچىگە ئۆتۈپ كەتتى، ئۆچمەنلىكى تېخىمۇ ئاشتى. بىراق ھېچنېمە قىلالمىدى. ئىلاھىي بايان تەرەپ-تەرەپكە تارقالدى ۋە قۇرئاندىكىگە ئوخشاش بىرەر سۆز سۆزلىگىلى بولمايدىغانلىقى تېخىمۇ ئېنىق ئايان بولدى. بۇ ئايەت ئۇلارنىڭ ئاجىزلىقلىرىنى تىلدىن-تىلغا، ئۇپۇقتىن-ئۇپۇققا توشىدى، ئاجىزلىقى ئاشكارا بولدى ۋە ئۇلارنىڭ تىلى مۆھۈرلەندى. (رافئى: «ئىجاز»، 142-بەت)

ئەگەر بۇ ئايەتلەردە تىلغا ئېلىنغان كىشىلەر قۇرئاندىكى سوئالغا جاۋاب بېرەلىگەن بولسا ئىدى، پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامنىڭ پەيغەمبەرلىك دەۋاسىنى بىكار قىلىش جەھەتتىكى ئاشقۇن ئىرادىسى سەۋەبىدىن قولىدىن كەلگەنلىكى ئىشنىڭ ھەممىسىنى قىلىپ باققان، قانداق قىلسا قىلىپ بۇنى ئەمەلگە ئاشۇرۇشقا ئورۇنغان بولاتتى. (سابۇني: «ماتۇرىدىييە ئەقائىدى»، 47-بەت، 113)

ئەدەبىيات ئەسەرلىرى كۆرگەزمىلىرىدە بىر-بىرى بىلەن بەس-بەستە مۇسابىقىلەشكەن بۇ قۇدرەتلىك شائىر، يازغۇچىلار بىرلىشىپ، قۇرئاندىكىگە ئوخشايدىغان بىرەر سۆز سۆزلەشكە، يېزىشقا جۈرئەت قىلالمىدى. قۇرئاننىڭ ھەق، راست ئىكەنلىكىنى كۆڭلىدە قوبۇل قىلغان بولسىمۇ، ئەمما نەپسانىي ھاكاۋۇرلۇقى تۈپەيلىدىن رەت قىلىشتى.

مۇشرىكلار قۇرئاننىڭ دوئىلغا چاقىرىشىغا جاۋاب بېرەلمىگەنلىكى ئۈچۈن، ئۇنىڭ ئورنىغا يالغانغا چىقىرىش، كۈشكۈرتۈش، ھاقارەت قىلىش ۋە تۆھمەت چاپلاش قاتارلىق ھۆجۇمچى پوزىتسىيە تۇتتى:

**« ‹بۇ پەقەت ئۆگىنىلگەن سېھىردۇر، بۇ پەقەت ئىنسان سۆزىدۇر› دېدى.»**[44]،

**«**(ئۇلار) **بىرەر مۆجىزىنى كۆرسىلا** (ئىماندىن) **يۈز ئۆرۈپ، بۇ ‹داۋاملاشقۇچى سېھىردۇر› دېيىشىدۇ.»**[45]،

44. مۇددەسسىر سۈرىسى 24-ئايەت.

45. قەمەر سۈرىسى 2-ئايەت.

**«بۇ (قۇرئان) پەقەت ئۇ (مۇھەممەد) ئۆزى توقۇغان يالغاندۇر...»**[46]، **«...بۇ پەقەت بۇرۇنقىلاردىن قالغان ئەپسانىلەردۇر...»**[47] دېگەندەك ھەقىقەتكە خىلاپ كېلىدىغان، ئاجىزلىقلىرىنى ئىپادىلەيدىغان، شۇنداقلا ئۇلارنىڭ بىمەنىلىكلىرىنى ۋە كاللىسى زىددىيەتكە تولۇپ كەتكەنلىكىنى كۆرسىتىدىغان ئاساسسىز تۆھمەت چاپلاش ئىشى بىلەن مەشغۇل بولۇشتى. ئەڭ ئاخىرىدا: **«...بۇ قۇرئانغا قۇلاق سالماڭلار، ئۇنى ئېلىشتۇرىۋېتىڭلار، سىلەر غەلىبە قىلىشىڭلار مۇمكىن.»**[48] دېيىشىپ، قانچىلىك ئىنكار قىلسا قىلسۇن، ئەسلىدە ئىلاھىي قۇدرەت ئالدىدا تامامەن مەغلۇپ بولغانلىقىنى ئوتتۇرىغا قويغان ئىدى.

قۇرئاننىڭ دىئىلغا چاقىرىشى زامانىمىزغا قەدەر پۈتكۈل ئىنكارچىلارنىڭ غەمگە چۆكۈشى ۋە ئاجىز قېلىشى بىلەن نەتىجىلەندى، ئىنكارچىلار ئۇنىڭ سۈرىلىرىگە ئوخشايدىغان بىرەر سۈرە مەيدانغا كەلتۈرەلمىدى. 1400 يىلدىن بۇيان بۇ دەۋەتكە جاۋاب كەلمىگەندەك، قىيامەتكە قەدەرمۇ كەلمەيدۇ. قۇرئاننىڭ تىل جەھەتتىكى مۆجىزىسى ئەبەدىي مۇشۇنداق داۋاملىشىدۇ.

قۇرئاننىڭ كۈنىمىزگىچە تەسىرىنى يوقاتماي كەلگەن بىر مۆجىزىۋى كىتاب ئىكەنلىكىدە ھېچقانداق شەك-شۈبھە يوقتۇر. ئىلمىي بايقاشلارنىڭ كۆپىيىشى بىلەن ئۇنىڭ مۆجىزىلىرى تېخىمۇ كۆپ ئوتتۇرىغا چىقماقتا. تۇنجى نازىل بولۇشقا باشلىغان چاغدىن كۈنىمىزگە قەدەر قۇرئاننىڭ بىر سۈرىسىنىمۇ تەقلىد قىلىپ يېزىپ باققان كىشى يوق. بۇنى تەجرىبە قىلىپ باققانلار بارلىق ئىنسانلارنىڭ ئالدىدا رەزىل بولۇپ، ئىنتايىن كۈلكىلىك ھالغا چۈشۈپ قالغان. يازغان نەرسىلىرىمۇ كىشىلەرنى كۈلدۈرىدىغان كومېدىيىدىن ئىبارەت بىر نەرسە بولۇپ، ئۆزلىرىنىڭ ھاماقەتلىكىنى كۆرسەتكەن. نەتىجىدە قىيامەتكە قەدەر ئۇنتۇلغۇسىز بىر نومۇس ئىشنى يۈدۈۋالغان خالاس.[49]

---

46. فۇرقان سۈرىسى 4-ئايەت.

47. ئەنئام سۈرىسى 25-ئايەت؛ ئەنفال سۈرىسى 31-ئايەت قاتارلىقلار.

48. فۇسسىلەت سۈرىسى 26-ئايەت.

49. ئىسمائىل قاراچام: «چەكسىز مۆجىزە قۇرئان»، ئىستانبۇل، 1987-يىل، 159-175-بەتلەر.

قۇرئانىنىڭ دۇئىلغا چاقىرىشىدىكى يەنە بىر جەھەت مۇنداق:

بەزى سۈرىلەرنىڭ بېشىدا **«ئەلىف، لام، مىم؛ ئەلىف، لام، را؛ ھا، مىم؛ يا-سىن»** قاتارلىق **«ھۇرۇفى مۇقەتتا»** (كەسمە ھەرپلەر) دەپ ئاتالغان بەزى ھەرپلەر بار بولۇپ، بۇلارنىڭ بىر قىسمى شۇ سۈرىدىكى ئايەتلەرنى تەشكىل قىلىدۇ. مۇتەشابىھ[50] دەپمۇ ئاتالغان بۇ ئايەتلەرنىڭ مەنىسىنى پەقەت ئاللاھلا بىلىدۇ. بۇ ساھەدە نوپۇزلۇق بەزى ئالىملار **«ھۇرۇفى مۇقەتتا»**نى مۇنداق چۈشەندۈرگەن:

1. ئاللاھتائالا بۇ ئايەتلەر بىلەن ئىنسانلار ۋە جىنلار ئالىمىگە مۇنداق خىتاب قىلماقتا:

**«قۇرئان كەلىمىلىرى بۇ ھەرپلەردىن تۈزۈلگەن. قېنى، كۈچۈڭلار يەتسە، سىلەرمۇ بۇ ھەرپلەر بىلەن قۇرئانىنىڭ بىر ئوخشىشىنى يېزىپ بېقىڭلار!..»**

2. بۇ ھەرپلەر ئۆزىدىن كېيىن كېلىدىغان تېمىلارغا دىققەتنى يىغىش ئۈچۈن يېزىلغان بىر ئەدەبىي سەنئەتتۇر. چۈنكى بەزىدە سۆزلەرنى يۇشۇرۇن مەنا بىلەن باشلاش ۋە مەسىلىنى سىرلىق ھالدا ئىشارەت قىلغاندىن كېيىن ئىزاھلاش ئىنسانلارنىڭ قىزىقىشىنى قوزغاپ، دىققىتىنى بەكرەك جەلپ قىلىدۇ.

3. بۇلار ئۆگىنىشنىڭ ھەرپلەردىن باشلىنىدىغانلىقىنى ئىپادىلەيدۇ. چۈنكى ئەينى چاغدا ئەرەپلەر ھەرپلەرنىڭ يالغۇز ئوقۇلۇشىنى بىلمەيتتى. ئۇلارغا بۇنداق ئوقۇشنى تۇنجى قېتىم قۇرئانى-كەرىم ئۆگەتكەن.

قىسقىسى، ھۇرۇفى مۇقەتتانىڭ سىرى ئاللاھقىلا ئايان بولۇپ، بۇنى ئىنسانلار تولۇق ئىدراك قىلىشتىن ئاجىزدۇر.

✵

50. مۇتەشابىھ: قۇرئانى-كەرىمدە مەنىسى ئېنىق ئەمەس، ھەر خىل مەنىنى ئىپادىلىيەلەيدىغان، تەپسىر قىلىش (ئىزاھلاش) قىيىن بولغان ئايەت ياكى كەلىمىلەر مۇتەشابىھ دەپ ئاتىلىدۇ. قايسى مەنىنى ئىپادىلەيدىغانلىقىنى تاشقى دەلىلسىز تولۇق بىلگىلى بولمايدۇ.

## 2. قۇرئانى-كەرىمنىڭ ئىنسان سۆزى ئەمەسلىكى

قۇرئانى-كەرىمگە پەيغەمبەر سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەمنىڭ سۆزى ئارىلىشىپ قالمىغان. رەسۇلۇللاھ سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەمنىڭ ھاياتىدا بۇنى ئىسپاتلايدىغان نۇرغۇن مۇھىم ھادىسىلەر مەۋجۇت. بۇلارنىڭ بىر قىسمىنى تىلغا ئالايلى:

### قۇرئانى-كەرىم ۋەھيى مەھسۇلىدۇر

ۋەھيى: ئاللاھتائالانىڭ ھىدايەت يولىنى كۆرسەتكەن ئەمىر-پەرمانلىرىنى پەيغەمبەرلەر ۋاستىسى ئارقىلىق ئىنسانلارغا سىرلىق بىر ئۇسۇلدا بىلدۈرۈشىدۇر. ئىنسانلار ئىلاھىي ۋە ئاخىرەتكە مۇناسىۋەتلىك ھەقىقەتلەرنى چەكلىك ئەقلى بىلەن ئىدراك قىلىشقا ئاجىز بولغانلىقى ئۈچۈن بۇ ھەقىقەتلەر ئاللاھ تەرىپىدىن پەيغەمبەرلەرگە ۋەھيى ئارقىلىق بىلدۈرۈلگەن. بۇ سەۋەبتىن قۇرئانى-كەرىم ئىلاھىي ۋە ئاخىرەتكە مۇناسىۋەتلىك ھەقىقەتلەرنى كەڭ دائىرىدە ئۆز ئىچىگە ئالغان بىر مۆجىزە مەجمۇئەسىدۇر.

پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام ئۆزىگە ۋەھيى كەلگەندە نورمال ھالەتتىن چىقىپ، ۋۇجۇدىدا بەزى ئۆزگىرىشلەر يۈز بېرەتتى. بەدىنى ئېغىرلىشاتتى. تۆگە ئۈستىدە ئولتۇرغان بولسا، تۆگە چۆكەتتى.

زەيد ئىبنى سابىت رەزىيەللاھۇ ئەنھۇ مۇنداق دەيدۇ:

«بىر كۈنى رەسۇلۇللاھنىڭ يېنىدا ئىدىم. قىستاڭچىلىق سەۋەبىدىن (تىزلىنىپ ئولتۇرغاندا) تىزى مېنىڭ تىزىمنىڭ ئۈستىدە ئىدى. تويۇقسىز ئۇنىڭغا ۋەھيى كەلدى-دە، تىزىمنىڭ ئاستىدىكى سۆڭەكلىرىم چېقىلىپ كەتكەندەك قاتتىق ئاغرىپ كەتتى. ئاللاھقا قەسەم قىلىمەنكى، ئەگەر يېنىمدىكى كىشى رەسۇلۇللاھ ئەمەس باشقا ئادەم بولغان بولسا، تىۋلاپ ۋاقىراپ تىزىمنى ئۇنىڭدىن يىراققا تارتقان بولاتتىم.» (بۇخارى، تىرمىزى رىۋايىتى)

بەزىدە رەسۇلۇللاھ ۋەھيى ئېلىۋاتقاندا ئەقلى-ھوشىنى يوقاتمىغان ھالدا ۋەھيىگە غەرق بولاتتى. يۈرىكىدىن ئاۋاز چىقاتتى، ئەتراپىدا ھەرە غوڭۇلدىغاندەك ۋىژىلدىغان ئاۋازلار ئاڭلىناتتى. ھاۋا سوغۇق كۈنلەردىمۇ پېشانىسىدىن چىپ-چىپ تەر ئاقاتتى.

پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامدىكى بۇ خىل ھالەتنى بەزى شەرقشۇناسلار ۋە غەيرى مۇسلىملار «**تۇتقاقلىق كېسىلى ئالامىتى**» دەپ قارىغان. ئەمەلىيەتتە، ۋەھيى ئەسناسىدا يۈز بەرگەن بۇ ھالەت تۇتقاقلىق كېسىلىگە قىلچە ئوخشىمايتتى. يەنى:

1. تۇتقاقلىق كېسىلى بار كىشى كېسىلى قوزغالغاندا قاتتىق ماغدۇرسىزلىنىپ ۋە ئاغرىق ھېس قىلىپ، ئازاب ئىچىدە تولغىنىدۇ. روھى جەھەتتە ئىنتايىن قاتتىق بىئارام بولىدۇ. ھالبۇكى، پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام بۇنداق ئاغرىق ۋە ئازاب ھېس قىلمايلا قالماستىن، ئەكسىچە ۋەھيى كەلگەندە ئىنتايىن خۇشال بولاتتى، ھەر قېتىملىق ۋەھيىنى ھاياجان ۋە ئىشتىياق بىلەن كۈتەتتى.

2. ۋەھيى كەلگەندە يۈز بەرگەن بۇ خىل ھالەتلەر ھەر ۋەھيىدە ھەمىشە مۇشۇنداق ئەمەس ئىدى. بەزىدە پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام نورمال ھالەتتە تۇرۇپ ۋەھيىنى قوبۇل قىلاتتى.

3. مېدىتسىنا ساھەسىدە مەلۇم بولغىنىدەك، تۇتقاقلىق كېسىلى قوزغالغان بىمار ئەقلى-ھۇشىنى پۈتۈنلەي يوقىتىپ، ئەتراپىدا يۈز بەرگەن ئىشلارنى ئەسكە ئالالمايدىغان بولىدۇ. ئەمما پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام ئالغان ۋەھيى بىلەن ئىنسانىيەتكە قانۇن، ئەخلاق، ئىبادەت، قىسسە ۋە نەسىھەت بولالايدىغان ئەڭ مۇكەممەل مەلۇماتلارنى ئۆز ئىچىگە ئالغان قۇرئان ئايەتلىرىنى تەبلىغ قىلغان ئىدى.

ئۇنداقتا، قېنى ئويدان ئويلاپ باقايلى: ئىنسانلار ۋە جىنلار ئەڭ كىچىك بىر سۈرىسىنىمۇ ئىجاد قىلالمايدىغان كالامنىڭ تۇتقاقلىق كېسىلى قوزغىلىپ قالغان بىر كىشىنىڭ ئەسىرى بولىشى مۇمكىنمۇ؟!

4. تۇتقاقلىق كېسىلى قوزغالغان بىمار قاتتىق تىترەيتتى. ئەمما ۋەھيى كەلگەندە پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامدا ئۇنداق ئالامەت يوق ئىدى.

5. تۇتقاقلىق كېسىلى قوزغالغان بىمار قالايمىقان جۆيلەيدۇ. ئەمما پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامدا بۇ خىل ئەھۋال كۆرۈلمىگەن ۋە ئۇ ئېلىپ كەلگەن قۇرئان پۈتكۈل ئىنسانلارنى ھەيرانۇ-ھەس قىلغان.

6. بۇنىڭ بىلەن بىرلىكتە ھېچقانداق بىر ئىنسان بەدىنىنىڭ ئالتە مىڭدىن ئارتۇق ئايەتنىڭ نازىل بولۇشىنى مۇمكىن قىلىدىغان دەرىجىدە ئۇزۇن زامان

تۇتقاقلىق كېسىلىگە بەرداشلىق بېرەلمەيدىغانلىقى تىببىي جەھەتتە ئېنىق ئوتتۇرىغا قويۇلغان بىر ئەمىلىيەتتۇر.

دەرۋەقە، 1848-يىلى فرانسىيەدە بىر پاپا سوت مەھكىمىسىگە ئەرىز قىلغاندەكلا، فرانسىيە پەنلەر ئاكادېمىيىسىگە مۇراجەتنامە سۇنۇپ: «مۇھەممەدكە ۋەھيى كەلگەن بولماستىن، ئەكسىچە ئۇنىڭ تۇتقاقلىق كېسىلى قوزغىلىپ قېلىپ جۆيلىگەنلىكىنى» كۆرسىتىدىغان بىر دوكلات چىقىرىپ بېرىشنى تەلەپ قىلدى. لېكىن فرانسىيە پەنلەر ئاكادېمىيىسىدىكى ئالىملار ئۇزۇن مۇددەت تەتقىق قىلىش ئارقىلىق، بۇ مەسىلىگە ئەستايىدىل مۇئامىلە قىلىپ، پەيغەمبەرگە كەلگەن ۋەھيىنىڭ بىر تۇتقاقلىق كېسىلى ئالامىتى ئەمەسلىكىنى، جەمئىي 6666 ئايەتنىڭ نازىل بولۇشىغا سەۋەب بولالىغۇدەك تۇتقاقلىق كېسىلىگە ھېچقانداق بەدەننىڭ بەرداشلىق بېرەلمەيدىغانلىقىنى دەلىللەپ، ئىلمىي ۋە مۆتىدىل بىر دوكلات تەييارلاش ئارقىلىق مەزكۇر پاپانىڭ داۋاسىنى رەت قىلدى.[51]

ھەممەيلەنگە مەلۇمكى، دۇنيا ھاياتىدا نەچچە يۈزمىڭ تۇتقاقلىق كېسىلى بار ئىنسان دۇنياغا كېلىپ ياشاپ، ئالەمدىن ئۆتكەن بولسىمۇ، ئۇلارنىڭ ئىچىدە پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام كەبى قىيامەتكە قەدەر كائىناتتا ھۆكۈم سۈرىدىغان بۇنداق مۇكەممەل بىر دىننى بەرپا قىلالىغان بىرەر كىشى مەۋجۇت ئەمەس!

يۇقىرىقىدەك قەستەن چاپلانغان يالغانلارنىڭ ھەممىسى رەسۇلۇللاھ سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەمنىڭ ھەقىقىتىنى ئىدراك قىلالمىغانلىقنىڭ نەتىجىسىدۇر ۋە ھېچقانداق مەنتىقى بىر تەرىپى يوقتۇر.

ۋەھيى ئىنساننىڭ سۆز-ھەرىكىتىدىن تامامەن ھالقىغان، سۈنئىيسى ئەسلا مۇمكىن بولمايدىغان بىر ئىلاھىي ۋەقەدۇر.

دەسلەپ ۋەھيى كەلگەندە پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام نازىل بولغان ئايەتلەرنى ئونۇتماسلىق ئۈچۈن تىز-تىز تەكرارلايتتى. ئەگەر قۇرئان ئۇنىڭ ئەسىرى بولغان

51. بۇنىڭ تەپسىلاتىنى بىلمەكچى بولسىڭىز پروفېسسور دوكتور فەرىدۇن نافىز ئۇزلۇق تەرىپىدىن تەرجىمە قىلىنىپ «دوكلات» (Rapor) ئىسمى بىلەن ئېلان قىلىنغان ئەسەرگە قاراڭ. بۇ ئەسەرنى 1996-يىلى ئىستانبۇلدا سەبىل نەشرىياتى نەشر قىلغان.

بولسا، بۇنداق ھەرىكەتكە نە ھاجەت؟ !ئاللاھتائالا تۆۋەندىكى ئايەتلەردە ئۇنى بۇنداق قىلىشتىن توسۇپ، ۋەھيىنى قوغداشقا كاپالەت بەرگەن:

**«ساڭا جىبرىئىل ئارقىلىق ۋەھيى نازىل بولۇۋاتقاندا، ئۇنى ئېسىڭگە ئېلىۋېلىش ئۈچۈن ئالدىراپ تىلىڭنى مىدىرلاتما، ئۇنى توپلاش ۋە ئۇقۇپ بېرىش بىزنىڭ مەسئۇلىيىتىمىزدۇر. ساڭا ئۇنى ئۇقۇپ بەرگىنىمىزدە** (يەنى جىبرىئىل ساڭا ئوقۇپ بەرگەندە) **ئۇنىڭ ئوقۇشىغا ئەگەشكىن. ئاندىن ئۇنى چۈشەندۈرۈپ بېرىش بىزنىڭ مەسئۇلىيىتىمىز.»** (قىيامەت سۈرىسى 16-19-ئايەتلەر)

**«**(ئى مۇھەممەد!) **ساڭا قۇرئاننىڭ ۋەھيى تاماملىنىشتىن بۇرۇن ئوقۇشقا ئالدىراپ كەتمىگىن. ئى پەرۋەردىگارىم! ئىلمىمنى زىيادە قىلغىن! دېگىن.»** (تاھا سۈرىسى 114-ئايەت)

بۇ ئايەتلەر قۇرئاننى پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامنىڭ ئىچىدىن چىقارمىغانلىقى، ئىلاھىي بىر مەنبەدىن كەلگەنلىكىنىڭ دەلىلىدۇر.

✵

قۇرئاننىڭ ۋەھيى مەھسۇلى ئىكەنلىكىنى كۆرسىتىدىغان يەنە بىر دەلىل شۇكى، ئايەتلەردە خىتاب قىلغۇچى زات داۋاملىق ئاللاھتائالادۇر. ئۇلۇغ رەببىمىز بۇيرۇغۇچى، ئەمر قىلغۇچى، مەنئى قىلغۇچى، پەيغەمبىرىگە نېمە دېيىدىغانلىقىنى ئۆگەتكۈچى، ياخشى كۆرگۈچى، غەزەپ قىلغۇچى، رازى بولغۇچى ياكى بولمىغۇچى زات شەكلىدە سۆزنى دائىم ئۆز ئىلكىدە تۇتماقتا. قۇرئانى-كەرىمدە نەچچە يۈز قېتىم تەكرارلانغان «**قُلْ: ئېيتقىنكى**» ۋە «**قُلُوا: ئېيتىڭلاركى**» دېگەندەك ئىپادىلەر بۇ ئەمىلىيەتنىڭ ئەڭ ئوچۇق نامايەندىسىدۇر.

بۇلاردىن سىرت جانابى ئاللاھ بەندىلىرىدىن قىلىشنى تەلەپ قىلغان جەھەتلەرنى بىلدۈرىدىغان مىڭلارچە ئەمىر بار. ھەتتا دىققەت قىلىنسا، قۇرئاننىڭ تۇنجى ئايىتى ئەمىر بىلەن باشلانغان. بۇ ئارقىلىق ئاللاھ ئىشىنىڭ بېشىدىلا ئۆزىنىڭ سۆزىنى ئاڭلىغۇچى ئىككىنچى شەخسنى ئۆزىنىڭ مەخلۇقى دەپ بىلىپ خىتاب قىلماقتا، ھەممە نەرسىنىڭ ياراتقۇچىسىنىڭ ئۆزى ئىكەنلىكىنى بىلدۈرمەكتە. شۇنداقلا

قوللۇق قىلىنىشقا لايىق يېگانە رەبنىڭ يەنە ئۆزى ئىكەنلىكىنى بۇ خىتابلىرى بىلەن ھېس قىلدۇرماقتا.

قۇرئانىنىڭ بۇ ئەمر قىلغۇچى ئۇسلۇبى شۇنى ئىسپاتلايدۇكى، ۋەھيى پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامنىڭ ئۆزىدىن مەيدانغا كەلگەن، ئۇنىڭ ئىچىدىن چىققان بىر ھادىسە بولماستىن، بەلكى ئۇنىڭ قەلبىگە سىرتتىن ۋە ئىلاھىي تەجەللىلەر بىلەن چۈشكەن بىر ۋەقەدۇر. ئۇنىڭ پاراسەت ۋە سەزگۈنى قوللىنىدىغان «ئاڭسىز» ۋاستىلەر بىلەن ئالاقىسى يوق.[52] شۇنداقلا لوگىكىلىق دەلىللەر ۋە زاماندا مۇكەممەللەشكەن پىكىرلەر بىلەن مەجھۇلنىڭ بىلىنمىگەن تەرەپلىرىنى ئوتتۇرىغا چىقارغان «تاشقى سىزىم» ئۆلچىمىگىمۇ چۈشمەيدۇ. ۋەھيىدە سۆزلىگۈچى، ئەمر قىلغۇچى ۋە بەرگۈچى بىر زات بار، يەنە ئاڭلىغۇچى، ئەمرلەرنى بىجا كەلتۈرگۈچى ۋە ئالغۇچى زات بار.

دەرۋەقە، پەيغەمبەر سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم ۋەھيىنىڭ قەلبىگە نازىل قىلىنىشىنى مۇنداق تەسۋىرلىگەن:

«ۋەھيى ماڭا بەزىدە قوڭغىراق ئاۋازىغا ئوخشايدىغان بىر ئاۋازدا كېلىدۇ. ماڭا نىسبەتەن ئەڭ شىددەتلىك بولغىنى مۇشۇ. سۆزلەنگىنىنى مەن چۈشەنگەندىن كېيىن مەندىن ئايرىلىدۇ. بەزىدە پەرىشتە ماڭا ئىنسان سۈرىتىدە كۆرۈنۈپ مەن بىلەن سۆزلىشىدۇ. مەن نېمە دېيىلگىنىنى ئېسىمگە ياخشى ئېلىۋالىمەن.» (بۇخارى: «بەدئۇل-ۋەھيى»، 1\6)

ھەر ئىككى خىل ئەھۋالدا رەسۇلۇللاھ سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم ئۆزىگە كەلگەن ۋەھيىنى ياخشى ئەستە ساقلاش ئۈچۈن دىققىتىنى قاتتىق يىغقانلىقىنى ئېيتماقتا. يەنە نازىل بولغان ۋەھيى ئۆزىگە نىسبەتەن مەيلى ئېغىر، مەيلى يېنىك بولىشىدىن قەتئىنەزەر، ئۇ ئەسنادا ئەقلى-ھۇشىنىڭ جايىدا ئىكەنلىكىنى، تەبلىغ قىلىنغان ۋەھيىنى پۈتۈنلەي ئويغاق ھالەتتە تورۇپ ئالغانلىقى ۋە چۈشەنگەنلىكىنى بىلدۈرمەكتە. رەسۇلۇللاھ سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم بۇ كۈچلۈك ئاڭ سايىسىدە ئۆزىنىڭ ئەمر ئالغۇچىدىن ئىبارەت ئىنسانىي شەخسىيىتى بىلەن ۋەھيى ئەۋەتكۈچى، ئەمر قىلغۇچى ئۇلۇغ ياراتقۇچىنى ھېچقاچان ئارىلاشتۇرۇپ قويمىغان. پەيغەمبەر

52. تەپسىلاتى ئۈچۈن مۇھسىن دەمىرجى: «ۋەھيى ھەقىقىتى»، ئىستانبۇل، 1996-يىل، 69-71-بەتلەرگە قاراڭ.

ئەلەيهىسسالام ئاللاهنىڭ هۇزۇرىدا دائىم ئۆزىنىڭ ئاجىز بىر ئىنسان ئىكەنلىكىنى هېس قىلىپ، كەمتەر بىر بەندە بولۇپ ياشاشنى تاللىغان.[53] دۇئالىرىدا داۋاملىق:

«ئەي قەلبلەرنى ئۆزگەرتىپ تۇرغۇچى ئاللاهىم! مېنىڭ قەلبىمنى سېنىڭ دىنىڭدە مۇستەهكەم قىل!» دەپ تىلىگەن. (تىرمىزى: «قەدەر»، 7\2140، «دەئاۋات»، 90، 124؛ ئەخمەد، 4-جىلد، 182، 6-جىلد، 91،251،315)

رەسۇلۇللاهنى ئاللاهنىڭ هۇزۇرىدا ئاللاهتىن ياردەم تىلىگۈچى، هىدايەتكە ئېرىشتۈرۈلۈشنى ۋە ئەپۇ قىلىنىشنى تەلەپ قىلغۇچى، ئەمىر قىلىنغان ئىشقا پۈتۈن كۈچى بىلەن كىرىشكۈچى ۋە بەزىدە قاتتىق تەنقىدكە ئۇچرىغۇچى بىر بەندە سۈپىتىدە تەسۋىرلىگەن قۇرئان ئايەتلىرىنى ئوقىغان كىشى ياراتقۇچى بىلەن يارىتىلغۇچىنىڭ سۈپەت، زات ۋە ئۇسلۇبى ئوتتۇرىسىدىكى چەكسىز پەرقنى دەرهال كۆرەلەيدۇ. چۈنكى پەيغەمبىرىمىزنىڭ قۇرئاندا بايان قىلىنغان ئوبرازى: ئاللاهنىڭ ئەمرلىرىگە خىلاپلىق قىلىش ئېهتىمالى بولغاندا ئاللاهنىڭ ئازابىدىن قورقۇپ، ئاللاهنىڭ ئەمرىگە ئىتائەت قىلىپ رەهمىتىنى تىلىگۈچى، ئاللاهنىڭ كىتابىدىن بىر تال هەرىپنىمۇ ئۆزگەرتىشنىڭ مۇمكىن ئەمەسلىكىنى ئېلان قىلغۇچى ئىتائەتكار بىر بەندىنىڭ ئوبرازىدۇر.[54] قۇرئاندا پەيغەمبەر ئەلەيهىسسالامنىڭ باشقا ئىنسانلارغا ئوخشاش بىر ئىنسان ئىكەنلىكى، پەقەت تەبلىغ قىلىشقا بۇيرۇلغانلىقى، ئاللاهنىڭ خەزىنىلىرىگە ئىگە بولمىغانلىقى ئۈچۈن غەيبنى بىلمەيدىغانلىقى هېچقانداق شەك-شۈبهىگە ئورۇن بېرىلمەي ئېنىق، ئوچۇق بايان قىلىنغان. ئۇ هېچقاچان ئىنسانلىقنىڭ ۋە يارىتىلغۇچىلىقنىڭ چېگرىسىنى هالقىغان بىر هاكىمىيەت سۈپىتىگە ئىگە ئىكەنلىكىنى ئېيتقان ئەمەس.[55]

ئايەتتە مۇنداق دېيىلگەن:

**«ئېيتقىنكى، ‹مەن** (ئاللاھ ئىنسانلارنى تەۋهىدكە دەۋەت قىلىش ئۈچۈن ئەۋەتكەن) **تۇنجى پەيغەمبەر ئەمەسمەن**، (مەندىن ئىلگىرىكى نۇرغۇن پەيغەمبەرلەر ئېلىپ كەلگەن ۋەهيى بىلەن كەلدىم، نېمىشقا مېنى

---

53. ئەخمەد، 2-جىلد، 231؛ هەيسەمى، 9-جىلد، 18، 20، 21.

54. يۇنۇس سۈرىسى، 15-16-ئايەتلەر.

55. كەهف سۈرىسى 110-ئايەت؛ ئەئراف سۈرىسى 118-ئايەت؛ ئەنئام سۈرىسى 50-ئايەت.

ئىنكار قىلىسىلەر؟) **ماڭا ۋە سىلەرگە نېمە قىلىنىدىغانلىقىنى ئۇقمايمەن** (چۈنكى ئاللاھنىڭ تەقدىرىنى ئالدىن ئۇققىلى بولمايدۇ)، **مەن پەقەت ماڭا ۋەھيى قىلىنغان نەرسىگىلا ئەگىشىمەن، مەن پەقەت** (سىلەرنى ئاللاھنىڭ ئازابىدىن) **ئۇچۇق ئاگاھلاندۇرغۇچىمەن.»** (ئەھقاف سۈرىسى 9-ئايەت)

جىبرىئىل ئەلەيھىسسالام ئىنسان سۈرىتىدە كېلىپ:

- قىيامەت قاچان قوپىدۇ؟ - دەپ سورىغاندا رەسۇلۇللاھ سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم:

- سوئال سورالغۇچى بۇ جەھەتتە ئۆزىدىن سوئال سورىغۇچىدىن كۆپ بىر نەرسە بىلمەيدۇ. ـ دەپ جاۋاب بەرگەن. (مۇسلىم: «ئىمان»، 1، 5؛ بۇخارى: «ئىمان»، 37)

ئۇسمان ئىبنى مازئۇن رەزىيەللاھۇ ئەنھۇ مەدىنىدە ئۇممۇلئالا ئىسىملىك بىر ئايالنىڭ ئۆيىدە ۋاپات بولغان ئىدى. بۇ ئايال:

- ئەي ئۇسمان! گۇۋاھلىق بېرىمەنكى، شۇئاندا ئاللاھتائالا ساڭا ئىكرام قىلىۋاتىدۇ. دېدى .رەسۇلۇللاھ سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم ئۇنىڭ گېپىنى بۆلۈپ:

- ئاللاھنىڭ ئۇنىڭغا ئىكرام قىلىۋاتقانلىقىنى قانداق بىلدىڭ؟ - دەپ سورىدى. ئايال:

- ۋەللاھى بىلمەيمەن.- دېدى .رەسۇلۇللاھ سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم مۇنداق دېدى:

- قاراڭلار، ئۇسمان ۋاپات بولدى. مەن شەخسەن ئۇنىڭ ئۈچۈن **ئاللاھتىن ياخشىلىق ئۈمىد قىلىۋاتىمەن.** لېكىن مەن پەيغەمبەر بولغان تۇرۇغلۇق ماڭا ۋە سىلەرگە نېمە بولىدىغانلىقىنى (يەنى بېشىمغا قانداق كۈنلەر كېلىدىغانلىقىنى) بىلمەيمەن. (بۇخارى: «تابىر»، 27)

كۆرگىلى بولىدۇكى، رەسۇلۇللاھ سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم ئاجىزلىق ۋە تەسلىمىيەت تۇيغۇسى ئىچىدە دۇئا قىلىپ تۇراتتى. ھالبۇكى، ئۆزىنىڭ گەپلىرىنى كۈچلۈك قىلماقچى بولغان كىشى قەتئىي گەپ قىلىدۇ. بۇنىڭدىن قارىغاندا، غەيبنى بىلمەيدىغانلىقىنى ئېيتقان رەسۇلۇللاھ سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەمنىڭ سان-ساناقسىز غەيب خەۋەرلىرىنى ئۆز ئىچىگە ئالغان قۇرئانى-كەرىمنى ئۆزلىگىدىن يېزىپ چىقىشىنى ئەقىلگە سىغدۇرغىلى بولمايدۇ.

بۇنىڭدىن باشقا، رەسۇلۇللاھ سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم ئۆزىگە ۋەھيى قىلىنغان ئايەتلەر بىلەن ئاللاھتىن كەلگەن ئىلھام ئارقىلىق سۆزلىگەن ھەدىسلەرنى ئاڭلىق ھالدا بىر-بىرىدىن ئېنىق ئايرىيتتى. يەنە ئۇ ئايەتلەر بىلەن ھەدىسلەرنىڭ بىر-بىرىگە ئارىلىشىپ كەتمەسلىكى ئۈچۈن ۋەھيى نازىل بولۇشقا باشلىغان دەسلەپكى كۈنلەردە قۇرئاندىن باشقا سۆزنى يېزىشنى مەنئى قىلغان ئىدى[56]. رەسۇلۇللاھ سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم ھەر بىر ياكى بىر قانچە ئايەت نازىل بولغاندا دەرھال ۋەھيى كاتىپلىرىدىن بىرىنى چاقىرىپ، نازىل بولغان ۋەھيىنى يازدۇراتتى.[57] بۇنىڭغا ئوخشايدىغان يەنە ناھايىتى كۆپ دەلىل ۋەھيىنىڭ پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامنىڭ روھى ۋە پىسخىك ھالىتىگە تامامەن بېقىنمايدىغانلىقىنى ئوچۇق ئوتتۇرىغا قويماقتا.[58]

دېمىسىمۇ قۇرئاننىڭ ئۇسلۇبى رەسۇلۇللاھ سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەمنىڭ ھەدىس شەرىفلىرىدىكى ئۇسلۇپتىن ئىنتايىن پەرقلىقتۇر. ئەگەر قۇرئان پەيغەمبىرىمىزنىڭ سۆزى بولسا ئىدى، ھەر جەھەتتە ئۇنىڭ ھەدىسلىرىگە ئوخشاش بولۇشى كېرەك ئىدى. لېكىن بۇنداق بىر ئوخشاشلىق مۇمكىن ۋە مەۋجۇت ئەمەس. چۈنكى ئىلاھىي كەلام بىلەن بەشەرى (ئىنسانىي) كەلام ئوتتۇرىسىدىكى پەرقنىڭ پەيغەمبەر سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم تەرىپىدىن «خالىق (ياراتقۇچى) بىلەن مەخلۇق (يارىتىلغۇچى) ئوتتۇرىسىدىكى پەرق» كەبى چوڭ ئىكەنلىكى بايان قىلىنغان.[59]

گەرچە پەيغەمبەر سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەمنىڭ ھەدىس شەرىفلىرى بەشەر (ئىنسان) كەلامىنىڭ ئەڭ ئۈستۈن نوقتىسىدا بولسىمۇ، ئەمما ئۇنى بالاغەت ۋە پاساھەت جەھەتتە ئىلاھىي كەلام بىلەن سېلىشتۇرغىلى بولمايدۇ.

---

56. مۇسلىم: «زۇھد»، 72.

57. ئەبۇ داۋۇد: «سالات»، 120-121\786؛ تىرمىزى: «تەپسىر»، 9\3086؛ ئەخمەد، 4-جىلد، 812؛ ئەلى ئەلمۇتتەقى: «كەنز»، 2-جىلد، 16\2960.

58. سۇبھى سالىھ: «مەباھىس»، 27-33-بەتلەر.

59. تىرمىزى: «فەدائىلۇل-قۇرئان»، 25\2926؛ دارىمى: «فەدائىلۇل-قۇرئان، 6.

شەيخ ئابدۇلئەزىز دەبباغ ھەزرەتلىرىنىڭ «ئەل-ئىبرىز» ناملىق ئەسىرىدىكى باياناتلارغا قارىغاندا، «قۇرئان، ھەدىس قۇدسى ۋە ھەدىس شەرىفلەرنىڭ ئۆزىگە خاس پەرقلىق نۇرى باردۇر. بەشەر (ئىنسان) سۆزىنىڭ ھېچقانداق بىر نۇرى يوقتۇر. ئىنسانلار قىش پەسلىدە سوغۇق ھاۋادا نەپەس ئالغاندا ئاغزىدىن ھور چىققاندەك، قۇرئان ۋە ھەدىس ئوقۇغاندىمۇ شۇنداق بىر نۇر چىقىدۇ ۋە بۇ نۇرنى ئىشنىڭ ئەھلى بولغان كىشىلەر ئاسانلا پەرقلەندۈرەلەيدۇ.»

ئاللاھنىڭ كالامى يوشۇرۇن، مەخپى ئەمەس. ئەقلى بار ھەر قانداق كىشى ئاۋۋال قۇرئانغا قۇلاق بەرسە، ئاندىن باشقا بىر سۆزگە قولاق بەرسە ئوتتۇرىدىكى پەرقنى ئاسانلا چۈشىنەلەيدۇ. دېيەلەيمەنكى، ساھابە كىرام ئىنسانلار ئىچىدىكى ئەڭ ئەقىللىق كىشىلەر ئىدى. ئاتا-بوۋىلىرىنىڭ دىنىنى پەقەت ئاللاھنىڭ كالامىنى ئوچۇق كۆرۈپ بىلگەندىن كېيىن تەرك ئەتتى. ئەگەر رەسۇلۇللاھ سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەمگە قۇرئان ئەمەس ھەدىس قۇدسىگە ئوخشاش سۆزلەر نازىل بولغان بولسا ئىدى، ئىنسانلاردىن ھېچكىم ئىمان ئېيتمىغان بولاتتى. لېكىن ئۇلارنىڭ بويىنىنى ئەگدۈرگىنى رەببىمىز ئاللاھتائالانىڭ كالامى بولغان ئەزىز قۇرئان ئىدى. (ئەخمەد ئىبنى مۇبارەك، «ئەل-ئىبرىز»، بېيرۇت، 2004-يىل، 58-61-بەتلەر)

پەقەت يۇقارقىلارنىلا چۈشىنىش ۋە ئېنىقلاش قۇرئانى-كەرىمنىڭ ئاللاھتىن كەلگەنلىكىنى ۋە ھېچقانداق ئىنساننىڭ سۆزى ئارلىشىپ قالمىغانلىقىنى ئىدراك قىلىش ئۈچۈن يېتەرلىكتۇر.

## ۋەھيىنىڭ كېچىكىشى

پەيغەمبەرلىكنىڭ دەسلەپكى يىللىرىدىكى ۋەھيى ئۈزۈلۈپ قالغان مەزگىللەردە ۋە كېيىنكى چاغلاردا يۈز بەرگەن بەزى ۋەقەلەر تۈپەيلى رەسۇلۇللاھ سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم ۋەھيىنىڭ كېلىشىنى شۇنچىلىك ئارزۇ قىلغان بولسىمۇ، لېكىن جىبرىئىل ئەلەيھىسسالام ئۇنىڭ ئارزۇسى بويىچە ئىش قىلماي، ئاللاھ قاچان ئەمر قىلسا، ۋەھيىنى شۇ چاغدا ئېلىپ كەلدى.

شۇنىڭدەك، پەيغەمبەر سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم مەيلى مۇشرىكلار بىلەن بولغان قاتتىق كۈرەشلەردە، تەبلىغ پائالىيەتلىرى ئەسناسىدا بولسۇن، ياكى ئىلاھىي ھەقىقەت ئالدىدا تەكەببۇرلۇق بىلەن قارشىلىق كۆرسەتكەن ئەھلى كىتابنى ئىسلامغا

دەۋەت قىلغان چاغدا بولسۇن قەلبىنى راھەتلىتىش ئۈچۈن ۋەھيىنىڭ كېلىشىنى ئىنتايىن ئارزۇ قىلاتتى.[60] لېكىن ۋەھيى ئاللاھ تەقدىر قىلغان ۋاقىت ۋە مىقداردا نازىل بولاتتى. پەيغەمبىرىمىز بۇ ئەھۋالدا پەقەتلا بىر قوبۇل قىلغۇچى (ئىككىنچى شەخس) ئورنىدا تۇرغان ئىدى. نازىل بولغان ۋەھيىنى تەبلىغ قىلماسلىقتەك بىر ھەققى ۋە پىكرى مەۋجۇد بولمىغان ئىدى. ئاللاھتائالا:

**«ئۇ** (يەنى مۇھەممەد ئەلەيھىسسالام) (غەيبنى) **تەبلىغ قىلىشتا بېخىل ئەمەستۇر.»** (تەكۋىر سۈرىسى 24-ئايەت) ئايىتىدە ئۇنىڭ بۇ جەھەتتىكى ئىنچىكىلىكى، سەزگۈرلۈكىنى ئوتتۇرىغا قويغان.

ئىبنى ئابباس رەزىيەللاھۇ ئەنھۇنىڭ تۆۋەندىكى رىۋايىتىمۇ بۇ جەھەتتىكى ياخشى بىر مىسالدۇر:

رەسۇلۇللاھ سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم جىبرىئىل ئەلەيھىسسالامغا:

- نېمىشقا يېنىمغا تېخىمۇ كۆپ كەلمەيسەن؟ - دەپ سورىغان ئىدى. بۇنىڭ بىلەن:

**«بىز** (دۇنياغا) **پەرۋەردىگارىڭنىڭ ئەمرى بىلەن چۈشىمىز، بىزنىڭ ئالدىمىزدىكى، ئارقىمىزدىكى ۋە ئالدى-كەينىمىز ئارىسىدىكى ئىشلارنىڭ ھەممىسى ئاللاھنىڭ ئىلكىدىدۇر، پەرۋەردىگارىڭ** (بەندىلەرنىڭ ئەمەللىرىدىن ھېچ نەرسىنى) **ئۇنتۇمايدۇ.»**[61] ئايىتى نازىل بولدى. (بۇخارى: «تەپسىر»، 19\2، «بەدئۇل خالق»، 6، «تەۋھىد»، 28)

✵

بەزى ۋەقەلەر يۈز بەرگەندە، پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام دەرھال ئىنكاس قايتۇرۇشقا مەجبۇر بولاتتى. ئەمما ۋەھيى كېچىكىپ كېلەتتى. مەسىلەن: قۇرەيش مۇشرىكلىرى

60. رەسۇلۇللاھ سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم پەقەت قىيىنچىلىق مەزگىللىرىدىلا ئەمەس، ۋەھيى نازىل بولغان ھەر ۋاقىت ئىنتايىن خۇشال بولاتتى، ئاللاھ بىلەن باغلىنىشى بولغانلىقى ئۈچۈن خاتىرجەم، خۇشال بولاتتى. ھەتتا ساھابىلەرمۇ ۋەھيى كەلگەندە ئىنتايىن خۇشال بولۇشاتتى. (بۇخارى: «تەپسىر»، 19\2؛ مۇسلىم: «فەدائىلۇس-ساھابە»، 103)

61. مەريەم سۈرىسى 64-ئايەت.

نادىر ئىبنى ھارىس ۋە ئۇقبە ئىبنى ئەبى مۇئايتنى ۋەكىل قىلىپ مەدىنىدىكى يەھۇدى خاخاملار (يەھۇدى دىنىي زاتلار)غا ئەۋەتىپ:

- يەھۇدى خاخاملاردىن مۇھەممەد ھەققىدە سوراڭلار. ئالاھىدىلىكلىرىنى ئېيتىپ، سۆزلىرىنى نەقىل قىلىڭلار. يەھۇدىلار ئىلگىرىكى قەدىمىي كىتابلارنىڭ ئىگىسى. بىزدە يوق پەيغەمبەر خەۋەرلىرى ئۇلاردا بار... ــ دېدى. يەھۇدى خاخاملىرى كەلگەنلەرگە مۇنداق دەپ ئەقىل ئۆگەتتى:

- ھازىر بىز سىلەرگە دەپ بېرىدىغان ئۈچ نەرسىنى مۇھەممەدتىن سوراڭلار. ئەگەر ئۇ بۇلارنى بىلسە، ئاللاھ تەرىپىدىن ئەۋەتىلگەن پەيغەمبەردۇر. بىلمىسە، بىر ساختىپەزدۇر. دېگەن گەپلىرىنى ھەممىنى ئۆزى ئىچىدىن توقۇپ چىقارغان. بۇ ئەھۋالدا ئۇنىڭغا خالىغىنىڭلارنى قىلالايسىلەر.

- ئاۋۋال ئۇنىڭدىن قەدىمقى زاماندا ياشىغان ياش يىگىتلەر (ئەسھابۇل كەھف) نى سوراڭلار. ئۇلارنىڭ ھەقىقەتەن ئاجايىپ، ھەيران قالارلىق خەۋەرلىرى بار. ئاندىن كۆپ يەرلەرگە بارغان، يەر يۈزىنىڭ شەرقىگە، غەربىگە بېرىپ، ئۇلارنى فەتھى قىلغان زات (زۇلقەرنەين ئەلەيھىسسالام)نى سوراڭلار. يەنە روھ توغرىسىدا سوراڭلار...

قورەيشلەر پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامنىڭ يېنىغا كېلىپ بۇلارنى سورىدى. رەسۇلۇللاھ سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم «ئىنشائاللاھ» دېيىشنى ئۇنتۇپ:

- سورىغان سوئاللىرىڭلارنىڭ جاۋابىنى ئەتە بېرەي. ــ دېدى.

بۇنى ئاڭلىغان قۇرەيشلەر قايتىپ كېتىشتى. رەسۇلۇللاھ سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم ئون بەش كۈن (بىر رىۋايەتكە قارىغاندا قىرق كۈن) ساقلىدى. لېكىن بۇ ۋاقىت ئىچىدە ئاللاھتائالا ئۇنىڭغا بۇ ھەقتە ۋەھيىمۇ نازىل قىلمىدى، جىبرىئىل ئەلەيھىسسالامنىمۇ ئەۋەتمىدى. نىھايەت مەككىلىكلەر:

- مۇھەممەد بىزگە ئەتە جاۋاب بېرىمەن دەپ ۋەدە قىلغان ئىدى. بۈگۈن ئون بەش كۈن بولدى. تېخىچە سوئاللىرىمىزنىڭ ھېچقايسىسىغا جاۋاب بەرمىدى. ــ دېيىشكە باشلىدى. ۋەھيىنىڭ كەلمەسلىكى پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامنىڭ كۆڭلىنى قاتتىق يېرىم قىلدى. مەككىلىكلەرنىڭ گەپ-سۆزىمۇ ئۇنى قاتتىق رەنجىتتى. ئاخىرى جىبرىئىل ئەلەيھىسسالام كەلدى. پەيغەمبەر سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم:

- ئەي جىبرىئىل! بەك كېچىكىپ كەتتىڭكى، سېنىڭ ھەققىڭدە (ئەمدى كەلمەيدۇ دەپ) يامان گۇمان قىلغان ئىدىم، سېنى ناھايىتى سېغىندىم! ــ دېدى.

جىبرىئىل ئەلەيھىسسالام:

- مەنمۇ سېنى كۆپ سېغىندىم. لېكىن مەن ۋەزىپىسى بار بىر مەمۇرمەن. ئەۋەتىلگەن چاغدا كېلىمەن، ئەۋەتىلمىسەم كېلەلمەيمەن. - دېدى.

جىبرىئىل ئەلەيھىسسالام ئاللاھتائالادىن كەھف سۈرىسىنى ئېلىپ كەلگەن ئىدى. بۇ سۈرىدە ئىنكارچىلار سورىغان ئەسھابى كەھف بىلەن زۇلقەرنەيىن ئەلەيھىسسالامنىڭ خەۋىرى بار ئىدى. ئۇ ئەسنادا يەنە:

**«ئۇلار سەندىن روھنىڭ ماھىيىتى ھەققىدە سورىشىدۇ. «روھنىڭ ماھىيىتىنى پەرۋەردىگارىم بىلىدۇ» دېگىن، سىلەرگە پەقەت ئازغىنا ئىلىم بېرىلگەن.»** (ئىسرا سۈرىسى 85-ئايەت) ئايىتى نازىل بولدى.

مۇشۇنىڭغا ئوخشاش يەنە «قىبلە»نىڭ قۇددۇستىن كەبە تەرەپكە ئۆزگەرتىلىشى ھەققىدىكى ۋەھيىمۇ ئاللاھ خالىغان ۋاقىتتا نازىل بولغان ئىدى. ھالبۇكى، پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام بۇ ئارزۇسىنى ئىپادىلەش ئۈچۈن ئۇزۇن زاماندىن بېرى پات-پات ئاسمانغا قاراپ ئىلاھىي ئەمرىنىڭ كېلىشىنى ساقلاۋاتاتتى. چۈنكى كەبە ئىبراھىم ئەلەيھىسسالامنىڭ قىبلىسى ئىدى ۋە ئەرەپلەرنى ئىمان ئېيتىشقا تېخىمۇ كۆپ تەشۋىق قىلاتتى. بولۇپمۇ ئەرەپلەر كەبىدىن پەخىرلىنەتتى، ئۇنى زىيارەت قىلىپ تاۋاپ قىلاتتى. كەبىگە قاراش ئارقىلىق يەھۇدىيلەرگە ئوخشاپ قېلىشتىن قۇتۇلاتتى.[62]

ئون ئالتە ياكى ئون يەتتە ئاي ساقلىغاندىن كېيىن قىبلە نۇرغۇن ھېكمەتلەر تۈپەيلى بەيتۇل-مۇقەددەستىن كەبىگە قارىتىلدى. ئاللاھ ئۇشبۇ ئايەتنى نازىل قىلدى:

**«بىز سېنىڭ** (كەبە قىبلەڭ بولۇشىنى تىلەپ) **قايتا-قايتا ئاسمانغا قارىغانلىقىڭنى كۆرۈۋاتىمىز. سېنى چوقۇم سەن ياقتۇرىدىغان قىبلىگە يۈزلەندۈرىمىز.** (نامازدا) **يۈزۈڭلارنى مەسجىدى ھەرەم تەرەپكە قىلىڭلار. ھەقىقەتەن كىتاب بېرىلگەنلەر يەنى يەھۇدىلار ۋە ناسارالار بۇنىڭ** (يەنى قىبلىنىڭ كەبىگە ئۆزگەرتىلىشىنىڭ) **پەرۋەردىگارى تەرىپىدىن كەلگەن ھەقىقەت ئىكەنلىكىنى چوقۇم بىلىدۇ، ئاللاھ ئۇلارنىڭ قىلمىشىدىن غاپىل ئەمەس.»** (بەقەرە سۈرىسى 144-ئايەت)

62. ئەبۇ سۇئۇد، 1-جىلد، 174، (بەقەرە سۈرىسى 144-ئايەت).

ھەزرىتى ئائىشە ئانىمىزغا تۆھمەت چاپلانغان كۈنلەردە بىر ئايغا يېقىن ۋاقىت بىئاراملىق ئىچىدە ۋەھيى كېلىشىنى كۈتكەن، ھەقىقى ئەھۋالنى ئاشكارىلاپ بېرىدىغان بىر بايانغا قاتتىق ئېھتىياج پەيدا بولغان بولسىمۇ، ۋەھيى يەنە ھەر زامان بولغىنىدەك، ئاللاھ خالىغان زاماندا نازىل بولدى.

بەنى مۇستەلەق ئۇرۇشىدىن قايتىپ كېلىۋاتقاندا مۇناپىقلار ھەزرىتى ئائىشىگە تۆھمەت چاپلىدى. بۇ ھەقتىكى سۆز-چۆچەكلەر ھەممە يەرگە تارقالدى. بۇ چاغدا پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام ھاياتىدىكى ئەڭ قىيىنچىلىق كۈنلەرنى ياشاۋاتاتتى. ئائىلىسىنىڭ ئىپپەت-نومۇسىغا تۆھمەت چاپلانغان ئىدى. بۇ قىيىن ھالەتتىن بالدۇرراق قۇتۇلۇشنى ئارزۇ قىلاتتى. لېكىن ۋەھيى ئاللاھنىڭ ئىرادىسىگە باغلىق بولغاچقا پەيغەمبىرىمىز ئارزۇ قىلغان ئىش ۋاقتىدا يۈز بەرمىدى. شۇنداق قىلىپ ساھابىلەرمۇ ئېغىر سىناققا دۇچ كەلدى.

پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام تارتىنغان ۋە ئېھتىيات قىلغان ھالدا:

«مەن ئائىشەنىڭ ياخشى ئىكەنلىكىدىن باشقا ئەھۋالنى كۆرمىدىم.» دېگەنىنلا سۆزلىيەلىدى.

پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام ئەھۋال ئىگەللىگەن ۋە ساھابىلەر بىلەن مەسلىھەتلەشكەندىن كېيىن، نىھايەت ھەزرىتى ئائىشىگە:

«ماڭا قارا ئائىشە، سېنىڭ ھەققىڭدە ئۇنداق-مۇنداق گەپلەرنى ئاڭلىدىم. ئەگەر پاك بولساڭ، ئاللاھ سېنى ئاقلايدۇ. ئەگەر گۇناھ قىلغان بولساڭ، ئاللاھقا تەۋبە قىلغىن!» دېدى.

بۇ غەيبتىن خەۋەرسىز بىر ئىنساننىڭ گېپى ئىدى. ئەمما ئاللاھ بىلدۈرگەن ۋاقىتتا خەۋەردار بولاتتى. نىھايەت، بىر ئايدىن كېيىن نۇر سۈرىسى نازىل بولدى. ھەزرىتى ئائىشە ئانىمىزنىڭ پاكلىقى ئاشكارا بولدى.[63]

ئەگەر پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام قۇرئانغا گەپ قوشقان بولسا ئىدى، مۇشۇنداق چاغلاردا توختاپ قالماي ئۆزىنىڭ سۆزلىرىنى قۇرئانغا قوشۇپ، ھېسسىياتىغا تايىنىپ ئىش قىلغان بولاتتى. لېكىن كائىناتتا يۈز بەرگەن ۋەقە-ھادىسىلەر، ئىلاھىي ئىرادىنىڭ باشقۇرىشى بىلەن داۋاملىشىدۇ. كۆز پەسلىدە بىر تال غازاڭنىڭ يەرگە

63. نۇر سۈرىسى 11-21-ئايەتلەرگە قاراڭ. بۇخارى: «شاھادەت»، 15، 30.

چۈشۈشىمۇ ئىلاھىي ئىرادىگە باغلىقتۇر. ئەكسىچە بولغاندا، كائىناتتا قالايمىقانچىلىق يۈز بەرگەن بولاتتى. پەيغەمبەرلەرنىڭ ھەرىكەتلىرىمۇ ئاللاھنىڭ ئىرادىسى بويىچە بولىدۇ. ئايەتتە مۇنداق دېيىلگەن:

**«(ئۇ) ئۆز نەپسى-خاھىشى بويىچە سۆزلىمەيدۇ. پەقەت ئۇنىڭغا نازىل قىلىنغان ۋەھيىنى سۆزلەيدۇ.»** (نەجم سۈرىسى 3-4-ئايەتلەر)

پەيغەمبەرلەر ھاياتتىكى چاغدا ئۇلارغا بېرىلگەن مۇقەددەس كىتابلارغا بىرەر ئىنساننىڭ ئۆزگەرتىش كىرگۈزۈشىنى تەسەۋۋۇر قىلغىلى بولمايدۇ. تەۋرات، ئىنجىل قاتارلىق كىتابلار تامامەن پەيغەمبەرلەر ۋاپات بولغاندىن كېيىن ئۆزگەرتىلگەن كىتابلاردۇر. قۇرئانى-كەرىم ھەققىدە ئاللاھ:

**«قۇرئاننى ھەقىقەتەن بىز نازىل قىلدۇق ۋە ئۇنى بىز چوقۇم قوغدايمىز.»** (ھىجر سۈرىسى 9-ئايەت) دېيىش ئارقىلىق ئۇنى قىيامەتكە قەدەر ئىنسانلارنىڭ ئۆزگەرتىۋېتىشىدىن ساقلاشقا كېپىللىك قىلىدىغانلىقىنى، قوغدايدىغانلىقىنى بىلدۈرگەن.

ئاللاھتائالا قۇرئاننىڭ ئىنسان سۆزى ئەمەسلىكى، پەيغەمبەرنىڭ ئۇنىڭغا ئارىلىشالمايدىغانلىقىنى ئىپادىلەپ مۇنداق دەيدۇ:

**«ئەگەر ئۇ بىزنىڭ نامىمىزدىن يالغاننى توقۇيدىغان بولسا، ئەلۋەتتە ئۇنى قۇدرىتىمىز بىلەن جازالايتتۇق. ئاندىن ئۇنىڭ ئاساسى قىزىل تومۇرىنى كېسىپ تاشلايتتۇق. سىلەردىن ھېچ بىر ئادەم ئۇنى قوغداپ قالالمايتتى.»** (ھەققە سۈرىسى 44-47-ئايەتلەر)

پەيغەمبىرىمىز بىر ئىنسان بولۇش بىلەن بىرلىكتە ئىلاھىي ۋەزىپىگە تەيىنلەنگەن. شۇڭا پەيغەمبەرلىك ۋەزىپىسىنى ئەڭ ياخشى ئادا قىلغان ئىدى. يۇقىرىدىكى ئايەت رەسۇلۇللاھ سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەمنىڭ دۇچ كەلگەن قىيىنچىلىق ۋە جاپا-مۇشەققەتلەر ئالدىدا ئىلاھىي ئىرادىگە ئىتائەت ۋە تەسلىمىيەت بىلەن باش ئېگىپ، كىچىككىنە بولسىمۇ بىرەر خاتالىق ئۆتكۈزمەي قۇرئانى تولۇق تەبلىغ قىلغانلىقىغا ئىشارەت قىلماقتا.

## ۋەھيىنىڭ بەزىدە پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامنى تەنقىد قىلىشى

ۋەھيى بەزىدە پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام ئارزۇ قىلمىغان بىر ھالدا كېلەتتى. قۇرئان بەزىدە ئۇنىڭ كۆز قارىشىنىڭ توغرا ئەمەسلىكىنى بىلدۈرەتتى. بەزىدە ئۇ خالىمىغان ئىشنى قىلىشقا بۇيرۇيتتى، پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام بۇ بۇيرۇقنى بىجا كەلتۈرمەي، بىر ئاز ئويلىنىپ تۇرۇپ قالغۇدەك بولسا، دەرھال تەنقىدكە ئۇچرايتتى. بۇ ئەھۋال ئۇشتۇمتۇت-چۆشۈشەك ئىشلار ھەققىدىمۇ يۈز بېرەتتى.

پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام زەيد ئىبنى ھارىسەنىڭ ئايالى (ئۆزىنىڭ نەۋرە تۇققىنى) زەينەپ بىنتى جەھشىنىڭ كەلگۈسىدە ئۆزىنىڭ ئايالى بولىدىغانلىقىنى ۋەھيى ئارقىلىق بىلگەن بولسىمۇ، ئەمما خەقلەرنىڭ ئەيىپلىشىدىن قورقۇپ، مەخپى تۇتقان ئىدى. بۇنىڭ بىلەن تۆۋەندىكى ئايەت نازىل بولدى ۋە ئاللاھ ئەمر قىلغان ئىشنى مەخپى تۇتۇشنىڭ خاتا ئىكەنلىكى ۋە ئۇنى ئاشكارىلىشى كېرەكلىكى ئەمر قىلىندى.

**«ئۆز ۋاقتىدا سەن ئاللاھ نېمەت بەرگەن، سەنمۇ ئىنئام قىلغان كىشىگە: خوتۇنىڭنى نىكاھىڭدا تۇتقىن، ئاللاھدىن قورققىن! دېدىڭ، ئاللاھ ئاشكارىلىماقچى بولغان نەرسىنى كۆڭلۈڭدە يوشۇردۇڭ، كىشىلەرنىڭ تەنە قىلىشىدىن قورقتۇڭ، ئاللاھدىن قورقۇشۇڭ ئەڭ ھەقلىق ئىدى. مۆمىنلەرگە ئۇلارنىڭ بالا قىلىۋالغان ئوغۇللىرىنىڭ قويۇپ بەرگەن خوتۇنلىرىنى نىكاھلاپ ئالسا گۇناھ بولماسلىقى ئۈچۈن،** (زەينەپنى) **زەيد قويۇۋەتكەندىن كېيىن ساڭا نىكاھلاپ بەردۇق**[64]**، ئاللاھنىڭ** (سېنىڭ

64. ئاللاھنىڭ بۇ نىكاھنى ئەمر قىلىشىدا نۇرغۇن سەۋەب ۋە ھېكمەت بار. بۇنىڭ بىرى مۇنداق: بالا قىلىۋېلىش ئىشى جاھىلىيەت دەۋرىنىڭ ئادىتى ئىدى. ئاللاھ يۇقىرىدىكى ئايەتتە پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامنى بېقىۋالغان بالىسى زەيد ئىبنى ھارىسەنىڭ ئاجرىشىپ كەتكەن ئايالى زەينەپنى نىكاھىغا ئېلىشنى ئەمر قىلىش ئارقىلىق ئىسلام قانۇنىدا «تەبەننى» (بالا قىلىۋېلىش)نى ئەمەلدىن قالدۇردى.

ئاللاھ مۇنداق دەيدۇ: **«...سىلەر بالا قىلىۋالغانلارنىمۇ ئاللاھ** (ھەممە ھۆكۈمدە ئۆز پۇشتۇڭلاردىن بولغان) **باللىرىڭلارنىڭ ھۆكمىدە قىلمىدى، بۇ** (يەنى ئۆز پۇشتۇڭلاردىن

زەينەپنى ئېلىشىڭ توغرىسىدىكى) **ئەمرى چوقۇم ئورۇنلىنىدۇ.»** (ئەھزاب سۈرىسى 37-ئايەت)

ھەزرىتى ئائىشە ئانىمىز:

«ئەگەر پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام ئۆزىگە نازىل بولغان ۋەھيىدىن بىرەرنى مەخپى تۇتقان بولسا، شۇ ئايەتنى مەخپى تۇتقان بولاتتى.» دەپ يۇقىرىدىكى ئايەتنى تىلغا ئالغان.[65]

بىر كۈنى پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام زەينەپ بىنتى جەھشنىڭ ئۆيىدە ھەسەل شەربىتى ئىچكەچ، بىر ئاز ھايال بولۇپ قالدى. بۇنىڭغا چىدىمىغان ئىككى ئايالى ئائىشە بىلەن ھەفسە ئۆزئارا گېپىنى بىر قىلىشىۋېلىپ، پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام ئۆيىگە كەلگەندە ئۇنىڭ بەتبۇي پۇراۋاتقانلىقىنى ئېيتىشتى. پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام بەتبۇي بىر نەرسە يېمىگەنلىكىنى ئېيتتى. ئۇلار: «دېمەك، ھەسەل ھەرىسى بەتبۇي نەرسە يېگەن ئىكەن-دە.» دېيىشتى. ئۇ بۇندىن كېيىن ھەسەل شەربىتى ئىچمەسلىككە قەسەم قىلدى. بۇ سەۋەبتىن ئۇنىڭ قەسىمىنىڭ توغرا بولمىغانلىقىنى بىلدۈرۈش ئۈچۈن بۇ ئايەت نازىل قىلىندى:

**«ئى پەيغەمبەر! نېمە ئۈچۈن ئاللاھ ساڭا ھالال قىلغان نەرسىنى ئاياللىرىڭنىڭ رازىلىقىنى تىلەش يۈزىسىدىن ھارام قىلىسەن؟ ئاللاھ**

بولمىغانلارنى بالا دېيىش) **پەقەت ئاغزىڭلاردا ئېيتىلغان سۆزدۇر، ئاللاھ ھەق** (سۆز) **نى ئېيتىدۇ، توغرا يولغا باشلايدۇ.»** (ئەھزاب سۈرىسى 4-ئايەت)

65. تىرمىزى: «تەپسىر»، 9\33. ئائىشە رەزىيەللاھۇ ئەنھا يەنە مۇنداق دېگەن: «كىمكى رەسۇلۇللاھ ئاللاھنىڭ كىتابىدىن بىرەر نەرسىنى مەخپى تۇتقانمىكىن دېگەندەك گۇمان قىلسا، ئاللاھقا ئەڭ چوڭ تۆھمەت قىلغان بولىدۇ. چۈنكى ئاللاھتائالا مۇنداق دېگەن: **«ئەي رەسۇل! ئاللاھ تەرىپىدىن ساڭا نازىل قىلىنغان ئەھكاملارنىڭ ھەممىسىنى يەتكۈزگىن، ئەگەر تولۇق يەتكۈزمىسەڭ، ئاللاھ تاپشۇرغان ۋەزىپىنى ئادا قىلمىغان بولىسەن.** (خاتىرجەم بول) **ئاللاھ سېنى كىشىلەرنىڭ زىيانكەشلىكىدىن ساقلايدۇ. ئاللاھ ھەقىقەتەن كاپىر قەۋمنى ھىدايەت قىلمايدۇ.»** (مائىدە سۈرىسى 67-ئايەت) (مۇسلىم: «ئىمان»، 287)

**ناھايىتى مەغپىرەت قىلغۇچىدۇر، ناھايىتى مېھرىباندۇر.»** (تەھرىم سۈرىسى 1-ئايەت)

ئەگەر قۇرئانغا ئىنسان سۆزى ئارىلاشقان بولسا ئىدى، پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام ئۆزىنىڭ ئارزۇسىغا خىلاپ بولغان بۇ ئايەتنى ھېسسىياتى بويىچە ئىپادىلىگەن بولاتتى.

✵

پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام تايىنى يوق باھانە-سەۋەبلەر بىلەن تەبۇك سەپىرىگە قاتناشمىغان سەكسەن كىشىنىڭ گېپىگە ئىشىنىپ، ئۇلارغا رۇخسەت بەرگەن ئىدى. بۇ سەۋەبتىن ئۇنى تەنقىد قىلىپ تۆۋەندىكى ئايەت نازىل بولدى:

«(ئى مۇھەممەد!) **ئاللاھ سېنى كەچۈردى،** (ئۆز ۋەدىسىدە) **راستچىللار بىلەن يالغانچىلار** (ساڭا ئېنىق بولمىغىچە نېمىشقا ئۇلارغا چىقماسلىققا) **رۇخسەت بەردىڭ؟»** (تەۋبە سۈرىسى 43-ئايەت)

✵

پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام تاغىسى ئەبۇ تالىب ئۈچۈن ئاللاھتىن مەغپىرەت تىلىگەندە تۆۋەندىكى ئايەت نازىل بولدى:

**«پەيغەمبەرگە ۋە مۆمىنلەرگە مۇشرىكلارنىڭ ئەھلى دوزاخ ئىكەنلىكى ئېنىق مەلۇم بولغاندىن كېيىن، مۇشرىكلار ئۇنىڭ تۇغقىنى بولغان تەقدىردىمۇ، ئۇلارغا مەغپىرەت تەلەپ قىلىشى دۇرۇس ئەمەس.»** (تەۋبە سۈرىسى 113-ئايەت)

پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام مۇناپىقلارنىڭ باشلىقى ئابدۇللا ئىبنى ئۇبەي سەلۇل ئۆلگەندە ئۇنىڭ سالىھ مۆمىن ئوغلى ئابدۇللاھنىڭ تەلىۋى بىلەن جىنازا نامىزى ئوقۇماقچى بولغاندا تۆۋەندىكى ئايەت نازىل بولدى:

«**ئى مۇھەممەد! سەن ئۇلارنىڭ ئارىسىدىن ئۆلگەن ھېچبىر ئادەمنىڭ نامىزىنى چۈشۈرمىگىن،** (دەپنە قىلىش، زىيارەت ياكى دۇئا ئۈچۈن) **ئۇنىڭ قەبرىسى ئۈستىدىمۇ تۇرمىغىن، چۈنكى ئۇلار ئاللاھنى ۋە ئاللاھنىڭ**

**پەيغەمبىرىنى ئىنكار قىلدى. ئۇلار پاسىق ھالىتى بىلەن ئۆلدى.»** (تەۋبە سۈرىسى 84-ئايەت)

بۇ ئايەتلەر قۇرئانى-كەرىمگە پەيغەمبىرىمىزنىڭ (ئىنسانىنىڭ) قىلچىلىك سۆزى ئارىلىشىپ قالمىغانلىقىنى ئېنىق كۆرسەتمەكتە.

بىر كۈنى پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام قۇرەيشنىڭ چوڭلىرىغا ئىسلامنى چۈشەندۈرىۋاتقاندا ئەما مۇسۇلمان ئابدۇللاھ ئىبنى ئۇممى مەكتۇم يېنىغا كېلىپ، دىنىي تەلىم بېرىشىنى تەلەپ قىلدى. بىراق پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام قۇرەيشنىڭ چوڭلىرىنىڭ كۆڭلىنى ئاۋايلاپ، ئۇممى مەكتۇم بىلەن كارى بولماي، سۆزىنى داۋام قىلىۋەردى. ئۇممى مەكتۇم تەلىۋىنى تەكرار سۆزلەۋەرگەندىن كېيىن پەيغەمبەرنىڭ چىرايى بىر ئاز تۇرۇلدى. بۇ سەۋەبتىن يۇقىرىقى تەنقىد ئايىتى نازىل بولدى:

**«ئۆزىنى** (ئىماندىن) **بىھاجەت ھېسابلايدىغان ئادەمگە كەلسەك، سەن ئۇنىڭغا يۈزلىنىسەن، يەنى ئۇنىڭغا قۇلاق سېلىپ تەبلىغ قىلىشقا كۆڭۈل بۆلىسەن.** (ئۇ) **كۇفرىدىن، گۇناھلاردىن (پاكلانمىسا، ساڭا نىمە زىيان ئىدى؟ سەندىن مەرىپەت تىلەپ، ئاللاھدىن قورققان ھالدا يۈگۈرۈپ كەلگەن كىشىگە كەلسەك، سەن ئۇنىڭغا قارىمايسەن.) بۇنىڭدىن كېيىن ئۇنداق قىلمىغىن. بۇ ئايەتلەر ۋەزدۇر. خالىغان ئادەم ئۇنىڭدىن ۋەز-نەسىھەت ئالىدۇ.»**[66] (ئەبەسە سۈرىسى 5-12-ئايەتلەر)

66. بۇ ئايەتلەردىكى تەنقىد پەيغەمبەر سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەمگە ئائىت بىر **زەللە** تۈپەيلىدىندۇر. زەللە پەيغەمبەرلەر قىلىپ سالغان غەيرى-ئىرادەئى خاتالىقنى كۆرسىتىدۇ. بۇ زەللەلەر پەيغەمبەرلەرگە ئاللاھنىڭ ئىرادىسى بويىچە تۆۋەندىكى مەقسەتتە قىلدۇرۇلىدۇ:

1. جەننەتكە كىرىدىغانلىقىغا كېپىللىك قىلىنىدىغان پەيغەمبەرلەرگە ئۇلارنىڭ ئاجىزلىقىنى ھېس قىلدۇرۇش،
2. ئۇلارنىڭ ئىلاھىي لۇتۇفقا ئېرىشكەنلىكىنى بىلىپ، ۋەزىپىسىنى تېخىمۇ تىرىشىپ ئىجرا قىلىشىغا تۈرتكە بولۇش،
3. قىلىنغان زەللەنى ئۇممەت ئۈچۈن تەربىيە، ئىبرەت قىلىش،

بۇ ئايەتتىكى ئەيىبلەش ۋە تەنقىد پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام قىلىپ سالغان بىر سەۋەنلىككە قارىتىلغان. بۇنىڭ سەۋەبى:

پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام قىلمىشىدىكى خاتالىقنى بايقىغاندا، ئايەتلەردىكى ئاچچىق سۆزلەر ئۇنىڭ ئۆزىنىڭ كۆڭلىدە پۇشايمان قىلغانلىقنى كۆرسىتىدىغان گەپلەر بولغان بولسا، ئۇ ئۆزى ھەققىدە بۇنچىلىك ئوچۇق گەپ قىلمىغان بولاتتى. يەنى، بۇ ھەقتە سۈكۈت قىلىپ ئەيىپنى يۇشۇرماسمىدى؟

يۇقىرىدىكى رىۋايەتلەردىن چۈشىنىۋېلىشقا بولىدۇكى، ۋەھيى تامامەن ئاللاھنىڭ ئىرادىسى بويىچە كەلگەن، بەزى ئەھۋالدا پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام كۈتكەن زامان ۋە مەزمۇندا كەلمىگەن. بەزىدە رەسۇلۇللاھنى تەنقىد قىلىدىغان مەزمۇندا نازىل بولغان. پەيغەمبەر سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەممۇ ئۆزىگە نازىل بولغان ۋەھيىدىن بىر تال ھەرپىنمۇ مەخپىي تۇتماستىن شۇ پېتى ئىنسانلارغا نەقىل قىلغان. مانا بۇ ئەھۋال قۇرئاننىڭ ئىلاھىي مەنبەدىن كەلگەنلىكىنى ۋە ئىنسانلار يازغان ئەسەرلەر بىلەن قىلچىلىك مۇناسىۋىتىنىڭ يوقلىقىنى كۆرسەتمەكتە. چۈنكى ئىنسانلارنىڭ ئەسەرلىرىدە يازغۇچىنىڭ ئۆزى بىلەن مۇناسىۋەتلىك بۇ خىل خىتاب ۋە تەنقىدلەرنى تاپقىلى بولمايدۇ.

## ۋەھيىنىڭ بەزىدە مۇجمەل نازىل بولۇشى

پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامغا ئەمرلەر بەزىدە مۇجمەل كېلەتتى.

مۇجمەل: مەنىسى يوشۇرۇن بولغان، چۈشەندۈرمىگىچە مەقسەتنى بىلگىلى بولمايدىغان ئىبارىلەر دېگەنلىكتۇر.

ئاللاھتائالا تەرىپىدىن مۇجمەلنى چۈشەندۈرۈپ بېرىدىغان بىرەر چۈشەندۈرۈش كەلمىگەن ئەھۋالدا، پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام ئۇنى ئۆزى بىلگەنچە ئىزاھلىمايتتى. تۆۋەندىكى ئايەت بۇنىڭغا مىسالدۇر:

---

4. تاللانغان بەندىلەرنىڭ بۇ خىل تەنقىد ئالدىدا تېخىمۇ ئەستايىدىل بولۇپ، بۇ خىل خاتالىقلاردىن ساقلىنىپ، قۇرئان ئەخلاقى بىلەن ئەخلاقلىنىشنى ئەمەلگە ئاشۇرۇش، پەيغەمبەرلەرنىڭمۇ ئىنسان ئىكەنلىكىنى كۆرسىتىپ، ئىنسانلارنىڭ خرىستىئانلىقتىكىدەك ئۇلارنى ئىلاھلاشتۇرۇۋېلىشنى توسۇش ئۈچۈندۇر.

**«ئاسمانلاردىكى، زېمىندىكى شەيئىلەر** (گە ئىگىدارچىلىق قىلىش جەھەتتىن بولسۇن، تەسەررۇپ قىلىش جەھەتتىن بولسۇن) **ئاللاھنىڭ ئىلكىدىدۇر. دىلىڭلاردىكى** (يامانلىقنى) **مەيلى ئاشكارا قىلىڭلار، مەيلى يۇشۇرۇڭلار، ئۇنىڭ ئۈچۈن ئاللاھ سىلەردىن ھېساب ئالىدۇ. ئاللاھ خالىغان كىشىگە مەغپىرەت قىلىدۇ، خالىغان كىشىگە ئازاب قىلىدۇ. ئاللاھ ھەممە نەرسىگە قادىردۇر.»** (بەقەرە سۈرىسى 284-ئايەت)

بۇ ئايەت نازىل بولغاندا ساھابىلەر كۆڭلىگە ئىختىيارسىز كەلگەن يامان خىياللاردىنمۇ ھېساب بېرىدىغانلىقنى چۈشىنىپ قورقتى. رەسۇلۇللاھ سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەمنىڭ يېنىغا كېلىپ يۈكۈنۈپ ئولتۇرۇپ:

- ئەي رەسۇلۇللاھ، بىز ھازىرغا قەدەر كۈچىمىز يەتكەن ئەمەللەر: ناماز، روزا، زاكات، جىھاد، سەدىقە قاتارلىق ئەمەللەرنى قىلىشقا بۇيرۇلدۇق. ھازىر سىزگە بۇ ئايەت نازىل بولدى. بىزنىڭ ئۇنىڭغا كۈچىمىز يەتمەيدۇ. ئەگەر بىز كۆڭلىمىزدە ئويلىغانلىرىمىزغا قاراپ جازالاندۇرۇلىدىغان بولساق، تۈگەشكىنىمىز شۇ. ــ دېيىشتى.

پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام جاۋابەن:

- سىلەرمۇ ئەھلى كىتابقا ئوخشاش «ئاڭلىدۇق ۋە قارشى چىقتۇق» دېمەكچى بولۇۋاتامسىلەر؟ سىلەر ئەسلى «ئاڭلىدۇق ۋە بويسۇندۇق. ئەي رەببىمىز، بىزنى ئەپۇ قىلىشىڭنى تىلەيمىز. قايتىدىغان يەر سېنىڭ دەرگاھىڭدۇر» دېيىشىڭلار كېرەك ئىدى. - دېدى.

ساھابىلەر بۇنى تەكرارلاشقا باشلىدى ۋە تىلى مۇشۇنداق دېيىشكە كۆنۈپ كەتتى. بۇنىڭ بىلەن ئاللاھ ئۇلارنىڭ قەلبىدىكى ئىماننى كۈچلەندۈردى.

ئايەتنىڭ مەنىسى مۇجمەل بولغاچقا، پەيغەمبەر سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم ئۇنى ئېنىق چۈشەندۈرۈپ بېرەلمىدى. ئاجىز ھالەتتە ساھابىلەرنى ئاللاھقا تەسلىم بولۇپ، تەۋەككۇل قىلىشقا بۇيرىدى. بىر مۇددەتتىن كېيىن تۆۋەندىكى ئايەت نازىل بولۇپ، مۇجمەل مەنا چۈشەندۈرۈلدى:

**«ئاللاھ ھېچكىمنى تاقىتى يەتمەيدىغان ئىشقا تەكلىپ قىلمايدۇ. كىشىنىڭ قىلغان ياخشىلىقى** (نىڭ ساۋابى) **ئۆزىگىدۇر، يامانلىقى**(نىڭ جازاسى)**مۇ ئۆزىگىدۇر.** (ئۇلار) **«پەرۋەردىگارىمىز! ئەگەر بىز ئۇنتۇساق ياكى**

**خاتالاشساق (يەنى بىز ئۇنتۇش ياكى سەۋەنلىك سەۋەبىدىن ئەمرىڭنى تولۇق ئورۇنلىيالمىساق)، بىزنى جازاغا تارتمىغىن. پەرۋەردىگارىمىز! بىزدىن ئىلگىرىكىلەرگە ئېغىر يۈك يۈكلىگىنىڭگە ئوخشاش بىزگە ئېغىر يۈك يۈكلىمىگىن. (يەنى بىزنى قىيىن ئىشلارغا تەكلىپ قىلمىغىن)، پەرۋەردىگارىمىز! كۈچىمىز يەتمەيدىغان نەرسىنى بىزگە ئارتمىغىن، بىزنى كەچۈرگىن، بىزگە مەغپىرەت قىلغىن، بىزگە رەھىم قىلغىن، بىزنىڭ ئىگىمىزسەن، كافىر قەۋمگە قارشى بىزگە ياردەم بەرگىن» دەيدۇ.»** (بەقەرە سۈرىسى 286-ئايەت)

بۇ ئايەتنى ئاڭلىغان ساھابىلەر ئۆزلىرى ئەنسىرىگەن ئىشقا نىسبەتەن «كۈچى يېتىدىغان ھالدا» مەسئۇل بولىدىغانلىقىنى چۈشەندى.

پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامنىڭ باشقا بىر ئايەت نازىل بولۇپ، مۇجمەلنى چۈشەندۈرمىگىچە دەسلەپكى مۇجمەل ئايەتنى ئىزاھلىماي تۇرۇشى بىر نەبۇۋۋەت (پەيغەمبەرلىك) ھەقىقەتتى بولۇپ، بۇ قۇرئانى-كەرىمنىڭ ئىلاھىي مەنبەدىن كەلگەنلىكىنىڭ پولاتتەك ئىسپاتىدۇر. ئەكسىچە بولغاندا، مۇجمەل مەزمۇنلارنى خالىغانچە ئىزاھلىغان بولاتتى. بۇنداق ئەھۋال يۈز بەرمىگەنلىكى قۇرئانى-كەرىمنىڭ مۆجىزىۋىلىكىنىڭ ئايرىم بىر ئىسپاتىدۇر.

✵

ھىجرەتنىڭ 6-يىلى باتىلنى يېڭىشنىڭ سەۋەبلىرى مەيدانغا كېلىپ، تېخىچە مۇشرىكلارنىڭ قولىدا تۇرغان مەككىگە بېرىپ كەبىنى تاۋاپ قىلىش قارار قىلىنغان ئىدى. مەككىگە يېقىن ھۇدەيبىيەگە قاراپ كېتىۋاتقاندا پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامنىڭ تۆگىسى كاسۋا چۆكتى. ساھابىلەر ئۇنىڭ بېشىنى ھەرەم تەرەپكە بۇرىماقچى بولغان بولسىمۇ تۆگە ئۇ تەرەپكە قارىغىلى ئۇنىمىدى. ساھابىلەر:

- كاسۋا بەز قۇلاق بولىۋالدى. ماڭغىلى ئۇنىماي چۆكتى. - دېيىشتى. پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام:

- كاسۋا بەز قۇلاق ئەمەس. ئۇنىڭ ماڭماي چۆكۈۋالىدىغان ئادىتى يوق. ئەمما ئەبرەھەنىڭ پىللىرىنى توختاتقۇچى كاسۋانىمۇ توختاتتى. - دېدى.

بۇ ئاللاھتىن پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامغا كەلگەن بىر ئىشارەت ئىدى. يەنى پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام «ئاللاھ ئەبرەھەنىڭ پىللىرىنى قانداق توختاتقان بولسا، بۇ تۆگىنىمۇ شۇنداق توختاتتى» دېمەكچى ئىدى. مەيلى دەخلى-تەرۇز، ياكى مۇداپىئە بولىشىدىن قەتئىينەزەر، مەككىگە ھەرقانداق شەكىلدىكى ئۇرۇش قىلىپ كىرىشلەرنىڭ ھەممىسىگە ئاللاھنىڭ رۇخسەت قىلمىغانلىقى پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامنىڭ كۆڭلىگە ئايان بولغان ئىدى.

ساھابىلەر ئۇ چاغدا مەسىلىنىڭ ماھىيىتىنى چۈشەنمىگەنلىكى ئۈچۈن كۆڭلى قاتتىق يېرىم بولۇشتى. مەككىگە كىرمەسلىك قارارى كۆرۈنۈشتە مۇسۇلمانلارغا زىيانلىق ئىدى. پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام ھېكمىتىنى بىلمىگەن ئىلاھىي ئىشارەتكە ماقۇل بولۇپ، ساھابىلەرنى مەككىگە باشلىمىدى.

قاتتىق بىر مەغلۇبىيەت كەبى كۆرۈنگەن بۇ ۋەقەگە نارازى بولغان ھەزرىتى ئۆمەر مەككىگە كىرىشنى تەلەپ قىلىپ، پىكىر بايان قىلغاندا پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام:

«مەن ئاللاھنىڭ ئەلچىسى. ئۇنىڭغا قارشى چىقالمايمەن. ماڭا ياردەم قىلغۇچى پەقەت ئاللاھتۇر» دېدى.

يەنە بۇ ئەسنادا مۇشرىكلار بىلەن ئىمزالانغان «ھۇدەيبىيە كېلىشىمى»دىكى ماددىلار قارىماققا مۇسۇلمانلارغا زىيانلىق ئىدى. كېيىن فەتھ سۈرىسى نازىل بولۇپ، بۇ ئىشتىكى ھېكمەت ۋە خوشخەۋەرلەر بىلدۈرۈلدى. شۇنىڭ بىلەن مۇسۇلمانلار چۈشەندىكى، تۇنجى قاراشتا زۇلۇم ۋە مەغلۇبىيەت كەبى كۆرۈنگەن بۇ چېكىنىش ئەسلىدە بۈيۈك غەلىبە ۋە ئېنىق بىر فەتھى ئىكەن...

پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام دەسلەپتە سەۋەبىنى چۈشەندۈرۈپ بېرەلمىگەن بۇ مۆجىزەل ھادىسە ئىككى يىل ئىچىدە ئېنىق بولدى. دەرۋەقە، بۇ سۈلھى جەريانىدا نۇرغۇن كىشىلەر ئىسلام بىلەن شەرەپلەندى. ئىككى يىل ئىچىدە مۇسۇلمان بولغانلارنىڭ سانى، ئۇ ۋاقىتقا قەدەر مۇسۇلمان بولغانلارنىڭ سانىدىن نەچچە ھەسسە كۆپ بولدى.

بۇ كېلىشىم بىلەن ئىسلامنىڭ مەۋجۇتلىقى رەسمىي ئېتىراپ قىلىندى. ئەرەپ قەبىلىلىرىدىن خالىغانلار مۇسۇلمانلارنىڭ ھىمايىسى ئاستىغا كىرەلەيتتى. بۇ قۇرەيشنىڭ نۇپۇزىنى يوقىتىشى ۋە ئىسلام دەۋىتىنىڭ ئەركىن-ئازادە ئېلىپ بېرىلىشى دېگەنلىك ئىدى.

رەسۇلۇللاھ سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەمنىڭ بۇ سۇلھىگە ماقۇل دېيىشتىكى سەۋەبىدىن بىرسى مەككىدە ئۇ چاغدا مۇسۇلمان بولۇپ، لېكىن بۇنى ئوچۇق ئاشكارا جاكارلىمىغان نۇرغۇن كىشى بار ئىدى. ئەگەر مۇشرىكلار بىلەن ئۇرۇش قىلسا، بۇ كىشىلەرنى بىلمىگەن ھالدا ئۆلتۈرۈپ سېلىپ، كېيىن پۇشايمانغا قېلىشى مۇمكىن ئىدى.[67]

قۇرئانى-كەرىمدە بۇنىڭغا ئوخشايدىغان مىساللار كۆپتۇر. قۇرئان مۆجىزىسىنى قىسقىچە تىلغا ئالغانلىقىمىز ئۈچۈن، تەپسىلاتلىرى ئۈستىدە توختالمايمىز. چۈنكى قۇرئاننىڭ ھەر بىر مۆجىزىسىنى بايان قىلىشقا بىر كىتابنىڭ ھەجمى يەتمەيدۇ.

بۇ يەرگىچە بايان قىلىنغان مىساللار قۇرئانغا ئىنسان سۆزى ئارىلىشىپ قالمىغانلىقى، ئاللاھ تەرىپىدىن ۋەھيى قىلىنغان ئىلاھىي بىر كىتاب ئىكەنلىكىنى ئىسپاتلايدۇ. ئىنساپلىق ھەر بىر ئىنساننىڭ بۇ ھۆكۈمنى قوبۇل قىلىشى زۆرۈردۇر. دەرۋەقە، «يېڭى كاتولىك ئېنسىكلوپېدىسى»دە «قۇرئان»نى چۈشەندۈرگەن بايانلاردا دىققەتنى تارتىدىغان بەزى جۈملىلەر بار:

«قۇرئاننىڭ مەنبەسى ھەققىدە ئەسىرلەردىن بۇيان كۆپلىگەن نەزىرىيەلەر ئوتتۇرىغا قويۇلدى. بۈگۈن ئەقلى-ھۇشى جايىدا بولغان ھەر ئىنسان بۇ نەزىرىيەلەردىن ھېچبىرىنى قوبۇل قىلمايدۇ.»

كاتولىك دىندارلىرى قۇرئاننىڭ ۋەھيى مەنبەلىك ئەمەسلىكى ھەققىدە دەلىل ئوتتۇرىغا قويۇشنى ئەلۋەتتە بەك خالايدۇ. لېكىن بۇنى قىلالمايدۇ چۈنكى قايىل قىلارلىق دەرىجىدە ئىزاھلىغۇدەك پاكىتى يوق. بىراق ھېچ بولمىغاندىمۇ بىر ئاز ئىنساپ بىلەن مۇئامىلە قىلىپ، بۇرۇنقى زاماندىن بۇيان داۋاملىشىپ كەلگەن، ئىسپاتلاش مۇمكىن بولمايدىغان تۆھمەتلەرنى رەت قىپتۇ.[68]

---

67. فەتىھ سۈرىسى 24-25-ئايەتلەر.

68. گاري مىللېر (ئابدۇلئەھەد ئۆمەر): The Amazing Qur‘an \«تەڭداشسىز مۆجىزە قۇرئان»، (دوكتور ئەردوگان باش تۈركچىگە تەرجىمە قىلغان)، ئىستانبۇل، 2007-يىل، 61-بەت.

## 3. قۇرئاننىڭ مۆجىزىۋى تەرەپلىرى

رەسۇلۇللاھ سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم ئىنسانلارغا بىر ھەدىيە سۈپىتىدە ئېلىپ كەلگەن قۇرئانى-كەرىم سان-ساناقسىز مۆجىزىلەر بىلەن تولغانلىقىنى نۇرغۇن جەھەتلەردە ئاشكارا قىلماقتا. قۇرئانى-كەرىمنىڭ قىيامەتكىچە داۋاملىشىدىغان نۇرغۇن مۆجىزىۋى تەرەپلىرى ئىچىدە بىز پەقەت تۆت نوقتىنى قىسقىچە بايان قىلماقچىمىز:

ئا. تىلىنىڭ ئاجايىپلىقى

ئە. غەيبتىن بىشارەت بېرىشى

ب. ئىلىم-پەن جەھەتتىكى مۆجىزىۋىلىكى

پ. تەشدىد (ھۆكۈم چىقىرىش)تىكى مۆجىزىۋىلىكى

## ئا. تىلىنىڭ ئاجايىپلىقى

### 1. گۈزەل ئۇسلۇبى

قۇرئانى-كەرىم شېئىرمۇ ئەمەس، نەسرمۇ ئەمەس. ئەكسىچە، ھەم شېئىر ھەم نەسرنىڭ ئالاھىدىلىكلىرىنى ئۆزىدە مۇجەسسەم قىلغان بىر ئۇسلۇبى ۋە بۇ ئۇسلۇبتا پەۋقۇلئاددە ۋەزىن، رىتىم، ئاھاڭ ۋە مۇزىكىسى باردۇر. ئىنسان قۇرئان ئوقۇغاندا، بۇ ئىچكى مۇزىكىنىڭ تەسىرىنى روھىنىڭ چوڭقۇر قاتلاملىرىدا ھېس قىلالايدۇ.

قۇرئاننىڭ شېئىر ھەم مۇزىكىدا تاپقىلى بولمايدىغان بىر ئۆزگىچە نەپىس گۈزەللىگى بار. ئۇنى قايتا-قايتا ئوقۇغان ياكى ئاڭلىغاندا ئۆزگەرمەس بىر ئاھاڭنى ھېس قىلغىلى بولمايدۇ، داۋاملىق ئۆزگىرىپ، يېڭىلىنىپ تۇرىدىغان ئاھاڭ، ئاۋازدىن ئىنساننىڭ ھەر بىر سەزگۈسى ئۆزگە چۈشلۇق نېسۋە ئالىدۇ. (دراز: «نەبەئۇل-ئەزىم»، 102-بەت)

قۇرئانى-كەرىم مەۋجۇت ئەدەبىي تۈرلەردىن پەرقلىق ۋە ئۆزىگە خاس بىر ئۇسلۇپقا ئىگە بولۇش بىلەن بىر ۋاقىتتا بارلىق ئەدەبىي تۈرلەرنىڭ ھەممىسىنى ئەڭ مۇكەممەل شەكىلدە قوللانغان. قىسسە، نەسىھەت، تارىخ، قانۇن، مۇنازىرە، ئاخىرەت، جەننەت ۋە جەھەننەم قاتارلىق تېمىلىرى، كىشىنى قورقۇتىدىغان ۋە

خۇشال قىلىدىغان ئايەتلىرى مەنىسىنىڭ كۈچلۈكلىكىگە ئاساسەن ئايرىم-ئايرىم بىر ئۇسلۇپ پۈتۈنلۈكى ئىچىدە پاساھەت ۋە بالاغەتنى ئەڭ يۇكسەك سەۋىيىدە تۇتقان ھالدا ئىپادىلەنگەن. بۇ بىر ئىلاھىي كالام بولغانلىقى ئۈچۈن شۇنداق بولغان.

### 1) سۆز تاللاشتىكى ئىنچىكىلىكى

قۇرئان مەنىداش سۆزلەر ئىچىدە مەنىسى ئەڭ ئىنچىكە، تەسۋىرلەش كۈچى ئەڭ كۈچلۈك، پاساھەتلىك ۋە قۇۋۋەتلىك بولغىنىنى تاللىغان. (بۇتى: «راۋائى»، 140-بەت)

قۇرئاننىڭ نەزمىسىدە قىلچىلىك ئىلگىرى كېيىنلىك ياكى ئۆزگەرتىش كىرگۈزۈش ئۇنىڭ ئاھاڭىنى دەرھال بۇزىدۇ. بۇ جەھەتتە ئىبنى ئاتىييە مۇنداق دېگەن:

«قۇرئان شۇنداق بىر كىتاب ئىكەنكى، ئۇنىڭدىن بىر سۆزنى چىقىرىپ تاشلىسا، ئاندىن پۈتۈن ئەرەپ تىلى ئىچىدىن ئۇنىڭ ئورنىغا بىر سۆزنى ئاختۇرۇپ ئىزدىسە، يەنىلا ئەسلىدىكى سۆزدەك مۇۋاپىق بىر سۆزنى تېپىش مۇمكىن ئەمەس.»[69]

كۈنىمىز ئىسلام ئالىملىرىدىن مۇھەممەد ھەمدۇللاھ قورئاندىكى قاپىيەگە مۇناسىۋەتلىك تۆۋەندىكى خاتىرىسىنى بايان قىلىپ:

مۇسۇلمان بولغان بىر فرانسوز مۇزىكانت بىلەن كۆرۈشكەن ۋاقتىمدا، ئۇ ماڭا نەسر سۈرىسىنى قىرائەت قىلغاندا

وَرَأَيْتَ النَّاسَ يَدْخُلُونَ فِي دِينِ اللهِ أَفْوَاجاً ﴿2﴾ فَسَبِّحْ

دەپ ئىككى ئايەت ئوتتۇرىسىدا توختاپ ئوقۇغاندا، مۇزىكا جەھەتتىن بەك يېقىملىق تۇيۇلمايدىغانلىقىنى ئېيتتى. مەن ئۇنىڭغا بۇ يەردە «**أَفْوَاجاً**» دەپ توختاپ تۇرۇشقا بولمايدىغانلىقىنى، پەقەت «ئەفۋاجەن-ۋە-**فَسَبِّحْ** ...» بۇ يەردە «**ن**» بىلەن «**ف**» بىر-بىرى بىلەن ئارىلىشىدۇ. «**ن**»دىن كېيىن «**ف**»نى تەلەپپۇز قىلىشتىن ئىلگىرى يىنىك بىر «**ۋ**» ئوقۇلىدۇ دەپ ئىزاھلىدىم. بۇ مۇزىكانت قېرىندىشىمىز دەرھال مۇنداق دېدى:

---

69. ئىبنى ئاتىييە: «ئەل-مۇھەررەرۇل-ۋەجىز في تەفسىرىل-كىتابىل-ئەزىز»، بېيرۇت 1413، 1-جىلد، 52.

- پاھ! راست شۇنداقمۇ؟! ھەقىقەتەن سېنىڭ دېگىنىڭدەك بولسا ئەمدى تولۇق بولدى. ئەمدى ئىمانىمنى يېڭىلايمەن! ئاللاھ مېنى ئەپۇ قىلغاي![70] ــ دېدى.

فرانسۇز مۇزىكشۇناس بۇ ئىزاھاتنى ئاڭلىغاندىن كېيىن ئەمدى مۇزىكا جەھەتتە قۇرئانغا ھەقىقەتەن قايىل بولغانلىقىنى چۈشەنگەن ئىدى. ھەقىقەتەن قۇرئاننىڭ قاپىيداشلىقى ئادەتتىن تاشقىرى بىر نىزام ئىچىدە بولۇپ، بۇنىڭغا ئىنساننىڭ كۈچى يەتمەيدۇ. مۇشۇنداق بىر مۇكەممەل كىتابنىڭ ئورنىغا ئادەتتىكىچە بىر كىتابنى دەسسىتىش قانداقمۇ مۇمكىن بولسۇن؟!

### 2) كۆڭۈلگە تەسىر قىلىشى

قۇرئانى-كەرىم بۇ ئالاھىدىلىكى بىلەن ئىنسانلارنىڭ قەلبىنى لەرزىگە سالغان. ئەرەبلەر ئۇنى رەسۇلۇللاھ ئەلەيهىسسالامنىڭ ئېغىزىدىن ئاڭلاپ، توپ-توپ بولۇپ ئىمان ئېيتقان. پۈتكۈل مۇشرىكلار ئۇنىڭغا ئوخشاش بىرەر قاپىيە ئوتتۇرىغا قويالمىغانلىقى ئۈچۈن، قۇرئاننىڭ فاساھات ۋە بالاغىتىنى كۆڭلىدە ئېتىراپ قىلغان. ئۇلار ھاكاۋۇرلۇق قىلىپ، بىر يېتىمگە ئەتائەت قىلىشنى خالىمىغانلىقى ئۈچۈنلا قۇرئاننى رەت قىلغان.

خەلقنى قۇرئان ئاڭلاشتىن توسقان بەزى ئەشەددىي مۇشرىكلاردىن ئەبۇ سۇفيان، ئەبۇ جەھىل ۋە ئەخنەس ئىبنى شەرىك بىر-بىرىدىن خەۋەرسىز كېچىدە يوشۇرۇن ھالەتتە پەيغەمبەر ئەلەيهىسسالام كەبىدە ئوقۇۋاتقان قۇرئاننى ئاڭلاش ئۈچۈن كەلگەن، بۇ چاغدا ئۆزئارا تەساددىپىي دوقۇرۇشۇپ قالغاندا بىر-بىرىنى ئەيىپلىشىپ كەتكەن ئىدى. بۇ ئەھۋال ئۈچ كۈن مۇشۇنداق داۋاملاشقاندىن كېيىن، نىھايەت بىر بىرىگە:

«باشقىلار ھەرگىز كۆرۈپ قالمىسۇن! خەلق بىزنىڭ بۇ ھالىمىزنى كۆرۈپ قالسا، چوقۇم شەرمەندە بولىمىز. بۇندىن كېيىن ئۇلارغا گەپ ئاڭلىتالمايمىز.» دېيىشىپ قىلغان ئىشنى تەنقىد قىلىشقاندىن كېيىن، بۇندىن كېيىن كېلىپ قۇرئان

70. بۇ ۋەقەنىڭ تەپسىلاتىنى بىلمەكچى بولسىڭىز مۇھەممەد ھەمدۇللاھ يازغان «قۇرئانى-كەرىم تارىخى»، ئىستانبۇل، 1993-يىل، 94-95-بەتلەرگە قاراڭ.

ئاڭلىمايدىغانلىقىغا دائىر بىر-بىرى بىلەن ئەھدىلەشكەن ئىدى.» (ئىبنى ھىشام، 1-جىلد، 337-338)

قۇرئان ئۇسلۇبى كىشىلەرنى قاتتىق تەسىرلەندۈرىدىغان دەرىجىدە جەلىپكار بولغانلىقى تۈپەيلى، مۇشرىكلار خەلق قۇرئاننىڭ ئاۋازىنى ئاڭلاپ قالمىسۇن دەپ قەستەن قالايمىقان ۋاراڭ-چۇرۇڭ ئاۋازلىرىنى چىقىرىشاتتى ۋە قۇرئان ئوقۇشنى چەكلەيتتى.

چۈنكى قۇرئاننىڭ نەغمىسى قۇلاققا ئاڭلانغاندا قەلب پۈتۈنلەي ئۇنىڭغا رام بولىدۇ، ئۇنىڭدىن ھۇزۇر ۋە لەززەت ئالىدۇ. بىر ئاز ئىلگىرىلىگەندىن كېيىن مۇھەببەت ۋە ھۆرمەتكە غەرق بولىدۇ. بەزى ئايەتلەر قۇلاققا ئاڭلانغاندا ئىنسانغا خۇشاللىق ۋە زەۋق بېرىدۇ، قەلبنى يۇمشىتىپ، كۆڭۈلنى راھەتلىتىپ، ئىماننى كۈچلەندۈرىدۇ. بەزى ئايەتلەر كىشىنى چۆچۈتۈپ، قورقۇتۇپ قەلبنى تىترىتىدۇ. بۇنى مۇسۇلمانلارنىڭ يېنىدا ئىنكارچى ۋە ئېتىقادسىز نۇرغۇن كىشى ئېتىراپ قىلىشقا مەجبۇر بولغان. (ئابدۇلقادىر ئاتا: «ئەزەمەتۇل-قۇرئان»، 87-بەت)

يەنە نۇرغۇن كىشى قۇرئاننىڭ بۇ خىل تەسىرى سايىسىدە مۇسۇلمان بولغان:

جۇبەير ئىبنى مۇتئىم تۇر سۈرىسىنى رەسۇلۇللاھ ئەلەيھىسسالامدىن ئاڭلاپ ھېس قىلغان تەسىرىنى «گويا قەلبىم پارتلاپ كېتىدىغاندەك ھېس قىلدىم»، «قەلبىم ھاياجاندىن خۇددى قاناتلىنىپ ئۇچىدىغاندەكلا ئىدى»[71] دەپ بايان قىلغان.

ھەبەش نەجاشىسى ئاشامانىڭ قۇرئاننى ئاڭلاپ قاتتىق تەسىرلىنىشى، ئىنتايىن قوپال، تاش يۈرەك ھەزرىتى ئۆمەرنىڭ ئاڭلىغان ئايەتلەرنىڭ تەسىرى بىلەن قەلبى يۇمشاپ مۇسۇلمان بولۇشى، شائىر تۇفەيل ئىبنى ئامر ئەددەۋسىنىڭ پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامدىن ئىسلامنى سوراپ ئاڭلاپ، قۇرئان تىڭشىغاندىن كېيىن: «ۋەللاھى، مەن ھېچقاچان قۇرئاندىنمۇ گۈزەل بىر سۆز، ئىسلامدىنمۇ گۈزەل بىر دىن ئاڭلاپ باقمىدىم!» دەپ ئىمان ئېيتىشى ۋە ئىسلامنى تەبلىغ قىلىش ئۈچۈن قەبىلىسىنىڭ يېنىغا قايتىشى، مەككىلىكلەرنىڭ بالىلىرى ۋە قۇل-چۆرىلىرىگە تەسىر قىلىشىدىن قورققانلىقى ئۈچۈن ھەزرىتى ئەبۇ بەكرىنىڭ قۇرئان ئوقۇشنى مەنئى قىلىشى، قۇرئاننى ئاڭلىغان بىر توپ جىننىڭ:

---

71. بۇخارى: «تەفسىر»، 52.

**«شۈبھىسىزكى، بىز توغرا يولغا باشلايدىغان ئاجايىپ قۇرئاننى ھەقىقەتەن ئاڭلىدۇق. ئۇنىڭغا ئىمان ئېيتتۇق، پەرۋەردىگارىمىزغا ھېچكىمنى شېرىك كەلتۈرمەيمىز.»** (جىن سۈرىسى 1-2-ئايەتلەر) دېيىشى ۋە بۇنىڭغا ئوخشايدىغان نۇرغۇن ۋەقەلەر بۇنى مۇئەييەنلەشتۈرمەكتە.

قۇرئانى-كەرىمنىڭ تەسىرى توغرىسىدا جون داۋېنپورت[72] مۇنداق دېگەن:

«ئەدەبىي نوقتىئىنەزەردە تۇرۇپ ئېيتقاندا، قۇرئانى-كەرىم شەرقنىڭ ئەڭ شاھانە ئەسىرىدۇر. قۇرئانى-كەرىمنىڭ ئەرەپ تىلى ئۇچۇن ھۆججەت بولغانلىقىدا شەك-شۈبھە يوقتۇر. گوئېسي[73] ئېيتقاندەك، قۇرئان ئوقۇرمەنلىرىنىڭ قەلبىگە ئۆزىنىڭ پاسونى ۋە گۈزەللىكى بىلەن تەسىر قىلىدۇ.»[74]

قۇرئان سۆزلىرىدىكى قاپىيە ۋە مۇزىكا ئۇنىڭدىكى ئاۋاز رىتىمىنىڭ، يەنى كەلىمىلەر، ھەرپلەر، سۈكۈن (جەزىم) ۋە ھەرىكىلەرنىڭ (سوزۇق تاۋۇش ئىشارەتلىرىنىڭ)، ئۇزۇن-قىسقا بوغۇملارنىڭ ئەڭ مۇۋاپىق شەكىلدە تىزىلغانلىقىدىن كېلىپ چىققان. قۇرئاندا ئەڭ گۈزەل ئاھاڭ ۋە قاپىيە بار. بىر ئاھاڭدىن يەنە بىر ئاھاڭغا ئۆزگەرگەندىمۇ قەلبلەرنى لەرزىگە سالىدۇ. مەنىسىنى چۈشەنمەيدىغانلارمۇ مۇڭلۇق قۇرئان قىرائىتىدىن ئۆزگىچە بىرخىل لەززەت ئالىدۇ.

### 3) لەفزى (سۆز) بىلەن مەنا ئوتتۇرىسىدىكى ماسلىششچانلىق

قۇرئان ئۇسلۇبىدا مەنا بىلەن سۆز بىر-بىرى بىلەن ئىنتايىن ياخشى ماسلاشقان. ئۇ دېمەكچى بولغان بىر مەنىنى ئەڭ گۈزەل ۋە كۈچلۈك شەكىلدە ئىپادىلىيەلەيدىغان سۆزنى ئۆزگەرتكىلى بولمايدىغان بىر قۇدرەتتە ئىشلەتكەن. بۇ ئارقىلىق سۆز بىلەن مەنا ئوتتۇرىسىدىكى ماسلىششچانلىقنى «كالام» سۈپىتىنىڭ مۇتلەق ئىگىسىگە

72. لورد جون داۋېنپورت 19-ئەسىرنىڭ ئاخىرلىرىدا ياشىغان ئېنگلىز شەرقشۇناس.

73. جوھان ۋولفگاڭ ۋون گوئېسي (1749-1832) دۇنياغا مەشھۇر رومان، تىياتىر يازغۇچى نېمىس شائىر.

74. جون داۋېنپورت:An Apology for Mohammed and Koran، لوندون، 1869-يىل، 66-بەت.

خاس شەكىلدە ئىپادىلىگەن. بۇ جەھەتتە ئەڭ تالانتلىق ئەدەبىياتچىلارمۇ ئۆزىنىڭ نەقەدەر ئاجىز ئىكەنلىكىنى ھېس قىلىدۇ.

چۈنكى **مەنا** بىلەن **سۆز** بىر-بىرىدىن يىراق ئىككى ئۇچ كەبى بولۇپ، بىرلا ۋاقىتتا ئىككىسىنى دەل جايىدا ئىشلىتىش مۇمكىنسىزدەك كۆرۈنىدۇ. دېمەكچى بولغىنىنى (نىيىتىنى) قىسقا، ئىخچام ھالەتتە ئىپادىلەش ئۈچۈن سۆزنى ئاز ئىشلەتكەن كىشى ئاز ياكى كۆپ مەنىنى جايىدا ئىپادىلەپ بېرەلمەسلىكى مۇمكىن. بۇنىڭ ئەكسىچە، مەنىنى تولۇق ئىپادىلەپ، دېمەكچى بولغىنىنى چالا قويماي ئىپادىلىمەكچى بولغان ئەدىب سۆزنىڭ گۈزەللىك ۋە لاتاپىتىنى بۇزۇپ، گەپنى سوزۇشقا مەجبۇر بولۇپ قالىدۇ. ئەدىبلەر پەقەت ئىلمىنىڭ كۆپلۈكى ۋە شۇ پەيتتىكى ئىلھامىنىڭ تۈرتكىسى بىلەن نىسپىي مۇكەممەل يازالىشى مۇمكىن. بۇنىڭ ئەڭ ساغلام دەلىلى بىر ئەدىب ئىلگىرى يازغان ئەسىرىنى تەكرار كۆزدىن كەچۈرگىنىدە بەزى مەزمۇنلارنى چىقىرىپ تاشلاپ، بەزى مەزمۇنلارنى ئىلاۋە قىلىشى، تەھرىرلىشى، ئەسىرىنى تۈزىتىپ ئۆزگەرتىپ تېخىمۇ مۇكەممەللەشتۈرگەنلىكىدە كۆرۈلىدۇ. ھەتتا ئەڭ گۈزەل ئەسىرىنى يەتمىش قېتىم كۆزدىن كەچۈرسە ھەر قېتىمدا بىر يېرىنى ئۆزگەرتىش، تۈزىتىش، تەھرىرلەش كېرەكلىكىنى ھېس قىلىدۇ. قۇرئانىنىڭ بولسا، قانچە ئەسىرلەر ئۆتكەن بولسىمۇ سۆز ۋە مەنىسىدە قىلچىلىك ئۆزگەرتىش ئېھتىياجى ھېس قىلىنماس.

قۇرئانىنىڭ تىل ۋە ئۇسلۇبىدا ئۈستۈن بولغان بىر تەرەپ شۇكى، قايسى ساھەدە سۆز سۆزلىسە سۆزلىسۇن، دائىم ئەڭ گۈزەل ماتېرىيالنى ۋە دېمەكچى بولغان مەنىگە ئەڭ ئۇيغۇن تەركىبنى تاللىغانلىقى، ئەڭ كىچىك بىر ھەرپنىمۇ دەل جايىدا ئىشلىتىپ، دېمەكچى بولغان مەقسەتنى كەم-كۈتسىز نەق ئىپادىلەپ بەرگەنلىكىدۇر. قىسقا ۋە ئىخچام بايان قىلىنغان يەرلەردە مەنىنى ئىپادىلەشكە سەل قارالمىغىنىدەك، مەزمۇن تەپسىلىي، ئىنچىكە بايان قىلىنغان يەرلەردىمۇ سۆز ئىسراپى يوقتۇر.

### 4) ھەر خىل سەۋىيىدىكىلەرگە خىتاب قىلىشى

قۇرئانى-كەرىم ئوخشاش بىر ۋاقىتتا پەرقلىق زامان ۋە ماكانلاردا ياشايدىغان ھەر خىل سەۋىيىدىكى ئىنسانلارغا ئۇلارنىڭ ئىدراك قابىلىيىتىگە ئاساسەن خىتاب قىلىدۇ. سەۋىيىسى بىر-بىرى بىلەن ئوخشاشمايدىغان بىر توپ كىشى بىر مەجلىستە ئولتۇرۇپ قۇرئان ئاڭلىسا، ھەر كىشى ئۆزىنىڭ چۈشىنىش قابىلىيىتىگە ئاساسەن

قۇرئاننىڭ تۇراقلىق قاپىيىسىنى پەرقلىق ھالدا ھېس قىلىدۇ. بىر ئىنساننىڭ بۇ خىل بىر ئەسەر يېزىپ چىقىشى ئەسلا مۇمكىن ئەمەس.

قۇرئاننىڭ مەنىلىرىدىن كەلگۈسىدىكى ئەۋلادلارغىمۇ يېڭى چۈشەنچىلەر قالىدۇ. پەرقلىق كۆز قاراشلارغا ئىمكان بەرگەن بىر ئايەتنى دەسلەپكى دەۋردىكى كىشلەر ئۆزىنىڭ ئەمىلىي ئەھۋالىغا ئاساسەن، كېيىنكىلەرمۇ ھاسىل قىلغان ئىلمىي سەۋىيىلىرىگە ئاساسەن ئىزاھلايدۇ. چۈنكى قۇرئانى-كەرىم ھەر دەۋردە ئىنسانلار ئىگە بولالايدىغان تېخىمۇ كۆپ بىلىمنى ئۆز ئىچىگە ئالغان. چۈنكى ئۇ ئاسمان-زېمىندىكى سىرلارنى بىلگۈچى ئاللاھتائالا تەرىپىدىن نازىل بولغان.[75] قۇرئان ئايەتلىرى ئاللاھنىڭ ئىلمىنىڭ بىزگە ئېچىلغان دېرىزىلىرىدۇر. قەلب كۆزىمىز ۋە ئىدراكىمىز قانچىلىك ئۆتكۈر بولسا، ئايەتلەردىن ئالىدىغان ئىلىممۇ شۇنچىلىك كۆپ بولىدۇ.

بۇ جەھەتتە بۈيۈك ئەرەب ئەدىبى مۇستاپا سادىق ئەررافىئى مۇنداق دەيدۇ:

«قۇرئانى-كەرىمنىڭ مۆجىزىلىرىدىن بىرى ھەر دەۋردە بىلىنمەيدىغان بەزى ھەقىقەتلەرنى دائىم بىلىنىدىغان كەلىمىلەر ئىچىدە ساقلىغانلىقى ۋە بۇلارنى ۋاقتى كەلگەندە ئىزھار قىلىپ ئاشكارىلىغانلىقىدۇر.» (م.سادىق ئەررافىئى: «ۋەھيۇل-كەلام»، 2-جىلد،66)

يەنە ئەدەبىيات ئۇستازلىرىدىن ئابباس ماھمۇد ئاققاد مۇنداق دەيدۇ:

«قۇرئاننىڭ خىتابى پەقەتلا ساۋاتسىز ئەرەپلەرگە ياكى 20-ئەسىرنىڭ ئىنسانلىرىغا مەخسۇس قىلىنغان ئەمەس. لېكىن ئۇ بارلىق زامان ۋە ماكان ئۈچۈن بىر ئومۇمىيلىقنى ئىپادىلەيدۇ. چۈنكى ئىنسانىي بارلىق ئەسىردە ئوخشاش بىر خىل تەپەككۇر قارىشىغا ئىگە بولىدۇ دەپ قاراش ئەقىلگە ئۇيغۇن ئەمەس.» (ئا. ماھمۇد ئاققاد: «مەۋسۇئا»، 4-جىلد، 203)

قۇرئان ئۇسلۇبى ھەم ئەقىلگە ھەمدە قەلبكە ئۇيغۇن ھالدا خىتاب قىلغانلىقى ئۈچۈن ئۇنى ئوقۇغۇچى ئۇنىڭدىن لەززەت ئالىدۇ.

---

75. فۇرقان سۈرىسى 6-ئايەت.

### 5) بەزى ئايەت مەزمۇنلىرىنىڭ تەكرارلىنىشىدىكى ھېكمەت

قۇرئان ئۇسلۇبىدا بەزى ھەقىقەتلەر ئىنسانلارنىڭ قەلبىگە، زېھنىگە نەقىشتەك يەرلىشىشى ئۈچۈن تەكىتلىنىپ تەكرارلانغان. قۇرئاندا تەكرارلانغانلار: مۇستەھكەملەش، تەلىم-تەربىيە، تەھدىت، گۇناھ قىلىشتىن ۋە ئاللاھقا قارشى چىقىشتىن ساقلاش، ئىنسانىنى ئويلاندۇرۇپ ئىبرەت ئالدۇرۇش[76]، ماۋزۇنى تەسۋىرلەپ، زېھنگە ئاسان يەرلەشتۈرۈش قاتارلىق مەقسەتلەردە بالاغەت قائىدىلىرى بويىچە تېگىشلىك يەردە مۇۋاپىق يەر ئالغان. يەنى بۇ تەكرارلىنىشلار نۇرغۇنلىغان بالاغەت مېغىزلىرىنى ئۆز ئىچىگە ئالغان.

قۇرئانى-كەرىمدە تەكرارلانغان ئايەتلەر ھەمىشە ئوخشاش كەلمەيدۇ. ئوخشاش مەنە، پەرقلىق قېلىپ ۋە تەبىرلەر بەزىدە تەپسىلىي، بەزىدە قىسقا بايان قىلىنىش ئارقىلىق كالامنىڭ پەرقلىق شەكىللىرىدە كېلىدۇ. دىنىي ھەقىقەتلەر ئۇسلۇبىنىڭ پەرقلىق شەكىللىرى بىلەن نەپىسكە ياخشى يەرلەشتۈرۈلىدۇ. ئايەتتە مۇنداق دېيىلگەن:

**«(رەسۇلۇم) ئۇلارنىڭ تەقۋادار بولۇشلىرى ئۈچۈن ياكى ئۇلارنى ۋەز-نەسىھەتكە ئىگە قىلىش ئۈچۈن، ساڭا ئەرەبچە قۇرئاننى نازىل قىلدۇق ۋە ئۇنىڭدا تۈرلۈك ئاگاھلاندۇرۇشلارنى بايان قىلدۇق.»** (تاھا سۈرىسى 113-ئايەت)

يەنى قۇرئانى-كەرىم ئارىدىن ئۇزۇن ۋاقىت ئۆتۈشى بىلەن بىرىنچى قېتىملىق ئاگاھلاندۇرۇشنىڭ ئۇنتۇلۇشىنىڭ ئالدىنى ئېلىش ۋە مەنىنى ياخشى يەرلەشتۈرۈش ئۈچۈن سۆزنىڭ نەق ئۆزىنى ياكى ئوخشاش مەقسەتنى ئىپادىلەيدىغان باشقا شەكلىنى تەكرارلايدۇ. بۇ، قۇرئان ئۆز ئىچىگە ئالغان بىر تەربىيە مېتودىدۇر.

قۇرئانى-كەرىمدە تەكرارلانغان ماۋزۇلارنىڭ ھەر بىرىنى ئوقۇغىنىمىزدا يېڭى بىر خەۋەر ئوقۇغاندەك تۇيغۇغا كېلىپ ھاياجانلىنىمىز. ئىنساننىڭ ئۇزۇن، قىسقا ھەر ئىككى خىل ئۇسلۇبقا ئېھتىياجى بار. چۈنكى بەزى كىشىلەر قىسقا، ئىخچام بايانلاردىن رازى بولسا، يەنە بەزى ئىنسانلار تەپسىلىي بايانلارغا ئېھتىياجلىق. قۇرئانى-كەرىم

76. تاھا سۈرىسى 113-ئايەت؛ قەسەس سۈرىسى 51-ئايەتكە قاراڭ.

بارلىق ئىنسانلارغا خىتاب قىلغانلىقى ئۈچۈن پەرقلىق ئۇسۇل ۋە ئۇسلۇبتا مۇھىم مەنىلەرنى تەكرارلىغان ۋە بارلىق ئىنسانلارنىڭ ئېھتىياجىغا جاۋاب بەرگەن.

تاشكۆپرۈلۈزادە[77] بۇ جەھەتتە مۇنداق دەيدۇ:

«قۇرئاندا سۆز جەھەتتە تەكرار باردەك كۆرۈنگەن بىلەن ئەمەلىيەتتە مەنە جەھەتتە تەكرار يوقتۇر. چۈنكى ئىككى مەنىداش سۆزنىڭ بىر يەردە بىللە كېلىشى بىلەن ئوتتۇرىغا چىققان مەنىنى يالغۇز سۆز بىلەن ئىپادىلەپ بەرگىلى بولمايدۇ.»

كۈنىمىزدىكى ئىلمىي بايقاشلار قۇرئان قوللانغان ئۇسۇلنىڭ ناھايىتى پايدىلىق بىر مېتود ئىكەنلىكىنى ئوتتۇرىغا قويدى. ئىلمىي تەجرىبىلەر شىرىن بىر ئۇسلۇبتىكى تەكرار بايانىنىڭ ئىنساندا ئاشىنالىق (ئامراقلىق) تۇيغۇسى پەيدا قىلىدىغانلىقى، ئوخشاش ئۇسلۇبتا ھەددىدىن زىيادە كۆپ تەكرار بايانىنىڭ ئەكسىچە تەسىر پەيدا قىلىپ، بىزارلىق تۇيغۇسى پەيدا قىلىدىغانلىقىنى كۆرسەتتى.

ئىنسانلار قۇرئانى-كەرىمنىڭ نېمە ئۈچۈن بەزى قىسسىلەرنى پەرقلىق ئۇسلۇبتا تەكرارلىغانلىقىنى ۋە بۇنىڭ ئەھمىيىتىنى ئەسىرلەردىن بېرى تولۇق چۈشىنىپ يېتەلمىدى. ھەتتا بەزى ئىنكارچىلار بۇنى بىر يېتەرسىزلىك دەپ كۆرسىتىش ئۈچۈن تىرىشتى. لېكىن 20-ئەسىردە ئىلىم-پەن يېتىپ كەلگەن نوقتا قۇرئانى-كەرىم 1400 يىل ئىلگىرى ئىشلەتكەن ئۇسۇل بولدى. بەندىلەرنىڭ تەبىئىتى ۋە خۇسۇسىيەتلىرىنى ئاللاھتىن باشقا كىم تېخىمۇ ياخشى بىلەر؟...

**«(مەخلۇقاتىنى) ياراتقان زات بىلمەمدۇ؟ ئۇ شەيئىلەرنىڭ نازۇك تەرەپلىرىنى بىلگۈچىدۇر، ھەممىدىن تولۇق خەۋەرداردۇر.»** (مۈلك سۈرىسى 14-ئايەت)

✵

77. تاشكۆپرۈلۈزادە ئەخمەد ئەفەندى 1491-1561-يىللىرىدا ياشىغان داڭلىق ئوسمانلى ئالىملىرىدىن بىرى. دادىسى ياۋۇز سۇلتان سەلىمنىڭ ئوقۇتقۇچىسى ئىدى. ئۆزى قانۇنىي دەۋرى ئۆلىماسى بولۇپ، دەسلەپتە بۇرسا، ئەدىرنە ۋە ئىستانبۇل قاتارلىق شەھەرلەردە مۇدەررىسلىك قىلغان، بۇرسا ۋە ئىستانبۇل قازىخانىسىدا قازى بولغان، كۆپ ئەسەر يازغان.

### 6) ئاز سۆز بىلەن كۆپ مەنىنى ئىپادىلىشى

قۇرئانى-كەرىم ئاز كەلىمە بىلەن ئەڭ كەڭرى ۋە ئەڭ باي مەنىلەرنى ئىپادىلەيدۇ.

تەپسىرلىرىمىزدە نەقىل قىلىنغىنىغا قارىغاندا، ئەرەپلەرنىڭ تۇنجى پەيلاسوپى مەشھۇر كىندىگە تالىپلىرى:

- ئەي پەيلاسوپ، بىزگە مۇشۇ قۇرئاننىڭ بىر تەڭدىشىنى يېزىپ بەر. ــ دەپتۇ. كىندى:

- بولىدۇ، ھەممىسىنى ئەمەس بىر قىسمىغا ئوخشايدىغانراقىنى يازاي. ــ دەپتۇ. بىر بۇرجەككە بېرىپ ئولتۇرۇپ كۈنلەرچە ئىشلەپتۇ، ئىشلەپتۇ. كېيىن تالىپلىرىنىڭ يېنىغا چىقىپ مۇنداق دەپتۇ:

- ۋەللاھى، بۇنىڭغا بىزنىڭ ياكى باشقا بىرىنىڭ كۈچى يەتمەيدىكەن. قۇرئاننى شۇنداق ئېچىۋىدىم، كۆزۈمگە مائىدە سۈرىسى كۆرۈندى، ئوقىدىم. ئەھدىگە ۋاپا قىلىشنى ئەمر قىپتۇ، سۆزىدىن يېنىۋېلىشنى مەنئى قىپتۇ، بىر ئومۇمىي تەھلىل قىپتۇ، ئاندىن ئىستىسنانى بايان قىپتۇ، ئاندىن قۇدرەت ۋە ھېكمىتىدىن خەۋەر بېرىپتۇ. بۇ مەزمۇنلارنى پەقەت ئىككى قۇرغىلا سىغدۇرۇپتۇ. بۇلارنى ھېچقانداق بىر ئادەم جىلد-جىلد كىتاب يازماي تۇرۇپ ئىپادىلىيەلمەيدۇ! (ئەبۇ ھەييان: «ئەل-بەخرۇل مۇھىت»، 3-جىلد، 411)

### 7) ئايەت ۋە سۈرىلەر ئوتتۇرىسىدىكى تاناسىپ

قۇرئانى-كەرىمنىڭ ئايەت ۋە سۈرىلىرى ئوتتۇرىسىدا ئاجايىپ ماسلاشقان بىر تاناسىپ مەۋجۇتتۇر. قۇرئان پەرقلىق ماكان ۋە زامانلاردا پارچە-پارچە نازىل بولغان، بىر-بىرىگە ئوخشىمايدىغان تېمىلارنى بايان قىلغان بولسىمۇ، تېكىست ئىچىدىكى بىردەكلىك ۋە ماسلىششچانلىقنى ئەڭ گۈزەل بەدىئىي شەكىلدە ساقلىغان. قۇرئاننىڭ پۈتكۈل قىسىملىرى ئوتتۇرىسىدا ئۇسلۇب ئوخشاشلىقى ۋە لوگىكىلىق پۈتۈنلۈكنى كۆرگىلى بولىدۇ. قۇرئانى-كەرىم ئۆز ئىچىگە ئالغان قىسىملىرىنىڭ بىر-بىرىگە باغلىنىشلىقى جەھەتتىن قارىغاندا بىر سۈرىگە ئوخشايدۇ. ھەتتا يالغۇز بىر ئايەت

كەبى ماسلاشقان. تېخىمۇ ئېنىق ئېيتقاندا، قۇرئاننىڭ ھەممىسى يالغۇز بىر كەلىمە كەبى ماسلاشقان.

قۇرئان سۆزلىرىنىڭ تەركىپلىرى شۇنچىلىك جايىدا يەرلەشكەن ئىكەنكى، بۇ تەركىپلەرنىڭ ئۆزئارا ماسلىششچانلىقى سايىسىدە مۇستەھكەم بىر ۋەھدەت ئوتتۇرىغا چىقىدۇ.

سەئىد نۇرسىي بۇ تېمىنى مۇنداق خۇلاسىلىغان:

«قۇرئانى-كەرىم 23 يىلدا ئېھتىياجغا قاراپ پارچە-پارچە نازىل بولغان بولسىمۇ، ئەمما ھەممە جەھەتتىن شۇنچىلىك گۈزەل تاناسىپقا ئىگە ئىكەنكى، خۇددى بىر قېتىمدىلا نازىل بولغاندەك كامالەتنى نامايەن قىلىدۇ. بۇنچىلىك ۋاقىتتا پەرقلىق ۋە بىر-بىرىدىن ئۇزاق سەۋەپلەر تۈپەيلى نازىل بولغان بولسىمۇ، يالغۇز بىر سەۋەپ تۈپەيلى نازىل بولغاندەك بىر پۈتۈنلۈكنى ئىپادىلەيدۇ. ھەر خىل ۋە تەكرار سورالغان سوئاللارنىڭ جاۋابى بولۇپ نازىل بولغان بولسىمۇ، ئەمما پۈتكۈل ئىنسانلارنىڭ ئورتاق ئېھتىياجى ۋە ئارزۇلىرىنى قاندۇرالايدىغان بىردەكلىككە ئىگە. ھەر خىل ھادىسىلەرنىڭ ھۆكمىنى بايان قىلىش ئۈچۈن نازىل بولغان بولسىمۇ، ئەمما بىر ھادىسىنىڭ ئىزاھاتىنى بەرگەندەك مۇكەممەل بىر ئىنتىزامنى ئۆز ئىچىگە ئالىدۇ. بىر-بىرىگە زىت ۋە ئىنتايىن پەرقلىق ئەھۋاللاردا سان-ساناقسىز ئاڭلىغۇچىنىڭ چۈشىنىش قابىلىيىتىگە ماس ئۇسلۇبلاردا نازىل بولغان بولسىمۇ، ئەمما ئىنتايىن راۋان ۋە ئېنىق ئىپادىلەش ئۇسۇلىنى قوللانغانكى، خۇددى ئوخشاش ئەھۋال ۋە ئوخشاش سەۋىيىدىكى ئىنسانلارغا خىتاب قىلىنىۋاتقاندەك، ھەممە كىشى ئۇنى ئۆز كۆز قارىشى بويىچە ئاسان چۈشىنەلەيدۇ. ھەتتا ھەر بىر سىنىپ، ھەر بىر تەبىقە قۇرئان يالغۇز ماڭىلا گەپ قىلىنىۋاتىدۇ دەپ ئويلايدۇ.» (نۇرسىي: «كۇللىيات» (25-سۆز)، 1-جىلد، 187-بەت)

بۇ ھەقتە ئەلماللىي مۇھەممەد ھەمدى يازىر ئەپەندى مۇنداق دەيدۇ:

«قۇرئاننىڭ سۈرە ۋە ئايەتلىرى تەساددىپىي ھالدا مۇنداقلا ئوتتۇرىغا چىقىپ قالغان ياكى شائىرانە بىر تۇيغۇنىڭ كۈچى بىلەن ھاسىل بولغان قالايمىقان دىۋان ئەمەس، باشتىن-ئاخىرغىچە «بىسمىللاھىررەھمانىررەھىيم» كەبى كەڭ مەنىلىك بىر جۈملە ۋە بەلكى پاساھەتلىك بىر كەلىمە نىزامىدىكى مۇقىم بىر ئىنتىزام ۋە كۆپ ھېكمەتلىك بىر بايان ۋە ئۇسلۇب بىلەن نازىل بولغان بىر ئىلاھىي سۆزدۇر.»

(م.ھەمدى يازىر: 1-جىلد، 47 [بىسمىللاھنىڭ تەپسىرى])

## 2. پاساھەت ۋە بالاغىتى

قۇرئاننىڭ مۆجىزە بولۇشىدىكى ئەڭ مۇھىم تەرەپ ئۇنىڭدىكى بالاغات ۋە ئۇسلۇبتۇر.

بالاغات مەزمۇنغا، مەقسەتكە، ماۋزۇغا ۋە ئاڭلىغۇچىغا ئاساسەن، يەنى كونكرېت ئەھۋالغا ئاساسەن ئەڭ مۇۋاپىق سۆزنى سۆزلەش دېگەنلىكتۇر. قۇرئانى-كەرىم تىلغا ئالغان مەزمۇنلاردا بۇنى ئەڭ گۈزەل شەكىلدە ئەمەلگە ئاشۇرغان.

قۇرئانى-كەرىم پاساھات جەھەتتىمۇ شاھ ئەسەردۇر. ئىشلەتكەن سۆز، تۈزگەن جۈملە ۋە بۇلار بىلەن ئىپادىلەنگەن مەنالاردىن قىلچىلىك ئەيىب-نوقسان تېپىش مۇمكىن ئەمەس.

چۆلدە ياشايدىغان ئىنسانلار ئارىسىدا خۇددى پەيغەمبىرىمىزنىڭ كېلىشىگە تەييارلىق قىلغاندەك تىل تەكامۇللىشىپ تەرەققىي قىلغان ئىدى. ئىسلامىيەتتىن ئىلگىرى ئەدەبىي ئەسەر كۆرگەزمىلىرى، مۇسابىقىلىرى ئۆتكۈزۈلۈپ، يۈزدىن ئارتۇق شائىر بۇ مۇسابىقىلەرگە ئىشتىراك قىلاتتى. بىرىنچىدىن يەتتىنچىگىچە بولغانلار بىرىنچى دەرىجىلىك شائىر بولۇپ باھالىنىپ، شېئىرلىرى كەبىنىڭ تېمىغا ئېسىلاتتى. لېكىن قۇرئان ئايەتلىرى نازىل بولۇشقا باشلىشى بىلەن ئەدەبىيات مۇسابىقىلىرى توختاپ قالدى. مەشھۇر شائىر ئىمرۇل قەيسنىڭ سىڭلىسى شېئىرلارنى ياخشى بىلەتتى. ئۇ:

**« ‹ئى زېمىن سۈيىڭنى يۇتقىن، ئى بۇلۇت تارقىغىن› دېيىلدى، سۇ سوغۇلدى، ئاللاھنىڭ** (كاپىرلارنى غەرق قىلىشتىن ئىبارەت) **ھۆكمى ئىجرا قىلىندى، كېمە جۇدى تېغىنىڭ ئۈستىدە توختىدى، «زالىم قەۋم ھالاك بولسۇن» دېيىلدى.»** (ھۇد سۈرىسى 44-ئايەت)نى ئاڭلاش بىلەنلا:

- ئەمدى ھېچكىمنىڭ دېگۈدەك گېپى قالمىدى. ئاكامنىڭ شېئىرى بۇنىڭدىن كېيىن شەرەپ ئورنىدا تۇرالمايدۇ! ـ دەپ كەبىگە بېرىپ، ئىمرۇل قەيسنىڭ كەبىنىڭ تېمىنىڭ ئەڭ ئۈستىدە ئېسىغلىق تۇرغان قەسىدىسىنى ئېلىۋەتتى. سەۋىيە جەھەتتە

ئۇنىڭدىن تۆۋەن تۇرىدىغان شېئىرلار (مۇئاللاقات)قا گەپ كەتمىگەنلىكى ئۈچۈن ئۇلارنىمۇ كەبىنىسىڭ تېمىدىن بىر-بىرلەپ ئېلىۋەتتى.[78]

شائىرلارنىڭ رەئىسى بولغان مەشھۇر ۋەلىد ئىبنى مۇغىرە:

**«ئاللاھ ھەقىقەتەن** (كىشىلەر ئارىسىدا) **ئادىل بولۇشقا،** (جەمى خەلققە) **ياخشىلىق قىلىشقا، خىش-ئەقرىبالارغا سىلە-رەھىم قىلىشقا بۇيرۇيدۇ، قەبىھ** (سۆز-ھەرىكەتلەر)**دىن، يامان ئىشلاردىن ۋە زۇلۇم قىلىشتىن توسىدۇ، نەسىھەتنى قوبۇل قىلسۇن دەپ، ئاللاھ سىلەرگە پەند-نەسىھەت قىلىدۇ.»** (نەھل سۈرىسى 90-ئايەت) ئايىتىنى ئاڭلىغاندىن كېيىن، قۇرئاندىكى ئىلاھىي سىرنى چۈشىنىپ ھەقىقەتنى ئېتىراپ قىلىشقا مەجبۇر بولۇپ، مۇنداق دېگەن:

«ۋەللاھى، بىر ئاز ئىلگىرى مۇھەممەدتىن بىر سۆز ئاڭلىدىم. ئۇ ئىنسانىنىڭ سۆزىمۇ ئەمەس، جىننىڭ سۆزىمۇ ئەمەس. ھەم تاتلىق ھەم يېقىملىق. قانداق سۆز دەپ سورىماڭلار! ئۈستىدە مېۋىسى، ئوتتۇرىسىدا بۆك-باراقسان ياپراقلىرى، ئاستىدا مول سۈيى بار. شۇنداق بەرىكەتلىك! ئۇ جەزمەن يۈكسىلىدۇ. ئۇنىڭ ئۈستىگە چىققىلى بولمايدۇ.»

ۋەلىد ئىبنى مۇغىرە يەنە:

«قۇرەيشنىڭ چوڭى بولغان مەن ۋە سەقىفنىڭ كاتتىسى ئەبۇ مەسئۇد تۇرغان يەردە ۋەھيى مەھەممەدكە نازىل بولدىمۇ؟! ھالبۇكى، بىز بۇ ئىككى شەھەرنىڭ كاتتىۋشى، (ۋەھيى بىزگە كەلسە ئەڭ لايىق)! ـ دېگەن ئىدى. بۇنىڭ بىلەن ئاللاھ:

**«ئۇلار: ‹بۇ قۇرئان نېمىشقا ئىككى شەھەر** (يەنى مەككە بىلەن تائىف ئادەملىرىدىن) **بىر كاتتا ئادەمگە نازىل قىلىنمىدى؟› دېيىشتى»** (زۇخرۇف سۈرىسى 31-ئايەت)نى نازىل قىلدى.

يەنى ۋەلىد ئىبنى مۇغىرە قۇرئانىنىڭ ھەقىقەت ئىكەنلىكىنى كۆڭلىدە قوبۇل قىلدى. لېكىن نەپسانىيەتچىلىكى ۋە ئىبلىس كەبى ھاكاۋۇرلۇقى غالىپ كېلىپ

78. ئەخمەد جەۋدەت پاشا: «قىسسەسى ئەنبىيا ۋە تەۋارىخى خۇلەفا»، ئىستانبۇل، 1976-يىل، 1-جىلد، 83-بەت.

ئاللاھنىڭ ئىرادىسىنى خاتا دەپ قاراشتىنمۇ يانمايدىغان پەسكەش ھالغا چۈشۈپ قالدى.

ئاللاھ ئۇنىڭغا ئوخشاش كىشىلەرگە مۇنداق گۈزەل جاۋاب بەردى:

**«پەرۋەردىگارىڭنىڭ رەھمىتىنى ئۇلار تەقسىم قىلىپ بېرەمدۇ؟...»**

(زۇخرۇف سۈرىسى 32-ئايەت)

بالاغەتنىڭ ئەڭ يۈكسەك دەرىجىسى قۇرئاندا مەۋجۇتتۇر. بۇ جەھەتتە ئەرەپلەر ۋە ئەرەپ ئەمەسلەر (ئەجەملەر) قۇرئاننىڭ ئوخشىشىنى قەتئىي ئوتتۇرىغا قويالمايدۇ. بۇمۇ قۇرئاننىڭ مۆجىزىۋى خۇسۇسىيەتلىرىدىن بىرىدۇر. (رومانى: «ئەننۇكەت»، 69-70-بەتلەر)

بىر ئىنسانغا قانچىلىك كۈچ-قۇۋۋەت بېرىلسە بېرىلسۇن، بالاغەتنىڭ يۇقىرى پەللىسگە چىقىشقا كۈچى يەتمەيدۇ. ئىنسان يازمىسىدا بالاغەتنى جايىدا ئىپادىلەش ئۈچۈن ئەرەپچىنىڭ بارلىق سۆزلىرىنى باشقا مەنىداش كەلىمىلەر بىلەن بىرلىكتە تاسقاپ چىقىشى ۋە دىمەكچى بولغان مەنىگە، تەسۋىرلەنمەكچى بولغان سۈرەتكە ئەڭ مۇۋاپىق كېلىدىغان سۆزنى تاللىشى لازىم. چۈنكى سۆز زېھىندىكى مەنە ۋە ئۇنى بىلدۈرۈدىغان لەفزى (سۆز) ۋە تەسەۋۋۇردىكى مەنە ئۈچۈن شەكىللەنگەن سۈرەتنىڭ ئىنچىكە جىپسىلىقى (ماسلىششچانلىقى)، تاناسىپلىقى نىسبىتىدە بالىغ ھېسابلىنىدۇ. ئىنسان بولسا بۇنچىلىك قىيىن ئىشنى دەل جايىدا قاملاشتۇرۇپ قىلالمايدۇ. لېكىن قابىلىيىتى نىسبىتىدە بىر قىسمىنى قىلىشقا مۇۋەپپەق بولالايدۇ. بۇنىڭ ئىككى سەۋەبى بار:

1) مەنە، پىكىر ۋە تەسەۋۋۇر ئىنسان نەپسىنىڭ ۋە روھىنىڭ چوڭقۇر قاتلاملىرىدا پەيدا بولىدۇ. لەفزىلەر (سۆزلەر) ۋە ئاتالغۇلار بولسا ئىنسانغا سىرتتىن كېلىدۇ. بۇ سەۋەپتىن لەفزىلەر چەكلىك ۋە ئازدۇر. شۇڭا بىرلىككە كەلگەن قاراش شۇكى، بىر تىل قانچىلىك كەڭ ۋە باي بولىشىدىن قەتئىنەزەر، مەنە ۋە تۇيغۇلارنىڭ ئاز بىر قىسمىنى ئىپادىلىيەلەيدۇ. مەسىلەن: «ئالەم» ۋە «گۈزەل» دېگەن سۆزلەرنى نۇرغۇنلىغان ئاڭ، ھېس-تۇيغۇ ۋە مەنە تۈرلىرىنى تەسۋىرلىگەندە ئارىلاشتۇرۇپ ئىشلىتىمىز. بۇ تۈرلەرنى پەرقلەندۈرۈپ، ھەر بىرى ئۈچۈن ئەڭ ئۇيغۇن لەفزى (سۆز)نى ئىشلىتىشكە قادىر بولالمايۋاتىمىز. بۇنىڭغا ئوخشاش نۇرغۇنلىغان سۆزلەر بىر-بىرىدىن پەرقلىق كۆپ خىل مەنە ئۈچۈن قوللىنىلىۋاتىدۇ، ئوتتۇرىسىدىكى ئورتاق نوقتا يۈزەكى باغلىنىشتىن

باشقا نەرسە ئەمەس. بىر ئىنسان بۇ ئىنچىكە پەرقلىق مەنىلەرنى تولۇق ئىپادىلەش ئۈچۈن تىرىشقان چېغىدا بۇنىڭغا سەۋر-تاقىتىنىڭ يەتمەيدىغانلىقىنى چۈشىنىدۇ.

2) قانداق بولىشىدىن قەتئىينەزەر، قۇرئان تىلى بولغان ئەرەپچە بارلىق تىللار ئىچىدە ئالاھىدە ئورۇندا تۇرىدۇ. ئەرەپچە مول سۆزلۈك ۋە كەلىمە دېڭىزىدۇر. بۇ كەلىمىلەرنىڭ مۇتلەق كۆپ قىسمى مەنىداش كەلىمىلەر، يەنى مەنىسى تەخمىنەن يېقىن كېلىدىغان پەرقلىق كەلىمىلەردۇر. بىر ئەدىپ قانچىلىك بالاغەت ئىگىسى بولسا بولسۇن، زېھنىدە قانچىلىك سۆزلۈك بولسا بولسۇن، كەلىمىلەرنىڭ ھەممىسىنى بارلىق مەنىداشلىرى ۋە تولۇق مەنىسى بىلەن بىلەلىشى مۇمكىن ئەمەس. بۇ سەۋەپتىن ھەمىشە كۆڭلىدە ئىپادىلىمەكچى بولغان مەنە ۋە ھېسلەر ئۈچۈن ئەڭ يېقىن كەلىمىنى تاللاپ تېپىپ قوللىنىشى بىر ئاز ئىمكانسىز. لېكىن سۆزلىمەكچى ياكى يازماقچى بولغىنىدا تىز ئويلاپ، ئەقلىگە تۇنجى كەلگەن كەلىمىنى ئىشلىتىدۇ. ئىشلەتمەكچى بولغان كەلىمىنى بىر ئاز ئويلاپ باقسا، مەنىگە تېخىمۇ يېقىن ۋە مۇۋاپىق بولغان باشقا بىر كەلىمىنى تاپالايدۇ. لېكىن بۇنى داۋاملىق مۇشۇنداق قىلىپ كېتەلمەيدۇ. بەزىدە مۇۋەپپەق بولىسمۇ، كۆپىنچە ھاللاردا مۇۋەپپەق بولالمايدۇ. مەقسىدىنى تېخىمۇ ئوچۇق ئىپادىلەپ بېرەلەيدىغان كەلىمە ۋە مەنىداش سۆزلەر ھەمىشە مەۋجۇت بولۇپ تۇرىدۇ.

بەزىدە ھېس قىلىنغان مەنىنى ئىپادىلەش ئۈچۈن ئەڭ مۇۋاپىق بولغان كەلىمىنى تاللاشنىڭ ئۆزىلا يېتەرلىك بولماسلىقى مۇمكىن. كەلىمىلەرنىڭ تىزىلىشى، جۈملىنىڭ قۇرۇلمىسى، تېكىست ئابزاسلارنىڭ سىياقى ۋە باغلىنىشچانلىقى قاتارلىقلارمۇ مەنە ۋە ھېس-تۇيغۇلارنى ئىپادىلەيدىغان ۋاستىلاردۇر. قۇرئانى-كەرىم مەنىداش سۆزلەر ئارىسىدا ئىشارەت جەھەتتە ئەڭ مۇۋاپىق، تەسۋىرلەش جەھەتتە ئەڭ مۇكەممەل بولغان كەلىمىلەرنى ئىشلەتكەن. تىلنىڭ ئىمكانلىرى تۈگەپ، ئاخىرىدا تىلنىڭ تەسۋىرلەش دائىرىسىدىن ھالقىغان بەزى مەنە ۋە تەسەۋۋۇرلار ئېشىپ قالغان چاغدا قۇرئانى كەلىمىلەر بۇلارنى نەزمە، ئاھاڭ، ۋەزن ۋە ئۆلچەم يولى بىلەن ئىپادىلىگەن. بۇلار بولسا قۇرئان ئوقۇغۇچى كەلىمىلەرنى بىر-بىرى بىلەن باغلاشتۇرۇپ تىلاۋەت قىلغان ياكى قىرائەت ئاڭلىغان پەيتتە ھېس قىلىدىغان، قۇرئاننىڭ بىر پۈتۈنلىگى ئىچىدە مەۋجۇت بولغان مەنىلەردۇر.

قۇرئانى-كەرىمنىڭ ئەڭ گۈزەل كەلىمىلەرنى تاللاپ، ئۇلارنى ئەڭ مۇناسىپ يەرلەردە كۆركەم پاساھەت ۋە بالاغەت بىلەن قوللانغانلىقىنى ئەكس ئەتتۈرۈپ بېرىدىغان شۇ مىسالغا بىر نەزەر سالايلى:

ئەبەسە سۈرىسىدە مۇنداق دېيىلگەن:

فَإِذَا جَاءَتِ الصَّاخَّةُ ﴿33﴾ يَوْمَ يَفِرُّ الْمَرْءُ مِنْ أَخِيهِ ﴿34﴾ وَأُمِّهِ وَأَبِيهِ ﴿35﴾ وَصَاحِبَتِهِ وَبَنِيهِ ﴿36﴾ لِكُلِّ امْرِئٍ مِّنْهُمْ يَوْمَئِذٍ شَأْنٌ يُغْنِيهِ

**«(قىيامەتنىڭ) قۇلاقنى گاس قىلغۇدەك قاتتىق ئاۋازى كەلگەن چاغدا (ھەممە ئادەم ئۆز ھالى بىلەن بولۇپ قالىدۇ). ئۇ كۈندە كىشى ئۆزىنىڭ قېرىندىشىدىن، ئانىسىدىن، ئاتىسىدىن، خوتۇنىدىن ۋە بالىلىرىدىن قاچىدۇ. ئۇ كۈندە ھەر ئادەمنىڭ بىر ھالى بولىدۇكى، ئۇنىڭ باشقىلارغا قارىشىغا (شۇ ھالى) يار بەرمەيدۇ.»** (ئەبەسە سۈرىسى 33-37-ئايەتلەر)

مائارىج سۈرىسىدە مۇنداق دېيىلگەن:

يُبَصَّرُونَهُمْ يَوَدُّ الْمُجْرِمُ لَوْ يَفْتَدِي مِنْ عَذَابِ يَوْمِئِذٍ بِبَنِيهِ ﴿11﴾
وَصَاحِبَتِهِ وَأَخِيهِ ﴿12﴾ وَفَصِيلَتِهِ الَّتِي تُؤْوِيهِ ﴿13﴾
وَمَن فِي الْأَرْضِ جَمِيعاً ثُمَّ يُنجِيهِ ﴿14﴾ كَلَّا إِنَّهَا لَظَى

«(ھەر ئادەم ئۆز ھالى بىلەن بولۇپ قالىدىغانلىقى ئۈچۈن) **دوست دوستىدىن كۆرۈپ تۇرۇپ** (ھال) **سورىمايدۇ، گۇناھكار ئادەم ئۆز ئورنىغا ئوغۇللىرىنى، ئايالىنى، قېرىندىشىنى ۋە يەر يۈزىدىكى جىمى ئادەمنى بېرىپ بولسىمۇ، بۇ كۈندىكى ئازابتىن قۇتۇلۇشنى ئارزۇ قىلىدۇ. لېكىن قانداقمۇ مۇمكىن بولسۇن! ئۇ دوزاخ لاۋۇلداپ تۇرغان ئوتتۇر.»** (مائارىج سۈرىسى 11-15-ئايەتلەر)

ئەبەسە سۈرىسىدىكى ئايەتلەردە ئاۋۋال بىر تۇققانلار بايان قىلىنغان، ئاندىن كېيىن ئانا، دادا، يولداش ۋە بالىلار تىلغا ئېلىنغان. مائارىج سۈرىسىدە بولسا بۇنىڭ ئەكسىچە، رەت تەرتىپ بالىلاردىن باشلانغان. يولداش، بىر تۇققانلار، قەبىلىداش

ۋە يەر يۈزىدىكى باشقا ئىنسانلار تىلغا ئېلىنغان. بۇ رەت تەرتىپ مۇنداقلا ئۇدۇل كېلىپ قالغان بولماستىن، نۇرغۇن ھېكمەتلەرنى ئۆز ئىچىگە ئالغاندۇر. بۇلاردىن بىر قىسمىنى مۇنداق چۈشەندۈرۈش مۇمكىن:

ئەبەسە سۈرىسىدىكى تېما «قېچىش» توغرىسىدا بولۇپ، كىشى ئاۋۋال ئۆزىگە ئەڭ يىراق بولغاندىن قاچىدۇ. ئەڭ ئاخىرىدا ئۆزىنىڭ ئەڭ يېقىندىن قاچىدۇ. بۇ يەردە تىلغا ئېلىنغانلار ئىچىدە ئىنسانغا ئەڭ يىراق بولغىنى بىر تۇققانلار، ئەڭ يېقىن بولغىنى يولدىشى بىلەن بالىلىرىدۇر. بالىلار ئايالىدىنمۇ بەك يېقىندۇر. چۈنكى بىر كىشى ئايالىدىن ئايرىلىشى مۇمكىن، لېكىن بالىلىرىدىن قەتئىي ئايرىلالمايدۇ. بالىلىرىنى مۇھاپىزەت قىلىدۇ، ئۇلارغا كۆڭۈل بۆلۈپ غېمىنى يەيدۇ.

ئايەتتە ئانا دادىدىن ئىلگىرى تىلغا ئېلىنغان. چۈنكى دادا بالىغا ياردەم قىلىش، زىياندىن قوغداپ قېلىش جەھەتتە ئانىغا قارىغاندا كۈچلۈكتۇر. ئىنسان بولسا بۇ چاغدا قورقۇپ قېچىشنىلا ئويلىغانلىقى ئۈچۈن، كۈچلۈك كىشىلىرىنىڭ ياردىمىگە موھتاج ھالغا چۈشۈپ قالىدۇ. يولدىشىدىن قېچىش دادىسىدىن كېيىن قېچىشقا قالدۇرۇلغان. چۈنكى ئىنساننىڭ قەلبى يولدىشىغا تېخىمۇ مايىلدۇر. ئايالى ئۇنىڭ سىردىشى ۋە ھاياتىدىكى يولدىشىدۇر. ئەبەسە سۈرىسىدىكى كۆرۈنۈش ئىنساننىڭ تونۇش-بىلىشلىرى ۋە يېقىنلىرىدىن قېچىپ، ئۆزى يالغۇز قېلىشنى ئويلىغانلىقىنى تەسۋىرلەيدۇ. چۈنكى ئۇ كۈنى ھەممە كىشى ئۆزىنى قۇتقۇزۇشنىڭلا كويىدا بولۇپ، يېقىنلىرىغا قاراشقا چولىسى تەگمەيدۇ. ھەتتا ئۇلارنىڭ ھەققىمىز بار دەپ تۇرۇۋېلىشىدىن ئەنسىرەيدۇ.

يەنە بىر ئىنچىكىلىك شۇكى، قېچىش مەنزىرىسى قېچىشقا مۇناسىۋەتلىك تېمىلار كۆپلەپ تىلغا ئېلىنغان ئەبەسە سۈرىدە يەر ئالغان.

مائارىج سۈرىسىدىكى كۆرۈنۈش بولسا بەرداشلىق بەرگىلى بولمايدىغان بىر ئازاب سەھنىسىدۇر. گۇناھكار لاۋۇلداپ تۇرغان دەۋزەخ ئوتىغا تاشلىنىش ئۈچۈن ئېلىپ كېلىنىدۇ. بۇ گۇناھكار ئۆزىنى قۇتۇلدۇرۇش ئۈچۈن بارلىق تەدبىرلەرنى ئىشقا سېلىپ بېقىشنى ئويلايدۇ. بۇ خىيال تۈپەيلى ئەڭ يېقىنى ھېسابلىنىدىغان جانجان پەرزەنتىدىن باشلاپ يېقىنلىرىنى جەھەننەمنىڭ كۈچلۈك ئوت يالقۇنلىرىغا تاشلاپ بولسىمۇ ئۆزىنى قۇتقۇزۇشنى خىيال قىلىدۇ. ۋەزىيەتنىڭ ۋەھىمىسى ۋە قورقۇش تۈپەيلى، بۇ يەردە رەت تەرتىپ كۆڭۈلگە ئەڭ يېقىن بولغان كىشىدىن باشلانغان.

شۇنىڭغا دىققەت قىلىش كېرەككى، بۇ يەردە تىلغا ئېلىنغان كىشى نورمال كىشى ئەمەس، بەلكى گۇناھكار كىشىدۇر. گۇناھكار كىشى ئۆزىنى قۇتۇلدۇرۇش ئۈچۈن ھەممە ئىشنى قىلىشقا تەيياردۇر. ھەتتا ئۆز مەنپەئەتى ئۈچۈن ئەڭ يېقىنلىرىنىمۇ ئوتقا تاشلىيالايدۇ. ئۇ ئۆزىنىڭ قىلغان گۇناھلىرى ھېسابىغا ئىنسانلارنىڭ ھەممىسىنى پىدا قىلماقچى، ئۇلارنىڭ جەھەننەمدە كۆيىشىگە پەرۋاسىزلارچە مۇئامىلە قىلماقچى.

بۇ كۆرۈنۈشنىڭ ئالدىدا 10ـ11ـئايەتلەردە تېمىغا مۇناسىۋەتلىك ھالدا «(ھەممە ئادەم ئۆز ھالى بىلەن بولۇپ قالىدىغانلىقى ئۈچۈن) **دوست دوستىدىن كۆرۈپ تۇرۇپ** (ھال) **سورىمايدۇ»** دېيىلگەندىن كېيىن ئىنسانىنىڭ ئاچكۆز، سەۋرسىز، بېشىغا كۈن چۈشكەندە ئاھ ئۇرۇپ پەرياد چەككۈچى ئىكەنلىكىدىن ئىبارەت تەرىپى بارلىقى ئېيتىلغان. بۇ ئارقىلىق سىياق بىلەن باغلىنىش ئوتتۇرىسىدىكى ماسلىشىشچانلىق ئەمەلگە ئاشقان.

كىشىنىڭ ئەڭ يېقىنلىرىنى بولسىمۇ پىدا قىلىشقا ئورۇنۇشى شۇنى كۆرسىتىدۇكى، ئۇ كۈندىكى ئازاب تەسەۋۋۇر قىلغىلى بولمايدىغان دەرىجىدە قاتتىقتۇر، ئۇ كۈندىكى قورقۇش تۇيغۇسىنىمۇ خىيال بىلەن مۆلچەرلىگىلى بولمايدۇ. بۇ سەھنىنىڭ ئازابنى تىلغا ئېلىش بىلەن باشلانغان بىر سۈرىدە يەر ئالغانلىقى تېمىلار ئوتتۇرىسىدىكى باغلىنىشنىڭ نەقەدەر جىپسىلاشقان شەكىلدە ئىكەنلىكىنى كۆرسىتىدۇ. بۇ ئەھۋال قۇرئانى-كەرىمنىڭ ئىلاھىي ئۇسلۇبىدىكى يۈكسەكلىكىنى كۆرسىتىدىغان تەرەپلەردىن پەقەتلا بىرىسىدۇر.[79]

بۇ مىسالغا ئوخشايدىغان مىساللاردا كۆرگىنىمىزدەك، قۇرئاندىكى پاساھەت سىرى ھېچقاچان بۇزۇلمىغان. ئۇنىڭدا مۆجىزىۋى نەزمىنىڭ سىرتىغا چىققان بىر كەلىمىمۇ يوق. پەقەتلا جانسىز شەيئىلەرنى بىلدۈرۈدىغان ئىسىملار ئىزاھلانغان ئايەتلەرنى ئوقۇسىڭىزمۇ، ئۇنىڭدىكى نەزمىنىڭ نەقەدەر گۈزەل بىر مۆجىزىنى ئۆز ئىچىگە ئالغانلىقىنى كۆرەلەيسىز. ھەرپلەرنىڭ تۈزۈلىشى ۋە جۈملىدىكى ئوقۇلۇش خۇسۇسىيەتلىرىگە ئاساسەن ياكى باشقا بىر كۆچمە مەنە سەۋەبىدىن ئالدىدا ئوقۇش ياكى كەينىدە ئوقۇش قاتارلىق قائىدىلىرىمۇ ئىنساننى ھەيران قالدۇرىدۇ. (رافئى: «ئىجازۇل-قۇرئان»، 192ـ193ـبەتلەر)

79. فازىل سالىھ سامەررائى: «لەمەساتۇن بەيانىييە»، ئامان، 2003ـيىل، 193ـ197ـبەتلەر.

## ئە. غەيبتىن بشارەت بېرىشى

قۇرئانى-كەرىم غەيبتىن خەۋەرلەر بەرگەن. بۇ خەۋەرلەر ئۇنىڭ روشەن مۆجىزە ئىكەنلىكىنى كۆرسىتىپ بېرىدۇ.

قۇرئان ئۆتمۈشكە ئائىت مەلۇماتلارنى ھەقىقەتكە ئۇيغۇن شەكىلدە بايان قىلغان. مىلادى 7-ئەسىردىكى مەككىدە بۇ بىلىملەرگە مۇناسىۋەتلىك بىر مۇئەسسەسە ياكى ئومۇمى مەدەنىيەت سەۋىيىسىگە ئىگە بىر ئىنسان يوق ئىدى. پۈتكۈل تارىخى بىلىملەر سودىگەرلەرنىڭ بىر-بىرىگە زىت بولغان ئەپسانە خاراكتېرلىك پارىس ھىكايىلىرىدىن باشقا نەرسە ئەمەس ئىدى. ھالبۇكى، قۇرئاندىكى ئۆتمۈشكە ئائىت مەلۇماتلار بىر پۈتۈنلۈك ئىپادە قىلغان ۋە ئىشەنچلىك بولۇپ، بۇ مەلۇماتلارنى بىر ئىنساننىڭ ئەقىل-پاراستى بىلەن يېزىپ قالدۇرۇشى مۇمكىن ئەمەس ئىدى.

ئەقىللىق ئىنسان ئويلىشى كېرەك: قالاق بىر جەمئىيەت ئىچىدىن چىققان ساۋاتسىز بىر ئىنسان ئىلاھى بىر مەنبەگە تايانماي تۇرۇپ، قۇرئاننىڭ مەنىسىنى چۈشەندۈرۈپ بېرەلەرمۇ؟ ئەلۋەتتە مۇمكىن ئەمەس. بۇ شۇنى كۆرسىتىدۇكى، پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام بىلگەن خەۋەرلەر ئاللاھ تەرىپىدىن ۋەھيى قىلىنغان. ئايەتتە مۇنداق دېيىلىدۇ:

**«(ئى مۇھەممەد!) بۇ ساڭا ۋەھيى قىلىۋاتقىنىمىز غەيب خەۋەرلىرىدىندۇر. مەريەمنى قايسىسى تەربىيىسىگە ئېلىش** (مەسىلىسىدە چەك تاشلاش يۈزىسىدىن) **قەلەملىرىنى** (سۇغا) **تاشلىغاندا، سەن ئۇلارنىڭ يېنىدا يوق ئىدىڭ،** (مەريەمنىڭ كىمنىڭ تەربىيىسىدە بولۇشىنى) **ئۆزئارا جاڭجال قىلىشقانلىرىدا سەن ئۇلارنىڭ يېنىدا يوق ئىدىڭ.»** (ئال-ئىمران سۈرىسى 44-ئايەت)

**«مانا بۇلار** (يەنى يۇسۇف قىسسىسى) **بىر قىسىم غەيپ خەۋەرلىرى بولۇپ، بىز ئۇنى ساڭا ۋەھيى قىلدۇق. ئۇلار** (يەنى يۇسۇفنىڭ قېرىنداشلىرى، ئۇنىڭغا قارشى) **چارە-تەدبىر تۈزۈپ، بىر قارارغا كېلىشكەندە سەن ئۇلارنىڭ يېنىدا يوق ئىدىڭ.»** (يۇسۇف سۈرىسى 102-ئايەت)

**«ئىلگىرى سەن كىتاب ئوقۇشنى بىلمەيتتىڭ، خەت يېزىشنىمۇ بىلمەيتتىڭ،** (مۇبادا سەن كىتاب ئوقۇغان، خەت يازىدىغان بولساڭ) **ئۇ**

**چاغدا ھەققە قارشى تۇرغۇچىلار چوقۇم گۇمانلىناتتى.»** (ئەنكەبۇت سۈرىسى 48-ئايەت)

**«بۇ قۇرئاننى ساختا ۋەھيى قىلىش ئارقىلىق ئەڭ چىرايلىق قىسسىنى بايان قىلىپ بېرىمىز، بۇنىڭدىن بۇرۇن بۇ قىسسىدىن ھەقىقەتەن بىخەۋەر ئىدىڭ.»** (يۈسۈف سۈرىسى 3-ئايەت)

دەرۋەقە، ئۇ ۋاقىتلاردا ئاد ۋە سەمۇد قەۋملىرىنىڭ ھالاكىتى ۋە نۇھ تۇپانى ھەققىدىكى قىسقا مەلۇماتلار پەقەت ئەپسانە شەكلىدە مەۋجۇت ئىدى. ئەمما قۇرئان بۇلارنى كۈنىمىزدە تارىخ ئىلمى ۋە تارىخ پەلسەپىسىگە ئۇيغۇن قىلىپ، ئىنسانىيەتكە ئىبرەت بولغۇدەك شەكىلدە تەقدىم قىلدى.

ئەھلى كىتابنىڭ قارىشىچە، ئەسھابى كەھف ئۆڭكۈردە 300 شەمسىيە يىلى قالغان. قۇرئان بۇلارنىڭ ئۆڭكۈردە 309 يىل قالغانلىقىنى زىكىر قىلىدۇ. بۇ يەردىكى 9 يىل پەرق شەمسىيە كالېندارى بىلەن قەمەرىيە كالېندارى ئوتتۇرىسىدىكى ۋاقىت پەرقىدىن ئىبارەتتۇر. قۇرئاندا بۇ ھەقتە:

**«ئۇلار ئۆز غارىدا 309 يىل تۇردى.»** (كەھف سۈرىسى 25-ئايەت) دېيىلگەن.

مىلادى 7-ئەسىردە مەككىدە ئىلىم ساھەسىدە قالاقلىق ئەڭ يۇقىرى پەللىگە چىققان ئىدى. ماتېماتىكىدىكى قوشۇش-ئېلىشنى بىلمەيتتى، سانلارنى قاتار يازىدىغان رەقەم چۈشەنچىسى ۋە نۆلنى بىلىدىغانلارمۇ يوق ئىدى. رەقەملەر پەقەت سۆز بىلەن ئىپادىلىنىپ يېزىلاتتى. بۇ ئايەت نازىل بولغان ۋاقىتتا مەككە خەلقى يېزىق ۋە ئارىفمېتىكا جەھەتتە پۈتۈنلەي جاھالەتتە بولۇپ، بۇنداق ساۋاتسىز بىر خەلق ۋە بۇ خەلق ئىچىدىن چىققان ساۋاتسىز بىر پەيغەمبەرنىڭ بۇ ئىنچىكە ھېسابلاشلارنى بىلىشى قانداق مۇمكىن ئىدى؟

قۇرئاندا ئەقىل ۋە مۇھاكىمە بىلەن ئېرىشكىلى بولمايدىغان نەقلىي بىلىملەرمۇ خېلى كۆپ نىسبەتنى ئىگەللەيدۇ. بۇ مەلۇماتلار قالاق بىر جەمئىيەتتىن ۋە ساۋاتسىز بىر ئىنساننىڭ ئېغىزىدىن قانداقمۇ چىقسۇن؟

پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامنىڭ مۇئەللىمى بىۋاستە ئاللاھتائالادۇر. يەنە ئىلاھى ئەمرلەرنى يەتكۈزۈشتە روھۇل ئەمىن (جىبرىئىل ئەلەيھىسسالام) پەيغەمبىرىمىزگە

ئۇستازلىق قىلغان. ئۇنىڭ ۋەزىپىسى ئاللاھتائالادىن ئالغان بىلىملەرنى تولۇق ھالدا پەيغەمبىرىمىزگە يەتكۈزۈش ئىدى.

✵

قۇرئان كەلگۈسىگە ئائىت غەيب خەۋەرلەردىن بىشارەت بەرگەن. بۇلار ۋاقتى كەلگەندە قۇرئاندا دېيىلگىنىدەك ئوتتۇرىغا چىققان ۋە چىقىشقا داۋام قىلىۋاتىدۇ. قۇرئان ھەر ۋاقىت كۈچكە ئىگە، ئۇ داۋاملىق ئىلىم ۋە پەننىڭ ئالدىدا مېڭىۋاتىدۇ. بۇ ھەقتە ئايەتلەردە مۇنداق دېيىلگەن:

**«شۈبھىسىزكى، قۇرئان كەلگەندە ئۇنى ئىنكار قىلغانلار** (قاتتىق جازاغا ئۇچرايدۇ)، **شۈبھىسىزكى، قۇرئان غالىب كىتابتۇر. ئۇ ھېكمەت بىلەن ئىش قىلغۇچى، مەدھىيىگە لايىق ئاللاھ تەرىپىدىن نازىل قىلىنغاندۇر.»** (فۇسسىلەت سۈرىسى 41-42-ئايەتلەر)

تارىختا بارلىققا كېلىپ، كېيىن يوقالغان نۇرغۇن مەدەنىيەتلەر باردۇر. تارىخ ئۆلتۈرۈلگەن پەيغەمبەرلەر، يوقالغان ۋە ئۆزگەرتىلىپ بۇزۇۋېتىلگەن مۇقەددەس كىتابلارغا شاھىتتۇر. ئاللاھتائالا پەقەتلا قۇرئاننى ئەيىپ-نوقسانسىز ھالەتتە قىيامەتكە قەدەر قوغدايدىغانلىقى ھەققىدە خەۋەر بېرىپ:

**«شەك-شۈبھىسىزكى، قۇرئاننى بىز نازىل قىلدۇق. ئۇنى يەنە بىز قوغدايمىز.»** (ھىجر سۈرىسى 9-ئايەت) دېيىش ئارقىلىق قۇرئاننىڭ باشقا ھەرقانداق بىر كىتابقا نېسبەتەن بولمىغان ئىلاھىي ھىمايە ئاستىدا قىيامەتكىچە قوغدىلىدىغانلىقىنى ئېيتقان.

پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام ۋەھيى كېلىشتىن ئىلگىرى ئۆزىنىڭ پەيغەمبەر بولىدىغانلىقىنى خىيالىغىمۇ كەلتۈرمىگەن ئىدى. بۇ ھەقىقەتنى ئاللاھ قۇرئاندا مۇنداق ئوتتۇرىغا قويغان:

**«سەن** (پەيغەمبەر بولۇشتىن ئىلگىرى) **قۇرئاننىڭ ساڭا نازىل قىلىنىشىنى ئۈمىد قىلمىغان ئىدىڭ. پەقەت پەرۋەردىگارىڭ رەھمەت قىلىپ ساڭا ئۇنى نازىل قىلدى.»** (قەسەس سۈرىسى 86-ئايەت)

دىننى قوغدايدىغان يېگانە كېپىل ئاللاھتائالادۇر.

**«ئەگەر بىز خالىساق ساڭا ۋەھيى قىلىنغان قۇرئاننى ئەلۋەتتە** (دىلىلاردىن ۋە مۇسھەپلەردىن) **كۆتىرىۋېتەتتۇق، ئاندىن ئۇنى ئەسلىگە كەلتۈرۈشكە بىزگە قارشى ھېچقانداق ھامىيى تاپالمايتتىڭ. پەقەت پەرۋەردىگارىڭ رەھمەت قىلىش يۈزىسىدىن ئۇنى كۆتۈرىۋەتمىدى. ئاللاھنىڭ مەرھەمىتى ساڭا ھەقىقەتەن چوڭ بولدى.»** (بەنى ئىسرائىل سۈرىسى 86-87-ئايەتلەر)

ئايەتنىڭ رۇشەن ئىپادە قىلىشىغا ئاساسلانغاندا قۇرئاننىڭ ئۆزگەرتىلەلمەسلىكىنىڭ يېگانە سەۋەبى **«ئىلاھى ئېھسانغا ئېرىشكەن بەندىلەرنىڭ ئۇنى يادلىغانلىقىدۇر.»**

✵

رۇملار بىلەن مەجۇسىلار ئۇرۇشقان، ئۇرۇشتا مەجۇسىلار غالىپ كەلگەن ئىدى. بۇنىڭدىن پۇرسەت كۈتۈپ تۇرغان مۇشرىكلار مۇسۇلمانلارغا:

«كىتاب سايىسىدا غالىپ بولىمىز دەيتتىڭلار، مانا كۆردۈڭلارمۇ؟ مەجۇسىلار ئەھلى كىتاب بولغان رۇملارنى مەغلۇپ قىلدى.» دەپ مۇسۇلمانلارنىڭ ئىمان ۋە غەيرىتىنى ئاجىزلاشتۇرۇشقا تىرىشتى. بۇنىڭ بىلەن ئاللاھتائالا مۇشرىكلارغا ئازاب، مۆمىنلەرگە خۇشاللىق بېغىشلايدىغان شۇ ئايەتنى نازىل قىلدى:

**«ئەلىف، لام، مىم. رۇملۇقلار يېقىن بىر جايدا يېڭىلدى، ئۇلار يېڭىلگەندىن كېيىن بىر قانچە يىل ئىچىدە يېڭىدۇ، ئىلگىرى ۋە كېيىن ھەممە ئىش ئاللاھنىڭ باشقۇرىشىدىدۇر، بۇ كۈندە مۆمىنلەر ئاللاھنىڭ بەرگەن ياردىمى بىلەن خۇشال بولىدۇ، ئاللاھ خالىغان كىشىگە ياردەم بېرىدۇ، ئاللاھ غالىپتۇر،** (مۆمىنلەرگە) **ناھايىتى مېھرىباندۇر.»** (رۇم سۈرىسى 1-5-ئايەتلەر)

ئۇ ۋاقىتتا ۋىزانتىيە ناھايىتى ئېغىر مەغلۇبىيەتكە ئۇچرىغان ئىدى. ھەر قانداق بىر شەخس بۇ ئېغىر مەغلۇبىيەتتىن كېيىن قايتىدىن غەلبە قىلىدىغانلىقىنى خىيالىغا كەلتۈرمىگەن ئىدى. لېكىن قۇرئان كۈچلۈك بىر ئىپادە بىلەن مۇنداق دېدى:

**«بۇ ئاللاھنىڭ ۋەدىسىدۇر، ئاللاھ ۋەدىسىدىن قايتمايدۇ، پەقەت ئىنسانلارنىڭ كۆپ قىسمى بۇنى بىلمەيدۇ.»** (رۇم سۈرىسى 6-ئايەت)

نىھايەت، ئاللاھ ۋەدىسىنى ئەمەلگە ئاشۇردى. تارىخچىلارنىڭ ھېسابلىشىچە، 9 يىلغا بارمىغان قىسقا ۋاقىت ئىچىدە رۇملار پارىسلارنى مەغلۇپ قىلدى. ئۇلار غالىبىيەتكە ئېرىشكەن ۋاقىتتا مۇسۇلمانلارمۇ بەدرى ئۇرۇشىدا مۇشرىكلارغا قارشى غالىب كېلىپ خۇشال بولغان ئىدى. (تىرمىزى رىۋايىتى)

✵

پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام مەككىدە زۇلۇم ئېغىرلاشقاندا يۇسۇف ئەلەيھىسسالام دەۋرىدىكىگە ئوخشاش ئاچارچىلىق ئاپىتى كېلىشى ئۈچۈن بەددۇئا قىلدى. بۇنىڭغا ئاساسەن:

**«(ئى مۇھەممەد!) سەن ئاسمان** (ھەممە ئادەم) **ئوچۇق** (كۆرىدىغان) **تۈتۈننى كەلتۈرىدىغان كۈندە** (ئۇلارغا بولىدىغان ئازابنى) **كۈتكىن. (ئۇ** تۈتۈن) **كىشىلەرنى ئورىۋالىدۇ، بۇ قاتتىق ئازابتۇر.»** (دۇخان سۈرىسى 10-11-ئايەتلەر) دېگەن ئايەت نازىل بولدى.

ئۇلار ئېغىر قورغاقچىلىق ۋە ئاچارچىلىق ئاپىتىگە ئۇچرىدى، بىر ئىنسان ئاسمانغا قارىغاندا ئاچلىقتىن ئۆزى بىلەن ئاسمان ئارىسىنى تۇمانغا ئوخشاش كۆرەتتى. (بۇخارى: «تەفسىر»، 12، 30، 44؛ مۇسلىم: «مۇنافىقۇن»، 40؛ ئەخمەد، 1-جىلد، 431،441)

ئايەتنىڭ داۋامىدا:

**«بىز ھەقىقەتەن ئازابنى** (سىلەردىن) **ئازغىنا ۋاقىت كۆتىرىۋېتىمىز، ئاندىن سىلەر ھەقىقەتەن** (ئىلگىرىكى كاپىرلىق ھالىتىڭلارغا) **قايتىۋالىسىلەر. ئۇلارنى قاتتىق تۇتقان كۈنىمىزدە قاتتىق جازالايمىز.»** (دۇخان سۈرىسى 15-16-ئايەتلەر)

بۇ يەردە ئۈچ غەيبى خەۋەر ئالدىن بىشارەت بېرىلگەن:

1- مۇشكۈللۈكلەرنىڭ يېنىكلىتىدىغانلىقى: مۇشرىكلار ئاچارچىلىق مەزگىلىدە پەيغەمبىرىمىزگە كېلىپ، يامغۇر دۇئاسى قىلىشنى تەلەپ قىلغاندىن كېيىن ئاللاھقا قولنى ئېچىپ:

«ئى **رەببىمىز، بىزدىن ئازابنى يوق قىلغىن. توغرىسىنى ئېيتقاندا بىز ئەمدى ساڭا ئىشىنىمىز».** (دۇخان سۈرىسى 12- ئايەت) دەپ يالۋۇرغان ۋاقىتلىرىدا ئاللاھتائالا ئۇلارغا بىر ئاز يامغۇر ياغدۇرۇپ بەرگەن.

2ـ تەكرار ھىيلە‌ـمىكىر قىلىشقا تەييارلانغانلىقى: مۇشرىكلار ئىمان ئېيتىدىغانلىقى ھەققىدە قىلغان ۋەدىلىرىدىن يېنىۋېلىپ، ئەسلى ھالىتىگە قايتىپ، مۇسۇلمانلارنى مەغلۇپ قىلىش ئۈچۈن بەدرى ئۇرۇشىغا تەييارلانغان.

3ـ يۇقىرىقى ئىشلاردىن كېيىن مۇشرىكلاردىن ئىنتىقام ئېلىنىدىغانلىقى بىلدۈرۈلگەن. نەتىجىدە بەدرى غەلىبىسى بىلەن ئىلاھى ئازاب ئۇلارنى دەھشەتلىك قورقۇتۇپ پەرىشان قىلغان. ئۇ كۈنى مۇشرىكلارنىڭ كاتتىۋاشلىرىدىن 70 كىشى ئۆلتۈرۈلۈپ، 70 كە يېقىنى ئەسىر ئېلىنغان.

يەنە بەدرى ئۇرۇشىدىن بىر ئاز ئىلگىرى مۇشرىكلارنىڭ كاتتىۋېشى ۋەلىد ئىبنى مۇغىرە ھەققىدە:

**«ئايەتلىرىمىز ئۇقۇلغان ۋاقىتتا،** (بۇ ئۆتمۈشتىكىلەرنىڭ مەسەللىرى) **دېدى، بىز ئۇنىڭ بۇرنىغا تامغا بېسىش بىلەن ئىز قالدۇرىمىز.»** (قەلەم سۈرىسى 15ـ16ـ ئايەتلەر) دېگەن ئايەتلەر نازىل بولغان.

بەدرى كۈنى ۋەلىدنىڭ بۇرنى زەخىملەندى. بۇ يارا ئۇنىڭغا ئۆمۈر بويى ئىلاھى تامغا بولۇپ قالدى.

ئۇ كۈنى يەنە قەمەر سۈرىسىنىڭ 45ـئايىتىدە بىلدۈرۈلگەن شۇ ئىلاھى ۋەدە ئەمەلگە ئاشتى:

**«ئۇ خەلق زىيانغا ئۇچرىتىلىدۇ ۋە ئارقىغا قاراپ قاچىدۇ.»**

ھەزرىتى ئۆمەر رەزىيەللاھۇ ئەنھۇ بۇ يەردىكى ھەقىقەت توغرىسىدا مۇنداق دەيدۇ:

«بۇ ئايەت مەككىدە نازىل بولغاندا، بۇ خەلق قايسى خەلقتۇ دەپ ئويلىدىم، بۇ خەلقنىڭ كىم ئىكەنلىكىنى پەرەز قىلالمىدىم، ئەمما كېيىن شۇنى كۆردۇقكى، بەدرى كۈنى ئاللاھ رەسۇلى بۇ ئايەتنى تەكرارلىغان ئىدى. ئۇ كۈنى بۇ خەلقنىڭ قۇرەيشلەر ئىكەنلىكىنى بىلدىم، ئايەتنىڭ تەپسىرىنى شۇ كۈنى چۈشەندىم.»

✵

ئىلگىرى مۆمىنلەر، ئاللاھ رەسۇلىنى قوغداش ئۈچۈن ئۇنىڭ يېنىدا نۆۋەتچىلىك قىلاتتى. پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامغا:

**«ئاللاھ سېنى ئىنسانلارنىڭ شەررىدىن قوغدايدۇ.»** (مائىدە سۈرىسى67-ئايەت) دېگەن ئايەت نازىل بولغاندا، بۇ نۆۋەتچىلىك ئىشنى ئەمەلدىن قالدۇرۇپ، كېچە-كۈندۈز سۆيگۈ-مۇھەببەت بىلەن ئۆزىنى قوغداۋاتقان پىداكار ئەسھابىغا:

«ئەمدى كېتىڭلار! چۈنكى ئاللاھ مېنى قوغداشقا كېپىل بولدى.» دېدى. (تىرمىزى رىۋايەت قىلغان)

زاتۇررىكا ئۇرۇشىدا پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام بىر تۈپ دەرەخنىڭ ئاستىدا قىلىچىنى ئېسىپ قويۇپ، ئارام ئېلىۋاتاتتى. بۇ ۋاقىتتا بۇ يەرگە كەلگەن بىر مۇشرىك رەسۇلۇللاھنى يالغۇز ۋە ئۇخلاۋاتقان ھالەتتە كۆرۈپ، دەرھال دەرەختىكى قىلىچنى ئېلىپ ئالدىغا كەلدى. بۇ ۋاقىتتا ئويغانغان ۋە قىلچىلىك جىددىيلەشمىگەن پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامغا قاراپ:

- مەندىن قورقامسەن؟- دەپ سورىدى.

پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام:

- ياق! - دەپ جاۋاب بېرىشى بىلەن مۇشرىك:

- ئەمدى سېنى كىم قۇتقۇزىدۇ؟ - دېدى. پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام ئورنىدىن تۇرۇپ:

- ئاللاھتائالا قۇتقۇزىدۇ، قىلىچنى تاشلا! - دېدى.

ئۇنىڭ قورقماسلىقى ۋە ھەيۋىتىنى كۆرگەن بۇ مۇشرىك قورقۇپ تىترەپ، ھۇشىنى يوقىتىپ قىلىچنى تاشلىدى. (مۇسلىم: «فەدائىل»، 13)

رەسۇلۇللاھ سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم ئۆزىنىڭ جېنىغا قەست قىلغان بۇ بەدەۋى مۇشرىكنى جازالىمىدى، ئەكسىچە ئۇنى ئىسلامغا دەۋەت قىلدى. بۇ ئالىجاناپ مۇئامىلىنى كۆرۈپ تىترىگەن، ئېرىگەن بەدەۋى قەۋمىنىڭ يېنىغا قايتىپ بارغاندا:

«مەن ئىنسانلارنىڭ ئىچىدىكى ئەڭ ياخشى ئادەمنىڭ يېنىدىن كەلدىم» دېدى ئىختىيارسىز ھالدا.

رەسۇلۇللاھ سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم مۇشۇنىڭغا ئوخشاش ئەڭ خەتەرلىك پەيتلەردىمۇ ناھايىتى تەمكىن ۋە خاتىرجەم بولۇپ، ئاللاھقا تەۋەككۇل قىلاتتى.

بۇنىڭغا ئوخشاش يەنە بىر ۋەقە ھۇنەين ئۇرۇشىدا يۈز بەرگەن. ئۇ كۈنى مۇسۇلمان ئەسكەرلەردىن يۈكى يېنىك بولغان ھۇجۇمچىلار بىلەن ساۋۇت-دۇبۇلغا

كېيىنكىلەر ھەۋازىننىڭ بىر تەرىپىگە قاراپ ماڭدى. ھالبۇكى، بۇ يەردىكىلەر ئوقچى قىسىم ئىدى. دۈشمەنلەر ئۇلارنى ئوق يامغۇرىغا تۇتتى. شۇنىڭ بىلەن ئۇلار تارقىلىشقا مەجبۇر بولدى. بۇ ۋاقىتتا دۈشمەنلەر پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام تەرەپكە قاراپ كېلىشكە باشلىدى. رەسۇلۇللاھ سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم ئېتىغا مىنىپ دۈشمەن تەرەپكە قاراپ ئىلگىرىلىدى. پەيغەمبىرىمىزنى توختىتىش ئۈچۈن ئىبنى ئابباس ئاتىنىڭ چولۋۇرىنى، ئەبۇ سوفيان ئىبنۇل ھارىس بولسا ئۈزەڭگىسىنى تۇتۇۋالدى. بىر دەمدىن كېيىن پەيغەمبىرىمىز ئاتتىن چۈشۈپ، دۇئا قىلدى، ئاللاھتىن ياردەم تىلىدى:

-مەن ھەققى بىر پەيغەمبەر، بۇنىڭدا يالغان يوق، مەن ئابدۇلمۇتتەلىبنىڭ ئوغلى ئابدۇللاھنىڭ ئوغلى بولىمەن. ئاللاھىم، بىزگە ياردەم قىلغىن!

ئاندىن ئەسكەرلەرنىڭ سېپىنى ئوڭشىدى.

بۇ ۋەقەنى رىۋايەت قىلغان بەرا رەزىيەللاھۇ ئەنھۇ مۇنداق دەيدۇ:

«ۋەللاھى، ئۇرۇش تازا شىددەتلىك بولغان پەيتلەردە رەسۇلۇللاھ سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەمنىڭ ئارقىسىغا مۆكۈۋالاتتۇق. بىزنىڭ ئىچىمىزدىكى ئەڭ جەسۇر كىشىلەرلا پەيغەمبىرىمىز بىلەن يانمۇ-يان تۇرالايتتى.»

ئۇنىڭ بۇنداق تەڭداشسىز جاسارەت ۋە شىجائىتى ئالدىدا ئەس-ھۇشىنى يوقاتقان دۈشمەنلەر ئۇنىڭغا قىلچىلىك زىيان سالالمىغان، ئاللاھ ئۇلۇغ پەيغەمبىرىگە كۆرۈنمەس ئەسكەرلەرنى ياردەمگە ئەۋەتىپ، دۈشمەنلەرنى ئۆزى يوقاتقان ئىدى.

ھىجرەتتىن كېيىن ئەنسارلار مۇھاجىرلارنى باغرىغا باستى. بۇنىڭغا قارشى مۇشرىك ئەرەپلەرمۇ ئۆزئارا بىرلەشتى. ساھابىلەر قۇراللىق يۈرۈپ، قۇرالنى يېنىدىن ئايرىمايتتى ۋە بىر-بىرىگە:

«ئاللاھدىن باشقىسىدىن قورقمايدىغان كۈنلەرمۇ كېلەرمۇ؟!» دېيىشەتتى. بۇ ھەقتە شۇ ئايەت نازىل بولدى:

**«ئاللاھ ئىچىڭلاردىكى ئىمان ئېيتقان ۋە ياخشى ئەمەللەرنى قىلغان كىشىلەرگە ئۇلاردىن بۇرۇن ئۆتكەنلەرنى زېمىندا ھۆكۈمران قىلغاندەك، ئۇلارنىمۇ چوقۇم ھۆكۈمران قىلىشنى، ئۇلار ئۈچۈن تاللىغان دىنىنى چوقۇم مۇستەھكەم قىلىپ بېرىشنى ۋە ئۇلارنىڭ قورقۇنچىسىنى ئامانلىققا ئايلاندۇرۇپ بېرىشنى ۋەدە قىلدى، ئۇلار ماڭا ئىبادەت قىلىدۇ، ماڭا**

**ھېچ نەرسىنى شېرىك كەلتۈرمەيدۇ، شۇ ۋەدىدىن كېيىن كاپىر بولغانلار ئاللاھنىڭ ئىتائىتىدىن چىققۇچىلاردۇر.»** (نۇر سۈرىسى 55-ئايەت)

**«بىز لەۋھۇلمەھپۇزدا** (ئەزەلدە) **يازغاندىن كېيىن،** (داۋۇتقا نازىل قىلىنغان) **زەبۇردا زېمىنغا** (يەنى جەننەت زېمىنغا) **ھەقىقەتەن مېنىڭ ياخشى بەندىلىرىم ۋارىسلىق قىلىدۇ دەپ يازدۇق.»** (ئەنبىيا سۈرىسى 105-ئايەت)

بۇ ئايەت نازىل بولۇپ، ناھايىتى قىسقا ۋاقىتتىن كېيىن ئىسلام قوشۇنى ئىلاھى كەلىمەتۇللاھنى پۈتۈن دۇنياغا يەتكۈزۈش غەيرىتىدە ئىلگىرلەپ، شۇ دەۋىردىكى ئەڭ كۈچلۈك بولغان دۆلەتلەردىن ۋىزانتىيەنى يېڭىپ ، پارىس ئىمپېراتۇرلىقىنى تارىخقا كۆمدى.

✵

قىزىل دېڭىز سۇلىرىغا غەرق بولۇپ، ئۆلۈش ئالدىدا تۇرۇۋاتقان فىرئەۋن ئامالسىز ھالدا ئىمان ئېيتىشقا تەمشەلگەندە، ئاللاھتائالا:

**«**(ئۇنىڭغا دېيىلدىكى) **ھاياتتىن ئۈمىد ئۈزگىنىڭدە** (ئەمدى) **ئىمان ئېيتامسەن؟ ئىلگىرى ئاللاھقا ئاسىيلىق قىلغان ۋە بۇزغۇنچىلاردىن بولغان ئىدىڭ. سەندىن كېيىنكىلەرگە ئىبرەت بولۇشۇڭ ئۈچۈن، بۈگۈن سېنىڭ جەسىدىڭنى قۇتقۇزىمىز** (يەنى سېنىڭ جەسىدىڭنى دېڭىزدىن چىقىرىپ قويىمىز). **نۇرغۇن كىشىلەر شەك-شۈبھىسىزكى، بىزنىڭ ئايەتلىرىمىزدىن غاپىلدۇر.»** (يۇنۇس سۈرىسى 91-92-ئايەتلەر)

زەمەخشەرى بۇ ئايەتنى مۇنداق تەپسىر قىلغان:

«سېنى دېڭىز قىرغىقىدىكى بىر بۇرجەككە تاشلايمىز، جەسىتىڭنى بۇزۇلمىغان، نۇقسانسىز ۋە كىيىمسىز ھالەتتە سەندىن ئەسىرلەر كېيىن كېلىدىغانلارغا ئىبرەت قىلىش ئۈچۈن ساقلايمىز.»

كۈنىمىزدە تەتقىقاتلار نەتىجىسىدە فىرئەۋننىڭ جەستى دېڭىز ساھىلىدا سەجدە قىلىۋاتقاندەك تۇرغان شەكىلدە تېپىلغان. بۇ ئۇنىڭ ئۆلۈش ئالدىدىكى ھالىتىدۇر. ئۆلۈش ئالدىدا قورقۇپ ئىمان ئېيتماقچى بولغان بولسىمۇ، بىراق ئۈمىدسىزلىك ئىچىدە تۇرغان بولغاچقا ئۇنىڭ ئىمانى قوبۇل قىلىنمىغان. بۇ ھالەتتە تەخمىنەن نەچچە مىڭ يىلدىن بويان جەستى چىرىپ كەتمەي، ئايەتتە دېيىلگىنىدەك ئىنسانلارغا ئىبرەت

بولۇشى ئۈچۈن كۈنىمىزدە بايقىلىپ ئاشكارا نامايەن بولماقتا. ھازىر بۇ جەسەت مىسىر قاھىرە مۇزېيىدا پادىشاھ مومىيالىرى سالونىدا قويۇلۇپ، خەلقنىڭ زىيارەت قىلىشىغا ئېچىلىپ، بىر ئىبرەت مەنزىرىسى كۆرگەزمە قىلىنىۋاتىدۇ. بۇ ھەقىقەت ئاللاھنىڭ قۇرئاندا كۆرسەتكەن، قىيامەتكىچە داۋام قىلىدىغان مۆجىزىلىرىدىن پەقەتلا بىرىدۇر.

بۇلاردىن سىرت، مۇسۇلمانلارنىڭ مەسجىدى ھەرەمگە خاتىرجەم كىرىدىغانلىقى[80]، ئىنسانلارنىڭ توپ-توپ بولۇپ ئىسلامنى قوبۇل قىلىدىغانلىقى[81]، ئىسلام دىنىنىڭ باشقا بارلىق دىنلاردىن ئۈستۈن بولىدىغانلىقى[82]، مۇسۇلمانلارنىڭ غەلىبىگە ئېرىشىپ، مەككىنى فەتھى قىلىدىغانلىقى[83]، قۇرئاننىڭ تەڭدىشىنىڭ بارلىققا كېلەلمەيدىغانلىقى[84] ۋە قۇرئاننىڭ قوغدىلىدىغانلىقى[85] قاتارلىق نۇرغۇن ھادىسىلەر قۇرئان كەلگۈسى ھەققىدە بەرگەن غەيب خەۋەرلەر جۈملىسىدىندۇر. پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامنىڭ ئۆزىگە نىسبەتەن غەيب (بىلىنمەس) بولغان بۇ خەۋەرلەرنى ۋەھيىگە تايانماي تۇرۇپ ئالدىن خەۋەر قىلىشى ئىمكانسىزدۇر. بۇ ھەقتە ئۇشبۇ ئايەتلەرنى زىكىر قىلالايمىز:

**«ئۇلارغا: ‹ئەگەر ئاخىرەت يۇرتى** (يەنى جەننەت) **ئاللاھنىڭ قېشىدا** (سىلەر گۇمان قىلغاندەك) **باشقىلارغا ئەمەس، يالغۇز سىلەرگىلا خاس بولسا،** (سىلەرنى جەننەتكە ئۇلاشتۇرىدىغان) **ئۆلۈمنى ئارزۇ قىلىپ بېقىڭلار!** (جەننەت بىزگىلا خاس دېگەن سۆزۈڭلاردا) **راستچىل بولساڭلار› دېگىن. ئۇلار قىلغان يامان ئەمەللىرى سەۋەبلىك، ئۆلۈمنى ھەرگىزمۇ ئارزۇ قىلمايدۇ. ئاللاھ زالىملارنى ئوبدان بىلگۈچىدۇر.»** (بەقەرە سۈرىسى 94-95-ئايەتلەر)

---

80. فەتھ سۈرىسى 27-ئايەتكە قاراڭ.

81. ناسر سۈرىسى 2-ئايەتكە قاراڭ.

82. تەۋبە سۈرىسى 33-ئايەت؛ فەتھ سۈرىسى 28-ئايەت؛ سەپ سۈرىسى 9-ئايەتكە قاراڭ.

83. فەتھ سۈرىسى 16-27-ئايەتلەرگە قاراڭ.

84. بەقەرە سۈرىسى 23-24-ئايەتلەرگە قاراڭ.

85. ھىجر سۈرىسى 10-ئايەتكە قاراڭ.

**«ئاللاھ ئاتنى، خېچىرنى ۋە ئېشەكنى مىنىشىڭلار ئۈچۈن ۋە زىننەت ئۈچۈن ياراتتى، ئاللاھ يەنە سىلەر بىلمەيدىغان نەرسىلەرنىمۇ يارىتىدۇ.»** (نەھل سۈرىسى 8-ئايەت)

شۇنىڭدەك، يەھۇدىيلار ھەققىدىكى تۆۋەندىكى خەۋەرلەرمۇ غەيب خەۋەرلەر دائىرىسىگە كىرىدۇ:

**«...بىز ئۇلارنىڭ ئارىسىغا قىيامەتكىچە داۋاملىشىدىغان ئۆچمەنلىك ۋە دۈشمەنلىكنى سالدۇق، ئۇلار ھەر قاچان (رەسۇلۇللاھقا قارشى) ئۇرۇش ئوتىنى ياقماقچى بولسا، ئاللاھ ئۇنى ئۆچۈرىدۇ، ئۇلار يەر يۈزىدە (ئىسلامغا سۇيىقەست قىلىش ۋە مۇسۇلمانلار ئارىسىدا پىتنە قوزغاش بىلەن) بۇزغۇنچىلىق قىلىپ يۈرىدۇ، ئاللاھ بۇزغۇنچىلىق قىلغانلارنى ياقتۇرمايدۇ.»** (مائىدە سۈرىسى 64-ئايەت)

**«**(ئى مۇھەممەد!) **ئۆز ۋاقتىدا، پەرۋەردىگارىڭ ئۇلارغا** (يەنى يەھۇدىيلارغا) **قىيامەتكىچە چوقۇم قاتتىق ئازابلايدىغان كىشىلەرنى ئەۋەتىپ تۇرىدىغانلىقىنى خەۋەر قىلدى. شۈبھىسىزكى، پەرۋەردىگارىڭ** (ئاسىيلىق قىلغۇچىلارنى) **ئەلۋەتتە تېز جازالىغۇچىدۇر،** (ئىتائەت قىلغۇچىلارغا) **ئەلۋەتتە مەغپىرەت قىلغۇچىدۇر، مەرھەمەت قىلغۇچىدۇر. ئۇلارنى** (يەنى يەھۇدىيلارنى) **يەر يۈزىدە تۈرلۈك پىرقىلەرگە بۆلۈۋەتتۇق، ئۇلارنىڭ ئىچىدە ياخشىلىرىمۇ بار، ياخشىلىرىدىن تۆۋەنلىرىمۇ بار، ئۇلارنىڭ** (كۇفرىدىن ۋە گۇناھتىن) **قايتىشلىرى ئۈچۈن، ئۇلارنى قاتتىقچىلىق ۋە كەڭچىلىك بىلەن سىنىدۇق.»** (ئەئراف سۈرىسى 167-168-ئايەتلەر)

مەۋجۇدىيەت ۋە تەبىئىي قانۇنلار ھەققىدىكى كەسكىن بايانلارمۇ غەيب خەۋەرلىرىدىندۇر:

**«بىز ئۆمرىنى ئۇزۇن قىلغان ئادەمنىڭ تېنىنى ئاجىزلىتىۋېتىمىز** (يەنى ياشلىق، قىرانلىق ۋاقتىدىكىدىن ئاجىزلايدۇ، قېرىيدۇ)**، ئۇلار** (بۇنى) **چۈشەنمەمدۇ؟»** (ياسىن سۈرىسى 68-ئايەت)

**«قەيەردە بولماڭلار،** (ئەجەل كەلگەندە) **ئۆلۈم سىلەرنى تاپىدۇ، سىلەر مۇستەھكەم قەلئەلەردە بولغان تەقدىردىمۇ...»** (نىسا سۈرىسى 78-ئايەت)

**«بىز بۇلۇتتىن ھاجەتكە قاراپ يامغۇر ياغدۇردۇق، ئۇنى زېمىندا توختاتتۇق، ئۇنى قۇرۇتۇۋېتىشقا ئەلۋەتتە قادىرمىز.»** (مۇئمىنۇن سۈرىسى 18-ئايەت)

**«ئۇلار سەندىن روھنىڭ ماھىيىتى ھەققىدە سورىشىدۇ. «روھنىڭ ماھىيىتىنى پەرۋەردىگارىم بىلىدۇ» دېگىن، سىلەرگە پەقەت ئازغىنا ئىلىم بېرىلگەن.»** (ئىسرا سۈرىسى 85-ئايەت)

**«بىز ئۇلارنىڭ ھاياتىي دۇنيادىكى رىزقىنى ئۇلارنىڭ ئارىسىدا تەقسىم قىلدۇق، ئۇلارنىڭ بەزىسى بەزىسىنى** (ھەق بېرىپ) **ئىشقا سالسۇن دەپ، ئۇلارنىڭ بەزىسىنىڭ دەرىجىسىنى بەزىسىدىن ئۈستۈن قىلدۇق، پەرۋەردىگارىڭنىڭ رەھمىتى ئۇلارنىڭ توپلىغان نەرسىلىرى (يەنى پۇل-ماللىرى)دىن ياخشىدۇر.»** (زۇخرۇف سۈرىسى 32-ئايەت)

زامان ۋە ماكان شەرتلىرىگە بېقىنمايدىغان، كەسكىن ئۇسلۇبقا ئىگە بولغان بۇ ھۆكۈملەرنى ئەتىسىنىڭ نېمە بولىدىغانلىقىنى بىلمەيدىغان، ئىلىم-پەننىڭ نېمىلەرنى كەشىپ قىلىدىغانلىقىنى بىلمەيدىغان بىر ساۋاتسىز كىشىنىڭ ئىچىدىن چىقىرىپ سۆزلىيەلىشى مۇمكىنمۇ؟!

ئاللاھتائالا مۇنداق دېگەن:

**«بىر مۇددەتتىن كېيىن ئۇنىڭ** (قۇرئان خەۋەرلىرىنىڭ) **راستلىقىنى چوقۇم بىلىسىلەر.»** (ساد سۈرىسى 88-ئايەت)

رەسۇلۇللاھ سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەمنىڭمۇ غەيبتىن خەۋەر بەرگەن مۆجىزىۋى ھەدىسلىرى مەۋجۇت. بۇلاردىن ئىككىسى مۇنداق:

«يېقىن كەلگۈسىدە فىرات دەرياسىنىڭ سۈيى چېكىنىپ، سۇ ئاققان يەرنىڭ تېگىدىن بىر ئالتۇن خەزىنىسى ئوتتۇرىغا چىقىدۇ. بۇ خەزىنىنى كۆرگەن كىشى ئۇنىڭدىن قىلچىلىك بىر نەرسە ئېلىپ سالمىسۇن!» (بۇخارى: «فىتەن»، 24؛ «مۇسلىم: «فىتەن»، 29-30؛ ئەبۇ داۋۇد: «مەلاھىم»، 13؛ تىرمىزى: «سىفاتۇل جەننە»، 26)

«فىرات دەرياسىنىڭ سۈيى ئېلىنىپ، تېگىدىكى بىر ئالتۇن تېغى ئوتتۇرىغا چىقمىغۇچە، قۇتۇلۇپ پايدا تاپقۇچى مەن بولاي دەپ بىر-بىرى بىلەن ئېلىشىپ

ئۇرۇشقان ھەر يۈز كىشىدىن توقسان توققۇزى ئۆلمىگۈچە قىيامەت قايىم بولمايدۇ.»
(بۇخارى: «فىتەن»، 24؛ مۇسلىم: «فىتەن»، 29)

تۈركىيەدە چىقىدىغان «يېڭى شەپەق» گېزىتىنىڭ 2002-يىلى 9-ئاينىڭ 28-كۈنىدىكى سانى 1-بەتتە يۇقىرىدىكى ھەدىسنىڭ راستلىقىنى ئىسپاتلايدىغان مۇنداق بىر خەۋەر بېسىلدى:

«ئەنگلىيە ۋە ئامېرىكىنىڭ ئالەم بوشلۇقىدىكى سۈنئىي ھەمراھلىرى تارتقان رەسىمدە فىرات دەرياسىنىڭ تېگىدە مول ئالتۇن زاپىسىنىڭ بارلىقى بايقالدى. ئامېرىكىنىڭ ئىراقنى ئىشغال قىلىشتىكى مەقسىدى ئوتتۇرا شەرقتىكى نېفىتنى كونترول قىلىش بىلەن بىرلىكتە فىرات دەرياسىنىڭ تېگىدىكى بۇ يوشۇرۇن ئالتۇن زاپىسىغىمۇ ئىگە بولۇش ئىكەنلىكى ئېنىقلاندى.»

قىسقىسى، قۇرئان غەيبتىن خەۋەر بېرىش جەھەتتىمۇ بىر مۆجىزىدۇر. چۈنكى ئۇ خەۋەر قىلغان ئىشلار ئەينەن شۇنداق يۈز بەرمەكتە. بۇنداق خەۋەرلەرنى سۆزلىگەن باشقا كىتابلارمۇ بار بولۇشى مۇمكىن، بىراق ئۇلارنىڭ ھېچقايسىسى قۇرئانغا يېقىن دەرىجىدىكى سۈپەت ۋە قىممەتتە ئەمەس. تارىخنىڭ گۇۋاھلىقى بىلەن شۇ ئېنىقكى، ھېچقانداق كىتابتىكى غەيب خەۋەرلىرى قۇرئانى-كەرىمدىكى خەۋەرلەردەك ئوبيېكتىپ كەسكىن ھالدا ئېنىق مەيدانغا كەلگەن ئەمەس.

## ب. ئىلىم-پەن جەھەتتىكى مۆجىزىۋىلىكى

قۇرئاندا ئىلمى تەرەققىيات ۋە بايقاشلارغا يول كۆرسىتىدىغان نۇرغۇن ئايەتلەر بار. بۇلار قۇرئاننىڭ كەلگۈسىگە ئائىت مۆجىزىلىرىدۇر. يەنى قۇرئانى-كەرىم داۋاملىق ئالدىدا ماڭىدۇ، ئىلىم-پەن بولسا ئۇنىڭ ئارقىسىدىن كېلىدۇ.

قۇرئاننىڭ ئاساسلىق مەقسىدى تەۋھىدنى بايان قىلىپ، ئىنسانلارغا ھىدايەت رەھبىرى بولۇشتۇر. چۈنكى بايان قىلىنغان مەلۇماتلار بۇ ئەسلى مەقسەتكە خىزمەت قىلىدۇ. بۇنىڭ بىلەن بىرلىكتە، تەبىئىي پەن ساھەسىگە كىرىدىغان تېمىلاردا ئىنسانلارغا ئىبرەت قىلىپ كۆرسەتكەن مەلۇماتلارمۇ يۈتۈنلەي ھەقىقەتكە ئۇيغۇندۇر. بۇ قۇرئاننىڭ يۈتكۈل زامان ۋە ماكاندا مەۋجۇد بولالايدىغان، قىيامەتكىچە داۋام قىلىدىغان بىر مۆجىزىسىدۇر. بۇ قۇرئاننىڭ مۇقەددەسلىكىنى يېڭىدىن ئىسپاتلايدۇ.

چۈنكى كۈنسايىن كۆپىيىۋاتقان ئىلمى تەرەققىياتلار بۇ مەلۇماتلارنى توغرىلاپ ئىسپاتلاۋاتىدۇ. مىسال بەرسەك شۇلارنى زىكرى قىلالايمىز.

### 1. بىئولوگىيە

#### 1) ئىنساننىڭ يارىتىلىشى

ئىنساننىڭ كۆپىيىشى ۋە تۆرەلمىنىڭ شەكىللىنىشى توغرىسىدا قۇرئان زامانىۋى پەن-تېخنىكا بايقىغان بىر قىسىم مەلۇماتلاردىن خەۋەر بەرگەن. بۇلار ھەج سۈرىسىنىڭ 5-ۋە مۇئمىنۇن سۈرىسىنىڭ 12-14-ئايەتلىرىدە تەپسىلى بايان قىلىنغان:

**«ئى ئىنسانلار! ئەگەر سىلەر قايتا تىرىلىشتىن شەكلەنسەڭلار** (گۇمانڭلارنىڭ تۈگىشى ئۈچۈن ئەسلىدىكى يارىتىلىشڭلارغا قاراڭلار)، **بىز سىلەرگە** (ئاللاھنىڭ قۇدرىتىنى بايان قىلىپ بېرىش ئۈچۈن ئاتاڭلار ئادەم ئەلەيھىسسالامنى) **تۇپراقتىن، ئۇنىڭ ئەۋلادىنى** (ئالدى بىلەن) **ئابىمەنىدىن، ئاندىن لەختە قاندىن، ئاندىن شەكىلگە كىرگۈزۈلگەن ۋە كىرگۈزۈلمىگەن پارچە گۆشتىن ياراتتۇق. بىز خالىغان ئادەمنى بەچچىداندا مۇئەييەن مۇددەتكىچە قالدۇرىمىز، ئاندىن سىلەرنى** (ئاناڭلارنىڭ قارنىدىن) **بوۋاقلىق ھالىتىڭلاردا چىقىرىمىز** (ئاندىن سىلەرنى ئاستا-ئاستا كۈچ-قۇۋۋەتكە تولدۇرىمىز)، **سىلەر** (كامالەت يېشى) **قىران ۋاقتىڭلارغا يېتىسىلەر، بەزىلىرىڭلار ياشلىقىڭلاردا ۋاپات بولۇپ كېتىسىلەر، بەزىلىرىڭلار** (ئىلگىرى) **بىلگەندىن كېيىن ھېچ نەرسىنى بىلمەس ھالىتىڭلارغا قايتۇرلۇشۇڭلار ئۈچۈن، ناھايىتى قېرىپ كەتكۈچە** (ھايات) **قالدۇرۇلىسىلەر،** (ئاللاھتائالانىڭ ئۆلگەنلەرنى قايتا تىرىلدۈرۈشكە قادىر ئىكەنلىكىنى كۆرسىتىدىغان يەنە بىر دەلىل شۇكى) **سەن زېمىننى قاقاس كۆرىسەن، ئۇنىڭغا بىز يامغۇر ياغدۇرساق، ئۇ جانلىنىدۇ ۋە كۆپىشىدۇ، تۈرلۈك چىرايلىق ئۆسۈملۈكلەرنى ئۈندۈرۈپ بېرىدۇ.»** (ھەج سۈرىسى 5-ئايەت)

**«بىز ئىنسانىنى ھەقىقەتەن لايىنىڭ جەۋھىرىدىن ياراتتۇق. ئاندىن ئۇنى بىر پۇختا قارارگاھ** (يەنى بەچچىدان)**دا** (جايلاشقان) **ئابىمەنى قىلدۇق.**

**ئاندىن ئابىمەنىنى لەختە قانغا ئايلاندۇردۇق، ئاندىن لەختە قاننى پارچە گۆشكە ئايلاندۇردۇق، ئاندىن پارچە گۆشنى سۆڭەككە ئايلاندۇردۇق، ئاندىن سۆڭەككە گۆش قوندۇردۇق، ئاندىن ئۇنى** (جان كىرگۈزۈپ) **باشقا مەخلۇققا ئايلاندۇردۇق، ئەڭ ماھىر ياراتقۇچى ئاللاھ ھېكمەت ۋە قۇدرەت جەھەتتىن ئۇلۇغدۇر.»** (مۇئمىنۇن سۈرىسى 12-14-ئايەتلەر)

ئىنساننىڭ روھى قورۇلىشى ئاللاھقا يېتىپ بارىدىغان شەكىلدە يارىتىلغان. يەنە بىر تەرەپتىن جىسمانى ۋۇجۇدىمۇ ئاللاھنىڭ بۈيۈك ۋە كاتتا ئەسىرىدۇر.

ئاللاھ بۇ ئايەتلەردە بۇ كاتتا سەنئەت ئەسىرىگە دىققەتنى جەلىپ قىلىدۇ. ئايەتنىڭ يەنە بىر ھېكمىتى، ئىنساننىڭ شەكىلسىزلىكتىن ئەڭ گۈزەل شەكىلگە كىرىشىدۇر.

يارىتىلىش بىلەن مۇناسىۋەتلىك ئايەتلەرنى بايان قىلىشتا ئاللاھ رەسۇلى سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم مۇنداق دېگەن:

«ھەر بىرىڭلارنىڭ يارىتىلىش خېمىر تۇرۇچى ئالىياتقۇدا مەنى ھالىتىدە 40 كۈن تۇرىدۇ. كېيىن يەنە 40 كۈن ئىچىدە قان شەكلىگە كېلىدۇ، يەنە 40 كۈندىن كېيىن گۆش شەكلىگە كېلىدۇ، بۇنىڭدىن كېيىن بىر پەرىشتە ئەۋەتىلىدۇ. (پەرىشتە ئاللاھنىڭ ئەمرى بىلەن) ئۇنىڭغا جان كىرگۈزۈپ، رىزقىنى، ئەجىلىنى، ئەمىلىنى، پاسىق ياكى تەقۋا بولىدىغانلىقىنى يازىدۇ.»

بوۋاقنىڭ ئالىياتقۇدا تۇرىدىغان تۇنجى 40 كۈنى ھەدىسلەردە مەنى باسقۇچى دەپ ئىپادىلەنگەن. بۇ ۋاقىتقىچە كۆپلىگەن ئەزالار تۇنجى ئالامەتنى كۆرسەتكەنلىكى ئۈچۈن پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام ئېيتىپ ئۆتكەن «تاللىنىپ توپلىنىدۇ» دېگەن ئۇقۇم ئەمىلىيەتكە ئۇيغۇن.

40-كۈن بىلەن 80-كۈن ئوتتۇرىسىدىكى ۋاقىت قان باسقۇچى، 80-كۈن بىلەن 120-كۈنلەر گۆش پارچىسىغا ئايلىنىش باسقۇچىدۇر. 120-كۈنىدە ھامىلدارلىقتىن كېيىنكى تۆتىنچى ئاينىڭ بېشىدا بوۋاققا بىر پەرىشتە ئەۋەتىلىپ روھ بېرىلىدۇ.[86]

86. ئىنساندا ئىككى روھ باردۇر. بوۋاق ئالىياتقۇدا دەسلەپتە ياراتقۇچى تەرىپىدىن كەلگەن روھ بىلەن ئۆسۈملۈكسىمان شەكىلدە ياشايدۇ .ياراتقۇچى تەرىپىدىن كەلگەن بۇ روھ بەدەننىڭ ۋاپاتى بىلەن ئاخىرلىشىدۇ. ئىككىنچى روھ بولسا، ئەمىر ئالەمدىن كېلىدۇ. جانابى ئاللاھ

قۇرئان ۋە ھەدىستە بېرىلگەن مەلۇماتلار بىلەن زامانىۋى بىئولوگىيىنىڭ بۇ جەھەتتىكى بايقاشلىرى سېلىشتۇرۇلغاندا، بۇلارنىڭ ئوخشاش ئىكەنلىكىنى كۆرۈۋالغىلى بولىدۇ. ھالبۇكى، قۇرئان بەرگەن بۇ مەلۇماتلار 19- ئەسىردىن ئىلگىرى يەرشارىنىڭ ھەرقانداق بىر يېرىدە بايقالمىغان ئىدى. ئىنسانلارنىڭ كۆپىيىشىگە مۇناسىۋەتلىك قانۇنىيەتلەرنى قۇرئان 14 ئەسىر ئىلگىرى ئاددى بىر ئۇسلۇبتا ئېنىق ئوتتۇرىغا قويغان. دەرۋەقە بۇ ھەقىقەتنى بىلگەندىن كېيىن نۇرغۇنلىغان غەيرى مۇسلىم تۆرەلمەشۇناس مۇتەخەسسىسلەر قۇرئاننى قوبۇل قىلغان. بۇلاردىن بىرسى كانادالىق پروفېسسور **كەيتھ . ل. مورەدۇر**.[87]

كانادالىق پروفېسسور كەيتھ. ل. مورە تۆرەلمىشۇناسلىق ھەققىدە يازغان كىتابىدا تۆرەلمىنىڭ بالىياتقۇدىكى يېتىلىش ئەھۋالىنى ئىزاھلىغاندىن كېيىن بۇ مەلۇماتلارنى ئايەت بىلەن سېلىشتۇرۇپ، پەننىڭ قۇرئاندا بېرىلگەن مەلۇماتلار بىلەن ماس قەدەمدە ئىكەنلىكى كۆرستىلگەن مىسال ۋە چۈشەندۈرۈشلەرنىڭ تىببى ئىلمىدىن تېخىمۇ ئىلغار ئىكەنلىكىنى ئېتىراپ قىلغان.

كەيتھ قۇرئاندىكى مەنى، قان، گۆش ئۇقۇمىنىڭ يەنى بۇ 3 باسقۇچتىكى خۇسۇسىيەتلەرنىڭ ھەممىسىنىڭ ئىلمى ھەقىقەتلەرگە ئۇيغۇن بولۇش بىلەن بىرگە مېدىتسىنا ئىلمىگە يول كۆرسەتكەنلىكىنى ئوتتۇرىغا قويغان. مەنى ھالىتى دېيىلگەن باسقۇچ ئىلمى تەتقىقاتلارنىڭ مەزمۇنىنى ئۆز ئىچىگە ئالىدۇ. قان باسقۇچى قۇيۇق بىر قاندۇر. بوۋاقنىڭ بارلىق ئالاھىدىلىگى بۇ قۇيۇق قاندا ساقلانغان. گۆش بولسا

قۇرئاندا: **«ئۇنىڭغا (ئىنسانغا) شەكىل بەردىم ۋە ئۇنىڭغا جان كىرگۈزگەن چېغىمدا ...»** (ھىجر سۈرىسى29- ئايەت) دېگەن بىر ھالەتتۇر. بۇنىڭ ئەبەدىلىك خۇسۇسىيىتى باردۇر، ئۆلۈش يوقتۇر، قىيامەت كۈنى تەكرار بەدەن كىيىدۇرۇلىدۇ. بۇ روھ ھەدىسلەردە بايان قىلىنغان شەكلى بىلەن بىر پەرىشتە تەرىپىدىن 120-كۈنىدە جەسەتكە بەلگە قىلىنىدۇ، 120-كۈنىگىچە تەرەققى قىلغان جەسەت ئۆسۈملۈكسىمان ھالەتتە ئۆسىدۇ، 120-كۈنىدە ئاللاھ تەرىپىدىن كەلگەن روھ كىرگۈزۈلگەندىن كېيىن ئىنسانى ۋە روھانى ئامىللار شەكىللىنىدۇ.

87. ئەسىردىكى چەتئەللىك ئالىملارنىڭ قۇرئانغا بولغان ھەيرانلىقىنى بىلدۈرۈدىغان بايان ۋە ئۇلار بىلەن بولغان سوھبەت ئابدۇلمەجىد زىندانىنىڭ ئىلمى دوكلاتلىرىدىن تاللاپ ئېلىندى.

بىر پارچە گۆش ھالىتىدۇر. بۇ تەتقىقاتلار نەتىجىسىدە، كەيتھ قۇرئان ۋە پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامغا ئىنتايىن ھەيران بولغان ۋە قۇرئاننىڭ 1400 يىل ئىلگىرىكى بۇ مۆجىزىسىنى ئىنتايىن قايىللىق ئىچىدە قوبۇل قىلغان. قۇرئاندىن ئۆگەنگەن بىلىملەرنى «Before We Are Born» («بىز تۇغۇلۇشتىن ئىلگىرى») ناملىق كىتابىنىڭ ئىككىنچى نەشرىگە ئىلاۋە قىلغان.

ئۇنىڭدىن:

- بۇ بىلىملەرنىڭ قۇرئاندا بار ئىكەنلىكىنى قانداق ئىزاھلايسىز؟ - دەپ سورالغاندا:

**- قۇرئان ئاللاھ تەرىپىدىن نازىل قىلىنغان ۋەھيىدىن باشقا بىر نەرسە ئەمەس.** - دەپ جاۋاب بەرگەن[88].

بۇلار ۋە بۇنىڭغا ئوخشاش قايىللىقلار قۇرئاننىڭ مۆجىزە ئىكەنلىكىنى كۆرسەتمەكتە. قۇرئان بۇ ھەقتە مۇنداق دەيدۇ:

**«ھەقىقى ئىلىم ئەربابى رەببىڭدىن ساڭا كەلگەن ۋەھيىنىڭ تامامەن ھەقىقەت ئىكەنلىكىنى ۋە يېگانە ئاللاھنىڭ يولىغا چاقىرغانلىقىنى ئەلۋەتتە كۆرىدۇ.»** (سەبە سۈرىسى 6-ئايەت)

كەيتھ يەنە بىر قېتىملىق دوكلاتىدا قۇرئاننىڭ تۆرەلمشۇناسلىق ئىلمى بىلەن مۇناسىۋەتلىك ھەقىقەتلىرى ئالدىدا تۆۋەندىكى ئېتىراپلارنى قىلغان:

«قۇرئان ۋە سۈننەت ئېلىپ كەلگەن مۆجىزىلەر ھەققىدە سىلەرگە بىر دوكلات بېرەلىگەنلىكىم ئۈچۈن ناھايىتى خۇشالمەن. بۇ ئەسىردىكى ئىلىم ۋە پەن-تېخنىكا يېڭى بايقىغان ھەقىقەتلەرنى بۇنىڭدىن 14 ئەسىر ئىلگىرى ساۋاتسىز بىر ئىنساننىڭ تىلغا ئېلىشى مېنى قاتتىق ھەيران قالدۇردى، پۈتكۈل تەتقىقاتىم نەتىجىسىدە قۇرئاننىڭ شەك-شۈبھىسىز ۋەھيى مەھسۇلى ئىكەنلىكىگە قەتئىي ئىشەندىم.»

يارىتىلىشقا مۇناسىۋەتلىك زىكرى قىلىنغان ئايەتلەرگە قوشۇمچە قىلىپ ئىنساننىڭ (بالىياتقۇدىكى) يېتىلىش باسقۇچىنىڭ 3 ئايرىم ئورۇندا تاماملىنىدىغانلىقى، زۇمەر سۈرىسىنىڭ 6-ئايىتىدە مۇنداق دېيىلگەن:

---

88. گارىي ممللېر: The Amazing Qur‘an، 34-39-بەتلەر.

**«...ئاللاھ سىلەرنى ئاناڭلارنىڭ قارنىدا بىر ھالەتتىن يەنە بىر ھالەتكە تەرەققى قىلدۇرۇپ، 3 قاراڭغۇلۇق ئىچىدە يارىتىدۇ...»**

بىئولوگىيە نوقتىسىدىن قارىغاندا، بۇ 3 قاراڭغۇ رايۇن: تۆرەلمە يېتىلىش داۋامىدا بىر باسقۇچتىن يەنە بىر باسقۇچقا ئۆتىدىغان 3 رايۇننى بىلدۈرىدۇ.

✵

ئامېرىكىدا ئاناتومىيە فاكولتېتى مەسئۇلى **پروفېسسور دوكتور مارس ھال جونسون** قۇرئاندىكى يارىتىلىش قەدەم باسقۇچلىرى ھەققىدىكى ئايەتلەردىن قاتتىق ھەيران بولغان ۋە «گۆش پارچىسى» ھەققىدىكى ئايەتلەر دىققىتىنى ئالاھىدە جەلپ قىلغان:

بىر چىشلەم گۆش چىشلەرنىڭ تىزىلىشىغا قاراپ شەكىللەنگەن ھالدا گويا چاينالمىغان بىر چىشلەم گۆشنىڭ ئۈستىدە قالغان چىش ئىزلىرىنىڭ كۆرۈنۈشى ھەممىسى بىر سانتىمېتىر (بىر چىشلەم) كېلىدۇ.

گۆش پارچىسىدا ئىنساننىڭ پۈتكۈل خۇسۇسىيەتلىرى بار، ئەمما بۇلارنىڭ بەزىسى ھەركەتچان، بەزىسى تېخى ھەركەتكە ئۆتمىگەن ھالەتتە. مېدىتسىنا ئىلمى ھازىرغىچە بۇ ھالەتنى چۈشەندۈرۈپ بېرەلمەيۋاتىدۇ. ئورگانلار ئىشلەۋاتىدۇ دېسە، ئىشلىمەيۋاتقانلىرى بار، ئورگانلار ئىشلىمەيدۇ دېسە ئىشلەۋاتقانلىرى بار. ئەمىلىيەتتە قۇرئان بۇنى مۇئەييەن تۇراقسىز **«بىر چىشلەم گۆش»** دەپ ئىپادىلەپ، بارلىق بىلىملەرنى ئۆز ئىچىگە ئالغان بىر ئىزاھلاش بىلەن بۇ مەجھۇلنى 1400 يىل ئىلگىرى ئايدىڭلىققا چىقارغان.

پروفېسسور مارشال قۇرئان بىلىملىرىنى ئالدىدا رەت قىلىپ، كېيىن تامامەن قوبۇل قىلىشقا مەجبۇر بولغان، ھەتتا بۇ جەريانىدا كۆپلىگەن يېڭى ھەقىقەتلەرنى بىلىپ، ئۆزىنى توختىتالمىغان ھالدا مۇنداق دېگەن:

«ئىلىم ئەھلىگە يول كۆرسىتىدىغان بۇ قۇرئان ئاللاھ تەرىپىدىن نازىل قىلىنغان. ۋاقتى كەلگەندە ئۇنىڭ ھەقىقەتلىرى بىر-بىرلەپ ئاشكارا بولىدۇ.» قۇرئان ئىپادە قىلغاندەك:

**«(ئاللاھ تەرىپىدىن) ئالدىنئالا بېرىلگەن ھەر بىر خەۋەرنىڭ مەيدانغا كېلىدىغان ۋاقتى بار، ئۇزاققا قالماي بىلىسىلەر.»** (ئەنئام سۈرىسى 67-ئايەت)

17-ئەسىردە مىكروسكوپ كەشپ قىلىنىشتىن ئىلگىرى، ئىلىم-پەن ئىسپېرما بالىياتقۇغا ئىنسان شەكلىدە كىرىدۇ دەپ بىلەتتى. ئەمما ئىنسانلارنىڭ باسقۇچلارغا بۆلۈنۈپ يارىتىلىشىنى بىلمەيتتى. بۇخىل كۆز قاراش 18-ئەسىرگىچە داۋام قىلدى، ھەتتا 19-ئەسىرنىڭ ئوتتۇرلىرىغىچە ئىلىم ئەھلىلىرى ئىنساننىڭ باسقۇچلارغا بۆلۈنۈپ يارىتىلىشىنى تېخى بىلەلمىگەن ئىدى. لېكىن يېقىنقى زاماندا پەن-تېخنىكىنىڭ تەرەققى قىلىشى بىلەن بۇ جەھەتتە چوڭقۇر تەتقىقاتلار ئېلىپ بېرىلدى ۋە نىھايەت قۇرئاندا 1400 يىل ئىلگىرى ئوتتۇرىغا قويۇلغان ھەقىقەتكە يېتىپ بارالىدى.

بۇنىڭغا ئاساسەن دېيىشكە بولىدۇكى، پۈتكۈل ئىلمى تەتقىقاتلار توغرا يەكۈنلىنىپ كامالەتكە يەتكۈزۈلگەندە ئوتتۇرىغا چىقىدىغان ھەقىقەت قۇرئانغا قايىل بولۇشتىن باشقا نەرسە بولمايدۇ. بىر ۋاقىتلاردا قۇرئان «قۇياش ئايلىنىدۇ» دېگەندە، ئۇنىڭ ئايلانمايدىغانلىقىنى سۆزلىگەن ئىلىم بۇگۈن توغرىسىنى تېپىپ چىقىپ، «شۇنداق! قۇياش ئايلىنىدىكەن» دەيدىغان ھالەتكە كەلگەن بولسا، باشقا ھەقىقەتلەردىمۇ پەن-تېخنىكىنىڭ تەرەققىياتىغا ئەگىشىپ، ئوخشاش نەتىجىگە كېلىدۇ، بارلىق ئىسپاتلار قۇرئانغا رام بولۇشقا مەجبۇر بولىدۇ.

بىئولوگىيە ئىلمىنىڭ تەرەققى قىلىشىغا ئەگىشىپ، بىز ئەمدىلا بىلگەن بۇ ئىلمى ھەقىقەتلەرنى قۇرئان بۇنىڭدىن 14 ئەسىر ئىلگىرى ئىنسانلار بىئولوگىيە ھەققىدە ھېچنېمە بىلمەيدىغان زاماندا ئاللىقاچان ئوتتۇرىغا قويۇپ بولغان. بۇ قۇرئاننىڭ كاتتىلىقى ۋە بۈيۈكلۈكىنى كۆرسىتىدىغان دەلىللەردىن پەقەت بىرسىدۇر.

### 2) بارچە مەۋجۇدات سۇدىن يارىتىلغان

ئاللاھتائالا قۇرئانى-كەرىمدە مۇنداق دېگەن:

**«كاپىرلار بىلمەمدۇكى، ئاسمانلار بىلەن زېمىن بىر-بىرىگە تۇتاش ئىدى، ئۇلارنى ئايرىۋەتتۇق، ھەممە جانلىق مەۋجۇداتنى سۇدىن ياراتتۇق، ئۇلار** (ئاللاھنىڭ قۇدرىتىگە) **ئىشەنمەمدۇ؟»** (ئەنبىيا سۈرىسى 30-ئايەت)

**«ئاللاھ ھەر بىر جاندارنى سۇدىن ياراتتى...»** (نۇر سۈرىسى 45-ئايەت)

بۇ يەردە ھەر بىر جانلىق مەۋجۇداتنىڭ ئاساسىي ماددىسى جەھەتتە سۇدىن يارىتىلغانلىقى مەنىسىنى چۈشىنىش بىلەن بىرگە ھەر جانلىق مەۋجۇداتنىڭ مەنبەسىدە سۇ بار ئىكەنلىكىدىن ئىبارەت بىر مەنىنىمۇ كۆرگىلى بولىدۇ. مۇمكىن بولغان بۇ مەنىلەرنىڭ ھەممىسىنىڭ ئىلمىي ھەقىقەتلەر بىلەن ئوپمۇ-ئوخشاش ئىكەنلىكى بىلىندى. ھاياتلىق سونى مەنبە قىلغاندەك، ھەر بىر جانلىق ھۈجەيرىنىڭ ئاساسىي تەركىبىمۇ سۇ. سۇسىز ھايات مۇمكىن ئەمەس.

14 ئەسىر ئىلگىرى ئىنسان بەدىنىنىڭ مەلۇم نىسبەتتە سۇدىن ئىبارەت ئىكەنلىكى ھەققىدە گەپ بولسا، بۇنىڭغا ھېچكىم ئىشەنمەيتتى. لېكىن مىكروسكوپ ئىجاد قىلىنىپ، ستوپلازمىنىڭ، يەنى ھۈجەيرىنىڭ ئەڭ كىچىك پارچىسىنىڭ يۈزدە سەكسەن پىرسەنت نىسبەتتە سۇدىن يارىتىلغانلىقى بايقالغاندىن كېيىن يۇقىرىقى ئايەتلەرنى چۈشىنىش تېخىمۇ ئاسانلىششقا باشلىدى.

ئايەتتە تىلغا ئېلىنغان **«ھەر جانلىق مەۋجۇدات»** ئاتالغۇسى ئۆسۈملۈكلەر ۋە دەل-دەرەخلەرنىمۇ ئۆز ئىچىگە ئالىدۇ. چۈنكى بۇلارنىڭ ھاياتىمۇ سۇغا باغلىقتۇر. بۇلاردىكى نەملىك، بىخ، نوتا ۋە مېۋىلەر سۇدىن كېلىدۇ.

يەنە بۈگۈنكى ئالەم تەتقىقاتى نەتىجىلىرىگە ئاساسلانغاندا، يەر شارىدىن باشقا پىلانېتلاردا سۇ پارى بولمىغانلىقى ئۈچۈن جانلىق مەۋجۇداتمۇ يوقتۇر. بۇ بايقاشمۇ سۇنىڭ ھاياتلىق ۋە جانلىقلار بىلەن قانچىلىك زىچ مۇناسىۋىتى بارلىقىنى كۆرسەتمەكتە.

بۇ چۈشەندۈرۈشلەردىن چىققان نەتىجە شۇكى، ئەنبىيا سۈرىسىدىكى ئايەت ھاياتلىق ۋە جانلىقلار مەنبەسىنىڭ سۇدىن تەركىپ تاپقانلىقىنى كۆرسەتمەكتە. نۇر سۈرىسىدىكى ئايەتمۇ ئەقىللىق-ئەقىلسىز بارلىق جانلىقلارنىڭ[89] ئۆزىگە خاس ھالدا سۇ (مەنى ياكى ئىسپېرما)دىن يارىتىلغانلىقىنى ئىپادىلەيدۇ. بۇ ئىپادىلەر كۈنىمىزدىكى ئىلمىي بايقاشلار بىلەن ئوپ-ئوخشاش.

---

89. ئىنسانلار بىلەن بىرلىكتە بارلىق ھايۋانلارنىڭ. چۈنكى «دابىە» كەلىمىسىنى ئىشلەتكەن. بۇ ئۆسۈملۈك ۋە دەل-دەرەخلەرنى ئۆز ئىچىگە ئالمايدۇ.

شۇڭا دېيەلەيمىزكى، ھاياتلىق سۇ بىلەن باشلانغان ۋە سۇ بىلەن داۋاملىشىۋاتىدۇ. كىم بىلىدۇ، بەلكى كۈنلەردىن بىر كۈنى سۇ تۈگەپ كەتسە، ھاياتلىقمۇ ئاخىرلىششى مۇمكىن. دەرۋەقە، قىيامەت ھادىسلىرى بايان قىلىنغاندا:

**«دېڭىزلار ئوت بولۇپ لاۋۇلدىغان چاغدا،»** (تەكۋىر سۈرىسى 6-ئايەت) دېيىلگەن.

دېڭىزنىڭ قانداق شەكىلدە ئوت بولۇپ لاۋۇلدايدىغانلىقى بىزگە مەجھۇلدۇر. لېكىن بۇ ئايەت بىزگە سۇنىڭ تەركىبىدىكى ماددىلاردىن ھىدروگېننىڭ كۆيگۈچى، ئوكسىگېننىڭ كۆيدۈرگۈچى ئىكەنلىكىنى ئەسلىتىدۇ. ئاللاھ كۆيگۈچى ۋە كۆيدۈرگۈچى ئىككى ماددىدىن ھاياتلىق بەرگۈچى بىر تەركىپ مەيدانغا كەلتۈرگەن. ۋاقتى كەلگەندە بۇ تەركىبنىڭ بۇزۇلۇش ئېھتىمالى بارلىقى تەسەۋۋۇر قىلىنماقتا.

يۇقىرىدىكى مىساللاردا كۆرۈلگىنىدەك، قۇرئانى-كەرىم ھەم نازىل بولغان دەۋردىكى كىشىلەرنى قايىل قىلغان، ھەمدە ئىلمىي بايقاشلار كۈنسايىن كۆپىيىۋاتقان زامانىمىزدىكى دەۋردە ياشاۋاتقان بىزگە ئوخشاش ئىنسانلارنى قايىل قىلماقتا.

### 3) سۈتنىڭ شەكىللىنىشى

سۈتنى تەشكىل قىلىدىغان ئامىللارنىڭ ھايۋان بەدىنىدە بارلىققا كېلىدىغان يېرى ھەققىدە بېرىلگەن مەلۇمات كۈنىمىزدىكى ئىلمى تەتقىقات نەتىجىلىرى بىلەن ئوپمۇ-ئوخشاشتۇر. بۇنىڭغا مۇناسىۋەتلىك ئايەتتە مۇنداق دېيىلىدۇ:

**«چاھار پايلاردا سىلەر ئۈچۈن ھەقىقەتەن بىر ئىبرەت بار. سىلەرنى چاھار پايلارنىڭ قارنىدىكى ماياق-تېزەكتىن ۋە قاندىن ئايرىلىپ چىققان پاكىز ۋە تەملىك سۈت بىلەن سۇغۇرىمىز.»** (نەھل سۈرىسى 66-ئايەت)

ئايەتتە تىلغا ئېلىنغان ئۈچەي ۋە قان ھەققىدىكى بىلىملەرنى خېمىيە ۋە ھەزىم قىلىش فىزىئولوگىيىسى ئىلمىنىڭ تەرەققى قىلىشىغا ئەگىشىپ، ئىنسانلار تېخى يېڭىلا چۈشەندى. بۇ بىلىملەرنى پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام دەۋرىدە ھېچكىم بىلمەيتتى. بۇ مەلۇمات 21-ئەسىرنىڭ بېشىدا بايقالدى. ھالبۇكى قاننىڭ ئايلىنىشىنى قۇرئاندىن 10 ئەسىر كېيىن بايقىغان.

پەيغەمبىرىمىزنىڭ زامانىدا قاننىڭ ھەزىم قىلىنغان ئوزۇقلۇق ماددىلارنى سۈت ئاجرىتىپ چىقارغۇچى بەزلەرگە توشۇيدىغانلىقى، سۈت ئاجرىتىپ چىقارغۇچى بۇ

بەزلەرنىڭ ئۆزىگە يەتكۈزۈلگەن بۇ خام ماددىلارنى پىششىقلاپ ئىشلەش ئارقىلىق سۈت ئىشلەپچىقىرىدىغانلىقىنى ھېچكىم بىلمەيتتى. چۈنكى ئىنچىكە كەسپىي ئىلىم تەلەپ قىلىدىغان بۇ بىلىملەرنى قۇرئانى-كەرىم نازىل بولغان دەۋردىكى ئىنسانلارنىڭ بىلەلىشىنىڭ مۇمكىن ئەمەسلىكى ئىنتايىن ئېنىق پاكىتتۇر.

بۇ مەلۇماتلارغا ئىشارەت قىلىدىغان ئايەتنىڭ قۇرئاندا مەۋجۇت بولۇشى ۋە بۇنىڭ 14 ئەسىر ئىلگىرى ئوتتۇرىغا قويۇلغانلىقىنى ئويلايدىغان بولساق، بۇنىڭ ئىنسان سۆزى ئىكەنلىكىنى ئىزاھلاش مۇمكىن بولماي قالىدۇ.

### 4) ئانا سۈتى

بۇ يەردە ئانا سۈتى بىلەن مۇناسىۋەتلىك بىر ھەقىقەتنى ئوتتۇرىغا قويۇش مۇھىمدۇر. قۇرئاندا:

**«ئانىلار** (بالىلىرىنى ئېمىتىش مۇددىتىدە) **تولۇق ئېمىتمەكچى بولسا، تولۇق ئىككى يىل ئېمىتىشى لازىم.»** (بەقەرە سۈرىسى 233-ئايەت)

**«ئىنساننى ئاتا ئانىسىغا ياخشىلىق قىلىشقا بۇيرىدۇق. ئانىسى ئۇنى** (قورسىقىدا) **ئۈستى-ئۈستىگە ئاجىزلىق بىلەن كۆتۈردى. ئىككى يىلدا ئۇنى ئەمچەكتىن ئايرىدى.** (ئى ئىنسان!) **ماڭا ۋە ئاتا-ئاناڭغا شۈكۈر قىلغىن، ئاخىر قايتىدىغان جاي مېنىڭ دەرگاھىمدۇر».** (لوقمان سۈرىسى 14-ئايەت)

دېيىلىپ، بوۋاقلارنى تولۇق ئىككى يىل ئېمىتىش كېرەكلىكى ئوتتۇرىغا قويۇلغان.

كۈنىمىزدە تەرەققى قىلغان مېدىتسىنا ئىلمى ئانىنىڭ بوۋاقنى ئېمىتىشىنىڭ ھەم ئۆزىنىڭ سالامەتلىكى ھەمدە بوۋاقنىڭ سالامەتلىكى ئۈچۈن پەۋقۇلئاددە مۇھىملىقىنى ئىسپاتلىدى.

ئانا سۈتى ئىلاھى قۇدرەت ئېقىمى بىلەن تولغان مۇكەممەللىكنى ئىپادىلەيدۇ. ئۇنىڭدا بوۋاقنىڭ ھاياتى ئۈچۈن كېرەكلىك بولغان ۋىتامىنلار، ھورمۇنلار، قوغدىغۇچى ماددىلار ۋە مىكروپلار بىلەن كۈرەش قىلىدىغان دانچىلار، مەنىۋى جەھەتتىن ئانىنىڭ خاراكتېرىنى تەشكىل قىلىدىغان ئامىللار مەۋجۇتتۇر.

ئانا سۈتىدە ئىنساننىڭ ئۆزۈقلىنىشى ئۈچۈن كېرەكلىك بولغان ئاساسى ماددىلار: ئاقسىل، شېكەر، ياغ، فوسفور قاتارلىق ماددىلارنىڭ ھەممىسى بوۋاقنىڭ

ۋۇجۇدىغا مۇۋاپىق ھالدا تەڭپۇڭ بىر نىسبەتتە مەۋجۇت بولۇپ، بۇلار ئاللاھ تەرىپىدىن تەڭشەلگەن.

ئانا سۈتىدە بوۋاقنى تۇنجى 6 ئايدا بارلىق مىكروپلۇق كېسەللىكلەردىن ساقلايدىغان پىداكار ماددىلار باردۇر. بۇنىڭغا ئوخشاش سەۋەبلەر بىلەن بوۋاق بولۇپمۇ تۇنجى 6 ئايدا پەقەت سۈت بىلەنلا ئۇزۇقلىنىشى كېرەكلىكى بىئولوگىيەلىك زۆرۈرىيەتتۇر.

تەرەققىي قىلغان مېدىتسىنا ئىلمىگە ئاساسلانغاندىمۇ، ئەڭ مۇۋاپىق ئېمىتىش مۇددىتى تولۇق ئىككى يىلدۇر. چۈنكى جىگەرنىڭ قان ئىشلەپچىقىرىشى سەۋەبىدىن يۈكىنىڭ ئېغىر بولىشى ۋە باشقا ئورگانلار ئۆسۈپ يېتىلىۋاتقانلىقى ئۈچۈن ئانا سۈتىگە بولغان مەجبۇرى ئېھتىياج ئىككى يىل داۋام قىلىدۇ. يەنە ئۆسۈپ يېتىلىۋاتقان ۋاقتىنىڭ ئەڭ مۇھىم باسقۇچىدا ھەقىقى بىئولوگىيەلىك ماددىلارغا بولغان ئېھتىياج ۋاقتى ئىككى يىل بولىدۇ. چۈنكى مېدىتسىنا ئىلمى، بوۋاقنىڭ ئىككى ياشقا كىرگىچە بولغان ئارىلىقتىكى ئۆسۈپ يېتىلىشىنىڭ ئەڭ مۇھىم باسقۇچ ئىكەنلىكىنى ئېتىراپ قىلماقتا.

مېدىتسىنا ئىلمى بوۋاقنى ئىككى يىل ئېمىتكەن ئانىنىڭ بەدىنىدە بىئولوگىيەلىك بىر يېڭىلىنىش بولۇپ، ئەمچەك راكى نىسبىتىنىڭ ئاز بولىدىغانلىقىنى، بۇنىڭ ئەكسىچە، بالىسىنى ئېمىتمىگەن ئايالنىڭ سالامەتلىك جەھەتتىن خېيىم-خەتەر ئاستىدا بولىدىغانلىقىنى ئوتتۇرىغا قويغان.

بۇ پايدىلىق ئىشلارنىڭ كامىل مەنادا بارلىققا كېلىشى ئۈچۈن بالىنى ئىككى يىل ئېمىتىش كېرەك. بۇ قۇرئانىنىڭ بۈيۈك بىر مۆجىزىسىدۇر.

يەنە بىر تەرەپتىن نىسا سۈرىسىنىڭ 23-ئايىتىدە ئۆيلىنىش چەكلەنگەن ئاياللار ئارىسىدا **«سۈت قېرىنداشلار»** (ئېمىلداشلار) مۇ بار.

ئىسلام شەرىئىتىگە ئاساسەن، ئىككى ياشقا كىرگىچە بولغان ئارىلىقتا بىر ئانىنى ئەمگەن باللار ئېمىلداش ھېسابلىنىدۇ. ئىككى يىلدىن كېيىن ئەمگەنلەر ئېمىلداش ھېسابلانمايدۇ. بۇنىڭدىن قارىغاندا ئانىنىڭ سۈتى ئەسلىدىكى ئالاھىدىلىكىنى يۇقاتقان بولىدۇ.

بالىياتقۇدا ھامىلە پەيدا بولغاندىن باشلاپ، ئانا سۈتى شەكىللىنىشكە باشلايدۇ. باشقا بىر بوۋاق ئىككى يىلغىچە بۇ سۈتتىن ناھايىتى ئاز مىقداردا ئەمسىمۇ سۈت

قېرىنداشلىقى كېلىپ چىقىدۇ. بۇ سۈت بوۋاقنىڭ شەكىللىنىشى بىلەن بارلىققا كېلىدىغانلىقى ئۈچۈن ئۇنى ئەمگەن باشقا بالىغىمۇ ئوخشاش خاراكتېر يوقىدۇ. يەنى ئورتاق ئالاھىدىلىكلەرگە ئىگە بولغان بىر تۇققانلىق كېلىپ چىقىدۇ. بۇ سەۋەپتىن ئىسلامدا يۇقىرىدا تىلغا ئېلىنغان بىر تۇققانلارغا ئوخشاش، ئېمىلداشلارمۇ ئۆزئارا توي قىلالمايدۇ.

بىر توققانلار ۋە ئېمىلداشلارنىڭ ئۆزئارا توي قىلىشىنىڭ هارام قىلىنىشىنىڭ بۈگۈن بىلىنگەن ۋە تېخى بىلىنمىگەن نۇرغۇن ھېكمەتلەر تۈپەيلى ئوتتۇرىغا قويۇلغانلىقى مۇھەققەقتۇر.

### 5) قاننىڭ ھارام قىلىنىشى

ئاللاھ قۇرئانى ـ كەرىمدە «قان»نىڭ ئىستىمال قىلىنىشىنى ھارام قىلغان:

**«ئاللاھ سىلەرگە ئۆزى ئۆلۈپ قالغان ھايۋاننى، قاننى، چوشقا گۆشىنى، ئاللاھتىن غەيرىنىڭ** (يەنى بۇتلارنىڭ) **نامى ئېيتىلىپ بوغۇزلانغان ھايۋاننى يېيىشنى ھارام قىلدى. كىمكى ئۆز ئىختىيارىچە ئەمەس، ئىلاجىسىزلىقتىن** (يۇقىرىقى ھارام قىلىنغان نەرسىلەردىن) **ھاياتىنى ساقلاپ قالغۇدەك يېسە، ئۇنىڭغا ھېچ گۇناھ بولمايدۇ. ھەقىقەتەن ئاللاھ ناھايىتى مەغپىرەت قىلغۇچىدۇر، ناھايىتى مېھرىباندۇر.»** (بەقەرە سۈرىسى 173-ئايەت؛ مائىدە سۈرىسى 3-ئايەت؛ نەھل سۈرىسى 115-ئايەتلەرگە قاراڭ.)

ئىنسانلار بۇ ئەمرىنىڭ ئەھمىيىتىگە نىسبەتەن غاپىل ئىدى. لېكىن قاننىڭ خېمىيىلىك تەركىبىنى ئانالىز قىلىشتىن كېيىن چىققان نەتىجە بۇ ئىلاھىي ئەمرىنىڭ ئىنسانلارنىڭ سالامەتلىكى ئۈچۈن نەقەدەر پايدىلىق ئىكەنلىكىنى كۆرسەتتى. تەكشۈرۈشلەرگە ئاساسلانغاندا، قاننىڭ تەركىۋىدە كۆپ مىقداردا سۈيدۈك كىسلاتاسى بار بولۇپ، قاننى غىزا ئورنىدا قوللانغاندا، بۇ سۈيدۈك كىسلاتاسى سالامەتلىككە زىيانلىق بولغان زەھەرلىك ماددا بولۇپ ھېسابلىنىدۇ. ئىسلامنىڭ مال بوغۇزلىغاندا دىققەت قىلىشنى بۇيرىغان ئالاھىدە ئۇسۇل (قاننى ئېقىتىۋېتىش)تىكى سىرىمۇ مۇشۇ سەۋەپ تۈپەيلىدىندۇر. ئۆلۈغ دىنىمىز ھايۋاننىڭ بەدىنىدىكى بارلىق قانلارنىڭ ئېقىپ چىقىپ كېتىشى ئۈچۈن، ئۇنى مۇئەييەن بىر ئۇسۇل بىلەن بوغۇزلاشنى بۇيرىغان. (ۋاھىدۇددىن: «ئىسلام دوئىلغا چاقىرىۋاتىدۇ»، 249-بەت)

قانىنىڭ ھارام قىلىنىشىدا ئەلبەتتە باشقا سەۋەب ۋە ھېكمەتلەرمۇ بار بولۇشى مۇمكىن. ۋاقتىنىڭ ئۆتۈشى بىلەن ئۇلارمۇ بايقىلىپ ئوتتۇرىغا چىقىدۇ.

## 2. بارماق ئىزىنى تەكشۈرۈش ئىلمى

بارماق ئىزىنى تەتقىق قىلىدىغان ئىلىم بارماق ئۇچىنىڭ مەڭگۈ ئۆزگەرمەي بىر خىل تۇرىدىغانلىقى، بىر ئىنساننىڭ بارماق ئۇچىنىڭ باشقا بىر ئىنساننىڭ بارماق ئۇچىغا قەتئىي ئوخشىمايدىغانلىقىنى ئوتتۇرىغا قويغان. بۇ سەۋەپتىن جامائەت خەۋپسىزلىك ئورگانلىرى قانۇن ئىشلىرىدا ئەڭ ئىشەنچلىك ئىسپاتقا ئېرىشىش بارماق ئىزىنى تەكشۈرۈش ئارقىلىق بولىۋاتىدۇ. بۇ ھەقىقەت 19-ئەسىرنىڭ ئاخىرىدا كەشىپ قىلىنىپ ئىشلىتىلىشكە باشلىغان. ھالبۇكى قۇرئان:

**«ئىنسان** (يەنى كاپىر) **بىزنى ئۆزىنىڭ** (چىرىپ تارقىلىپ كەتكەن) **سۆڭەكلىرىنى جەمئىي قىلالمايدۇ دەپ گۇمان قىلامدۇ؟ ئۇنداق ئەمەس** (يەنى ئۇنىڭ سۆڭەكلىرىنى جەم قىلىمىز)، **ئۇنىڭ** (ئەڭ ئىنچىكە، ئەڭ نازۇك بولغان) **بارماقلىرىنى ئەسلىگە كەلتۈرىمىز.»** (قىيامەت سۈرىسى 3-4-ئايەتلەر)

ھەر قانداق بىر ئىنساننىڭ يۈز شەكلى باشقا بىر ئىنساننىڭكىگە ئوخشىمىغاندەك، بارماق ئىزلىرىدىمۇ ھەر خىل شەكىل ۋە سىزىقلار بار. بۇنداق كىچىك ۋە تار بىر ئارىلىقتا نازۇك ۋە گۈزەل نەقىشلەرنىڭ سىزىلىشى چەكسىز قۇدرەت ساھىبى، ئەڭ چوڭىدىن ئەڭ كىچىكىگىچە بولغان ھەممە نەرسىنى ئاسان يارىتىپ، پۈتكۈل مەخلۇقاتلارنىڭ ئۈستىدە مۇكەممەل بىر ئىنتىزام ۋە سەنئەت ئىجرا قىلغان ئۇلۇغ زاتنىڭ ئەسىرىدۇر.

كائىناتتىكى ئىلاھىي قۇدرەت تەجەللىلىرىگە قارايدىغان بولساق، مەۋجۇدات ئىچىدە ماددىي ۋە مەنىۋى جەھەتتە قوشكېزەك بولغان مەۋجۇدات يوقتۇر.

بىر كۈنى بىرەيلەن ھەزرىتى ئۆمەرنىڭ يېنىدا:

- شۇ شاخمات تاختىسىغا ھەيران قالىمەن. شاخمات تاختىسىنىڭ ئۇزۇنلۇقى ۋە كەڭلىكى ئىككى غېرىچ، كىشى ئۇنىڭ ئۈستىدە مىليون قېتىم شاخمات ئوينىسا، ھەر قېتىمقى ئويۇنى بىر-بىرىدىن پەرقلىق بولىدۇ. ماڭغان يولى، يۆتكىگەن پىچكىسى ھەر قېتىم ئوخشاش بولىۋەرمەيدۇ. ـ دېدى. ھەزرىتى ئۆمەر رەزىيەللاھۇ ئەنھۇ ئۇ كىشىگە مۇنداق دېدى:

- بۇنىڭغا قارىغاندا تېخىمۇ بەك ھەيران قالارلىق بىر ئىش بار. ئۇ شۇكى، ئىنساننىڭ ئۆزۈنلۈقى ۋە كەڭلىكى بىرەر غېرىچ كېلىدىغان يۈزىدىكى قاش-كۆز، ئېغىز-بۇرۇن قاتارلىق ئەزالىرىنىڭ ئورنى قەتئىي ئۆزگەرمىگەن ئەھۋال ئاستىدا يۈزى بىر-بىرىگە قويۇپ قويغاندەك ئوخشايدىغان ئىككى ئادەمنى شەرق ۋە غەرپتە تاپالمايسەن. شۇ كىچىككىنە تېرە پارچىسى ئۈستىدە ھەددى-ھېساپسىز، چەكسىز پەرقلەرنى ياراتقان ئاللاھنىڭ قۇدرەت ۋە ھېكمىتى نەقەدەر بۈيۈك-ھە! (رازى، 4-جىلد، 179-180، [بەقەرە، 164])

## 3. تېرە ئالماشتۇرۇش

بىر قېتىملىق مېدىتسىنا يىغىنىدا تايلاند جايىن-مايىن ئونىۋېرسىتېتى تىببىي فاكولتېت مۇدىرى پروفېسسور ناجاكەت تاجاسونغا قۇرئاندىكى ھەقىقەتلەر سۆزلەنگەندە، بۇ مۇدىر بۇلارغا ئانچە ئەھمىيەت بەرمەي:

«بۇنىڭغا ئوخشايدىغان مەلۇماتلار بىزنىڭ بۇيەردىكى بۇددا دىنىنىڭ مۇقەددەس كىتابلىرىدىمۇ بار» دېگەن ئىدى.

ئەمما بۇنىڭ ئىسپاتلىنىشى تەلەپ قىلىنغان ۋاقىتتا ئېلىپ بارغان تەتقىقاتى نەتىجىسىدە بۇلارنى تاپالمىغان. قايتىدىن قۇرئاندىكى ئىزاھاتلارنى تەتقىق قىلىپ، ئىلگىرىكى پوزىتسىيىسىدىن يانغان. بۇ ھەقتە مۇنازىرە قىلىشقان مۇسۇلمان ئىلىم ئەھلىدىن كەچۈرۈم سوراشقا مەجبۇر بولغان.

تاجاسون ئىلگىرى ئازابقا مۇناسىۋەتلىك بىر تەتقىقات ئېلىپ بېرىپ، شۇ نەتىجىلەرگە ئېرىشكەن:

ئازاب ئۆزۈن مۇددەت داۋاملىششى ئۈچۈن، تېرىلەر ئوتتا كۆيۈپ سىزىم يۇقالغاندىن كېيىن قايتىدىن يېڭى تېرە يەڭگۈشلەش، تېرە ئەسلى ھالىتىگە قايتىشى كېرەك. يەنى ئازاب تېرىلەرگە قىلىنغانلىقى ئۈچۈن تېرىلەر كۆيۈپ ئىچىدىكى نېرۋىلار بىر يەرگە يىغىلىپ كاردىن چىقىپ، ئاغرىق ئازابىنى سەزمەيدىغان بولىدۇ. چۈنكى مېڭە باشقۇرىدىغان سىزىم تېرە ئارقىلىق ئىشلەيدۇ. باشقىچە ئېيتساق، تېرە نېرۋىلارنىڭ ۋەزىپىسىنى ئىجرا قىلىدىغان بىر ساھەسىدۇر. بۇ سەۋەپتىن تېرىلەر كۆيۈپ كۆمۈرگە ئايلانغاندا نېرۋىلارنىڭ رولىنى جارى قىلدۇرۇشى مۇمكىن بولمايدۇ.

يېڭى بىر تېرە كىيدۈرۈلىشى كېرەك بولىدۇ. ئەمما بۇ يېڭى بىر تېرە يارىتىلىپ بەدەنگە كىيدۈرۈلگەندە، ئازابنى ھېس قىلىدىغان سىستېما يېڭىدىن قۇرۇلغان بولىدۇ.

بۇ ئىلمى نەتىجىلەرگە ئېرىشكەن تاجاسۇنغا شۇ ئايەت كۆرسىتىلگەن:

**«شۈبھىسىز، بىزنىڭ ئايەتلىرىمىزنى ئىنكار قىلغانلارنى دوزاخقا كىرگۈزىمىز، ئۇلارنىڭ تېرىلىرى پىشىپ تۈگىگەن چاغدا، ئازابنى تېتىتىش ئۈچۈن ئورنىغا باشقا تېرە يەڭگۈشلەيمىز. ئاللاھ ھەقىقەتەن غالىبتۇر، ھېكمەت بىلەن ئىش قىلغۇچىدۇر.»** (نىسا سۈرىسى 56-ئايەت)

ئايەت-كەرىمە تاجاسۇنغا قاتتىق تەسىر قىلدى. ئۇ ئىنتايىن ھەيران بولۇپ، قۇرئانى-كەرىمنىڭ ئىنسان كالامى ئەمەسلىكىنى ئېتىراپ قىلدى. ۋەتىنىگە قايتىپ تۇنجى قېتىم دوكلات بەرگەندە ئوقۇغۇچىلىرىدىن 5 كىشى ئىمان ئېيتتى. نەتىجىدە ئۆزىمۇ رىياتتا ئېچىلغان 8-قېتىملىق مېدىتسىنا قۇرۇلتىيىدا كەلىمە-شاھادەت ئېيتىپ، خۇشاللىق بىلەن: **«مەن مۇسۇلمان بولدۇم»** دەپ جاكارلاپ، بۇندىن كېيىنكى ھاياتىنى قۇرئانغا بېغىشلىدى.

## 4. بوتانىكا

**«ئۇ بارلىق شەيئىلەرنى جۈپ ياراتتى. زېمىندىن ئۈنۈپ چىقىدىغان نەرسىلەرنىڭ، ئۇلارنىڭ ئۆزلىرىنىڭ ۋە ئۇلار بىلمەيدىغان نەرسىلەر** (يەنى ئاجايىپ مەخلۇقاتلار)**نىڭ ھەممىسىنىڭ جۈپتى بار.»** (ياسىن سۈرىسى 36-ئايەت)

بۇ ئايەت بارلىق مەۋجۇداتلارنىڭ جۈپ يارىتىلغانلىقىنى، بۇلارنىڭ بىر قىسمىنىڭ كۈنىمىزدە بىلىنگەنلىكىنى، يەنە بىلىنمىگەن كۆپ تەرەپلىرىنىڭمۇ بارلىقىنى خەۋەر قىلماقتا.

كۈنىمىزدە جانلىقلار دۇنياسى ھەم جانسىزلار دۇنياسىدا بىر تەرەپتىن ناھايىتى چوڭ (ماكرو) يەنە بىر تەرەپتىن ناھايىتى كىچىك (مىكرو) سىستېمىلاردا ئىككىلىك قۇرۇلما ياكى ئىككىلىك فونكسىيەلەرنىڭ بارلىقى بايقالدى. نەتىجىدە قۇرئان ئوتتۇرىغا قويغان ھەقىقەت بىلەن كۈنىمىزدىكى ئىلىم ئارىسىدا ھەرقانداق بىر كېلىشەلمەسلىك بولمىغانلىقى ئاشكارا بولدى.

ئاللاھ تەكلىكنى (يالغۇزلۇقنى) پەقەتلا ئۆزىگە خاس قىلغانلىقى ئۈچۈن ئۆسۈملۈك، ھايۋانات، جىن، ئىنسان ۋە جانسىز نەرسىلەر قاتارلىق پۈتكۈل مەۋجۇداتنى

جۈپ ياراتقان. مەسىلەن: مۇسبەت ئېلېكترون زەرەت مەنپى ئېلېكترون زەرەتكە قاراپ ئاقىدۇ، شۇنىڭ بىلەن لامپا يانىدۇ. مۇسبەت بۇلۇت مەنپى بۇلۇتقا قاراپ ئاقىدۇ، نەتىجىدە يامغۇر ياغىدۇ. بۇ ئاللاھنىڭ ئادىتى بولۇپ، ئىلاھى قانۇن بارلىق مەخلۇقاتلارغا ئورتاقتۇر.

ئايەتلەر ئۆسۈملۈكلەرنىڭمۇ جۈپ يارىتىلغانلىقىنى بايان قىلىدۇ. قۇرئاندا:

**«مېۋىلەرنىڭ ھەر بىر تۈرىنى ئەركەك - چىشى ئىككى جىنىسلىق قىلىپ ياراتتى.»** (رەئىدە سۈرىسى 3-ئايەت) بۇ سەۋەپتىن بارلىق ئۆسۈملۈكلەرنىڭ چېچەكلىرىدە ئەركەك ۋە چىشى جىنىس مەۋجۇت ۋە ئەركەكنىڭ چىشىغا يېقىنلىششى بىلەن مېۋىلەر بارلىققا كېلىدۇ، ئەمما بۇلارنىڭ ئۈرۈقلىنىش ۋە نەسىللىنىشى شامالنىڭ ۋاستىسى ئارقىلىق ئەمەلگە ئاشىدۇ. كۈنىمىزدە تېخى ئەمدىلا بىلىنگەن بۇ ھەقىقەتنى قۇرئان 14 ئەسىر ئىلگىرى خەۋەر بەرگەن. بۇ ھەقتە قۇرئاندا:

**«بىز يامغۇرنى ھەيدەيدىغان شامالالارنى ئەۋەتتۇق، بىز بۇلۇتتىن يامغۇر ياغدۇرۇپ سىلەرنى سۇغاردۇق...»** (ھىجر سۈرىسى 22-ئايەت) دېيىلگەن.

شامالار ئۆسۈملۈكلەرنى چاڭلاشتۇرۇپلا قالماستىن يەنە بۇلۇتلارنىمۇ ھەيدەيدۇ، زەرەتلەيدۇ. بۇ ھەقتە كۈنىمىزدىكى ئىلمى تەتقىقاتلار مۇنداق يەكۈن چىقارغان:

«ئاتموسفېرادا تونىلارچە ئېغىرلىقتىكى چوڭ بۇلۇتلارنى ھەيدەيدىغان شامالار بۇلۇتلارنىڭ ھاۋا بىلەن سۈركېلىشى نەتىجىسىدە مۇسبەت ۋە مەنفى ئېلېكترون زەرەت بىلەن زەرەتلىنىشكە سەۋەپ بولىدۇ. سۇ پارلىرىدىن مەيدانغا كەلگەن بۇلۇتلارنى شامالار بىر-بىرى بىلەن ئۇسۇشتۇرىدۇ. بۇ ئۇسۇشۇش نەتىجىسىدە بۇلۇتلاردىكى مۇسبەت مەنفى زەرەتلەر بىر-بىرىگە ئۆتۈشۈپ، چاقماق چېقىلىدۇ. شامالار بۇلۇتلارنى زەرەتلەيدۇ. شۇنىڭ بىلەن بىر ۋاقىتتا بۇلۇتلارنى ئېگىزگە ھەيدەپ، ئۇنىڭ سوغۇپ زىچلىششى ۋە سۇ پارلىرىنىڭ يامغۇرغا ئايلىنىشىغا سەۋەپ بولىدۇ. چۈنكى يامغۇر يېغىشى ئۈچۈن بۇلۇتلارنى مەيدانغا كەلتۈرۈدىغان سۇ پارلىرى سوغۇشى كېرەك. بۇ بولسا، بۇلۇتلارنىڭ ئىسسىق دېڭىزلاردىن يانتۇ شەكىلدە سوغۇق قۇرۇغلۇققا توشۇلۇشى ياكى ئېگىزگە يۆكسىلىشى ئارقىلىق مۇمكىن بولىدۇ.»

باشقىچە بىر خىل چۈشەندۈرۈش شەكلى مۇنداق:

«دېڭىزلار ۋە باشقا سۇ يۈزىدە كۆپۈكلىنىش نەتىجىسىدە ھور (ھاۋا دانچىلىرى) شەكىللىنىدۇ. بۇلار شامالار يەر يۈزىدىن ھەيدەپ ماڭغان چاڭ-تۇزاڭلار بىلەن

ئارىلىشىپ ئاتموسفېرانىڭ يۇقىرى قەۋىتىگە قاراپ ئۆرلەيدۇ. شاماللار ئۆرلەتكەن بۇ چاڭ-تۇزاڭ ئارىلاش هورلار سۇ پارى بىلەن بىرلىشىدۇ، سۇ پارى بۇ دانچىلارنىڭ ئەتراپىغا يىغىلىدۇ. يەنى هاۋادا ئەركىن لەيلەپ يۈرگەن سۇ پارلىرىنى شامالار ئۆزى توشۇپ يۈرگەن هاۋا دانچىلىرى بىلەن زەرەتلىشى نەتىجىسىدە بۇلۇتلار شەكىللىنىدۇ. شامالنىڭ ۋەزىپىسى بۇنىڭ بىلەنلا تۈگىمەيدۇ. تونىلارچە ئېغىرلىقتىكى بۇلۇتلارنى ئاتموسفېرادا ئاللاھ خالىغان يەرگە توشۇش ئىشىنىمۇ شامال بىجىرىدۇ. شامال بولمىغان بولسا، بۇلۇت بولمىغان بولاتتى. مۇبادا شامال بولمىسىمۇ بۇلۇتنىڭ بولىدىغانلىقىنى پەرەز قىلساق، ئۇ چاغدا بۇلۇتلار پەقەت ئۆزى هورغا ئايلىنىپ چىققان دېڭىز-ئوكياننىڭ ئۈستىگىلا يامغۇر بولۇپ يېغىپ، ئىنسانلار، هايۋانلار ۋە ئۆسۈملۈكلەر يامغۇردىن مەهرۇم قالغان، شۇنىڭ بىلەن هاياتلىق مۇمكىن بولمىغان بولاتتى. جانابى ئاللاھ باشقا نەرسىلەردە ياراتقىنىدەك، بۇلارنىمۇ مۇكەممەل شەكىلدە قانۇنىيەتلىك قىلىپ ياراتقان.

قىسقىسى، قۇرئانى-كەرىم بىر تەرەپتىن ئاللاھ ئىنسانلارغا بەرگەن نېمەتلەرنى ئېسىمىزگە سېلىش ئارقىلىق بىزنى ئاللاھقا قۇللۇق قىلىشقا دەۋەت قىلسا، يەنە بىر تەرەپتىن بىئولوگىيە، بوتانىكا، جۇغراپىيە قاتارلىق ئىلىملەرنىڭ تەتقىقات تېما دائىرىسى ئىچىگە كىرگەن بىر ئىلمىي هەقىقەتكە مەخسۇس «لَوَاقِحَ» ئاتالغۇسى: زەرەتلىگۈچى» بىلەن ئىشارەت قىلماقتا. بۇ كەلىمە ئىپادىلىگەن مەنىلەردىن يولغا چىقىپ ئىلگىرىكى زامانلاردا شامالنىڭ بۇلۇتلارنى ۋە دەل-دەرەخلەرنى چاڭلاشتۇرغانلىقى (زەرەتلىگەنلىكى) سۆزلەنگەن بولسىمۇ، بۇلارنىڭ ئىلمىي ئىزاهلىنىشى پەقەت 18-ئەسىردىن كېيىن رەسمىي باشلاندى.

قۇرئاندا ئىشارەت قىلىنغان مەنە بىلەن بۈگۈن بۇ تېما ئۈستىدە تەتقىقات ئېلىپ بېرىۋاتقان ئالىملارنىڭ كۆز قارىشى بىر-بىرىگە ماس كېلىدۇ. يەنى قۇرئانى-كەرىم ئۆزىنىڭ مەقسىدى جەهەتتە ئەڭ مۇۋاپىق بىر ئۇسلۇبتا تېمىنى تىلغا ئالغان بولسا، ئىلىم-پەنمۇ ئۆزىنىڭ مەقسەت غايىسى ۋە ئەهۋالىغا ئاساسەن بۇنى چۈشەندۈرمەكتە.

## 5. ئاسترونومىيە

قۇرئانى-كەرىم ئاللاھنىڭ ئىلاھىي قۇدرىتىنى قەلبىمىزدە چوڭقۇر چۈشىنىپ بىلىشىمىز، ھەر زامان ئېسىمىزدە چىڭ ساقلىشىمىز ئۈچۈن پات-پات ئاسمان ھەققىدە مىسال كەلتۈرىدۇ. مۇلك سۈرىسىدە مۇنداق دەيدۇ:

**«سەن** (ئاسمانلارغا) **تەكرار قاراپ باققىنكى، بىرەر يوچۇقنى كۆرەمسەن؟ ئاندىن سەن يەنە ئىككى قېتىم قارىغىن، كۆزۈڭ** (ئاسمانلاردا بىرەر نۇقسانىنى تېپىشتىن) **ئۈمىد ئۈزگەن ۋە تالغان ھالدا قايتىدۇ.»** (مۇلك سۈرىسى 3-4-ئايەتلەر)

يەنى ئۇلۇغ ئاللاھىمىز بىزدىن ئاسماندا بىرەر قاتناش ۋەقەسى، بىرەر قالايمىقانچىلىق كۆردۈڭمۇ؟ يۇلتۇزلارنىڭ بىر-بىرىگە سوقۇلغانلىقىنى كۆردۈڭمۇ؟ دەپ سوراۋاتقاندەك قىلىدۇ. بۇلارنىڭ ھەممىسى ئىلاھىي ئىنتىزام ئىچىدە تەرتىپلىك ھەرىكەت قىلىدۇ.

ئاللاھ قۇياش، ئاي توغرىسىدا مىسال بېرىدۇ. قۇياشنىڭ ئۆز ئوربىتىسىدا ئايلىنىدىغانلىقىنى ئىشارەت قىلىدۇ. ھالبۇكى، ئىلىم-پەن يېقىنقى زامانغا قەدەر بۇ ھەقىقەتنى تېخى بايقاپ بولالمىغان ئىدى. شۇڭا ئىنسانلار 16-17-ئەسىرلەردە، دۇنيا جىم تۇرامدۇ؟ يۇمىلاقمۇ؟ تۈزمۇ؟ قۇياش ئايلىنامدۇ ياكى دۇنيا ئايلىنامدۇ؟ ... دەپ تالاش-تارتىش قىلىشاتتى.[90]

---

90. 16-ئەسىردە گالىلېي يەر شارى ئايلىنىدۇ دېگەنلىكى ئۈچۈن خىرىستىئان دىنىي سوت مەھكىمىسى تەرىپىدىن قولغا ئېلىنغان. خىرىستىئان دىنىغا قارشى كۆز قارشنى ئوتتۇرىغا قويغانلىقى ئۈچۈن ئۆلۈم جازاسىغا ھۆكۈم قىلىنىدى. گالىلېي جېنىنى قۇتقۇزۇش ئۈچۈن: «خاتالىشىپتىمەن، يەر شارى ئايلانمايدىكەن.» دەپ جازادىن ئامان قالدى. سوت مەھكىمىسىدىن چىقىۋاتقاندا دوستلىرىغا: «مەن يەر شارى ئايلىنىدۇ، ئايلانمايدۇ دېسەم بەرىبىر، يەر شارى يەنىلا ئايلىنىۋېرىدۇ.» دېگەن.

گالىلېي بۇ مەلۇماتلارنى ئابباسىيلەر دەۋرىدىكى مۇسۇلمانلارنىڭ بايقاشلىرىدىن بىلگەن. ئۇ دەۋردە مۇسا ئاكا-ئۇكىلار سىنجار رايونىدىكى تەكشۈرۈشلىرى نەتىجىسىدە بىر مېرىدىئان يايىنىڭ 360 گرادۇس، بىر گرادۇسقا تەڭ كەلگەن مۇساپىنىڭ 106-3\2 كىلومېتىر ئىكەنلىكىنى، يەر شارىنىڭ ئايلانمىسىنىڭ 8000 پەرسەخ (تەخمىنەن 39 مىڭ كىلومېتىر) ئىكەنلىكىنى

**1) ئاسمان-زېمىننىڭ يارىتىلىشى**

كائىناتنىڭ تۈنجى ماددىسىنىڭ نېمە ئىكەنلىكى ۋە قانداق يارىتىلغانلىقى ھەققىدە ئۇزۇن ۋاقىتلاردىن بويان بىر قىسىم نەزەرىيىلەر ئوتتۇرىغا قويۇلۇپ، ئىنسانلار ئاسمان ھەققىدە پەرقلىق كۆز قاراشلاردا مۇھاكىمە ئېلىپ بارماقتا. ئەڭ توغرىسى بۇ مەسىلىلەرنى قۇرئان ئايەتلىرى بىلەن تېخىمۇ ياخشى چۈشەنگىلى بولىدۇ.

ئايەتلەردە:

**«كاپىرلار بىلمەمدۇكى، ئاسمانلار بىلەن زېمىن بىر-بىرىگە تۇتاش ئىدى، ئۇلارنى ئايرىۋەتتۇق. ھەممە جانلىق مەۋجۇداتنى سۇدىن ياراتتۇق، ئۇلار (ئاللاھنىڭ قۇدرىتىگە) ئىشەنمەمدۇ؟»** (ئەنبىيا سۈرىسى 30-ئايەت)

**«ئاندىن ئۇ ئاسماننى** (يارىتىشقا) **يۈزلەندى. ھالبۇكى، ئۇ تۇمان ھالىتىدە ئىدى. ئاسمان بىلەن زېمىنغا: ‹ئىختىيارىي ياكى ئىختىيارسىز ھالدا كېلىڭلار** (يەنى ئەمرىمنى قوبۇل قىلىڭلار)**› دېدى. ئىككىلىسى: ‹ئىختىيارىي كەلدۇق› دېدى.»** (فۇسسىلەت سۈرىسى 11-ئايەت) دېيىلگەن.

كۈنىمىز ئالەم فىزىكچىلىرىنىڭ بۇ ھەقتىكى كۆز قارىشى يۇقىرىقى ئايەتلەرنىڭ مەزمۇنىغا ئۇيغۇن كەلمەكتە.

توكيو ئىلمى تەتقىقات مەركىزى مۇدىرى پروفېسسور **يۇشىلى كوزەينغا** يەرنىڭ شەكىللىنىشى ھەققىدىكى قۇرئان بىلىملىرى سۆزلەنگەندە ئۇ:

- بۇ كىتاب قاچان نازىل بولدى؟ - دەپ سورىدى.

- 1400يىل ئىلگىرى. - دەپ جاۋاب بېرىلگەندە ئۇ ناھايىتى ھەيران بولۇپ مۇنداق دېدى:

**- شەك-شۈبھىسىزكى، بۇ كىتاب كائىناتقا ئېگىزدە تۇرۇپ نەزەر سالماقتا. قاراڭلار! بارلىق نەرسىلەر ئىنچىكە تەپسىلاتىغا قەدەر تولۇق**

---

ھېسابلاپ چىققان. كۈنىمىزدىكى زامانىۋى ئەسۋاپلاردا تەكشۈرۈش نەتىجىسىدە يەر شارىنىڭ ئايلانمىسىنىڭ 40 مىڭ كىلومېتىر ئىكەنلىكى ئېنىقلاندى. بۇ رەقەملەر ئوتتۇرىسىدىكى پەرق چوڭ ئەمەس. (ماھمۇت كايا: «بەيتۇل-ھېكمە»، ديانەت ئىسلام ئېنسىكلوپېدىيىسى، ئىستانبۇل، 1992-يىل، 6-جىلد، 89؛ ئىسمائىل ھەققى ئىزمىرلى: «ئىسلام مۇتەپەككۇرلىرى بىلەن غەرپ مۇتەپەككۇرلىرىنى سېلىشتۇرۇش»، ئەنقەرە، 1977-يىل، 16-بەت)

**بار، ھەم تەسەۋۋۇر قىلغىلى بولمايدىغان مۇكەممەللىكتە تەسۋىرلەنگەن، ئۇنىڭدا كەم قالغان بىر نەرسە يوق!**

پروفېسسور يوشىلى بىر قېتىملىق دوكلاتىدا ئاسمان-زېمىندىكى جىسىملارنىڭ شەكىللىنىشى ھەققىدە كۆنىمىزدە ئىلمى تەتقىقاتلارنىڭ ناھايىتى ئېنىق بايقاشلارنى قولغا كەلتۈرگەنلىكىنى ئېيتقان ۋە بۇنىڭ تۇمان ھالىتىدىن پارتلاش نەتىجىسىدە شەكىللەنگەنلىكىنى چۈشەندۈرگەن. دەل بۇ ۋاقىتتا بىرەيلەن ئۇنىڭغا قۇرئان بەرگەن. پروفېسسور قۇرئاندىكى بۇ ئايەتنى كۆرۈپ قاتتىق ھەيران قالغان. قۇرئان بۇ شەكىللىنىش ھالىتىدىكى مەۋجۇتلۇقنى **«دۇخان»** دەيتتى. بۇ ئىزاھلاش پروفېسسورنىڭ ئىدىيىسىگە قاتتىق تەسىر قىلغان. چۈنكى بۇ ۋاقىتقىچە ئىلمى تەتقىقاتلار گاز جۇغلانمىسىنىڭ پارتلىشى نەتىجىسىدە كېلىپ چىققان شەكىلنى **«سىس»** (تومان) سۆزى بىلەن ئىپادە قىلغان. ئەمەلىيەتتە، سىس (تۇمان) قىسمىدا بار بولغان سوغۇقلۇق ۋە سۇغا ئوخشايدىغان ئالاھىدىلىكى بىلەن ئۇنى بۇنداق ئىزاھلاشقا بولمايتتى. قۇرئان **«دۇخان»**، يەنى «ئىسسىق تومان» دەپ ئاتاپ ئەمەلي چۈشەندۈردى ھەمدە مەۋجۇت ئەكس تەسىرلەرنى ئىپادىلەش بىلەن بىرلىكتە پارتلاشتىكى ھارارەتنى كۆرستىپ ئۆتتى. بۇ سەۋەپتىن قۇرئان ئىلىم-پەن ئاچالمىغان بىر ئىشنى 1400 يىل ئىلگىرى ئېچىپ، ئىنسانلارنى ئۇلار يېڭى بايقىغان مۇكەممەل بىر ھەقىقەت بىلىمگە ئىگە قىلدى. ھەقىقەتەن، ئايەتلەر بۇ مۆجىزىنى ئېنىق بايان قىلىپ بەردى.

پروفېسسور يوشىلىغا ئىلىم-پەننىڭ بىر قىسىم سىرلارنى بايقىغانلىقىنى، قۇرئاننىڭ بولارنى ئىلگىرى ئوتتۇرىغا قويۇپ بولغانلىقى سۆزلەنگەندە ئۇ مۇنداق دېگەن:

«بۇ بىلىملەرنىڭ بىر ئىنسان سۆزى بولىشى مۇمكىن ئەمەستۇر. چۈنكى بىز ئىلىم ئەھلى پەقەتلا بىر ساھە ئۈستىدە مۇتەخەسسىسلىشەلەيمىز، ئەمما قۇرئان پۈتكۈل كائىنات ساھەسىدىكى مەلۇماتلار، ھەتتا بۇنىڭدىنمۇ كۆپ ساھەلەردىكى مەلۇماتلارنى مۇكەممەل شەكىلدە ئۆز ئىچىگە ئېلىپ ئىزاھلىغان. بۇنداق كەڭ دائىرىلىك ساھەگە تارقالغان ئەڭ توغرا، ئەڭ مۇكەممەل بىر ئىلمى ھەقىقەتنى ھەرقانداق بىر ئىنساننىڭ ئوتتۇرىغا قويالىشى مۇمكىن ئەمەستۇر. بۇندىن كېيىنكى

ئىلمى ھاياتىمنىڭ يۆنىلىشىنى قۇرئانغا قارىتىمەن، ئىلگىرىكى نەزەر دائىرەمنى قۇرئان بىلەن كېڭەيتىمەن!»

**2) ئاتموسفېرا**

يېقىنقى زامانغا قەدەر ئىسسىقلىق دەرىجىسى مۇۋاپىق بولغان ھەر قانداق بىر پىلانېتتا ھاياتلىق بار بولۇشى مۇمكىن دەپ پەرەز قىلىنىپ كەلگەن ئىدى. تەتقىقاتلار شۇنى ئىسپاتلىدىكى، بىر پىلانېت ئۈچۈن ئەڭ مۇھىم بولغىنى ئاتموسفېراغا ئىگە بولۇش مەسىلىسى. چۈنكى پىلانېتلار بىلەن ئاتموسفېرا ئارىسىدا ئەقىل بىلەن چۈشەنگىلى بولمايدىغان قارىمۇ-قارشىلىق مەۋجۇت. ئاتموسفېرا دېمەك يېقىن ئاسماندا گاز ھالىتىدە تۇرغان ئاتوملار دېگەنلىكتۇر. بۇ ئاتوملارنى چوڭ پىلانېتلارنىڭ يۈزى شۈراپ ئېمىدۇ. كىچىك پىلانېتلارنىڭ تارتىش كۈچى بۇ ئاتوملارنى ئۆزىگە تارتىشقا (شۈراشقا) يەتمەيدۇ. شۇڭا بۇ گازلار ئالەم بوشلۇقىغا ئۆرلەپ، ئۇچۇپ كېتىدۇ. يەنى پىلانېت بىلەن ئاتموسفېرانىڭ ئۆزلىگىدىن بىر يەرگە كېلىشى مۇمكىن ئەمەس. يەنى:

**«... ئاسمان بىلەن زېمىنغا: ‹ئىختىيارىي ياكى ئىختىيارسىز ھالدا كېلىڭلار** (يەنى ئەمرىمنى قوبۇل قىلىڭلار)**› دېدى. ئىككىلىسى: ‹ئىختىيارىي كەلدۇق› دېدى.»** (فۇسسىلەت سۈرىسى 11-ئايەت) ئايىتى بۇ ھەقىقەتنى ئىشارەت قىلىدۇ.

ئاتموسفېرانىڭ ھاسىل بولۇشى ئۈچۈن مالېكۇلىلارنىڭ قېچىش ھەرىكىتى بىلەن يەر شارىنىڭ تارتىش كۈچى ئوتتۇرىسىدا تەڭپۇڭلۇق بولۇشى كېرەك. يەنە بىر تەرەپتىن ئاتموسفېرا رايونىنىڭ ئىسسىقلىقى بىلەن يەرنىڭ تارتىش كۈچى ئوتتۇرىسىدا تەڭپۇڭلۇق بولۇشى، ئالەمدىكى بەزى ئېنېرگىيىلەر بۇ تەڭپۇڭلۇقنى بۇزماسلىقى كېرەك. بۇ بولسا ئىمكانسىز دېگۈدەك دەرىجىدە مۈشكۈلدۇر. بەلكى كائىناتتىكى باشقا پىلانېتلار ئۈچۈن بۇنداق ئامەت مىلياردنىڭ ئىچىدە بىرىگە نېسىپ بولار. جانابى ئاللاھ ئىنسانلار ئۈچۈن مەخسۇس بىر ئەمىر بىلەنلا تەسۋىرلىگۈسىز بىر تەڭپۇڭلۇق بەرپا قىلىپ، بەندىلىرىگە دۇنيادا گۈزەل ياشاش مۇھىتى بەخش ئەتكەن.

### 3) يەر شارىنىڭ يۇمىلاقلىقى ۋە ئوربىتىسىدا ئايلىنىشى

قۇرئاندا يەرشارىنىڭ يۇمۇلاق ئىكەنلىكىدىن بىشارەت بەرگەن نۇرغۇن ئايەتلەر بار. بۇ ئايەتلەردىن بىرىدە:

«**ئاللاھ كېچىنى كۈندۈزگە، كۈندۈزنى كېچىگە كىرگۈزىدۇ.**» (زۇمەر سۈرىسى 5-ئايەت) دېيىلگەن.

بۇ ئايەتتىكى تەكۋىر (يُكَوِّرُ) كەلىمىسى باشقا ئوخشاش شارسىمان بىر جىسىمنىڭ ئەتراپىدا بىر نەرسىنى يۆگەش دېگەننى بىلدۈرىدۇ، يەنى سەللىنى باشقا چۆگىلىتىپ يۆگىگەندەك.

تەكۋىر ئوقۇمى يەر يۈزىدە كۆرۈلگەن بىر ھەقىقەتنى تەسۋىرلەيدۇ: ئۆز ئوقى ئەتراپىدا ئايلىنىدىغان يەر شارىنىڭ قۇياشقا قارايدىغان قىسمى يورۇق، يەنى كۈندۈز بولىدۇ. ئەمما يەر شارى ئايلىنىپ تۇرغانلىقى ئۈچۈن بۇ يورۇق قىسمى بىر خىل داۋام قىلمايدۇ. ھەرىكەت قىلغانسىرى يورۇق قىسمى قاراڭغۇغا، قاراڭغۇ بولغان قىسمى يورۇقلۇققا ئۆزگىرىدۇ. يەنى داۋاملىق بىر شەكىلدە كېچە كۈندۈزگە، كۈندۈز كېچىگە ئالمىشىدۇ. بۇ يەر شارى يۈزىنىڭ يومۇلاق ئىكەنلىكىنى كۆرسىتىدۇ. ئايەتتە زىكرى قىلىنغان تەكۋىر ئۇقۇمى يەر شارىنىڭ شارسىمان يومۇلاق ئىكەنلىكىنى ۋە ئايلىنىپ تۇرۇۋاتقانلىقىنى ئىپادىلەيدۇ.

ئالىملار: «**تاغلارنى تۇرغۇن ھالەتتە گۇمان قىلىسەن، ھالبۇكى، ئۇلار بۇلۇتتەك چۆگىلەپ تۇرىدۇ.**» (نەمل سۈرىسى 88-ئايەت) دېگەن بۇ ئايەتنى يەر شارىنىڭ ئايلىنىۋاتقانلىقىغا بىشارەت بېرىدىغان ئايەتلەردىن بىرسى دەپ قوبۇل قىلغان.

ئۇلارنىڭ بايان قىلىشىچە، ئايەت يەر شارىنىڭ ئايلىنىدىغانلىقىنى ئايلىنىش يۆنۈلۈشى بىلەن بىرلىكتە خەۋەر قىلغان. يەر يۈزىدىن تەخمىنەن تۆت كىلومېتىر ئېگىزلىكتىكى بۇلۇتلار تويىنىڭ ئايلىنىش يۆنۈلۈشمۇ ھاۋا رايىغا بېقىنمىغان ھالدا ھەمىشە غەرپتىن شەرققە قاراپ...ئوخشاش يۆنۈلۈشتە ئايلىنىدۇ، يەر شارىمۇ مۇشۇنداق ئايلىنىۋاتىدۇ.

ئايەتتە باشقا بىر ھەقىقەتكىمۇ ئىشارەت قىلىنغان. يەر شارىدىكى قىتئەلەر دۇنيانىڭ دەسلەپكى دەۋرلىرىدە بىر پۈتۈن ھالدا ئىكەن، ھەر يىلى 1-5 سانتىمېتىر

ئارىلىقتا بىر-بىرىدىن ئاجراپ يىراقلىشىپ ئايرىلماقتا. 20-ئەسىرنىڭ بېشىدا ئالفرېد ۋەجەنېر بايقىغان بۇ ھادىسىگە دەسلەپتە كىشىلەر ئانچە دىققەت قىلمىغان، لېكىن 1980-يىللاردىن كېيىن گېئولوگىيىلىك بىر ھەقىقەت سۈپىتىدە قوبۇل قىلىنغان.[91]

ياسىن سۈرىسىدە ئاي ۋە قۇياشنىڭ ئەھۋالى بىلەن مۇناسىۋەتلىك ئايەتتە:

**«كۆن بەلگىلەنگەن جايىغا قاراپ سەير قىلىدۇ. بۇ غالىپ، ھەممىنى بىلگۈچى ئاللاھنىڭ ئالدىنئالا بەلگىلىگەن ئىشىدۇر. ئايغا سەير قىلىدىغان مەنزىللەرنى بەلگىلىدۇق، ئۇ** (ئاخىرقى مەنزىلگە يېتىپ بارغاندا) **خورمىنىڭ قۇرۇپ قالغان شېخىغا ئوخشاش بولۇپ قالىدۇ. كۈننىڭ ئايغا يېتىشىۋېلىشى** (يەنى ئىككىسىنىڭ جەم بولۇپ قېلىشى)، **كېچىنىڭ كۈندۈزدىن ئېشىپ كېتىشى** (يەنى ۋاقتى كەلمەستىن بۇرۇن كۈندۈزنىڭ ئورنىنى ئېلىشى) **مۇمكىن ئەمەس. ھەر بىرى** (مۇئەييەن بىر) **پەلەكتە ئۈزۈپ تۇرىدۇ.»** (ياسىن سۈرىسى 38-39-40-ئايەتلەر) دېيىلگەن.

مىلادى 7-ئەسىردە ئاي ۋە قۇياشنىڭ مۇئەييەن بىر ئوربىتىدا چۆگىلەپ ئايلىنىدىغانلىقىنى خىيال قىلىش مۇمكىن ئەمەس ئىدى. ئۇلارنىڭ ھەرىكەتلىرى ھەققىدە باتىل پىكىرلەر كۆپ ئىدى. ھەتتا پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامنىڭ ئوغلى ئىبراھىم ۋاپات بولغان كۈنى قۇياش تۇتۇلغاندا، خەلق «پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامنىڭ ئوغلى ۋاپات بولغانلىقى ئۈچۈن قۇياش تۇتۇلدى» دېيىشكەن. بۇ ھەقتە پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام:

«ئاي بىلەن قۇياش ئاللاھنىڭ بارلىقىنى كۆرسىتىدىغان ئايەتلەردۇر. قۇياش بىر ئىنساننىڭ ۋاپات بولىشى ياكى ھاياتتا قېلىشى سەۋەبىدىن تۇتۇلمايدۇ. بۇنداق ئەھۋالنى كۆرگەن ۋاقىتلاردا ئاي ۋە قۇياش چىققۇچە ناماز ئوقۇپ دۇئا قىلىڭلار.»[92] (بۇخارى، «كۇسۇف»، 1-جىلد، 15-بەت)

91. «تەبىئەتنىڭ كۈچى» Power of Nature, National Geogrophic Socitey، ۋاشىنگتون، 1978-يىل، 12-13-بەتلەر.

92. ھۇسۇف (ئاي تۇتۇلۇشى) ۋە كۇسۇف (كۈن تۇتۇلۇشى) نامازلىرى سۈننەتتۇر. چۈنكى بۇلار ئاللاھنىڭ بۈيۈكلىگىنى كۆرسىتىدىغان ۋەقەلەردۇر. كۈن ۋە ئاي ئاللاھنىڭ قۇدرىتىنى كۆرسىتىدۇ. ناماز ئوقۇش ئاللاھقا شۈكۈر نىشانىسىدۇر. ئىنسان تەپەككۇر قىلىشى لازىمدۇركى،

**4) قۇياش بىلەن ئاينىڭ تۈزۈلىشى**

قۇرئان يەنە ئاي ۋە قۇياشنىڭ بىر-بىرىگە ئوخشىمايدىغان جىسىملار ئىكەنلىكىنى بايان قىلغان.

**«سىلەر كۆرمىدىڭلارمىكىن، ئاللاھ قانداق قىلىپ يەتتە ئاسماننى بىرىنىڭ ئۈستىدە بىرىنى قىلىپ ياراتتى، ئاينى ئۇلاردا** (يەنى دۇنيانىڭ ئاسمىنىدا) **نۇر قىلدى، كۈننى** (نۇر چاچقۇچى) **چىراق قىلدى.»** (نوھ سۈرىسى 15-16-ئايەتلەر)

**«ئۈستۈڭلاردا مۇستەھكەم يەتتە ئاسماننى بىنا قىلدۇق.** (سىلەر ئۈچۈن) **يېنىپ تۇرغان چىراقنى** (يەنى كۈننى) **ياراتتۇق.»** (نەبە سۈرىسى 12-13-ئايەتلەر)

ئايەتتە ئاي «مۇنىر» (يورۇتقۇچى) جىسىم دەپ سۈپەتلەنگەن بولۇپ، يەنە ئاينىڭ يورۇقى ھەققىدە ئىشلىتىلگەن «نۇر» دېگەن تۈپ سۆزدىن كەلگەن. كۈن بولسا بىر شامغا ياكى يېنىپ تۇرۇدىغان لامپۇچكىغا ئوخشىتىلغان.

بۇ يەردە بىر نەرسىگە دىققەت قىلىش كېرەك:

مۇھەررەپ (ئۆزگەرتىلگەن) تەۋراتتا قۇياش ۋە ئاينى چىراقلار دەپ ئىپادىلىگەن. بۇلارنىڭ بىرسىنى «چوڭ» يەنە بىرسىنى «كىچىك» دەپ تەسۋىرلىگەن. ھالبۇكى، قۇرئان ئاي ۋە قۇياشنىڭ بىر-بىرىگە ئوخشىمايدىغان خۇسۇسىيەتلەرگە ئىگە ئىكەنلىكىنى بىلدۈرمەكتە. يەنە ئۇلارنىڭ ئوخشاش ماھىيەتتىكى يورۇقلۇق ئەمەسلىكىنىمۇ ئوچۇق بايان قىلماقتا.

كۈنىمىزدە ئىلىم-پەن ئالەم بوشلۇقىدا ئىسسىقلىق ۋە يورۇقلۇق ئېنېرگىيىسىگە ئىگە بولغان ئاسمان جىسىملىرىنى «يۇلتۇز»، ئۆزى باغلىق بولغان يۇلتۇزدىن ئالغان ئىسسىقلىق ۋە يورۇقلۇقنى ئەكس ئەتتۈرگۈچى ئاسمان جىسىملىرىنى «پىلانېت» دەپ ئاتايدۇ. بۇنىڭغا ئاساسەن، قۇياش سامان يولى سىستېمىسىدا يەر ئالغان بىر يۇلتۇز، يەر شارى بولسا قۇياش سىستېمىسىدىكى بىر پىلانېت، ئاي شارى بولسا يەر شارىنىڭ ئەتراپىدا ئايلىنىدىغان بىر ھەمراھتۇر. يەنى يەر شارى ۋە ئاي شارىدىكى ئىسسىقلىق بىلەن يورۇقلۇقنىڭ مەنبەسى قۇياشتۇر، ئۇلار پەقەت ئەكس ئەتتۈرگۈچىدۇر.

---

قۇياش ۋە ئاي بولمىسا، كېچە-كۈندۈزىمىز قاراڭغۇلۇقتا قالغان بولاتتى.

بۇنىڭ بىلەن بىرگە ئايىنىڭ ھەرىكىتى ئىنسانلارنىڭ ۋاقىتنى ھېسابلاشتا پايدىلىنىشى ئۈچۈن سۇنۇلغان:

**«...يىللارنىڭ سانىنى ۋە** (ۋاقىتلارنىڭ) **ھېسابىنى بىلىشىڭلار ئۈچۈن ئايغا مەنزىللەرنى** (يەنى بورۇجلارنى) **تەيىن قىلدى. ئاللاھ ئۇلارنى بىكارغا ياراتقىنى يوق،** (بەلكى بۈيۈك ھېكمەت ۋە زور پايدىلىق ئۈچۈن ياراتتى)، **ئاللاھ ئايەتلىرىنى** (ئىلاھى قۇدرىتىنى) **بىلىدىغان** (ۋە ئۇنىڭ ھېكمىتىنى پىكىر قىلىدىغان) **قەۋم ئۈچۈن تەپسىلى بايان قىلىدۇ.»** (يۇنۇس سۈرىسى 5-ئايەت)

### 5) قاراڭغۇ ئۆڭكۈرلەر

بۇنىڭدىن 1400 يىل ئىلگىرى ئىنسانلار يۇلتۇزلاردىن پەقەتلا پال بېقىش ۋە سەپەردە نىشاندىن ئېزىقماسلىق ئۈچۈن پايدىلىناتتى. لېكىن ئاللاھ ۋاقىئە سۈرىسىنىڭ 75-76-ئايەتلىرىدە ئىلاھىي قۇدرىتىنى بىلدۈرۈپ:

**«يۇلتۇزلارنىڭ جايلىرى بىلەن قەسەم قىلىمەن، شۈبھىسىزكى ئەگەر بىلسەڭلار، بۇ** (يۇلتۇزلار ئاللاھنىڭ ئۇلۇغ قۇدرىتىنى كۆرسىتىدىغانلىقى ئۈچۈن) **ئەلۋەتتە كاتتا قەسەمدۇر.»** دېگەن.

ئايەتتە بۈيۈك بىر قەسەم بىلەن يۇلتۇزلارنىڭ ئورنىغا دىققەت تارتىلغان. كوئىنمىزدىكى فىزىكا ۋە ئالەم فىزىكىسى مۇتەخەسسىسلىرى يۇلتۇزلارنىڭ ئورۇنلىرى دېگەن سۆزنىڭ ئەسلىدە يۇلتۇزلار تۇغۇلغان ئاق ئۆڭكۈر ۋە ئۇلار يوقالغان قارا ئۆڭكۈرنى كۆرسىتىدىغانلىقىنى ئېيتىۋاتىدۇ.

ئاق ئۆڭكۈرلەر تەسەۋۋۇر قىلغىلى بولمايدىغان بىر ئېنېرگىيە ئامبىرىدۇر. ئۇنىڭدا مىلياردلارچە يۇلتۇز تۇغالايدىغان ئېنېرگىيە مەۋجۇتتۇر. بۇلار ئادەتتە تۇرغۇن يۇلتۇزلار سىستېمىسىنىڭ ئورۇقىدۇر.

قارا ئۆڭكۈرلەر بولسا يۇلتۇزلارنىڭ سىرلىق مازارىدۇر. بۇلارمۇ ئەتراپىدىكى جىسىملارنىڭ ھەممىسىنى ۋە ۋاقىتنى سىرلىق ھالەتتە يۇقتىدۇ.

1950-يىللاردىن كېيىن بايقالغان قاراڭغۇ ئۆڭكۈرلەر: ئېنېرگىيىسى تۈگىگەن بىر يۇلتۇزنىڭ ئۆز ئىچىگە قاراپ يىغىلىشى نەتىجىسىدە «0» ھەجىم ۋە چەكسىز زىچلىقتا غايەت زور بىر تارتىش كۈچى دائىرىسى شەكىللەندۈرۈشى دېگەنلىكتۇر.

بۇ سىرلىق قاراڭغۇ ئۆڭكۈرلەرنىڭ تارتىش كۈچى ئۇ قەدەر كۈچلۈك ئىكەنكى، مەيلى نۇر، مەيلى جىسىم ياكى ھەر قانداق بىر ماددا ئۇنىڭ تەسىرىدىن قۇتۇلالمايدۇ. شۇڭا تېلېسكوپتا كۆرگىلى بولمايدۇ ياكى پەقەتلا بىر قارا تۆشۈك شەكلىدە كۆرۈنىدۇ. لېكىن ئەتراپىدا مەيدانغا كەلگەن تەسىرىگە قاراپ ئۇنىڭ بارلىقىنى بىلگىلى بولىدۇ.

**«يۇلتۇزلارنىڭ** (نۇرى) **ئۆچۈرۈلگەن چاغدا»** (مۇرسەلات سۈرىسى 8-ئايەت) ئايىتىدە ئىشارەت قىلىنغاندەك، قاراڭغۇ ئۆڭكۈرلەر يۇلتۇز ئەمەس، بەلكى ئۆچكەن بىر يۇلتۇزنىڭ يېرى ۋە ئورنىدۇر. بۇ ھەقىقەت قۇرئاندىكى كەلىمىلەرنىڭ قانچىلىك دەرىجىدە دەل ۋە توغرا تاللانغانلىقىنى كۆرسىتىپ بېرىدۇ.

قاراڭغۇ ئۆڭكۈرلەرنىڭ دىققەت تارتىدىغان يەنە بىر خۇسۇسىيىتى شۇكى، ئۇلار باشقا توپ-توپ چوڭ يۇلتۇزلارغا ئوخشاش ئالەم بوشلۇقىدا ئېگىلىپ بىرلەشمەستىن، ئالەمنى تېشىپ ئۆتۈپ كېتىدۇ. بۇنىڭغا تۆۋەندىكى ئايەتتە ئىشارەت قىلىنغان:

**«ئاسمان بىلەن، تارىق** (يەنى كېچىدە ئاشكارا بولغۇچى يۇلتۇز) **بىلەن قەسەم قىلىمەن. تارىقنىڭ نېمىلىكىنى بىلەمسەن؟** (ئۇ) **تېشىپ ئۆتىدىغان بىر يۇلتۇزدۇر.»** (تارىق سۈرىسى 1-3-ئايەتلەر)

بۇ خىل ئايەتلەردىن ئاللاھنىڭ قۇدرىتىنىڭ چەكسىزلىكىنى چۈشىنىۋالغىلى بولىدۇ. كۈنىمىزدىكى پەن-تېخنىكا ئاسماندىكى مۇساپىلەرنى پەقەتلا نۇر يىلى بىلەن ئۆلچىيەلەيدۇكى، بۇمۇ ئىنساننىڭ ئىدراكىنىڭ سىرتىدىكى بىر مەسىلىدۇر. 1 رەقىمىنىڭ يېنىغا پۈتۈن دۇنيانى قاپلىغۇدەك نۆل قويساقمۇ يەنىلا ئۇ يۇلتۇزلار ئارىسىدىكى مۇساپىنى ئىپادىلىيەلىشىمىز مۇمكىن ئەمەس. بۇلار قۇرئانى-كەرىمنىڭ ئالەمدىكى بۈيۈكلۈك، قۇدرەت ۋە ھېكمەت تەجەللىلىرىنى كۆرسىتىدىغان مۆجىزىۋى تەرىپىدۇر.

ۋاقىئە سۈرىسىدە قەسەم بىلەن تىلغا ئېلىنغان بۇ تېما زامانىمىزدىكى ئىلمىي تەتقىقات نەتىجىسىدە، پەقەت مۇشۇنچىلىكلا بىلىندى. شۈبھىسىزكى، بۇ ئايەت يەنە شەرھلەشكە تېگىشلىك نۇرغۇن ھېكمەتلەرنى ئۆز ئىچىگە ئالغان.

### 6) يۇلتۇزلار يول كۆرسىتىدۇ

ئاسماندىكى يۇلتۇزلارنىڭ بىر ھېكمىتى ئىنسانلارغا يول كۆرسىتىشتۇر. بۇ ھەقتە قۇرئاندا:

**«قورۇقلۇق ۋە دېڭىزنىڭ قاراڭغۇلۇقلىرىدا** (يەنى كېچىلىك يول يۈرگۈنىڭلاردا) **يول تېپىشىڭلار ئۈچۈن ئاللاھ سىلەرگە يۇلتۇزلارنى يارىتىپ بەردى.** (ئاللاھنىڭ ئۇلۇغلىقىنى) **بىلىدىغان قەۋم ئۈچۈن،** (ئاللاھنىڭ قۇدرىتىنىڭ) **دەلىللىرىنى ھەقىقەتەن ئۈچۈق بايان قىلدۇق.»** (ئەنئام سۈرىسى 97-ئايەت)

**«**(يوللارغا) **بەلگىلەرنى قىلدى. ئۇلار** (كېچىسى قورۇقلۇقتا ۋە دېڭىزلاردا) **يۇلتۇزلار بىلەن يول تاپىدۇ.»** (نەھل سۈرىسى 16-ئايەت) دېيىلگەن.

مەسىلەن: شىمالىي قۇتۇپ يۇلتۇزى ھەر دائىم شىمالنى كۆرسىتىدۇ.

كائىناتتىكى بارلىق جىسىملاردا ئىلاھى سەنئەت ۋە ئىنتىزام باردۇر. شۇڭا ئوتتۇرىسىدا بىر قالايمىقانچىلىق يوق، ھەرىكەتلىرىدە بىر ئاز كېچىكىش ياكى تېزلىشىپ كېتىشمۇ يوقتۇر. داۋاملىق ئىلاھىي قانۇنىيەت، رەت-تەرتىپ ئىچىدە ھەرىكەت قىلىدۇ. ھېچكىم: «بۈگۈن يۇلتۇزلار كېيىن چىقارمۇ ياكى بالدۇر يۇقاپ كېتەرمۇ؟» دەپ ئەندىشە قىلىپ يۈرمەيدۇ. بۇمۇ ئايەتلەردە كۆرسىتىلگەن يەنە بىر قۇدرەت تەجەللىسىدۇر.

## 7) زاماننىڭ ئۆزگىرىشچانلىقى

بۇ قۇدرەتلىك ۋە ئەبەدى سىستېمىنىڭ يارىتىلىشى ياراتقۇچى ئۈچۈن ناھايىتى ئاساندۇر. بۇ ھەقتە قۇرئاندا:

**«بىز ھەقىقەتەن ئاسمان-زېمىننى ۋە ئۇلارنىڭ ئارىسىدىكى نەرسىلەرنى ئالتە كۈندە ياراتتۇق، بىز ھېچقانداق چارچاپ قالغىنىمىز يوق.»** (قاف سۈرىسى 38-ئايەت) دېيىلگەن.

بەزى تەپسىرچىلەر ئالتە كۈن دېگەن سۆزنىڭ ئالتە زامان پارچىسى ياكى ئالتە باسقۇچ ئىكەنلىكىنى ئوتتۇرىغا قويماقتا. كۈنىمىزدىكى ئىلىم-پەنمۇ قۇرئاندىكى بۇ ئىپادىنى ئىسپاتلىماقتا.

تەۋرات بولسا، بۇ ئالتە كۈن ئىچىدىكى بىر كۈننى نورمال 24 سائەتلىك بىر كۈنگە ئوخشاش دەپ ئىپادىلەپ، يەتتىنچى كۈن بولغان شەنبە كۈننى «ئاللاھ دەم ئالىدۇ» (تەكۋىن، 1:31 باب) دەيدۇ. بۇ خىل ئىزاھلاش ئۇسۇلى كۈنىمىزدىكى مۇھەررەپ (ئۆزگەرتىلگەن) تەۋراتنىڭ ئىلمى ھەقىقەتلەردىن قانچىلىك يىراق ئىكەنلىكىنى،

قۇرئاننىڭ بولسا بارلىق ئايەتلىرى بىلەن زامان ۋە ماكاندا قانچىلىك بۈيۈك مۆجىزە ئىكەنلىكىنى كۆرسەتمەكتە.

بۇ يەردە تىلغا ئېلىنغان كۈن ئاللاھنىڭ دەرگاھىدىكى ۋاقىت باسقۇچىدۇر. ئىنسانلار بۇنى بىر كۈن دەپ چۈشەنمەسلىكى كېرەك. ئۇنىڭ مۇددىتىنى پەقەتلا ئاللاھ بىلىدۇ، ئاللاھتائالا مۇنداق دەيدۇ:

**«ئاللاھ ئاسماندىن زېمىنغىچە بولغان** (مەخلۇقاتنىڭ) **ئىشلىرىنى ئىدارە قىلىپ تۇرىدۇ، ئاندىن ئۇ ئىشلار ئۇزۇنلۇقى سىلەر ساناۋاتقان مىڭ يىلدەك كېلىدىغان بىر كۈندە ئاللاھنىڭ دەرگاھىغا ئۆرلەيدۇ.»** (سەجدە سۈرىسى 5-ئايەت)

**«پەرىشتىلەر ۋە روھ** (يەنى جىبرىئىل) **ئاللاھقا شۇنداق بىر كۈندە ئۆرلەيدۇكى، ئۇنىڭ ئۇزۇنلۇقى 50 مىڭ يىل كېلىدۇ.»** (مەئارىج سۈرىسى 4-ئايەت)

سەجدە سۈرىسى 5-ئايەتتە كائىناتنىڭ ئايلىنىشى بىلەن مۇناسىۋەتلىك بىر ۋاقىت، مائارىج سۈرىسى 4-ئايەتتە پەرىشتىلەر ۋە جىبرىئىل ئەلەيھىسسالام ئۈچۈن خاس بولغان بىر مۇساپىنى ئۆز ئىچىگە ئالىدىغان، بىر-بىرىگە ئوخشىمايدىغان بىر ۋاقىت بىلدۈرۈلمەكتە. يەنى ھەر ئىككى ۋاقىتنىڭ ماھىيىتى بىر-بىرىگە ئوخشىمايدۇ، شۇنداقلا ئوتتۇرىسىدا زىتلىق يوقتۇر.

بۇنىڭغا ئاساسەن شۇنداق دېيىشكە بولىدۇكى، ئاللاھنىڭ نەزىرىدىكى ۋاقىت ئۇقۇمى ئىنسان چۈشەنگەن زامان ئۇقۇمىغا ئوخشىمايدۇ. بەزى مۇپەسسىرلەرنىڭ قارىشىچە، بۇ ئىپادىلەر بىر ئوخشىتىش بولۇپ ۋاقىتنىڭ ئۇزۇنلۇقىنى بىلدۈرۈش ئۈچۈندۇر. ئەمما بۇ ۋاقىت مەخلۇقاتقا خاستۇر. ئاللاھ ئۈچۈن ۋاقىت ئۇقۇمى مەۋجۇت ئەمەستۇر. ئەكسىچە، بۇ ۋاقىتنى ئاللاھتائالا مەخلۇقاتلار ئۈچۈن ياراتقان. ئۇ مىلياردلارچە زامانغا سىغمايدىغان بىر مېراج ھادىسىسىنى «ھەبىب ئەدىب» (پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام)غا بىر سىكونتتىن ئاز ۋاقىت ئىچىدە ئېكرام قىلغان. بۇ زامان ۋە ماكاندىن ھالقىپ كەتكەن بولۇپ، ئىنساننىڭ ئەقلى تەسەۋۋۇر قىلالمايدىغان بىر قۇدرەتتۇر.

تەتقىقاتچىلار بۇ ئايەتلەردىن يېقىندا بايقالغان «زاماننىڭ ئۆزگىرىشچانلىقى» مەسىلىسى ھەققىدىمۇ بىر ئىشارەت بارلىقىنى ئوتتۇرىغا قويماقتا.

زامانىنىڭ ئۆزگىرىشچانلىقىنى مۇنداق چۈشىنىشكىمۇ بولىدۇ: يەر شارى ئۆز ئوقى ئەتراپىدىكى بىر قېتىملىق ئايلىنىشنى 24 سائەتتە تاماملايدۇ ۋە بىر كۈن ھاسىل بولىدۇ. ئاي بولسا ئۆز ئوقى ئەتراپىدىكى ئايلىنىشنى 29-30 كۈندە تاماملايدۇ. بۇ سەۋەبتىن ئايدا 14-15 كۈن كۈندۈز، 14-15 كۈن كېچە بولىدۇ ۋە يەر شارىدا تۇرۇپ قارىغاندا ئاينىڭ ھەمىشە ئوخشاش يۈزىنى كۆرگىلى بولىدۇ. شۇنىڭدەك باشقا ئاسمان جىسىملىرىنىڭمۇ ئۆز ئوقى ئەتراپىدا ئايلىنىش ۋاقتى ۋە كۈن ئۇزۇقۇمى ھەر خىلدۇر

**8) كائىناتنىڭ كېڭىيىشى**

ئاللاھتائالا مۇنداق دەيدۇ:

**«ئاسماننى قۇدرىتىمىز بىلەن بىنا قىلدۇق ۋە بىز (ئۇنى) ئەلۋەتتە كېڭەيتىۋاتىمىز.»** (زارىيات سۈرىسى 47-ئايەت)

بۇ ئايەت نازىل بولغاندا يەر شارى، قۇياش ۋە كائىنات توغرىسىدا ئىشەنچلىك بىر بىلىم يوق ئىدى. زامانىمىزدىكى تەرەققىياتلار نەتىجىسىدە ئايەتنى تېخىمۇ ئېنىق چۈشەنگىلى بولىدىغان بولدى.

ئايەتتىكى «سەما» (ئاسمان) كەلىمىسى يەر شارىنىڭ سىرتىدىكى كائىناتنى ئىپادىلەش ئۈچۈن قوللىنىلغان. بۇ ھالدا جانابى ئاللاھ كائىناتنى كېڭەيتكەنلىكىنى خەۋەر قىلماقتا.

«**لَمُوسِعُونَ:** كېڭەيتكۈچىمىز، كېڭەيتىۋاتىمىز» مەنىسىنى بىلدۈرىدىغان بۇ كەلىمىنىڭ بېشىدىكى «لە» قوشۇمچىسى كەلىمىنىڭ مەنىسىگە «تېخىمۇ كۆپ» دېگەن مەنىنى قوشىدۇ. دەرۋەقە، بۇنىڭغا ماس ھالدا 20-ئەسىرنىڭ باشلىرىدىن باشلاپ ئىلمىي بايقاشلار كائىناتنىڭ تېز سۈرئەتتە كېڭىيىۋاتقانلىقىنى ئېنىقلاپ چىقتى.[93]

يارىتىلغان كۈندىن ئېتىۋارەن تېز سۈرئەتتە كېڭىيىۋاتقان كائىنات دائىرىسى مۇئەييەن بىر ھالەتكە كەلگەندە تارتىش كۈچى سەۋەبىدىن توختايدۇ ۋە ئۆز ئىچىگە

93. تەپسىلاتى ئۈچۈن ۋاھىدۇددىن خان: «ئىسلام دوئىلغا چاقىرماقتا»، (تۈركچىگە تەرجىمە قىلغۇچى: جىھاد خ. رەشاد)، ئىستانبۇل، 1996-يىل، 107-بەتكە قاراڭ.

قاراپ چۆكۈشكە باشلايدۇ. ئامېرىكا كالىفورنىيە شىتاتى ستانفورد ئۇنىۋېرسىتىدىكى فىزىكا پروفېسسورى رېناتا كاللوش ۋە ئادرەي لىندې مۇنداق دەيدۇ:

«كائىنات كىچىكلەشكە، يۇقۇلۇشقا قاراپ ماڭماقتا. بىز كۆرەلەيدىغان ۋە كۆرەلمەيدىغان بارلىق جىسىملار بىر پروتوندىن تېخىمۇ كىچىك بولغان ھالەتكە كېلىدۇ، خۇددى بىر قاراڭغۇ ئۆڭكۈرنىڭ ئىچىدىكىدەك...»

ئىلىم-پەن يېڭىدىن بايقاۋاتقان بۇ ھادىسىلەرگە 14 ئەسىر ئىلگىرى قۇرئانى-كەرىمدە مۇنداق ئىشارەت قىلىنغان:

**«ئۇ كۈندە ئاسماننى (پۈتۈكچى) نەرسە يېزىلغان قەغەزنى يۆگىگەندەك يۆگەيمىز. مەخلۇقاتلارنى دەسلەپتە قانداق ياراتقان بولساق، شۇ ھالىتىدە ئەسلىگە قايتۇرىمىز. (بۇ) بىز ئۈستىمىزگە ئالغان ۋەدىدۇر، (ئۇنى) چوقۇم ئىشقا ئاشۇرىمىز.»** (ئەنبىيا سۈرىسى 104-ئايەت)

**«ئۇلار ئاللاھنى ھەقىقىي رەۋىشتە تونۇمىدى. قىيامەت كۈنى زېمىن پۈتۈنلەي ئاللاھنىڭ چاڭگىلىدا بولىدۇ، ئاسمانلار ئاللاھنىڭ ئوڭ قولىدا قاتلىنىپ تۇرىدۇ، ئاللاھ ئۇلار (يەنى مۇشرىكلار)نىڭ شېرىك كەلتۈرگەن نەرسىلىرىدىن پاك ۋە ئۈستۈندۇر.»** (زۇمەر سۈرىسى 67-ئايەت)

### 9) ئىلاھىي قۇدرەتنى تەپەككۇر قىلىش

قۇرئانى-كەرىم كائىناتنىڭ يارىتىلىشى توغرىسىدا ئاسمانلار بىلەن زېمىننىڭ دەسلەپتە بىر-بىرىگە تۇتاش بولۇپ، كېيىن ئايرىلغانلىقى[94]، ئاسمان-زېمىننىڭ يارىتىلىشىنىڭ ئالتە كۈن (مۇددەت، باسقۇچ، دەۋر)دە تاماملانغانلىقى[95]، ئاسمانلارنىڭ تۈۋرۈكسىز يارىتىلغانلىقى[96]، كەمچىلىكسىز يەتتە ئاسمان قىلىپ ياراتقانلىقى[97]، ئاي، قۇياش ۋە يۇلتۇزلارنىڭ ئۆزىگە خاس پەلەكتە (ئوربىتىدا) ھەرىكەت قىلىدىغانلىقى

94. ئەنبىيا سۈرىسى 30-ئايەت.

95. ھۇد سۈرىسى 7-ئايەت.

96. رەئد سۈرىسى 2-ئايەت؛ لوقمان سۈرىسى 10-ئايەت؛ ھەج سۈرىسى 65-ئايەتكە قاراڭ.

97. بەزى ئايەتلەر ئۈچۈن بەقەرە سۈرىسى 29-ئايەت؛ ئىسرا سۈرىسى 44-ئايەت؛ مۈلك سۈرىسى 3-ئايەتكە قاراڭ.

(ئايلىنىدىغانلىقى)[98]، يۇقىرىغا ئۆرلىگەنسىرى ھاۋا بېسىمىنىڭ تۆۋەنلەيدىغانلىقى، ئوكسىگېنىنىڭ ئازلايدىغانلىقى[99] قاتارلىق نۇرغۇن جەھەتلەردىن خەۋەر بەرگەن. كۈنىمىزدىكى بۇ ھەقتىكى ئىلمىي تەتقىقاتلارمۇ قۇرئاندىكى بۇ بىلىملەرنىڭ راستلىقىنى ئىسپاتلىماقتا.

ئاللاھ بەندىلەرگە دائىم:

**«ئويلان، تەپەككۇر قىل، ئەقلىڭنى ئىشلەت!»** دەيدۇ.

بىلىنگەنلەرگە قارىغاندا بىلىنمىگەنلەر كۆپ بولغان بىر دۇنيادا ياشاۋاتىمىز. مەسىلەن: بىر ئاتومنى ئېلىپ ئېيتساق، .ئېلېكترونلار ۋە يادرو... ئېلېكترونلار يادرو ئەتراپىدا بىر سېكونتتا 2000 كىلومېتىرلىق سۈرئەتتە ئايلىنىدۇ، لېكىن ھېچقاچان بىر-بىرى بىلەن ئۇسۇشۇپ قالمايدۇ. بۇنى بىز ھېس قىلالمايمىز. ئوقۇپلا ئۆتۈپ كېتىمىز. ھەر زەررىچىدە يۈز بېرىدىغان بۇ ئەھۋاللارنى بىلىشكە ئاجىزلىق قىلىمىز. پەقەت فىزىكا ئىلمى بىلەنلا ئاللاھ ياراتقان قانۇنىيەتلەردىن ئاز بىر قىسمىنى بىلەلەيمىز. شۇڭا مەنىۋى ئىلىملەر ۋە ئىرپان بىلەن ئاللاھقا قەلبىمىزدە يېقىنلىشىپ ئەزەلىي ۋە ئەبەدىي ھېكمەتلەرنى كۆرۈش كېرەك دەيمىز.

بىر ئاتومنى چەكسىز چوڭايتقان ۋاقتىمىزدا كۆز ئالدىمىزدا چەكسىز بىر ئاسمان نامايەن بولىدۇ. تىرلىيونلارچە يۇلتۇز... ھەممىسى ئايلىنىۋاتقان ھالەتتە، ھېچبىرى يەنە باشقىسى بىلەن توقۇنۇشۇپ قالمايدۇ[100]، ئالەمدىكى سان-ساناقسىز يۇلتۇزلار توپى ئارىسىدا قاتناش ۋەقەسى چىقمايدۇ، ھەممىسىنىڭ ۋەزىپىسى باشقا، باشقا....

شۇنىڭدەك ئاسماننى كىچىكلەتسەكمۇ، بىر ئاتوم مەيدانغا كېلىدۇ. جانابى ئاللاھ بۇ ئىلاھىي سەنئەت مۆجىزىسى بىلەن:

**«ئويلىمامسىلەر، تەپەككۇر قىلمامسىلەر؟ ئەي ئەقىل ئىگىلىرى!...»** دەپ ئەقلىمىزگە، ۋىجدانىمىزغا خىتاب قىلىدۇ، ھېكمەتلىرى بىلەن قەلبىمىز ۋە

---

98. ياسىن سۈرىسى 38-40-ئايەتلەر.

99. ئەنئام سۈرىسى 125-ئايەت.

100. كائىناتتىكى بارلىق ئاسمان جىسىملىرى سائەت ئىستىرېلكىسىنىڭ تەتۈر يۆنىلىشىگە قاراپ ھەرىكەت قىلىدۇ، ھەممىسى ئايلىنىدۇ. لېكىن ھەر بىرىنىڭ ئۆزىگە خاس پەرقلىق ئوربىتىسى ۋە ئايلىنىش ۋاقتى بولغانلىقى ئۈچۈن بىر-بىرىگە سوقۇلۇپ كەتمەيدۇ.

ئەقلىمىزنى ئىرشاد قىلماقتا. كائىناتتىكى كىچىككىنە زەررىچىلەردىن باشلاپ ھەر شەيئى بىزگە ھال تىلى بىلەن سۆزلىمەكتە. يېتەر ئەمدى، قەلبىمىز كائىناتنىڭ بۇ ئاۋازسىز ھېكمەت تىلىنى چۈشەنسۇن! بۇنىڭ ئۈچۈن غەپلەتتىن يىراقلىشىش كېرەك. چۈنكى ئىنسان غەپلەت ئىچىدە قالغانسېرى نەپسانىيىتىنىڭ بىچارىسى بولۇپ، پەقەتلا ماددىي ئېھتىياج، شەھۋانى ئارزۇنى پىلان قىلىپ، خار ۋە پەسكەش ھالەتتە ياشايدىغان بولۇپ قالىدۇ.

✵

ئامېرىكا ناسا ئالەم تەتقىقات مەركىزى رەئىسى **پروفېسسور دوكتور ئارمەس تومدىن** سورالغان:

- ئاتمۇسفېرا قاتلىمىدا بىرەر بوشلۇق بارمۇ؟ - دېگەن سوئالغا مۇنداق جاۋاب بەردى:

- بوشلۇق يوق! ئاتمۇسفېرادا بوشلۇق بولۇشى مۇمكىن ئەمەس. ئەگەر بوشلۇق بولسا ئىدى، كائىناتنىڭ تەڭپۇڭلۇقى بۇزۇلۇپ، ئاسماندىكى پۈتكۈل قانۇنىيەتلەر ئاستىن-ئۈستۈن بولۇپ كېتەتتى ۋە نەتىجىدە بوشلۇقتا كۆپلىگەن قاتناش ۋەقەلىرى يۈز بەرگەن بولاتتى.

بۇ جاۋابتىن كېيىن ئۇنىڭغا مۇنۇ ئايەت ئوقۇلدى:

**«ئۇلار ئاسماننى قانداق تۈۋرۈكسىز بەرپا قىلغانلىقىمىزغا، ئۇنى** (يۇلتۇزلار بىلەن) **بېزىگەنلىكىمىزگە، ئۇنىڭدا ھېچقانداق يوچۇق يوقلۇقىغا قارىمامدۇ؟»** (قاف سۈرىسى 6-ئايەت)

قەلب كۆزىنى ئېچىش ۋە ئىبرەت بولسۇن دەپ نازىل قىلىنغان بۇ ئايەت پروفېسسورنى ھەيران قالدۇردى. پروفېسسوردىن يەنە بىر سوئال سورالدى:

- كائىناتنىڭ ئاخىرقى نوقتىسىغا يېتىپ بارالىدىڭىزمۇ؟

ئۇ ئۇلۇغ-كىچىك تىنغان ھالدا:

- ئۇزۇندىن بۇيان يېتىپ بېرىشقا تىرىشىۋاتىمىز، ئەمما قولىمىزدىكى تېلېسكوپلارنىڭ كۈچى يەتمىدى. ھەمىشە كۆز ئالدىمىزغا تۇمان قاتلاملىرى شەكلىدە ھەرخىل تۇمانلار چىقىۋاتىدۇ. بۇنىڭغا ئاساسەن يىراقتىن باشقۇرىلىدىغان قۇماندانلىق تېلېسكوپلار ياساپ چىقىپ، ئالەم بوشلۇقىغا ئەۋەتتۇق، نەتىجە يەنە ئوخشاش. مەن

كائىناتنىڭ ئاخىرقى نوقتىسىغا يېتىپ بارالايدىغانلىقىمىزغا ئىشەنمەيمەن.چۈنكى ئۇنى چەكسىز دەپ ئويلايمەن.... دېدى.

پروفېسسورغا يەنە قۇرئاندىكى مۇنۇ ئايەتلەر ئوقۇلدى:

**«سەن (ئاسمانلارغا) تەكرار قاراپ باققىنكى، بىرەر يوچۇقنى كۆرەمسەن؟ ئاندىن سەن يەنە ئىككى قېتىم قارىغىن، كۆزۈڭ (ئاسمانلاردا بىرەر نۇقساننى تېپىشتىن) ئۈمىد ئۈزگەن ۋە تالغان هالدا قايتىدۇ.»** (مۈلك سۈرىسى 3ـ4ـئايەتلەر)

ئايەت ئوقۇلغاندىن كېيىن ئىنساپلىق بىر ئىلىم ئەهلى ئۈچۈن ئەڭ كىچىك بىرەر يوچۇقمۇ قالدۇرمىغان بۇ ھەقىقەتلەر ئالدىدا پروفېسسور توم بۇ ھەقىقەتنى قوبۇل قىلىشقا مەجبۇر بولۇپ، هاياجانلانغان هالدا مۇنداق دېدى:

«مەن باشتىن تارتىپ ئويلاۋاتىمەن! قۇرئان ھەققىدە خالىغانچە بىر باها بېرىش ئىنتايىن قىيىن ۋە نازۇك بىر ئىش. ھەقىقەتەن ھەيرانمەن، يىللار ئىلگىرى نازىل بولغان بىرقەدىمي كىتاب قانداقسىگە دىققەتنى جەلپ قىلىدىغان ئاسترونومىيە بىلىملىرىنى مۇكەممەل شەكىلدە، ھەتتا باشقىلارنى ئاجىز قالدۇرىدىغان دەرىجىدە بايان قىلىپ بېرەلىگەندۇ؟ ... 1400 يىل ئىلگىرى ئىنسانلار نېمە ئىش قىلالايتتى؟ تولۇق مەلۇماتىم يوق. ئەمما بۇلار بىلىشكە ئەرزىگۈدەك مۇھىم مەلۇماتلاردۇر.»

پروفېسسور بىر دەم ئويلانغاندىن كېيىن ئىنسان يازغان بارلىق ئەسەرلەرنىڭ تەجرىبە تاكى خىيالغا تايىنىپ يېزىلغانلىقىنى ۋە جەزمەن كەمچىلىكلىرىنىڭ بولىدىغانلىقىنى ئېيتىپ، سۆزلىرىنى مۇنداق تاماملىدى:

**«بۇ ئەسلا ئىنسان تەجرىبىسىنىڭ ئىپادىسى ئەمەستۇر. شۇنى چۈشۈنۈۋېلىشقا بولىدۇكى، بىز ئىلىم-پەن بىلەن دىن ئىتتىپاقلاشقان يېڭى بىر ئەسىرگە كىرىۋاتىمىز. مەن ئىلىم بىلەن دىن بىر-بىرىنى قۇچاقلىشىۋاتقان بىر زاماندا تۇرۇۋاتقانلىقىمنى هېس قىلىۋاتىمەن...»**

تەبىئىيكى، بۇ ئىلىم ھەقىقى ئىلىمدۇر، دىن بولسا ئاللاھ تەرىپىدىن كەلگەنلىكى ھەققىدە شەك-شۈبھە بولمىغان ئىسلامدۇر.

## 6. گېئولوگىيە

### 1) تاغلارنىڭ فونكسىيىسى

كۈنىمىزدە گېئولوگىيە ئىلمى تاغلارنىڭ يەر يۈزىدىكى ئېگىزلىكى قەدەر يەر ئاستىدىمۇ ئاساسى بارلىقىنى بايقىغان.

**«زېمىننىڭ ئۈستىدە مۇقىملىشىشىڭلار ۋە كەڭ تۈزلەڭلىكلەرگە زىرائەت تېرىپ پايدىلىنىشىڭلار ئۈچۈن زېمىننى بىسات قىلمىدۇقمۇ؟ (زېمىنىڭ تەۋرەپ كەتمەسلىكى ئۈچۈن تاغلارنى) قوزۇق قىلمىدۇقمۇ؟»** (نەبە سۈرىسى 6-7-ئايەت) بۇ ئايەتلەردە تاغلار قوزۇققا ئوخشىتىلغان، خۇددى چېدىر تىككەندە قوزۇقنىڭ يېرىمى يەر ئاستىغا قېقىلغاندەك.

«**تاغلارنى** (زېمىندا) **مۇقىم قىلدى.**» (نازىئات سۈرىسى 32-ئايەت) دېيىش ئارقىلىق تاغلارنىڭ يەرگە ئورنىتىلغانلىقىنى بىلدۈرگەن.

كۈنىمىزدىكى گېئولوگىيە ئىلمىنىڭ مەلۇماتلىرىغا ئاساسلانغاندا، تاغلارنىڭ ئېچكى قۇرۇلمىسى قوزۇققا ئوخشايدۇ. ئاستى قىسمىدا ئۇلارنى تۇتۇپ تۇرىدىغان يىلتىز قاتلىمى مەۋجۇت.

يەر شارى خۇددى بىر تۇخۇمنىڭ ئېقى، سېرىقى ۋە پوستىغا ئوخشاش ئۈچ قىسمىدىن تەركىپ تاپقان بولۇپ، ئەڭ ئىچىدە **يادرو**، ئۇنى قاپلاپ تۇرغان **چېدىر**غا ئوخشاش قاتلام، ئۇنىڭدىن كېيىن **يەر پوستى** ياكى يەر يۈزى قاتلىمى بار. يەر پوستى تۇخۇمنىڭ پوستىدەك قاتتىق، پوستىنىڭ ئاستىدىكى ماگما قىززىق ۋە سويۇقتۇر. يەر پوستىنىڭ قېلىنلىقى دېڭىز-ئوكيانلارنىڭ ئاستىدا نېپىز (8-10 كىلومېتىر)، ئېگىز تاغلار بار يەرلەردە قېلىن (30-40 كىلومېتىر).

تاغلارنىڭ ماگما ئۈستىدە ئۈزۈپ تۇرۇۋاتقان قىتئە، ئاراللارنىڭ تەڭپۇڭلۇقىنى ساقلاشتا مۇھىم بىر ئامىل ئىكەنلىكى پەقەت 20-ئەسىرگە كەلگەندە مەلۇم بولدى. ھالبۇكى، قۇرئان بۇ ھەقىقەتلەرنى 14 ئەسىر ئىلگىرى كۆپلىگەن ئايەتلىرىدە ئىپادىلىگەن. بۇ ئايەتلەردىن بىرىسىدە:

**«يەر تەۋرەپ سىلەرنى خاتىرجەمسىز قىلمىسۇن دەپ يەردە تاغلارنى ئورناتتى...»** (لوقمان سۈرىسى 10-ئايەت) دېيىلگەن.

گېئو-فىزىكىدا «ئىسسىق نوقتا» دەپ ئاتالغان ۋە دۇنيادا سانى 110 ئەتراپىدا ئىكەنلىكى مەلۇم بولغان چوڭ تاغ تىزمىلىرى بار. بۇلار يەر پوستىنىڭ ھەرىكىتىگە توسالغۇ بولۇپ، يەرنىڭ چوڭقۇر قاتلاملىرىدىن يۇقىرىغا ئۆرلەپ، يەر پوستىنى تېشىپ سىرتقا چىققاندىن كېيىن، يەر يۈزىدە قاتتىقلىشىپ مىخ شەكلىگە كېلىپ، يەر پوستىنى مۇقىم تۇتۇپ تۇرىدۇ. بۇلار مۇكەممەل تەكشۈرۈلگەندە ساقلىنىدىغان بۇيۇك ماگما (يەر شارى ئىچىدىكى چوغسىمان سۇيۇق ماددا) تىزمىلىرىدۇر. بۇنىڭدىن ئايەت ئوتتۇرىغا قويغان مەلۇماتلار بىلەن كۈنىمىزدىكى ئىلمى تەتقىقاتلار ئوتتۇرىسىدا تولۇق بىر ماسلىششچانلىقنىڭ بارلىقنى كۆرۈۋالغىلى بولىدۇ.

## 2) كۆمۈر ۋە نېفىتنىڭ ھاسىل بولۇشى

ئاللاھتائالا قۇرئانى-كەرىمدە مۇنداق دەيدۇ:

**«ئۇ رەببىڭكى، ئوت-چۆپلەرنى ئۆستۈرۈپ بەردى، ئاندىن ئۇلارنى قارامتۇل قۇرۇق ئوت-خەسكە ئايلاندۇردى.»** (ئەئلا سۈرىسى 3-4-ئايەتلەر)

بۇ ئايەتنىڭ تەپسىرىدە ھەمدى ئەپەندى مۇنداق دەيدۇ:

«ئاللاھ ئىلگىرى ئوتلاق، يايلاق، باغلار ۋە ئورمانلىقلاردىكى ھەر خىل دەل-دەرەخ، ئۆسۈملۈكلەرنى يېتىشتۈرگەن، كېيىن بۇلارنى قاپ-قارا ئوغۇت ۋە كۆمۈرگە ئايلاندۇرغان.» (ئەلماللى ھەمدى يازىر: «قۇرئان تەپسىرى»، 8-جىلد، 5748)

يۇقىرىقى ئايەتتىكى ئەرەبچە **«ئەھۋا»** كەلىمىسى: قارامتۇل، قارا، توق يېشىل، ئىسلانغان، قېنىق رەڭلىك دېگەندەك مەنىنى ئىپادىلەيدىغان بىر ئىسىمدۇر. بۇ يەردە قارا، قارامتۇل ۋە توق يېشىل دەپ تەپسىر قىلىنغان.

گېئولوگىيە ئالىملىرى يەر يۈزىنىڭ دەسلەپكى دەۋرلەردە بىپايان ئورمانلىقلار بىلەن قاپلانغانلىقىنى تىلغا ئالماقتا. ئۇ دەۋرلەرنىڭ ھازىرقىغا قارىغاندا تېخىمۇ ئىسسىق ۋە مول يامغۇرلۇق ئىقلىمدا يېتىشكەن بۈك-باراقسان ئورمانلىقلار يەر ھەرىكىتى تۈپەيلى يەرنىڭ ئاستىدا قېلىپ تاشقا (كۆمۈرگە) ئايلانغان. نەتىجىدە كۈنىمىزدىكى كۆمۈر زاپىسى شەكىللەنگەن.

بۇ ئايەتنىڭ يەنە نېفىتنىڭ مەيدانغا كېلىشىگىمۇ ئىشارەت قىلىۋاتقانلىقىنى بىلگىلى بولىدۇ. دەرۋەقە، ئايەتتە ئۆسۈملۈكلەرنىڭ قارامتۇل ۋە توق يېشىل بىر سەل سۇيۇقلۇققا ئايلانغانلىقى خەۋەر قىلىنغان. يىللاردىن بۇيان ئېلىپ بېرىلغان ئىلمىي

تەتقىقاتلار نەتىجىسىدە، نېفىتنىڭ يەر قاتلاملىرى ئارىسىدا بىر دەرياغا ئوخشاش ئېقىۋاتقانلىقى ئېنىقلاندى. ئايەتتە كۆمۈر ۋە نېفىتنىڭ ھاسىل بولۇشىغا ئىشارەت قىلىنىش بىلەن بىرلىكتە ئىلمىي ئاتالغۇدا «نېفىت كۆچى» دەپ ئاتىلىدىغان بۇ ھادىسىگىمۇ ئىشارەت قىلىنىۋاتقانلىقى بىلىنىدى.

## 7. جۇغراپىيە

جۇغراپىيە ئىنسانلارنىڭ تەبىئىي مۇھىتى ۋە ئۇنىڭ ئىنسانلار بىلەن بولغان مۇناسىۋىتىنى تەتقىق قىلىدىغان بىر ئىلىمدۇر. تەبىئەت ھادىسىلىرىنىڭ يۈز بېرىشى، تارقىلىشىنى سەۋەبى بىلەن بىللە چۈشەندۈرۈش بىلەن بىر ۋاقىتتا ئۇنىڭ ئىنسانلارغا بولغان تەسىرىنىمۇ ئىزاھلايدۇ.

رەئد سۈرىسىدە جۇغراپىيە ئىلمىنىڭ بىر قىسىم تېمىلىرى تىلغا ئېلىنىپ، ئاللاھنىڭ لۇتفى بىلدۈرۈلۈپ، پۈتكۈل نەرسىلەرنى بەندىلەرنىڭ مەنپەئەتى ئۈچۈن ياراتقانلىقى ئەسكە سېلىنغان:

**«ئاللاھ ئاسمانلارنى تۈۋرۈكسىز بەرپا قىلدى، سىلەر ئۇنى كۆرۈپ تۇرۇۋاتىسىلەر، ئاندىن ئۇ ئەرش ئۈستىدە** (ئۆزىگە لايىق رەۋىشتە) **قارار ئالدى. كۈن بىلەن ئاينى** (بەندىلەرنىڭ مەنپەئەتى ئۈچۈن) **بويسۇندۇردى،** (ئۇلارنىڭ) **ھەر بىرى مۇئەييەن مۇددەتكىچە** (يەنى دۇنيانىڭ تۈگەيدىغان ۋاقتىغىچە) **سەير قىلىدۇ، ئاللاھ** (ئۆز ھېكمىتى ۋە قۇدرىتى بىلەن) **مەخلۇقاتنىڭ ئىشلىرىنى باشقۇرۇپ تۇرىدۇ، سىلەرنى پەرۋەردىگارىڭلارغا مۇلاقات بولۇشقا ئىشەنسۇن دەپ،** (قۇدرىتىنىڭ) **دەلىللىرىنى تەپسىلىي بايان قىلىدۇ.**

**ئاللاھ يەر يۈزىنى** (ئۇزۇنىسىغا ۋە توغرىسىغا) **سوزۇپ كەڭ ياراتتى، يەر يۈزىدە تاغلارنى ۋە دەريالارنى ياراتتى، مېۋىلەرنىڭ ھەر بىر تۈرىنى ئەركەك-چىشى ئىككى جىنسلىق قىلىپ ياراتتى. كېچىنى كۈندۈزگە كىرىشتۈردى** (يەنى كېچىنىڭ قاراڭغۇلۇقى بىلەن كۈندۈزنىڭ يورۇقلۇقىنى ياپتى). **بۇلاردا تەپەككۇر قىلىدىغان قەۋم ئۈچۈن** (ئاللاھنىڭ قۇدرىتىنى كۆرسىتىدىغان) **دەلىللەر بار.**

**يەر يۈزىدە بىر-بىرىگە تۇتىشاڭغۇ قىتئەلەر بار ۋە تۈرلۈك زىرائەتلەر بار، كۆپ شاخلىق بولغان ۋە كۆپ شاخلىق بولمىغان** (بىر ئۇرۇقتىن بىر قانچە تال ئۈنۈپ چىققان، بىر ئۇرۇقتىن پەقەت بىر تال ئۈنۈپ چىققان) **خورما دەرەخلىرى بار،** (ئۇلارنىڭ ھەممىسى) **بىر خىل سۇ بىلەن سۇغىرىلىدۇ، ئۇلارنىڭ بەزىسىنى بەزىسىدىن تەمدە ئارتۇق قىلىمىز، بۇلاردا چۈشىنىدىغان قەۋم ئۈچۈن** (ئاللاھنىڭ قۇدرىتىنى كۆرسىتىدىغان) **نۇرغۇن دەلىللەر بار.»** (رەئد سۈرىسى 2-4-ئايەتلەر)

ئايەتتە ئاللاھنىڭ قۇدرىتىنى كۆز ئالدىمىزدا نامايەن قىلىش ئارقىلىق ئەتراپىمىزدىكى ئىلاھىي سەنئەت مۆجىزىۋى ئەسەرلىرىدىن ئىبرەت ئېلىشىمىز تەلەپ قىلىنماقتا. ئاللاھ بۇ يەردە تىلغا ئالغان بۈيۈك نېمەتلەرنى ۋە تىلغا ئالمىغانلارنى بىزنىڭ پايدىلىنىشىمىز ئۈچۈن ياراتقان. دەرۋەقە، ئايەتتە مۇنداق دېيىلىدۇ:

**«ئاللاھ ئاسمانلاردىكى ۋە زېمىندىكى نەرسىلەرنىڭ ھەممىسىنى** (كامالى) **پەزلىدىن سىلەرگە بويسۇندۇرۇپ بەردى، بۇنىڭغا ھەقىقەتەن (قۇدرىتى ئىلاھىينى) تەپەككۇر قىلىدىغان قەۋم ئۈچۈن** (ئاللاھنىڭ قۇدرىتى ۋە بىرلىكىنى كۆرسىتىدىغان روشەن) **دەلىللەر بار.»** (جاسىيە سۈرىسى 13-ئايەت)

سىياسىي تېمىلارنى تىلغا ئالغان باشقا بىر ئايەتتە مۇنداق دېيىلىدۇ:

**««بىز پەيغەمبەرلىرىمىزنى روشەن مۆجىزىلەر بىلەن ئەۋەتتۇق ۋە ئۇلار بىلەن بىللە ئىنسانلار ئادالەتنى بەرپا قىلسۇن دەپ كىتابنى، قانۇننى چۈشۈردۇق؛ تۆمۈرنى ياراتتۇق** (تۆمۈردىن ئۇرۇش قۇراللىرى ياسىلىدىغانلىقى ئۈچۈن) **تۆمۈر كۈچ-قۇۋۋەتنى ئۆز ئىچىگە ئالغان، تۆمۈردە ئىنسانلار ئۈچۈن نۇرغۇن مەنپەئەتلەر بار، ئاللاھنى كۆرمەي تۇرۇپ** (قۇراللارنى ئىشلىتىپ) **ئاللاھقا ۋە پەيغەمبەرلىرىگە ياردەم بەرگەنلەرنى بىلىش** (مەلۇم قىلىش) **ئۈچۈن** (تۆمۈرنى ياراتتى)، **ئاللاھ ھەقىقەتەن كۈچلۈكتۇر، غالىپتۇر.»** (ھەدىد سۈرىسى 25-ئايەت)

ئايەتتە تىلغا ئېلىنغان كىتابنى ئىلىم؛ قانۇننى ئادالەت؛ تۆمۈرنى پەن-تېخنىكا دەپ چۈشەنگەن ۋاقتىمىزدا، ئىلىم، ئادالەت ۋە پەن-تېخنىكىغا ئىگە بولغان مىللەتلەرنىڭ كۈچلۈك، قۇدرەتلىك بولۇپ، ھوقۇقنى ئۆز قولىغا ئېلىپ، ئىنسانلارنى

باشقۇرۇشقا باشلىغانلىقىنى كۆرىمىز. دېمەك، ئايەت مۇسۇلمانلارغا تەرەققىياتنىڭ يولىنى كۆرسىتىۋاتىدۇ.

### 1) ئەڭ پەس رايون

يېقىنقى ئارخېئولوگىيىلىك تەتقىقاتلاردا يەرشارىدا ئېگىزلىكى دېڭىز يۈزىدىن تۆۋەن بولغان نۇرغۇن جايلار ئىچىدىكى ئەڭ تۆۋەن يەرنىڭ شۇ ئايەتتە تىلغا ئېلىنغان يەر ئىكەنلىكى كۆرسىتىلگەن:

«**ئەلىف، لام، مىم، رۇملۇقلار** (ئەرەپلەر ياشاۋاتقان رايونغا ئەڭ) **يېقىن ۋە پەس بىر جايدا يېڭىلدى...»** (رۇم سۈرىسى 1-3-ئايەتلەر)

بۇ يەر ئىنسانلارنىڭ ئەخلاقسىزلىقى سەۋەبىدىن ھالاك قىلىنغان **لۇت ئەلەيھىسسالام قەۋمىنىڭ** ماكانى، يەنى ئېگىزلىكى دېڭىز يۈزىدىن 400 مېتىر تۆۋەندە. لوت كۆلىنىڭ ئەڭ چوڭقۇر يەرلىرى 300 مېتىر ئەتراپىدا. بۇنىڭدىن قارىغاندا بۇ كۆلنىڭ تېگى دېڭىز يۈزىدىن تەخمىنەن 700 مېتىر تۆۋەندە.

14 ئەسىر ئىلگىرى دۇنيا جۇغراپىيىسى تولۇق بىلىنمىگەن ۋاقىتتا قۇرئاننىڭ بۇ ماكانىنى ئېگىزلىكى ئەڭ پەس يەر دەپ تىلغا ئالغانلىقى قۇرئاننىڭ ئايرىم بىر مۆجىزىسى ھېسابلىنىدۇ.

گېئولوگىيە مۇتەخەسسىسى پروفېسسور دوكتور بالمار بىر قېتىملىق دوكلاتتا تەتقىقاتچى ئابدۇلمەجىد زىندانىدىن تېمىغا مۇناسىۋەتلىك ئايەت ئاڭلىغان ۋاقىتتا دەسلەپتە قارشى چىققان. كېيىن ئېلىپ بارغان ئىلمىي تەتقىقاتىدىن كېيىن مۇنداق دېگەن:

«**ھەقىقەتەن ئەجەپلىنەرلىك! بۇ كىتاب ھەم ئۆتمۈشنى، ھەم كۈنىمىزنى، ھەم كەلگۈسىنى بايان قىلىۋاتىدۇ. بۇنىڭغا ھەرقانداق بىر ئىنساننىڭ كۈچى يەتمەيتتى.»** كېيىن بۇ پروفېسسور مىسىردا «گېئولوگىيە ساھەسىدە قۇرئاننىڭ مۆجىزىسى» ناملىق بىر ماقالىنى ئوقۇپ، ئاخىرىدا مۇنداق دېگەن:

«مەن ھەزرىتى پەيغەمبەر ياشىغان دەۋرنىڭ ھايات شەكلىنى بىلمەيمەن! ئەمما ئاددى-ساددا تۇرمۇش كەچۈرگەنلىكى توغرىسىدا مەلۇماتىم بار. بۇ ئەھۋالغا ۋە قۇرئاندىكى سان-ساناقسىز مەلۇماتلارغا قاراپ شۇنداق دېيەلەيمەنكى، قۇرئاننى ئۇ

دەۋىردىكى مەدەنىيەتنىڭ مەھسۇلى بولۇشى مۇمكىن دەپ ئويلاشنىڭ ئۆزى خاتا. بۇ كىتاب ئىلاھى بىر ئەسەردۇر.»

بۇنىڭدىن شۇنى كۆرۈۋېلىشقا بولىدۇكى، ئەقىل-پاراسەت ئىلىم بىلەن بىرلەشكەن ۋاقىتتا ئىلاھى ھەقىقەتلەرنى قوبۇل قىلماي ئامال يوق. بۇ سەۋەپتىن ئۇلارغا بۇ ھەقىقەتلەرنى ئەكس ئەتتۈرۈپ بېرىدىغان پارلاق ئىلىم ئەينەكلىرىگە ئېھتىياج باردۇر. ئەلۋەتتە، قىيامەتكە قەدەر پۈتكۈل زامانلاردا كۆپلىگەن يېڭى بايقاشلار ئوتتۇرىغا چىقىپ، قۇرئاننىڭ مۆجىزىلىرى ئىلىم ئەھلىنى تېخىمۇ ھەيران قالدۇرىدۇ.

**2) ئىقلىم ئۆزگىرىشلىرى**

بىر قېتىملىق گېئولوگىيە يىغىنىدا پروفېسسور دوكتور كوۋنەر ئەرەپ يېرىم ئارىلىنىڭ بۇرۇنقى زاماندا يېشىل بىر رايون ئىكەنلىكى، كەلگۈسىدە تاغ ئۈستىدىكى قار-مۇز پارچىلىرى ۋە بۈيۈك ئىقلىم ئۆزگىرىشى بىلەن بۇ تۇپراقلارنىڭ قايتىدىن يېشىل ساھەگە ئايلىنىدىغانلىقىنى ئېيتقاندا بۇ يىغىنغا قاتناشقان پروفېسسور دوكتور ئابدۇلمەجىد زىندانى بۇ ھەدىسنى ئوقۇدى:

«ئەرەبىستان زېمىنى يېڭىدىن يېشىللىككە، دەريالار ئاقىدىغان يەرگە ئايلانماي تۇرۇپ قىيامەت قايىم بولمايدۇ.» (مۇسلىم رىۋايىتى) پروفېسسور كوۋنەر بۇنى ئاڭلاپ ھەيران بولۇپ:

- بۇ پەقەتلا ھەزرىتى مۇھەممەدكە ئىلاھى قۇدرەت تەرىپىدىن ئېيتىلغان. - دېگەندىن كېيىن پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامنىڭ ھەق پەيغەمبەرلىكىنى قوبۇل قىلىپ مۇنۇلارنى بايان قىلدى:

- ئىشىنىمەنكى، پۈتكۈل ئىلمى تەتقىقاتلارغا رەھبەرلىك قىلىدىغان بىر قۇدرەت بىلەن ئۇچراشتىم. مەن بۇ مەلۇماتلارنىڭ 1400 يىل ئىلگىرى ئاللاھتائالا تەرىپىدىن كەلگەنلىكىگە ئىشىنىمەن. چۈنكى بۇ سۆزلەرنى پەن-تېخنىكا يوق دېگۈدەك دەرىجىدە ئاز بىر زاماندا ئوقۇش، يېزىشنى بىلمەيدىغان ساۋاتسىز بىر ئىنساننىڭ سۆزلىيەلىشى مۇمكىن ئەمەس.

ئالىملار گېئولوگىيىلىك دەۋرلەر ئىچىدىكى بىرىنچى ئېرادا كۆنىمىزگە قارىغاندا قاتتىق ئىسسىق ۋە مول يامغۇرلۇق ئىقلىملارنىڭ مەيدانغا كېلىشى نەتىجىسىدە بۆك-

باراقسان ئورمانلىقلارنىڭ يېتىشكەنلىكى ۋە بۇلارنىڭ يەر ئاستىدا قېلىپ تاشقا ئايلىنىشى نەتىجىسىدە كۆنىمىزدىكى كۆمۈر زاپىسىنىڭ مەيدانغا كەلگەنلىكىنى ئېيتىدۇ. تۆتىنچى گېئولوگىيىلىك ئېرانىڭ بېشىدا مۇز ئېراسى بولغان. دېڭىز يۈزىنىڭ ئېگىزلىكى كۆنىمىزدىكىگە قارىغاندا 100 مېتىر تۆۋەن بولغان. بۇلارغا قارىغاندا، ئىقلىمنىڭ كەلگۈسىدىمۇ ئۆزگىرىش ئېھتىمالى بارلىقىنى كۆرىۋالغىلى بولىدۇ.

### 3) دېڭىزلاردىكى قاراڭغۇلۇق

ئىنسانلار بىلمەيدىغان ياكى پەقەتلا كەسپ ئەھلى بىلىدىغان ئىلىملەرنى قۇرئانى-كەرىمنىڭ خۇددى يېقىندا تۇرۇپ بىۋاستە كۆرگەن كۆز كەبى تەسۋىرلىگەنلىكى ئۇنىڭ پەقەتلا ئالالاھقا خاس بولغان قۇدرەتلىك ئىپادىلەرنى ئۆز ئىچىگە ئالغانلىقىنى كۆرسىتىدۇ. بۇنىڭ بىر شاھىدى مۇنداق:

گارىي مىللېرنىڭ نەقىل قىلىشىچە، بىر قانچە يىل ئىلگىرى مۇسۇلمانلاردىن بىرەيلەن كانادانىڭ تورونتو شەھرىدە كېمە پورتى تىجارىتى قىلىدىغان، ھاياتىنىڭ كۆپ قىسمىنى دېڭىزدا ئۆتكۈزگەن بىر كىشىگە ئوقۇشى ئۈچۈن بىر قۇرئانى-كەرىم تەرجىمىسىنى سوغا قىلغان. لېكىن بۇ كىشى قۇرئانى-كەرىمنى ئوقۇغانسىرى چوڭقۇر تەسىرلەنگەن. ئۆزىگە قۇرئانى-كەرىم ھەدىيە قىلغان مۇسۇلماندىن:

- مۇھەممەد ئەلەيھىسسالام بىر دېڭىزچىمىدى؟ - دەپ سورىغان. چۈنكى بۇ كىشىگە قۇرئاننىڭ تەسۋىرلەشلىرى قاتتىق تەسىر قىلغان ئىدى. بۇ ئادەمنىڭ ئۆزى دېڭىزدىكى دولقۇنلارنى بېشىدىن ئۆتكۈزگەن ئىدى. دېڭىزدىكى ھادىسىلەرنى تەسۋىرلەپ يازغۇچىنىڭمۇ بۇ ئەھۋاللارنى بېشىدىن ئۆتكۈزگەن بىر كىشى بولۇشى كېرەكلىكىگە ئىشىنەتتى. تۆۋەندىكى ئايەتتىكى تەسۋىرلەشلەر دېڭىزدىكى ئەھۋاللارنى بىر ئىنسان كاللىسىدا ئويلاپ چىقىپلا يازىدىغان مەلۇمات ئەمەس ئىدى:

**«ياكى كاپىرلارنىڭ سىزىم، پىكىر ۋە ئەمەللىرى چوڭقۇر دېڭىزدىكى قاراڭغۇلۇققا ئوخشايدۇ، ئۇنى** (يەنى دېڭىزنى) **قاتمۇقات دولقۇنلار ۋە دولقۇنلارنىڭ ئۈستىدىكى قارا بۇلۇتلار قاپلاپ تۇرىدۇ.** (مانا بۇ) **قاتمۇقات قاراڭغۇلۇقلاردۇر،** (بۇ قاراڭغۇلۇققا گىرىپتار بولغۇچى) **قولىنى ئۇزاتسا بارماقلىرىنى كۆرەلمەيدۇ، ئاللاھ نۇر ئاتا قىلمىسا، كىم بولمىسۇن، نۇرنى كۆرەلمەيدۇ!»** (نۇر سۈرىسى 40-ئايەت)

بۇ تەسۋىرلەرنى چوقۇم دېڭىزدىكى دولقۇنلارنىڭ قانداقلىقىنى ئەڭ ياخشى بىلىدىغان بىرەيلەن يازغان بولۇشى كېرەك ئىدى. شۇڭا:
«ياق! مۇھەممەد ئەلەيھىسسالام پۈتۈن ئۆمرىدە چۆلدە ياشىغان بىر ئادەمدۇر» دېگەننى ئاڭلاپ قاتتىق ھەيران بولدى. ئۆمرىدە دېڭىزغا بېرىپ باقمىغان بىر كىشى بىلەلمەيدىغان بايانلار ئەڭ مۇكەممەل ھالدا قۇرئاندا مەۋجۇت ئىدى. ئۇنداقتا، قۇرئان چوقۇم ھەممىنى بىلگۈچى بىر قۇدرەت ئىگىسى تەرىپىدىن ۋەھيى قىلىنغان. بۇنى چۈشىنىپ يەتكەندىن كېيىن ئۇ تەرەددۇت قىلماستىن ئىسلامغا كىردى. (گارى مىللېر: The Amazing Qur'an 22-23-بەتلەر)

## 8. تارىخ

### 1) ھامان قاچان ياشىغان؟

قۇرئانى-كەرىم ئەزەلىي ۋە ئەبەدىي بولغان ئاللاھنىڭ كالامى بولغانلىقى ئۈچۈن ئۇ بەرگەن تارىخىي مەلۇماتلار مۇھەققەقتىنىڭ نەق ئۆزىدۇر. ئىنسانلار ئۆزگەرتىۋەتكەن كىتابلاردا بولسا نۇرغۇن خاتالىقلار بار. بۇنىڭ بىر مىسالى «ھامان»دۇر.
قۇرئانى-كەرىمدە ھاماننىڭ ئىسمى پىرئەۋن ئىسمى بىلەن بىللە تىلغا ئېلىنغان. قۇرئاندا ئالتە يەردە ھامان پىرئەۋننىڭ ئەڭ يېقىن ئادەملىرىدىن بىرى سۈپىتىدە تىلغا ئېلىنغان. بۇنىڭ بىلەن بىرلىكتە ھامان ئىسمى يەھۇدىيلەرنىڭ مۇقەددەس كىتابى ھېسابلىنىدىغان «كونا ئەھدى» دە «نەبىئىم» (نەبىلەر) قىسمىدا يەر ئالغان «ئەستەر» كىتابىدا (3-7-باپلاردا) تىلغا ئېلىنغان. بۇنىڭدا ھامان بەنى ئىسرائىلغا ئەسكىلىك قىلغۇچى پارس پادىشاھىنىڭ ياردەمچىسى سۈپىتىدە بايان قىلىنغان. شۇڭا «كونا ئەھدى»نىڭ قارىشىچە، ھامان مۇسا ئەلەيھىسسالامدىن كېيىنكى دەۋرلەردە ياشىغان.[101]

---

101. يەھۇدىيلارنىڭ مۇقەددەس كىتابى ھېسابلىنىدىغان «كونا ئەھدى» ئۈچ قىسمدىن تەركىب تاپقان: 1-قىسمى «تەۋرات» («تورا») بولۇپ، يارىتىلىشتىن باشلاپ، مۇسا ئەلەيھىسسالامنىڭ ۋاپاتىغىچە بولغان ئارىلىقتىكى ھادىسىلەرنى بايان قىلغان. 2-قىسمى «نەبىلەر»، 3-قىسمى «كىتابلار» دۇر. 2-3-قىسمى مۇسا ئەلەيھىسسالامنىڭ ۋاپاتىدىن كېيىن

بۇ سەۋەپتىن مۇشرىكلار قۇرئاننى خاتا دەپ تۇرۇۋالغان. لېكىن ئۇلارنىڭ دېگەنلىرىنىڭ باتىل ئىكەنلىكى مىسىرنىڭ قەدىمقى يېزىقى (رەسىم ۋە شەكىلدىن تۈزۈلگەن يېزىق)نىڭ سىرى ئېچىلىپ، قەدىمقى مىسىر ئابىدىلىرى (تاشقا ئويۇپ يېزىلغان خەتلەر)دە «ھامان» ئىسمى تېپىلغاندىن كېيىن يەنە بىر قېتىم ئىسپاتلاندى.

قەدىمقى مىسىر يېزىقىدا (Hiyeroglif) يېزىلغان تاش ئابىدىلەرنى 18-ئەسىرگىچە ئوقۇغىلى بولمىغان ئىدى. چۈنكى خرىستىئان دىنىنىڭ مىسىردا تارقىلىشى بىلەن، مىسىرنىڭ قەدىمقى ئېتىقادلىرى، تىلى ئۇنتۇلۇپ كەتكەن ئىدى. مىسىر قەدىمقى يېزىقىدا خەتلەر يېزىلغان ئەڭ كېيىنكى ۋاقىت مىلادىدىن كېيىنكى 394-يىلىغا ئائىت بىر ئابىدە ئۈستىدە بار. بۇ ۋاقىتتىن كېيىن بۇ تىل ئۇنتۇلدى، تاكى 1799-يىلىغا قەدەر. بۇ قەدىمقى يېزىقنىڭ سىرى «روسەتتا ستون» (Rosetta Stone) ناملىق مىلادىدىن ئىلگىرىكى 196-يىلىغا ئائىت بىر تاش ئابىدىنىڭ تېپىلىشى بىلەن يېشىلدى. بۇ ئابىدىنىڭ خۇسۇسىيىتى شۇكى، بۇنىڭدا ئۈچ خىل تىلدا، يەنى قەدىمقى مىسىر يېزىقىدا، قەدىمقى مىسىر يېزىقىنىڭ قول يازما شەكلىدە (Demotic) ۋە يۇنانچىدىن ئىبارەت ئۈچ خىل يېزىقتا يېزىلغان خەتلەر بار ئىدى. ژېن فرانسۇس شامپولىئون ئىسىملىك بىر فرانسوز ئابىدىدىكى يۇنانچە خەتلەرنىڭ ياردىمى بىلەن قەدىمقى مىسىر يېزىقىنى ئوقۇپ سىرىنى تولۇق يەشتى.

قەدىمقى مىسىر يېزىقىنىڭ سىرىنىڭ يېشىلىشى بىلەن ئىنتايىن مۇھىم بولغان بىر ئۇچۇرغا ئېرىشىلدى. «ھامان» ئىسمى ھەقىقەتەن قەدىمقى مىسىر ئابىدىسىدە مۇسا ئەلەيھىسسالام دەۋرىدە بار ئىدى. ئاۋىستىرىيەنىڭ پايتەختى ۋىيانادىكى خوف مۇزېيىدا ساقلانغان بىر تارىخىي ئابىدىدىمۇ بۇ ئىسىم بار بولۇپ، ئۇنىڭ پىرئەۋن بىلەن يېقىنلىقى تەكىتلەنگەن ئىدى.[102] بارلىق ئابىدىلەرنى ئاساس قىلىپ

مەيدانغا كەلگەن ھادىسىلەر، بولۇپمۇ بەنى ئىسرائىلنىڭ مۇسا ئەلەيھىسسالامدىن كېيىنكى تارىخىنى بايان قىلغان.

102. ۋالتېر ۋرېسزىنسكى: Ägyptische Inschriften aus dem K.K، ۋىيانا خوف مۇزېيى، 1906-يىل، J. C. Hinrich'sche Buchhandlung.

يېزىلغان «يېڭى پادىشاھلىقتىكى كىشىلەر» لۇغىتىدە بولسا، ھامان «تاش كانلىرىدا ئىشلەيدىغانلارنىڭ باشلىقى» سۈپىتىدە تىلغا ئېلىنغان ئىدى.[103]

بۇ ئارخېئولوگىيىلىك بايقاشلار قۇرئانى-كەرىمدىكى مەلۇماتلارغا ماس ئىدى:

**«پىرئەۋن: ‹ئى كاتتىلار! مەن ئۆزەمدىن باشقا يەنە بىر ئىلاھنىڭ بارلىقىنى بىلمەيمەن. ئى ھامان، مېنىڭ ئۈچۈن پىششىق خىش پىشۇرۇپ ئېگىز بىر بىنا سالغىن، مەن مۇسانىڭ ئىلاھىنى كۆرۈشۈم مۇمكىن، مەن ھەقىقەتەن ئۇنى** (ئاسماندا بىر پەرۋەردىگار بار دېگەن دەۋاسىدا) **يالغانچىلاردىن گۇمان قىلىمەن› دېدى.»** (قەسەس سۈرىسى 38-ئايەت)

قەدىمقى مىسىر ئابىدىلىرىدە ھامان ئىسمىنىڭ تېپىلىشى قۇرئانغا قارشى توقۇلغان تۆھمەتلەرنى يوققا چىقىرىپلا قالماستىن، قۇرئاننىڭ ئاللاھ تەرىپىدىن كەلگەنلىكىنى يەنە بىر قېتىم ئوتتۇرىغا قويىدى. چۈنكى قۇرئان نازىل بولغان دەۋردە بىلىش ۋە يېتىش مۇمكىن بولمايدىغان بىر تارىخىي مەلۇماتنى بىزگە مۆجىزىۋى شەكىلدە تەقدىم قىلغان ئىدى.[104]

### 2) ئىرەم شەھرى

قۇرئانى-كەرىمدە تۈۋرۈكلىرى بىلەن مەشھۇر بولغان ئىرەم ئىسىملىك بىر جاي تىلغا ئېلىنغان:

**«پەرۋەردىگارىڭنىڭ ئاد-كۈچلۈك ئىرەمنى قانداق جازالىغانلىقىنى كۆرمىدىڭمۇ؟ بۇنداق ئادەملەر باشقا شەھەرلەردە يارىتىلمىغان ئىدى.»** (فەجر سۈرىسى 6-8-ئايەتلەر) بۇ شەھەر تارىخچىلار بىلمەيدىغان بىر شەھەر ئىدى. 1978-يىلى 12-ئايدا ئامېرىكا دۆلەتلىك گېئولوگىيە ئىدارىسى (National

103. ھېرمان رانكې: Glückstadt, Verzeichnis der Namen, Ägyptischen Personennaman, Verlag Von J.J. Augustin in, I Band, 1935, II Band, 1952.

104. مائۇرىس بۇسائىللي: «مۇسا ۋە پىرئەۋن»، (تۈركچىگە تەرجىمە قىلغۇچى: ئايشە مەرال)، ئىستانبۇل، 2002-يىل، 144-152-بەتلەر. «زامان گېزىتى» 2007-يىل 10-ئاينىڭ 1-كۈنى دۈشەنبە، http://www.zaman.com.tr/webapp-tr/haber.do?haberno=595189

(Geographic)نىڭ بىر ماتېرىيالى دىققەت تارتىدىغان بىر ئۇچۇرنى ئوتتۇرىغا قويىدى. بۇ ماتېرىيالدا دېيىلىشچە، 1973-يىلى سۈرىيەدە ئېلىپ بېرىلغان ئارخېئولوگىيىلىك قېزىش نەتىجىسىدە «ئەبلا» ئىسىملىك بىر شەھەر ئوتتۇرىغا چىققان. بۇ شەھەرنىڭ 43 ئەسىرلىك بىر تارىخقا ئىگە ئىكەنلىكى ئېنىقلانغان. لېكىن ئىشىنىڭ ھەيران قالدۇرىغان تەرىپى بۇ ئەمەس. تەتقىقاتچىلار ئەبلا شەھىرىنىڭ كۇتۇپخانىسىدىن ئەبلا بىلەن تىجارەت قىلغان بارلىق شەھەرلەرنىڭ تىزىملىكىنى تاپقان. بۇ تىزىملىكتە «ئىرەم» شەھىرىنىڭ ئىسمىمۇ بار ئىدى. شۇنداق، ئەبلا خەلقى ئىرەم خەلقى بىلەن تىجارەت قىلغان ئىدى. (گارىي ملىلېر: The Amazing Qur'an ، 80-بەت)

## 9. فىزىكا

### 1) يۇقىرىغا ئۆرلىگەنسىرى ھاۋا بېسىمىنىڭ تۆۋەنلىشى

كۈنىمىزدىكى بايقاش ۋە تەجرىبىلەرگە ئاساسلانغاندا، نورمال ئاتموسفېرا بېسىمى 1013 مىللىبار كېلىدۇ. دېڭىز يۈزى ئېگىزلىكىدىن بوشلۇققا قاراپ يۇقىرىغا ئۆرلىگەنسىرى تەخمىنەن ھەر 10,5 مېتىردا بېسىم 1 مىللىبار ئازىيىدۇ. يۇقىرىغا ئۆرلىگەنسىرى ئىسسىقلىقمۇ تەخمىنەن 100 مېتىردا 0,5 گرادۇس تۆۋەنلەيدۇ. شۇنىڭ بىلەن بىرلىكتە يۇقىرىغا ئۆرلىگەنسىرى ئاتموسفېرانىڭ زىچلىقى شالاڭلىشىدۇ. شۇڭا بۇ ئەھۋالدا نەپەس سىقىلىش، سۆزلەش ۋە كۆرۈشتە قىيىنلىش، ھوشىدىن كېتىش قاتارلىق ئەھۋاللار يۈز بېرىدۇ. ھەتتا 20 مىڭ مېتىردىن يۇقىرىلىغاندا مەخسۇس ئەسۋاپ ئىشلەتمىگەن ئەھۋالدا نەپەس ئالالماي، ئۆلۈپ كېتىش ئېھتىمالىمۇ بولىدۇ. بۇ سەۋەپتىن ھاۋا بوشلۇقىدا ئۇچقاندا ئوكسېگېن ئارقىلىق نەپەسلىنىش ئەسۋابى ئىشلىتىلىدۇ. تېخى يېڭى بايقالغان بۇ ھەقىقەتنى قۇرئان 14 ئەسىر بۇرۇن ئېنىق ئوتتۇرىغا قويغان:

**«ئاللاھ كىمنى ھىدايەت قىلماقچى بولسا، ئۇنىڭ كۆكسىنى ئىسلام ئۈچۈن ئاچىدۇ** (يەنى ئۇنىڭ قەلبىنى ئىمانغا كېڭەيتىپ بېرىدۇ)**، ئاللاھ كىمنى ئازدۇرماقچى بولسا، ئۇنىڭ كۆكسىنى شۇنچە تارايتىۋېتىدۇكى،** (ئىمان ئېيتىش) **ئۇنىڭغا گويا ئاسمانغا چىقىشتىنمۇ قىيىن تۇيۇلىدۇ.»** (ئەنئام سۈرىسى 125-ئايەت)

## 2) ئىككى دېڭىز ئوتتۇرىسىدىكى پەردە

راھمان سۈرىسىنىڭ 19-20-ئايەتلىرىدە:

**«ئۇ ئىككى دېڭىزنى** (بىرى تاتلىق، بىرى ئاچچىق) **ئاققۇزدى، ئۇلار ئۇچرىشىدۇ، ئۇلارنىڭ ئارىسىدا توسما بولۇپ، بىر-بىرىگە قوشۇلۇپ كەتمەيدۇ.»** دېيىلگەن.

بۇ ئايەتلەردە بايان قىلىنغان ھەقىقەت ئەسرىمىزدە بايقالغان بىر قۇرئان مۆجىزىسىدۇر. يېقىنقى بايقاشلاردا ئىككى دېڭىزنىڭ بىرلەشكەن يېرىدە سۇلارنىڭ بىر-بىرىگە ئارىلىشىپ كېتىشىگە توسالغۇ بولىدىغان نامەلۇم بىر توسمىغا ئوخشاش، كۆرۈنمەس بىر پەردىنىڭ بارلىقى ئېنىقلانغان. مەسىلەن: ئاق دېڭىز سۈيى بىلەن ئاتلانتىك ئوكيان سۈيى بىر-بىرىگە ئارىلىشىپ كەتمەيدۇ. ھەر ئىككىسى ئۆزىگە خاس ئالاھىدىلىگىنى ساقلاپ قالىدۇ. جەبىلتارىق بوغۇزىدا گويا بىر ئىلاھى پەردە مەۋجۇت.

مىسسىسسىپى ۋە چاڭجىياڭ دەرياسىغا ئوخشاش ئۇزۇن دەريالارنىڭمۇ بۇ خىل خۇسۇسىيىتى بار. دەريالارنىڭ تاتلىق سۈيى بىلەن دېڭىزنىڭ تۇزلۇق سۈيىنىڭ ئارىلىشىپ كېتىشى ئۇلارنىڭ قوشۇلىدىغان يېرىدە ئەمەس، بەلكى دېڭىزنىڭ ئىچىدە يۈز بېرىدۇ. بۇ بىر ئىلاھى تەجەللى بولۇپ كۈنىمىزدە بايقالغان ئىلاھى بىر مۆجىزىدۇر.

بۇ جەھەتتە ئىستانبۇل ۋە چاناققەلئە بوغۇزىدىكى قوش يۆنۈلۈشلۈك ئېقىمنى مىسال كۆرسىتەلەيمىز. ئاق دېڭىزنىڭ ئېغىر قويۇق ۋە تۇزلۇق (36\1000) سۈيى تېگىدىن ئېقىپ بېرىپ قارا دېڭىزغا؛ قارا دېڭىزنىڭ تۇزى ئاز (18\1000) سۈيى ئۈستىدىن ئېقىپ بېرىپ ئاق دېڭىزغا قويۇلىدۇ.

مەدەنىيەتتىن يىراق، جاھالەت ئىچىدە قالغان قالاق بىر جەمئىيەت ۋە بۇ جەمئىيەتتىكى ساۋاتسىز بىر ئىنساننىڭ ئۇ زاماندا بۇ ھەقىقەتلەرنى ئۆزلىگىدىن بىلىپ سۆزلىشى مۇمكىنمۇ؟

ئامېرىكىلىق دېڭىز مۇتەخەسسىسى پروفېسسور ھېي ئۇزۇن يىللىق ئىلمي تەتقىقات نەتىجىسىدە شۇ ھەقىقەتلەرگە ئېرىشكەن:

بىپايان سۇلارنىڭ ئوتتۇرىسىغا بىر ئىلاھى قۇدرەت پەردىسى تارتىلغان. بۇ پەردە ئىككى دېڭىزنىڭ بىر-بىرىگە ئارىلىشىپ كېتىشىگە توسالغۇ بولىدۇ. بۇنىڭ بىلەن

بىرلىكتە ئىككى دېڭىز سۇيىنىڭ بىر-بىرىگە ئېقىشقا توسالغۇ بولمايدۇ. لېكىن بۇ ئېقىش ھەر ئىككى تەرەپنىڭ سۇلىرى ئۆتىدىغان تەرەپنىڭ سۇيىنىڭ خىمىيۋى تەركىۋىگە ئاساسەن تەڭشەلگەندىن كېيىن ئەمەلگە ئاشىدۇ. يەنى بۇ پەردىدە ئېقىشقا تېگىشلىكنى ئاققۇزۇپ، ئاقماسلىقى تېگىشلىك بولغىنىنى ئاققۇزمايدىغان قوش سۈزگەچلىك ئالاھىدىلىك بار. چۈنكى دېڭىز ئوكيان سۇلىرىنىڭ خۇسۇسىيىتى بىر-بىرىگە ئوخشىمايدۇ ھەتتا ئىسسىقلىق ۋە تۇزلۇقلۇق نىسبىتى جەھەتتىمۇ ئۆز دائىرىسى ئىچىدە ياشىغان جانلىقلارنىڭ تۈرلىرىگىچە ھەر بىرى ئايرىم بىر دۇنيانى تەشكىل قىلىدۇ.

پروفېسسور ھېيگە بۇ ھەقتىكى قۇرئان مەلۇماتلىرى كۆرسىتىلگەندە نۇرغۇنلىغان ئىلىم ئەھلى ھەيران قالغاندەك، ئۇمۇ ھاڭ-تاڭ بولۇپ مۇنداق دېدى:

«توغرىسىنى ئېيتقاندا، مەن بۇ بىلىملەرنى قۇرئاندا كۆرۈش بىلەن ناھايىتى ھەيران بولدۇم! بۇلارنىڭ ئىنسان سۆزى ئەمەسلىكىگە ئىشىنىمەن، بۇ بىلىملەر مۇتلەق ئاللاھ تەرىپىدىن كەلگەن بولىشى كېرەك!...»

شۇنىڭدىن باشلاپ پروفېسسور ھېي، قۇرئان ۋە ھەدىسلەرنى ئىنتايىن دىققەت بىلەن تەتقىق قىلغان. قۇرئاننىڭ ۋەھيى مەھسۇلى بولۇش بىلەن بىرلىكتە كۆپلىگەن مۆجىزىلەر بىلەن توشقانلىقىنى كۆرۈپ، شۇ ھەدىستىكى ھەقىقەتنىڭمۇ بىر مۆجىزە بولۇپ ئوتتۇرىغا چىققانلىقىنى ئېپادىلىگەن. ئاللاھ رەسۇلى سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم مۇنداق دېگەن:

«پۈتكۈل پەيغەمبەرلەرگە ئىنسانلارنى ئۆزلىرىگە ئىشەندۈرۈدىغان بىر قىسىم مۆجىزىلەر بېرىلدى. (ئەمما بۇ مۆجىزىلەر پەيغەمبەرلەرنىڭ ۋاپات بولۇشى بىلەن تەڭ يۇقالدى.) ماڭا بولسا قۇرئان بېرىلدى. (قۇرئان قىيامەتكىچە پۈتكۈل ئىنسان ۋە جىنلارنىڭ كۆز ئالدىدا مەۋجۇت بولىدىغان ئەڭ بۈيۈك بىر مۆجىزە سۈپىتىدە ئاللاھتائالا تەرىپىدىن قوغدىلىدىغانلىقى ئۈچۈن) قىيامەت كۈنى ئۈممىتىمنىڭ سانىنىڭ باشقا پەيغەمبەرلەرنىڭكىگە قارىغاندا كۆپ بولۇشىنى ئۈمىد قىلىمەن.» (بۇخارى: «ئىئتىسام»، 1؛ «فەدائىلۇل-قۇرئان»، 1؛ مۇسلىم: «ئىمان»، 279)

فىزىكا ئىلمى بىلەن شۇغۇللىنىدىغان ۋە قۇرئاننى چۈشىنىش ئۈچۈن تىرىشىۋاتقان ئالىملار مۇنداق دېگەن:

«فىزىكىدىكى بارلىق ھەل قىلغۇچى ئاساسلار ھەممىسى نوقسانسىز ھالدا قۇرئاندا يەر ئالغان. ئەلۋەتتە، بىزدىن كېيىنمۇ نۇرغۇن ھېكمەتلەرنى ئىنسانلار كائىناتتىن بىلىپ ئۆگىنىدۇ.»

## 10. ئىرسىيەت

قۇرئانى-كەرىمدە:

**«ئۆز ۋاقتىدا پەرۋەردىگارىڭ ئادەم باللىرىنى** (يەنى نەسلىنى) **ئۇلارنىڭ** (ئاتىلىرىنىڭ) **پۇشتىدىن چىقاردى ۋە ئۇلارنى ئۆزلىرىگە گۇۋاھ قىلىپ: مەن سىلەرنىڭ پەرۋەردىگارىڭلار ئەمەسمۇ؟ دېدى.** (يەنى ئاللاھ ئۆزىنىڭ ئۇلارنىڭ پەرۋەردىگارى ئىكەنلىكىگە ۋە بىرلىكىگە ئادەم باللىرىنى ئىقرار قىلدۇردى، ئۇلار ئىقرار قىلىپ، بۇنى ئۆز ئۈستىگە ئالدى). **ئۇلار: ھەئە، سەن بىزنىڭ پەرۋەردىگارىمىزدۇرسەن، گۇۋاھلىق بەردۇق دېدى.** (ئۇلارنى گۇۋاھلىق بەرگۈزگەنلىكىمىز) **قىيامەت كۈنى ئۇلارنىڭ: بىز بۇنىڭدىن غەپلەتتە قالغان ئىكەنمىز دېمەسلىكلىرى ئۈچۈندۇر.»** (ئەئراف سۈرىسى 172-ئايەت) دېيىلگەن.

بۇ ئايەتتە ئىنساننىڭ ئىرسىيەت ئالاھىدىلىگى بايان قىلىنغان. چۈنكى كۈنىمىزدىكى ئىلىم-پەن گېننىڭ، يەنى ئىنساننىڭ پۈتكۈل ھاياتىنى ئۆز-ئىچىگە ئالىدىغان بىر كاتولوگ ھالىتىدىكى ئىرسىيەتنى توشۇپ يۈرۈيدىغان ھۈجەيرىلەرنىڭ گويا بىر تىزىملاش دەپتىرى ئىكەنلىكىنى، ئىنسانلار ئاتىسىنىڭ ئىسپىرمىسىدا ھۈجەيرە ھالىتىدە تۇرغان چاغدىلا، ئۇلارنىڭ پۈتكۈل خۇسۇسىيەتلىرى ئۇ گېندا (DNA دا) توپلانغانلىقىنى كۆرسەتتى. بۇ ئۈچ مىليارد ئىنساننىڭ تىزىملىكىنى ساقلاپ، ئۇلارنىڭ پۈتكۈل خۇسۇسىيەتلىرىنى ئۆز ئىچىگە ئالغان گېنلارنىڭ ھەجمىنىڭ بىر كۇپ سانتىمېتىردىن كىچىك ئىكەنلىكى، يەنى يىڭنىنىڭ تۆشۈكچىلىك كېلىدىغان بىر يەرگە سىغدۇرۇلغانلىقىنى ئىپادىلەيدۇ.

بۇنداق بىر ئىلمىي ھەقىقەتنى، يەنى ئىلاھى مۆجىزىۋى بىر كومپيوتېر بولغان DNAنى بۇنىڭدىن 14 ئەسىر ئىلگىرى ساۋاتسىز بىر ئىنساننىڭ ئۆزلىگىدىن سۆزلىيەلىشىنى قايسى ئەقىل قوبۇل قىلار؟!

## 11. ساقلىق ساقلاش

قۇرئاندا ئىنسانلارغا پايدىلىق نۇرغۇن مەسىلىلەر تىلغا ئېلىنغان بولۇپ، كىيىم كىيىش، پاكىزلىق، مۇۋاپىق دەم ئېلىش، ياخشى ۋە ئۆلچەملىك ئۇزۇقلىنىش، پاسكىنا ۋە بۇزۇلۇپ قالغان يېمەكلىكلەرنى يېمەسلىك قاتارلىق ساقلىقنى ساقلاش جەھەتتىمۇ مۇھىم بولغان بىلىملەر بار.

مەسىلەن: سەي ۋە كۆكتاتلارنىڭ پايدىلىرىمۇ تىلغا ئېلىنغان. ياخشى ۋە ناچار ئىچىملىكلەر ھەققىدە مەلۇمات بېرىلىپ، مەست قىلىدىغان ئىچىملىكلەر چەكلەنگەن. ئۇزۇقلىنىش، داۋالىنىش ۋە ئومۇمىي ساقلىق قائىدىلىرىدىن بىرى بولغان جەسەتنىڭ دەپنە قىلىنىشى قاتارلىق تېمىلارغىچە قۇرئاندا بايان قىلىنغان.[105]

ئۆلۈكلەرنى دەپنە قىلىشتا قۇرئان ئىشارەتلىرىگە ئەڭ گۈزەل شەكىلدە رىئايە قىلغان رەسۇلۇللاھ سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەمنىڭ ئۇشبۇ ھالى نەقەدەر ئىبرەتلىك-ھە!

يالا ئىبنى مۇررە رەزىيەللاھۇ ئەنھۇ مۇنداق دەيدۇ:

«نەبىيى ئەكرەم سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەمنىڭ يېنىدا كۆپ قېتىم بىللە سەپەرگە چىقتىم. رەسۇلۇللاھ سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم ھەر قانداق بىر ئىنسان جەسىتىنى كۆرسە، دەرھال دەپنە قىلىشقا بۇيرۇيتتى، مۇسۇلمانمۇ، كاپىرمۇ سوراپ ئولتۇرمايتتى.» (ھاكىم، 1-جىلد، 526\1374)

ئۇ دەۋردە مۇشرىكلار بەدرى ئۇرۇشى ۋە ئوھۇد ئۇرۇشىدا ئۆلگەن ئادەملىرىنى دەپنە قىلماي، تاشلاپ قويۇپ كېتىشكەن ئىدى. پەيغەمبىرىمىز ئۇلارنىمۇ دەپنە قىلدۇردى.

ئوھۇدتا مۇشرىكلار مۇسۇلمانلاردىن شېھىد بولغانلارنىڭ جەسەتلىرىنى پارچىلىغان ئىدى. بۇنىڭغا چۆشلۈق ساھابىلەرمۇ قولىدىكى مۇشرىكلارنىڭ جەسەتلىرىگە شۇنداق قىلماقچى بولغاندا رەسۇلۇللاھ سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم ئۇلارغا:

105. مائىدە سۈرىسى 3-ئايەت.

«سەۋرى قىلىڭلار ۋە ساۋابىنى ئاللاھتىن كۈتۈڭلار!...» دەپ تۇسۇپ قالغان ئىدى. (ۋاقىدى، 1-جىلد، 290)

يېمەك-ئىچمەكتە ھەددىدىن زىيادە كۆپ ياكى ئاز يېمەسلىك، ئوتتاھال بولۇشنى (ئەئراف سۈرىسى 3-ئايەت) ئەمر قىلغان قۇرئانى-كەرىم مېدىتسىنا ئىلمىنىڭ يېرىمىنى خۇلاسىلاپ بەرگەن. زىنانى چەكلەش بىلەن جىنسىي يۇقۇملۇق كېسەللىكلەرنىڭ ئالدىنى ئېلىپ، نەسىللەرنىڭ ماددى ۋە مەنىۋى جەھەتتىن ساغلام چوڭ بولۇشىنى كاپالەتكە ئىگە قىلغان.

ھەدىس-شەرىفتە مۇنداق دېيىلىدۇ:

«زىنا (باشقىچە قىلىپ ئېيتقاندا، ئائىلىگە خىيانەت قىلىش بىلەن باشقىلارنى ئەخلاقى (جىنسىي) جەھەتتىن ئازدۇرۇش، يولدىن چىقىرىش، شەھۋانى ھەۋەسلەرنى كۈچلەندۈرۈش) قىلمىشى جەمئىيەتتە كۆزگە كۆرۈنەرلىك ھالدا ئومۇملاشسا، يەنى ھەممە يەرگە يېيىلسا، تائۇن (يۇقۇملۇق ۋە ئېغىر بىر كېسەل) تارقىلىدۇ. ئىلگىرى كۆرۈلۈپ باقمىغان كېسەللىكلەر مەيدانغا كېلىدۇ» (ئىبنى ماجە: «فىتەن»، 22؛ ھاكىم، 4-جىلد، 8623\583)

بۇ ھەدىس-شەرىفتىن كۈچلۈك تەسىرلەنگەن ئامېرىكىلىق دېڭىز مۇتەخەسسىسى پروفېسسور دوكتور ھېي بۇ تېما ھەققىدە كۆپ ئىزدىنىش ئارقىلىق مۇنداق بىر باياناتنى ئېلان قىلغان:

«كۈنىمىزدىكى ئىلمىي تەتقىقاتلارمۇ نىھايەت مۇشۇ نوقتىغا كەلدى. ئەيدىز كېسىلىگە قاراڭلار! پاھىشۋازلىق ۋە بۇزۇقچىلىقنىڭ نەتىجىسى... ھەقىقەتەن ياۋرۇپادا زىنا ۋە جىنسىي ئەركىنلىك يولغا قويۇلغان كۈندىن باشلاپ، نۇرغۇنلىغان يۇقۇملۇق كېسەللىكلەر ئەتراپقا تارقالدى. ئىسمىنى بىلگىلى بولمايدىغان نۇرغۇن مىكروپلار ئەتراپنى قاپلىدى، ئىنسانلار چارىسىز ھالدا كۆپ دەرتلەرگە مۇپتىلا بولدى. ئەلۋەتتە، بۇ زىنا بىلەن كېسەللىك ئوتتۇرىسىدىكى مۇناسىۋەتنىڭ ھەدىس-شەرىفتە ئاگاھلاندۇرۇلغان ئىبرەتلىك ئاقىۋىتىنىڭ ئەينەن ئوتتۇرىغا چىقىشىدۇر.

مەن ھەزرىتى پەيغەمبەرنىڭ ناھايىتى توغرا يەكۈن چىقارغانلىقىنى، ئەسىرلەر كېيىن بارلىققا كېلىدىغان ۋەقەلەردىن خەۋەر بېرىشىنى ھەرگىز تاساددىپىيلىق دەپ قارىمايمەن. يەنە ئۇنىڭ ساۋاتسىزلىقىنى كۆزدە تۇتقاندا، بۇ مەلۇماتلارنى ئوتتۇرىغا قويالىشى ئەسلا مۇمكىن ئەمەستۇر! مەنمۇ دوستۇم، ئۇستازىم كەيتھقا ئوخشاش

ئويلاۋاتىمەن. بۇلارنىڭ ئىلاھى مەنبەدىن كەلگەن مەلۇماتلار ئىكەنلىكىنى قوبۇل قىلىمەن. بۇ چوڭقۇر ھەقىقەتلەر ئىنسان تىرىشچانلىقى بىلەن قولغا كېلىدىغان نەرسەلەر ئەمەس! شۇڭا مەن كۆپ يىللاردىن بېرى تىرىشىۋاتىمەن. ئەمما قىلالىغانلىرىم پەقەت مۇشۇنچىلىك، بۈيۈك ھەقىقەتلەر ئالدىدا ھېچنىمگە ئەرزىمەيدۇ!...»

✵

قۇرئانى-كەرىم ئۆزى ئۆلۈپ قالغان ھايۋان، قان ۋە چوشقا گۆشى يېيىشنى چەكلىگەن. كۈنىمىزدىكى مېدىتسىنا ئىلمىمۇ بۇنىڭ زىيانلىقلىقىنى ئوتتۇرىغا قويۇۋاتىدۇ. بەدەن ۋە چىشنى پاكىز تۇتۇش، تاھارەت، ناماز، روزىنىڭ روھى ۋە جىسمانىي جەھەتتىكى پايدىلىرىنى ئىنكار قىلىش مۇمكىن ئەمەس.

يۇقىرىقىلار مىسال قىلىپ سۆزلىگەن بەزى جەھەتلەردۇر. ئەمەلىيەتتە قۇرئاندا كۆپلىگەن سىرلارنى ئاچىدىغان يۈزلەرچە ئايەت بار. بۇلارنىڭ مەنىسى ۋاقىتنىڭ ئۆتىشى ۋە پەن-تېخنىكىنىڭ تەرەققىياتىغا ئەگىشىپ، قىسمەن بولسىمۇ ئايدىڭلىققا چىقىۋاتىدۇ. بۇ سەۋەپتىن، «قۇرئاننىڭ ئەڭ بۈيۈك مۇپەسسىرى ۋاقىتتۇر» دېيىلمەكتە.

مۇشۇنداق بالاغەت ۋە پاساھەتتە كامالەتكە يەتكەن بىر ئۇسلۇبقا ئىگە بولغان، ئىچىدە ھېچقانداق نوقسان ۋە شەك-شۈبھە بولمىغان، قىيامەتكىچە بارلىققا كېلىدىغان كۆپلىگەن ھەقىقەتلەردىن خەۋەر بەرگەن، پۈتكۈل ئىنسان ۋە جىنلار ئالىمگە خىتاب قىلىدىغان، ھەرقانداق ئوخشىشى ۋە تەڭدىشى بولمىغان، ھەتتا ئەڭ كىچىك بىر سۈرىنىڭ تەقلىدىنىمۇ بارلىققا كەلتۈرگىلى بولمايدىغان بىر كىتابنىڭ قالاق جەمئىيەتتە يېتىشكەن بىر ساۋاتسىز ئىنساننىڭ سۆزى بولۇشى ئەقىل-پاراسەت قوبۇل قىلالايدىغان ئەھۋال ئەمەستۇر.

قۇرئان ۋە سۈننەت ھەر دەۋردە ئىلىمگە رەھبەرلىك قىلىۋاتىدۇ. قۇرئان ۋە سۈننەتتە ئوچۇق ھۆكۈم قىلىنغان ئىشلارنى ئىلىم ئۇنىڭ ھەقىقىتىنى چۈشىنەلمىگەنلىكى ئۈچۈن «ئېھتىمال» دەپ قارىماقتا. ۋاقىتنىڭ ئۆتۈشىگە ئەگىشىپ، بۇ ئېھتىماللار ھەقىقەتكە ئايلىنىپ، قۇرئاننىڭ بۈيۈكلىگى ئوتتۇرىغا چىقماقتا. بۇ ھەقتە يۇقىرىدا بەزى ئايەتلەردىن مىسال بەردۇق. ئەمدى ھەدىسلەردىن مىسال بېرىمىز:

ئاللاھ رەسۇلى سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم مۇنداق دېگەن:

«بىر كىمنىڭ قاچىسىغا چىۋىن چۈشسە، ئالدى بىلەن ئۇنى قاچىغا بىر چۆكتۈرۈۋېتىپ بولغاندىن كېيىن ئۇنى ئېلىپ تاشلىۋەتسۇن، چۈنكى چىۋىننىڭ بىر قانىتىدا كېسەللىك، يەنە بىر قانىتىدا بۇ كېسەللىكنىڭ داۋاسى بار.» (بۇخارى ، ئەخمەد ئىبنى ھەنبەل رىۋايىتى)

ئاللاھ رەسۇلى سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم ئېھتىياجلىق چاغلاردا قاچىدىكى سۇ ياكى يېمەكنى ئىسراپ قىلماي پايدىلىنىش كېرەكلىكىنى بۇيرىغان. يېقىنقى دەۋرىمىزگىچە چىۋىن پۈتۈنلەي مىكروپ كۆتۈرۈپ يۈرۈيدىغان بىر ھاشارەت دەپ قارىلىپ، ئۇنىڭدا زەھەرنى قايتۇرىدىغان ماددا بارلىقنى ھېچكىم بىلمەيتتى. لېكىن بۇ ھەقىقەت كۈنىمىزدە پەيغەمبەرنىڭ بىر مۆجىزىسى شەكلىدە ئوتتۇرىغا چىقتى.

ئەمىلىيەتتە، 2002-يىلى ئاۋسترالىيىلىك ئالىملار ھەر خىل شارائىتلاردا ياشىيالايدىغان چىۋىن قاتارلىق ھاشارەتلەردىن مىكروپ ئۆلتۈرگۈچى دورىلار ياساپ چىقىرالىشنى ئېلان قىلغان ئىدى. سىدنېيدىكى ماككۇئارى ئۇنىۋېرسىتېتىدىن پروفېسسور ئاندى بېئاتتىي باشچىلىقىدىكى تەتقىقاتچى خادىملار دىققەت قىلىشقا ئەرزىگۈدەك بىر تەتقىقاتنى باشلاتتى. چىۋىن، قۇرۇت-قوڭغۇز ۋە ھەر خىل ھاشارەتلەرنىڭ بۇزۇلغان گۆش ۋە قىغ قاتارلىق ھەر خىل پاسكىنا نەرسىلەرگە قارشى ئىممونىت كۈچىنىڭ يۇقىرىلىقىغا دىققەت قىلغان ئالىملار: «بۇ خىل جانلىقلارنىڭ يۇقۇملىنىشقا قارشى كۈچلۈك قارشىلىق كۆرسىتىش كۈچىنىڭ بارلىقى ئېنىق، ئەكسىچە بولغاندا ساق قالالمايتتى. ئۇلاردىن مىكروپقا قارشى دورا ياساش تەشەببۇسىمىز ئىجابى نەتىجىلەرگە ئېرىشتى» دېيىشتى.

چىۋىن توغرىسىدىكى بۇ ھەدىس-شەرىف «سەھىھۇل بۇخارى» قاتارلىق باشقا مۇھىم ھەدىس كىتابلىرىدا تىلغا ئېلىنغانلىقى ئۈچۈن مۇسۇلمانلار ئۇنىڭغا ئىشىنىشتە ئىككىلىنىپ تۇرمىدى. ھەممە نەرسىنى ئەقىل بىلەن تەبىئىي پەن بىلەن ئىزاھلاشقا تىرىشىدىغانلار بولسا، بۇ ھەدىس ۋە رىۋايەت قىلغۇچى ساھابە ئەبۇ ھۇرەيرە ھەققىدە تاققۇ-تۇققۇ گەپلەرنى قىلىشتى. لېكىن ئىلمىي بايقاشلار رەسۇلۇللاھ سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم ۋە ئۇنىڭغا چىن كۆڭلىدىن ئىشىنىدىغان مۆمىنلەرنىڭ قىلغىنىنىڭ توغرا ئىكەنلىكىنى يەنە بىر قېتىم ئىسپاتلىدى.

پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام يەنە بىر ھەدىسىدە مۇنداق دېگەن:

«ئەگەر بىر ئىت ئاغزىنى بىر قاچىغا تىققان بولسا، ئىنسانلار بۇ قاچىنى ئىشلىتىشتىن ئىلگىرى ئالدى بىلەن پاكىز تۇپىدا، ئاندىن كېيىن سۇ بىلەن 7 قېتىم چايقاپ يۇيۇشى كېرەك.»

بۇ ھەدىستە ئىتنىڭ ئاغزىنىڭ مەينەتلىكى ۋە بۇ مەينەتلىكنى پاكىزلاشتا، پاك-پاكىز تۇپىنىڭ رولى چۈشەندۈرۈلگەن.

ئىلىم-پەن يېڭى بايقىغان بۇ ھەقىقەتلەرنى سۈننەت 1400 يىل ئىلگىرى خەۋەر بەرگەن.

ئىلىم-پەن بىلىملىرى يېزىلغان ئېنسىكلوپېدىيەلەر ھەر يىلى بىر قوشۇمچە نۇسخا چىقىرىپ، يېڭى بايقالغان ئىلمىي ھەقىقەتلەرنى يېڭىدىن نەشر قىلىپ، ئىلگىرىكىسىنىڭ كەم يەرلىرىنى تولۇقلايدۇ. قۇرئان بولسا 1400 يىلدىن بىرى بىر ھەرپ بولسىمۇ تولۇقلاش ئېھتىياجىنى ھېس قىلماي، قىيامەتكە قەدەر داۋام قىلىدۇ. چۈنكى ئاللاھتائالا كىتابىدا:

«**شۈبھىسىزكى، قۇرئان كەلگەندە ئۇنى ئىنكار قىلغانلار** (قاتتىق جازاغا ئۇچرايدۇ)، **شۈبھىسىزكى، قۇرئان غالىپتۇر. ئۇنىڭغا ئالدىدىنمۇ، ئارقىسىدىنمۇ** (يەنى ھېچقايسى تەرىپىدىن) **باتىل يۈزلەنمەيدۇ، ئۇ ھېكمەت بىلەن ئىش قىلغۇچى، مەدھىيىگە لايىق ئاللاھ تەرىپىدىن نازىل قىلىنغاندۇر.**» (فۇسسىلەت سۈرىسى 41-42-ئايەت) دېگەن.

## 12. كائىناتتىكى ئىلاھىي مۇۋازىنەت ۋە قۇدرەت ئېقىشى

ئاللاھتائالا مۇنداق دەيدۇ:

«**ئىنسانلارغا بىز تاكى ئۇلارغا قۇرئاننىڭ ھەق ئىكەنلىكى ئېنىق بولغۇچە،** (ئاسمان-زېمىن) **ئەتراپىدىكى ۋە ئۆزلىرىدىكى** (قۇدرىتىمىزگە دالالەت قىلىدىغان) **ئالامەتلەرنى كۆرسىتىمىز، پەرۋەردىگارىڭنىڭ ھەممە نەرسىنى كۆرۈپ تۇرىدىغانلىقى** (سېنىڭ راستلىقىڭنىڭ دەلىلى بولۇشقا) **ئۇلارغا كۇپايە ئەمەسمۇ؟**» (فۇسسىلەت سۈرىسى 53-ئايەت)

تارىختىن بۇيان بۇ ئايەتنى تەستىقلايدىغان نۇرغۇن ۋەقەلەر يۈز بەرگەن. ھىند ئالىملىرىدىن دوكتور **ئىنايەتۇللاھ ئەل-مەشرىقىي** مۇنداق دەيدۇ:

1909-يىلى يامغۇر يېغىۋاتقان بىر يەكشەنبە كۈنى ئەنگىلىيە كەمبرىج ئۇنىۋېرسىتېتى پروفېسسورلىرىدىن مەشھۇر ئاسترونومىيە ئالىمى **جېمس جونېس** ئەپەندىنى كۆردۈم. ئىنجىل بىلەن كۈنلۈكىنى قولتۇقىغا قىستۇرغان ھالدا چىركاۋغا كېتىۋاتاتتى. ئۇنىڭغا يېقىن كېلىپ سالام قىلدىم. جاۋاب بەرمىدى. تەكرار سالام قىلغىنىمدا:

- مەندىن سورايدىغان ئىشىڭ بارمىدى؟ - دېدى.

- ئىككى ئىشنى سورىماقچىمەن ئەپەندىم! بىرىنچىسى، بۇنچە قاتتىق يامغۇردا كۈنلۈكىڭىزنى نېمىشقا قولتۇقىڭىزغا قىستۇرىۋالدىڭىز؟ - دېدىم. كۈلگەن پېتى دەرھال كۈنلۈكىنى ئاچتى. سۆزۈمگە ئۇلاپلا:

- ئىككىنچىسى، سىزگە ئوخشاش دۇنياۋى داڭلىق بىر ئالىمنى چىركاۋغا بېرىشقا ئۈندىگەن ئىش زادى نېمە؟ - دەپ سورىدىم.

جېمس ئەپەندى بۇ سوئالىمنى ئاڭلاپ، بىردەم تۇرۇپ قالغاندىن كېيىن:

- بۈگۈن ئاخشام بىزنىڭ ئۆيگە كەلگىن، چاي ئىچكەچ پاراڭلىشايلى! - دېدى.

ئاخشام ئۆيگە بارغىنىمدا ماڭا ئاسمان جىسىملىرىنىڭ يارىتىلىشىدىن، ئۇلاردىكى ئاجايىپ قانۇنىيەتلەردىن، ئۇلارنىڭ ئارىسىدىكى قورقۇنچلۇق ئۇزاقلىق ۋە پەرقلەردىن، بۇ جىسىملارنىڭ كېلىپ-چىقىشىدىن، مۇھىم ئالاھىدىلىكلىرىدىن، تارتىشىش كۈچىدىن، كىشىنىڭ ئەقلىنى ھەيران قالدۇرىدىغان نۇر تۇپانلىرى قاتارلىقلاردىن دەرس سۆزلەشكە باشلىۋىدى، ئۇ پەيتتە قەلبىم ئاللاھنىڭ كۈچ-قۇدرەت ۋە بۈيۈكلۈكىدىن تەسىرلىنىپ تىترەشكە باشلىغانلىقىنى ھېس قىلدىم. جېمس ئەپەندى بولسا ئاللاھتىن قورقۇپ چېچى تىك بولۇپ، كۆزلىرىدىن تاراملاپ ياشلار ئېقىپ، قوللىرى لاغىلداپ تىترەۋاتاتتى. بىر دەم تۇرغاندىن كېيىن سۆزىنى داۋاملاشتۇردى:

- ئىنايەتۇللاھ دوستۇم! ئاللاھ ياراتقان بۇ گۈزەللىكلەرگە نەزەر سالغىنىمدا ئاللاھنىڭ ئۇلۇغلۇقىدىن سۆر بېسىپ ۋۇجۇدۇم تىترەيدۇ. ئاللاھنىڭ ھۇزۇرىدا ئېگىلىپ ئۇنىڭغا: «ئاللاھىم! سەن ئۇلۇغسەن!» دەپ چاقىرغىنىمدا مېنىڭ بۇ بەدىنىمنىڭ ھەر بىر پارچىسىنىڭ ماڭا ھەمدەم بولۇۋاتقانلىقىنى كۆرىمەن. مانا بۇ چاغدا مەن قالتىس

بىر ھۇزۇر ۋە خۇشاللىق ھېس قىلىمەن ۋە مېنىڭ بۇ خۇشاللىقىمنىڭ باشقىلارنىڭ خۇشاللىقىدىن مىڭ ھەسسە ئۈستۈن ئىكەنلىكىنى بىلىمەن.

بۇنى ئاڭلاپ مەن ئۇنىڭغا شۇ چاغدا ئېسىمگە كەلگەن بۇ ئايەتنى ئوقۇدۇم: **«...ئاللاھنىڭ بەندىلىرى ئىچىدە پەقەت ئالىملارلا ئاللاھتىن** (لايىقىدا) **قورقىدۇ...»** (فاتىر سۈرىسى 28-ئايەت)

جېمس ئەپەندى ئايەتنى ئاڭلاپ تويۇقسىز ۋاقىراپ كەتتى:

- نېمە دەۋاتىسەن؟ **«ئاللاھنىڭ بەندىلىرى ئىچىدە پەقەت ئالىملارلا ئاللاھتىن** (لايىقىدا) **قورقىدۇ»** شۇنداقمۇ؟ بۇ ئاجايىپ بىر ئىش. ھەقىقەتەن ئاجايىپ! شۇنداقلا ھەيران قالارلىق!... مەن ئەللىك يىللىق ئۇزۇن تەتقىقات ۋە تەجرىبە جەريانىدا بايقىغان ئىش مۇھەممەد ئەلەيھىسسالام ئىلگىرى خەۋەر قىلغان ئىشلار ئارىسىدا بارمۇ؟ بۇ ئايەت راستىلا قۇرئاندا بارمۇ؟ ئەگەر شۇنداق بولسا، قۇرئانى-كەرىمنىڭ ئاللاھ تەرىپىدىن ۋەھيى قىلىنغان بىر كىتاب ئىكەنلىكىگە شاھىتلىق قىلىدىغانلىقىمنى ياز!...

مۇھەممەد ئەلەيھىسسالام ساۋاتسىز ئىدى، ئوقۇش-يېزىشنى بىلمەيتتى. شۇڭا ئۇنىڭ بۇ سىرنى ئۆزلىگىدىن بايقىيالىشى مۇمكىن ئەمەس. ئۇنداقتا بۇ سىرنى ئۇنىڭغا بىلدۈرگۈچى جانابى ئاللاھتۇر.» (ۋاھىدۇددىن خان: «ئىسلام دوئىلغا چاقىرىۋاتىدۇ»، 251-253-بەتلەر)

✵

رەببىمىز ياراتقان مەۋجۇداتلار دۇنياسىنى تەپەككۇر قەدەملىرى بىلەن ئارىلاپ چىقىشىمىزنى خالايدۇ. چۈنكى بۇ ئالەمدە قانداقلىكى نەرسە بولسا، كىچىككىنە زەررىدىن باشلاپ، ماكرو جىسىملارغا قەدەر ھەممىسى ئىلاھىي سەنئەتنىڭ بىر مۆجىزىسىدۇر... ھەر يەر ئىلاھىي قۇدرەت ۋە سەنئەت ئەسەرلىرى كۆرگەزمە قىلىنىدىغان بىر مۇزېي كەبى... ھەر نەرسە بىر ئىلاھىي سەنئەت ئەسىرى ... رەببىمىز قەلبىمىزنىڭ بۇ ئىلاھىي كۆرگەزمىدە چوڭقۇر ئويلىنىپ، تەپەككۇر قىلغاچ كۆرۈپ چىقىشىمىز، ئايلىنىپ چىقىشىمىزنى ئىستەيدۇ. ئەقىل-پاراسەت ئىگىسى مۆمىنلەرنى بايان قىلغاندا مۇنداق دەيدۇ:

**«...ئۇلار ئاسمانلارنىڭ ۋە زېمىننىڭ يارىتىلىشى توغرىسىدا پىكىر يۈرگۈزىدۇ...»** (ئال-ئىمران سۈرىسى 191-ئايەت)

يەر يۈزىنى تەپەككۇر قىلىپ باقايلى. نېپىزغىنە بىر توپراق قاتلىمى تىرلىيونلارچە مەۋجۇداتنى ئوزۇقلاندۇرىدۇ. ھايۋانلارنى ئوزۇقلاندۇرىدۇ، مىليونلارچە ئىنسانلارنى ئوزۇقلاندۇرىدۇ. ھەر مەۋجۇدات ئۆزىگە پايدىلىق بولغاننى يەيدۇ، زىيانلىق بولغاننى يېمەيدۇ. بەزىسى ئوت بىلەن، بەزىسى گۆش بىلەن، بەزىسى ئۆلۈك جانلىقنىڭ گۆشى بىلەن غىزالىنىدۇ. بىرسىگە نىسبەتەن زەھەر بولغىنى يەنە بىرسىگە نىسبەتەن غىزا ۋە شىپا بولىدۇ. ھەر مەۋجۇدات ئۈچۈن بىر ئىلاھىي داستىخان تەييارلانغان. رەببىمىز مۇنداق دەيدۇ:

**«... سەندىن بىز رىزىق تەلەپ قىلمايمىز. ساڭا بىز رىزىق بېرىمىز، ياخشى ئاقىۋەت پەقەت تەقۋادارلارغا خاستۇر.»** (تاھا سۈرىسى 132-ئايەت)

**«نۇرغۇن ھايۋانلار ئۆز رىزقىنى ئۈستىگە ئالالمايدۇ** (يەنى ئۆز رىزقىنى تېپىپ يېيىشتىن ئاجىزدۇر) **، ئۇلارنى ۋە سىلەرنى ئاللاھ رىزىقلاندۇرىدۇ ، ئاللاھ** (سۆزۈڭلارنى) **ئاڭلاپ تۇرغۇچىدۇر،** (ئەھۋالىڭلارنى) **بىلىپ تۇرغۇچىدۇر.»** (ئەنكەبۇت سۈرىسى 60-ئايەت)

ساغلام بىر قۇشمۇ بىر ئاغرىق قۇشنىڭ رىسقىنى توشۇيدۇ...
نېمىدىگەن ھەيۋەتلىك بىر ئىنتىزام (قانۇنىيەت) بۇ!
نېمىدىگەن ئاجايىپ بىر ئىلاھىي پروگراما بۇ!
نەقەدەر نوقسانسىز بىر ئېكولوگىيىلىك تەڭپۇڭلۇق بۇ! ...

ھەممە نەرسە بۇ تەڭپۇڭلۇقنىڭ ئىچىدە... ئەگەر ئادەم ئەلەيھىسسالامدىن باشلاپ ئاخىرەتكە قەدەر كېلىدىغان بارلىق پىللار بىرلا ۋاقىتتا كەلگەن بولسا ئىدى، پۈتۈن دۇنيانى پىل قاپلاپ كەتكەن بولاتتى. بارلىق كىتلەر بىرلا ۋاقىتتا كەلگەن بولسا ئىدى، دېڭىز-ئوكيانلار پەقەتلا كىت بىلەن توشۇپ كەتكەن بولاتتى. بارلىق يىلانلار بىراقلا كەلگەن بولسا ئىدى. دەسسىگۈدەك يەر تاپالمىغان بولاتتۇق. دۇنيادا ياشىغىلى بولمايتتى.

شۇنىڭدەك ئادەم ئەلەيھىسسالامدىن باشلاپ ئەڭ ئاخىرقى ئىنسانغىچە بارلىق ئىنسانلار بىرلا ۋاقىتتا كەلگەن بولسا ئىدى، يەنە دۇنيادا دەسسىگۈدەك يەر قالمىغان

بولاتتى. لېكىن جانابى ئاللاھ بارلىق مەۋجۇداتلارنى مۇكەممەل بىر تەڭپۇڭلۇق ئىچىدە تەرتىپلىك ھالدا دەۋرى-دائىم قىلدۇرىۋاتىدۇكى، ھېچقانداق بىر نەرسە كەپىلىشىپ ياكى توقۇنۇشۇپ قالمايدۇ، ھەر نەرسە بىرى-بىرىنى تولۇقلاپ تاماملايدۇ.

بىر ئورمانلىقتا قاراپ باقايلى: ئەڭ ياۋاش (ئىنسانغا يېقىن) ھايۋاندىن ئەڭ ۋەھشى ھايۋانغىچە ھەممىسى بىر ئورمانلىقتا بىرلىكتە ياشايدۇ. ھېچقايسىسىنىڭ نەسلى قۇرۇپ كەتمەيدۇ.

مەسىلەن: بىر كىت كۈنىگە تەخمىنەن بىر تونىنا بېلىق يەيدۇ، لېكىن ئۇ يېگەن بېلىقلارنىڭ يەنىلا نەسلى قۇرۇپ كەتمەيدۇ.

ئېكۋاتوردا ياشايدىغان ھايۋانلار بار، ئۇلارنى تۇتۇپ شىمالىي قۇتۇپ ياكى جەنۇبىي قۇتۇپقا ئېلىپ بارسىڭىز ئۆلۈپ قالىدۇ. قۇتۇپلاردا ياشايدىغانلار بار، ئۇلارنى تۇتۇپ ئېكۋاتورغا ئېلىپ بارسىڭىز، ئۇلارمۇ ئۇ يەردە ياشىيالمايدۇ.

يەنە ئويلاپ باقايلى: بىز دەسسىگەن بۇ تۇپراق ئادەم ئەلەيھىسسالامدىن باشلاپ كۈنىمىزگىچە كەلگەن-كەتكەن مىلياردلارچە ئىنسانىنىڭ جەسىتىنى ئېرىتىپ ئۆز تەركىبى ئىچىگە قوشۇۋالغان...، خۇددى مىلياردلارچە كۆلەڭگىنىڭ بىرىنىڭ ئۈستىگە جىپسىلىشىپ سىڭىشىپ كەتكىنىدەك... ئۇنداق بولسا، تۇپراق ئۈستىنىڭ نەپسانىي سەلتەنىتىگە ئالدىنىپ قالمايلىكى، تۇپراق ئاستىدا خارلىنىپ قالمايلى...

قىسقىسى، بارلىق مەۋجۇدات ئاللاھنىڭ قۇدرەت ۋە ئۇلۇغلۇقىنىڭ چەكسىزلىكىنى نامايەن قىلىدۇ. بۇ چەكسىز ھېكمەت تەجەللىلىرى ئاللاھقا يېقىنلاشقان بەندىلەرگە دائىم ئىلاھىي قۇدرەتنى ئاڭلىتىدۇ. شۇڭا تەپەككۇر ئىنتايىن چوڭ بىر ئىبادەت ھېسابلىنىدۇ.

ئايەتتە مۇنداق دېيىلگەن:

«... **سىلەر تەقۋادار بولساڭلار** (ئاللاھنىڭ ئەمرىگە ۋە نەھيىسىگە مۇخالىپەتچىلىك قىلىشتىن ساقلانساڭلار)، **ئاللاھ سىلەرگە** (بىلمەيدىغانلىرىڭلارنى، يەنى ئىككىلا دۇنيادا پايدىلىق بولغان ئىلىمنى بېرىدۇ) **ئۆگىتىدۇ...»** (بەقەرە سۈرىسى 282-ئايەت)

ھەقىقەتەن، ئاللاھتائالا تەقۋادار بەندىلىرىگە مەرىپەتۇللاھتىن ئېھسان قىلىدۇ ۋە ئۇلارنى كائىناتتىكى ھېكمەت، ئىبرەت ۋە سىرلارغا ئاشىنا قىلىدۇ.

## ئىنچىكە تەڭپۇڭلۇق

پىلانىتلار بىلەن بۇ كائىناتنىڭ قانچىلىك ئىنچىكە بىر مۇۋازىنەت، تەڭپۇڭلۇق ۋە ماسلىشىشچانلىق ئىچىدە تۇرىۋاتقانلىقى كونسىرى ئىنىق بىلىنمەكتە. ئەھۋال شۇ دەرىجىدە ئىكەنكى، كائىناتتىكى ئۆلچەم ۋە نىسبەتلەردىكى قىلچىلىك بىر كىچىك ئۆزگىرىش پەقەت دۇنيانىلا ئەمەس، بەلكى ھاياتلىقنى پۈتۈنلەي گۇمران قىلىشقا يېتىپ ئاشىدۇ. دۇنيانىڭ ھەجمى، ماددىسى، قۇياشتىن يىراقلىقى، قۇياشنىڭ سىغىمى، ئىسسىقلىق دەرىجىسى، يەر شارىنىڭ ئۆز ئوربىتىسىدىكى ئۆلچەملىك يانتولۇقى، ئۆز ئوربىتىسىدا ھەم قۇياش ئەتراپىدىكى ئايلىنىش سۈرئىتى، ئاي شارىنىڭ يەر شارىدىن يىراقلىقى، ھەجمى، ماددىسى، قىتئەلەرنىڭ، دېڭىز-ئوكيانلارنىڭ يەر شارىدىكى تارقىلىشى ۋە تېخىمۇ كۆپ ئۆلچەم، نىسبەتلەر كائىناتتا ئاجايىپ ماسلاشقان بىر ئىلاھىي نىزام ۋە تەڭپۇڭلۇقنىڭ بارلىقىنى ئېنىق، توغرا ئىپادىلەپ بەرمەكتە.

ئاللاھ مۇنداق دەيدۇ:

**«بىز ھەقىقەتەن ھەممە نەرسىنى ئۆلچەملىك ياراتتۇق.»** (قەمەر سۈرىسى 49-ئايەت)

**«... ئاللاھنىڭ دەرگاھىدا ھەممە نەرسە ئۆلچەملىكتۇر.»** (رەئد سۈرىسى 8-ئايەت)

ھاۋادىكى نىسبىتى 21% پىرسەنت بولغان ئوكسىگېن مىقدارى بىر ئاز كۆپ بولغان بولسا ئىدى، دۇنيادىكى بارلىق نەرسىلەر تۇنجى ئۇچقۇن بىلەنلا كۆيۈشكە باشلىغان بولاتتى. يەر شارى بىلەن قۇياشنىڭ ئارىسىدىكى مۇساپە بىر ئاز يېقىنلاشقان ياكى يىراقلاشقان بولسا ئىدى، بارلىق جانلىقلار كۆيۈپ ياكى مۇزلاپ ئۆلۈپ، يوقالغان بولاتتى.

نورمال بىر يامغۇر تامچىسى 1500-3000 مېتىر ئېگىزلىكتىكى بۇلۇتتىن ياغسا، يەرگە پەۋقۇلئاددە قاتتىق چۈشىدۇ، لېكىن يامغۇر تامچىسى بۇلۇتتىن ئېتىبارەن كىچىككىنە زەررىچىلەردىن ھاسىل بولۇپ چوڭىيىپ-چوڭىيىپ، دەل يەرگە يېقىنلاشقاندا پاراشوت ئېچىلغاندەك ھاۋانىڭ كۆتىرىش كۈچىگە يېقىن بىر سۈرئەتتە (بىزگە قاتتىق تەگمەي) ياغىدۇ.

ئەگەر يەر شارىنىڭ تارتىش كۈچى بىر تىرلىيون ھەسسە كۈچلۈك بولغان بولسا ئىدى، ئۇ چاغدا كائىنات تېخىمۇ كىچىك بىر يەر بولغان، ئۆمرىمۇ ناھايىتى قىسقا بولغان بولاتتى. ئوتتۇرا ھېساب بىلەن بىر يۇلتۇزلار توپى ھازىرقى قۇياشىمىزدىن بىر تىرلىيون ھەسسە كىچىك بولغان ۋە ئۆمرىمۇ بىر يىل ئەتراپىدا بولغان بولاتتى. يەر شارىنىڭ تارتىش كۈچى ئەگەر بىر ئاز ئاجىزراق بولغان بولسا ئىدى، ھېچقانداق يۇلتۇز ياكى يۇلتۇزلار سىستېمىسى ئەسلا شەكىللەنمىگەن بولاتتى.

شۇنىڭدەك، باشقا كۈچلەر ئوتتۇرىسىدىكى تەڭپۇڭلۇقمۇ ئىنتايىن ئىنچىكىلىك، ئۇستىلىق بىلەن لايىھىلەنگەن.

ئەگەر يەر شارىنىڭ ئۆز ئوقى ئەتراپىدا ئايلىنىش سۈرئىتى بىر ئاز ئاستا بولغان بولسا ئىدى، كېچە-كۈندۈز ئارىسىدىكى ئىسسىقلىق پەرقى ئىنتايىن چوڭ بولغان بولاتتى. ئايلىنىش سۈرئىتى بىر ئاز ئىتتىك بولغان بولسا ئىدى، ئاتموسفېرادىكى شاماللارنىڭ سۈرئىتى ئىنتايىن تېزلىشىپ، شىددەتلىك بوران-چاپقۇنلار، جۇدۇنلار، توپان بالاسى مەيدانغا كېلىپ، ھاياتنى ئىمكانسىز قىلغان بولاتتى.

ئەگەر يەر پوستى، يەنى توپراق قاتلىمى ھازىرقىغا قارىغاندا بىر ئاز قېلىن بولغان بولسا ئىدى، جانلىقلارنىڭ ياشىشى ئۈچۈن زۆرۈر بولغان ئوكسىگېن يوقالغان بولاتتى. چۈنكى قېلىن توپراق قاتلىمى مەۋجۇت ئوكسىگېننى ئېمىۋېلىپ، ھاياتلىقنى ئىمكانسىز ھالغا كەلتۈرگەن بولاتتى.

ئەگەر دېڭىزلار بۈگۈنكى ھالىتىگە قارىغاندا بىر ئاز چوڭقۇرراق بولغان بولسا ئىدى، بۇ ئارتۇق سۇلار كاربون II ئوكسىد ۋە ئوكسىگېننى شۈمۈرۋالغانلىقى ئۈچۈن يەر يۈزىدە ھاياتلىقنىڭ ياشىيالىشى، ھەتتا ئۆسۈملۈكلەرنىڭ ئۈنۈپ چىقىشىمۇ مۇمكىن بولمىغان بولاتتى.

ئەگەر يەر شارىنىڭ ئەتراپىدىكى ھاۋا قاتلىمى بىر ئاز نېپىزراق بولغان بولسا ئىدى، ئاقار يۇلتۇزلار ھەر كۈنى يەر شارىمىزنىڭ پوستىنى تېشىپ كىرىپ، ئەتراپىمىزنى، ھەممە يەرنى كۆيدۈرۈپ كۈل قىلىۋەتكەن بولاتتى.

جانلىق مەۋجۇداتلارنىڭ ھاياتى ئوكسىگېن، ھىدروگېن، كاربون II ئوكسىد ۋە باشقا پەرقلىق كاربون گازلىرىنىڭ ئۆزئارا ماس كېلىدىغان تەركىپلەردە ئارىلىشىشىغا تايىنىدۇ. بۇ گازلارنىڭ ھاياتلىق ئۈچۈن لازىملىق نىسبەتتە پۈتكۈل خۇسۇسىيەتلىرى

بىلەن بىرلىكتە ئۆزلىگىدىن تاسادىپىي ھالدا بىرىكىپ قېلىشىنىڭ ئون مىليوندا بىر ئېھتىماللىمۇ يوق.

ئاسماندا چېقىلغان ھەر چاقماق نىتروگېنغا مۇئەييەن مىقداردا ئوكسىگېن قوشىدۇ، بۇنىڭدىن ھاسىل بولغان نىتروگېن تەركىبى چاقماق چاققاندىن كېيىن ياغقان يامغۇرلار ۋاستىسى بىلەن ئېتىزلىقلارغا چۈشىدۇ. شۇنىڭ بىلەن ئېتىزلىقلار بۇ تەركىبتىن ھەر يىل ئاسان ئېرىشكەن مىقدار تۇپراققا خېمىيىۋى ئوغۇت ئارقىلىق بېرىلگەن نىترات ناترىينىڭ 60 ھەسسىگە تەڭ كېلىدۇ.[106]

بىز ئېچىۋاتقان سۇنىڭ ئالاھىدىلىگىنى تەتقىق قىلغان ۋاقتىمىزدا ئۇنىڭ ئىنسان ئۈچۈن ئالاھىدە رىزىق قىلىنىپ يارىتىلغانلىقىنى كۆرگىلى بولىدۇ. خېمىيىۋى بىر ماددا بولۇش سۈپىتى بىلەن سۇنىڭ دىققەت تارتىدىغان خۇسۇسىيەتلىرى باردۇر. بۇلاردىن بەزىلىرى تۆۋەندىكىچە:

1. سۇغا ئەڭ يېقىن بىرىكمە بولغان ھىدروگېن گۈڭگۈرت **($H_2S$)** سۇدىن ئىككى ھەسسە ئېغىر بولۇشغا قارىماستىن، ئۆزىنىڭ نورمال تېمپېراتۇرىسىدا گاز ھالىتىدە تۇرىدۇ. پۇرىقى بەتبۇي زەھەرلىك گازدۇر.

2. سۇنىڭ ئەڭ زىچ بولغان ھالىتى ئۆزىگە ئوخشايدىغان بىرىكمىلەردەك قاتتىق، يەنى مۇز تۇتقان ھالىتى ئەمەس، دەل ئەكسىچە 4+ گرادۇستىكى سۇيۇقلۇق ھالىتىدۇر. بۇ ھالەتتە دېڭىزلار، كۆللەر ۋە ئۆستەڭلەردە سۇ تېگىدىن ئۈستىگە قاراپ ئەمەس، بەلكى ئۈستىدىن تېگىگە قاراپ مۇز تۇتۇشقا باشلايدۇ. بۇ ئەھۋال سۇنىڭ تېگىدە ياشايدىغان جانلىقلارنىڭ سۇ يۈزىدىكى مۇز قاتلىمى بىلەن توڭلاشتىن ساقلىنىشى، سۇنىڭ تېگىدە ئىللىق تېمپېراتورىدا ياشىشىنى كاپالەتكە ئىگە قىلىدۇ.

3. سۇنىڭ مۇز تۇتۇش ۋە قايناش نوقتىسى ئورگانىك جانلىقلار ئۈچۈن ئەڭ مۇۋاپىق گرادۇستا.

106. بۇ جەھەتتە ئىنساننى ھەيران قالدۇرىدىغان ناھايىتى كۆپ مىساللار باردۇر. بۇلارنىڭ بىر قىسمىنى ئوقۇش ئۈچۈن ۋاھىدۇددىن خان يازغان «ئىسلام دوئىلغا چاقىرىۋاتىدۇ» ناملىق كىتاب 113-138-بەتلەرگە قاراڭ.

4. سۇنىڭ قارىمۇ-قارشى قۇتۇپلۇق (ماگنىتلىق) ئالاھىدىلىكى بار بولغانلىقى ئۈچۈن نۇرغۇنلىغان ئورگانىك (جانلىق) ۋە ئانئورگانىك (جانسىز) ماددىنى ئاسانلا يۇمشىتىپ ئېرىتىش خۇسۇسىيىتى بار.

سۇنىڭ بۇ يەردە تىلغا ئېلىنغانلاردىن باشقا يەنە نۇرغۇن خۇسۇسىيىتى بار. بۇلار ئۇنىڭ ئىنسانلارنىڭ ياشىشى ئۈچۈن گويا ئىلگىرى پىلانلانغان بىر ماددا ئىكەنلىكىنى ئەقلىمىزگە كەلتۈرىدۇ.

**«ئاللاھ ئاسمانلارنى ۋە زېمىننى ئالتە كۈندە ياراتتى.** (ئاسمان - زېمىننى يارىتىشتىن ئىلگىرى) **ئاللاھنىڭ ئەرشى سۇ ئۈستىدە ئىدى. سىلەرنىڭ قايسىڭلارنىڭ ئەمەلى ياخشى ئىكەنلىكىنى سىناش ئۈچۈن ئاللاھ** (كائىناتنى ياراتتى)**...»** (ھۇد سۈرىسى 7-ئايەت) ئايىتىدە ئاسمانلار ۋە زېمىننىڭ يارىتىلىشىدىن ۋە سۇدىن سۆز ئاچقاندىن كېيىن: **«قايسىڭلارنىڭ ئەمەلى ياخشى ئىكەنلىكىنى سىناش ئۈچۈن»** دېگەنلىكى ئاسمان-زېمىن ۋە سۇنىڭ يارىتىلىشىنىڭ بىر مەنىدە ئىنساننىڭ يارىتىلىشى ئۈچۈن بولغانلىقىنى بىلدۈرمەكتە.[107]

قىسقىسى، كائىناتتىكى ھەر بىر ھەرىكەتتە ئىنتايىن ئىنچىكە ۋە دەل جايىدا بىر ئۆلچەم بېكىتىلگەن. بۇ ئۆلچەملەردە ئەگەر قىلچىلىك ئۆزگىرىش بولسا، شۇ بىز كۆرۈۋاتقان قانۇنىيەتلەر ۋە تەڭپۇڭلۇق دەرھال بۇزۇلىدۇ.

ئاللاھ بۇ قانۇنىيەتلەرنى ئىنسانلارغا خىزمەت قىلىشى ئۈچۈن ياراتقان. قۇرئاندا مۇنداق دېيىلىدۇ:

**«ئاللاھ ئاسمانلاردىكى ۋە زېمىندىكى نەرسىلەرنىڭ ھەممىسىنى** (كامالى) **پەزلىدىن سىلەرگە بويسۇندۇرۇپ بەردى، بۇنىڭدا ھەقىقەتەن** (قۇدرىتى ئىلاھىيىنى) **تەپەككۇر قىلىدىغان قەۋم ئۈچۈن** (ئاللاھنىڭ قۇدرىتى ۋە بىرلىكىنى كۆرسىتىدىغان روشەن) **دەلىللەر بار.»** (جاسىيە سۈرىسى 13-ئايەت. يەنە لوقمان سۈرىسى 2-ئايەتكىمۇ قاراڭ.)

ئايەتتىن ئاسمان ۋە زېمىندا مەۋجۇت بولغان بارلىق شەيئىلەرنىڭ ئىنسانغا خىزمەت قىلىشى ئۈچۈن بويسۇندۇرۇلۇپ بېرىلگەنلىكىنى چۈشىنىۋالغىلى بولىدۇ. يېقىنقى يىللاردا كوسمولوگىيە ئىلمىدە «ئىنساننىڭ تاللانغانلىقى پرىنسىپى»

107. شائىر كوجاباش: «قۇرئاندا يارىتىلىش»، 157-بەتكە قاراڭ.

(Anthropic Principle) دائىرىسىدە ئېلىپ بېرىلغان تەتقىقاتلار نەتىجىسىدە چىققان يەكۈنمۇ بۇ ھۆكۈمنى توغرىلىماقتا. يەنى پۈتۈن كائىناتنىڭ ئىچىدىكى بارلىق يۇلتۇزلار سىستېمىسى ۋە يۇلتۇزلىرى بىلەن بىللە بۇنچىلىك چوڭلۇق ۋە مۇشۇنچىلىك ياشتا بولغانلىقى قۇياش سىستېمىسىدىن ئىبارەت بىر سىستېمىدا، يەر شارىدىن ئىبارەت بىر پلانېتتا ئىنساندىن ئىبارەت بىر ئاڭلىق مەۋجۇداتنىڭ ئوتتۇرىغا چىقىشى ۋە ياشىيالىشى ئۈچۈن زۆرۈردۇر.[108]

ھەقىقەتەن، ئەتراپىمىزغا قارىغىنىمىزدا ئىنسانلارنىڭ جانلىق-جانسىز بارلىق مەخلۇقاتلاردىن پايدىلىنىۋاتقانلىقىنى كۆرەلەيمىز. كۆنىمىزدە ھەتتا باكتېرىيەلەرمۇ دورا ئىشلەپچىقارغاندا بىر ئورگانىك خېمىيىۋى رېئاكتور بولۇپ قوللىنىلماقتا.

كائىناتتىكى بۇ ئاجايىپ مۇۋازىنەت ۋە پىلانلىق ئورۇنلاشتۇرۇش ھەممە شەيئىنى مۇكەممەل بىر ئۆلچەم بىلەن ياراتقان ئاللاھنىڭ ئىلاھىي سەنئەت ئەسىرىدۇر. بۇنى تاسادىپىيلىق بىلەن چۈشەندۈرۈش مۇمكىن ئەمەس.

پروفېسسور دوكتور **ئەدۋىن كونكلىن** مۇنداق دەيدۇ:

«ھاياتلىقنى تاسادىپىي ھالدا مەيدانغا كېلىپ قالغان دەيدىغان كۆز قاراش خۇددى بىر مەتبەئەدە تاسادىپىي ھالدا يۈز بەرگەن بىر پارتلاش نەتىجىسىدە، ئاجايىپ مۇكەممەل بىر قامۇس مەيدانغا كەلگەن دەيدىغان بىر بىمەنە كۆز قاراشقا ئوخشايدۇ.» (The Evidence of God، 174-بەت)

ئون تال قەغەز پۇلنىڭ ئۈستىگە رەت تەرتىپ بويىچە بىردىن ئونغىچە بولغان سانلارنى يازساق، ئاندىن بۇلارنى يانچۇقىمىزغا قويۇپ، ئوبدان ئارىلاشتۇرغاندىن كېيىن سانلارنىڭ تەرتىۋى بويىچە بىردىن باشلاپ ئونغىچە بىر-بىرلەپ يانچۇقىمىزدىن چىقارماقچى بولساق، يانچۇقىمىزدىن چىقىدىغان ھەر بىر تال پۇلنى تەكرار يانچۇقىمىزنىڭ ئىچىگە قويۇش شەرتى بىلەن ئۈستىگە 1 يېزىلغان قەغەز پۇلنى چىقىرىش ئېھتىماللىمىز ئوندىن بىر بولىدۇ. ئۈستىگە 1 ۋە 2 يېزىلغان قەغەز پۇللارنى رەت تەرتىۋى بويىچە چىقىرىش ئېھتىماللىمىز يۈزدىن بىر بولىدۇ. لېكىن 1، 2، 3، 4 يېزىلغان پۇللارنى رەت تەرتىپ بويىچە كەينى-كەينىدىن چىقىرىش ئېھتىمالى

108. بارروۋ ج.د. بىلەن تىپلېر ف: The Anthropic Cosmological Principle، ئوكسفورد ئۇنىۋېرسىتتى نەشرىياتى، 1996-يىل، 5-بەت.

ئون مىڭدىن بىر بولىدۇ. قەغەز پۇللارنى 1دىن 10غىچە بولغان رەت تەرتىپ بويىچە كەينى-كەينىدىن توغرا چىقىرىش ئېھتىمالىمىز بولسا ئون مىلياردتىن بىر بولىدۇ.

بۇ مەسىلىنى سۆزلىگەن ئامېرىكىلىق مەشھۇر ئالىم **گرەسسي موررىسون** سۆزىنى مۇنداق داۋاملاشتۇرغان:

«مۇشۇنداق بىر ئاددى مەسىلىنى تاللىشىمىدىكى مەقسەت ـــ ئەمەلىي رىئاللىقنىڭ تاساددىپىيلىق ئالدىدا قانچىلىك دەرىجىدە ئىمكانسىز بىر ئەھۋالغا كەلگەنلىكىنى ئىزاھلاشتىن باشقا بىر نەرسە ئەمەس.»

بىر تال ئاقسىل مالېكولىسىنىڭ تاساددىپىي ھالدا مەيدانغا كېلىشى ئۈچۈن پىرتكول كائىناتتا شۇئاندا مەۋجۇت بولغان ماددىلاردىن بىر مىليارد ھەسسە كۆپ بولغان ماددا بار بولۇشى كېرەك ئىدى. لېكىن بۇ ھالەتتە ماددىنىڭ ھەرىكەتكە ئۆتۈشى ۋە ئالغا بېسىشىنىڭ مۇمكىن بولۇشى ئۈچۈن لازىم بولىدىغان ئۇزۇن يىللارنى ئىپادىلەش ئۈچۈن 10 رەقىمىنىڭ ئاخىرىغا 243 دانە نۆل قويۇش كېرەك.

دىققەت قىلىش لازىمكى، بۇ شەرتلەر ھازىرلانغان چاغدىمۇ بىر تال ئاقسىل مالېكولىسىنىڭ مەيدانغا كېلىشى يەنىلا ئېنىق ئەمەس. بۇ ھەرىكەتلەرنىڭ ئەبەدىي داۋاملىشىشى نەتىجىسىدە ھېچقانداق نەرسىنىڭ ئوتتۇرىغا چىقماسلىقىمۇ مۇمكىن.

روھقا ئىگە بولمىغان ئادەتتىكى بىر ماددىنىڭ تاساددىپىي ھالدا بارلىققا كېلىشى ئۈچۈن ئۇنىڭ مىليارد ھەسسىسسىگە ۋە مىلياردلارچە يىلغا ئېھتىياجى بارلىقىنى چۈشەنگەندىن كېيىن ماۋۇنى ئويلاپ باقايلى:

يەر شارىنىڭ يېشىنى تەخمىنەن پەرەز قىلغىلى بولىدۇ، تەخمىنەن 4,5 ـ 5 مىليارد يىلدۇر. ئۇنداقتا بۇنچىلىك بىر ۋاقىتتا مىليونلارچە ھايۋان تۈرى، 200 مىڭدىن كۆپ ئۆسۈملۈك تۈرى ئەڭ مۇكەممەل ھالدا قانداق بارلىققا كەلدى؟ «ئىنسان» ئىسمى بېرىلگەن بۇ ئاجايىپ مەۋجۇدات بۇنچە كۆپ جانلىق تۈرلىرى ئارىسىدىن قانداق ئوتتۇرىغا چىقتى؟ ... ھەر كۈنى كۆز ئالدىمىزدا مۇكەممەل بىر سۈرەتتە تۇغۇلۇۋاتقان بوۋاق باللار قانداق بىر قۇدرەتنىڭ ئەسىرى؟

ئەمەلىيەتتە ئاللاھنىڭ ئەڭ مۇكەممەل بىر مەۋجۇداتنى يارىتىشى ئۈچۈن ۋاقىتقا ئېھتىياجى يوقتۇر. «ۋۇجۇتقا كەل!» دېيىشى بىلەنلا، ھەر نەرسە ۋۇجۇتقا كېلىدۇ.[109]

109. بەقەرە سۈرىسى 117-ئايەت؛ ئال-ئىمران سۈرىسى 47-ئايەت؛ نەھل سۈرىسى 77-ئايەت؛

لېكىن كائىناتقا بېكىتكەن تەدرىجىلىك (پەيدىنپەي بارلىققا كەلتۈرۈش) قانۇنىيىتىنى بەندىلىرىگە كۆرسىتىش ئۈچۈن مەخلۇقاتلىرىنى مۇئەييەن جەريانلاردا يارىتىۋاتىدۇ.

ئىنسانلار ياسىغان ئەڭ ئىلغار ئەسۋاپلار ۋە لايىھىلىگەن ئەڭ مۇرەككەپ سىستېمىلارمۇ كائىناتتىكى ئاجايىپ سىستېمىنىڭ ئالدىدا ھېچنېمىگە ئەرزىمەيدۇ. بۇ سەۋەپتىن، ئۇزۇن زامانلاردىن بۇيان تەبىئەت دۇنياسىدىكى مۇكەممەل سەنئەتنى تەقلىد قىلىش ئىلىم-پەندە ئالاھىدە بىر تېما بولۇپ، بۇنىڭدىن «بىئونىكا» ناملىق مەخسۇس بىر ئىلىم ساھەسى مەيدانغا كەلدى.

ئىلاھىي سەنئەت ئەسەرلىرىگە تەقلىد قىلىش ئارقىلىق ياسالغان ئەسۋاپ، سايمانلارغا بىر ئەمەلىي مىسال كەلتۈرۈشكە توغرا كەلسە، رەسىم تارتىش ئاپپاراتىنى تىلغا ئالالايمىز. رەسىم تارتىش ئاپپاراتى ئىنسان كۆزىنىڭ مېخانىك تەقلىدىدىن باشقا بىر نەرسە ئەمەس. ئاپپاراتنىڭ ئەينىكى كۆز گۆھىرىگە ئوخشايدۇ. ئاپپاراتنىڭ لىنزىسى رەڭدار پەردىنىڭ ئورنىدا. نۇردىن تەسىر ئالغان رەسىم لىنتىسى بولسا كۆز پەردىسىگە ئوخشايدۇكى، بۇ يەردە كونۇس ۋە پىرامىدا كەبى شەكىللەر ۋە سىزىقلار بار بولۇپ، شەيئىلەرنى تەتۈر كۆرىدۇ.

كۈنىمىزدە ھېچكىم رەسىم تارتىش ئاپپاراتىنى ئۆزلىكىدىن مەيدانغا كېلىپ قالغان دېيىشكە جۈرئەت قىلالمىسىمۇ، ئەمما بەزى زىيالى ئىسمىنى چۆمپەردە قىلىۋالغان غەرەزلىك ئىنسانلار قەستەن ھالدا كۆزنى «تاساددىپىي مەيدانغا كەلگەن» دەپ سۆزلىمەكتە.

ئىنسانلار ئىلاھىي سەنئەت ئەسەرلىرىگە تەقلىد قىلىپ ئىجاد قىلغان يەنە نۇرغۇنلىغان ئەسۋاپ-ئۈسكۈنە، قۇرال-سايمانلار مەۋجۇتتۇر.

### 13. قۇرئان ئىلىمگە رەھبەرلىك قىلىدۇ

ئامېرىكىلىق پروفېسسور دوكتور **جۇلى سەنتوننىڭ** ئېتىراپلىرى ئىنتايىن مۇھىم. سەنتون خرىستىئانلىقنىڭ ئۆزگەرتىلگەن كىتابىدىكى زىتلىقلار سەۋەبى

ياسىن سۈرىسى 53-ئايەتلەرگە قاراڭ.

بىلەن دىندىن يانغان. ئۇ پەقەتلا غەرپتىكى دىنىنىڭ پەرىشانلىقىدىن خەۋەردار بولغانلىقى ئۈچۈن قۇرئان مەلۇماتلىرىغىمۇ دەسلەپتە مۇشۇنداق پوزىتسىيىدە بولغان. ئەمما ئېتىراز قىلالمايدىغان ئوچۇق ھەقىقەتلەر ئالدىدا قاتتىق ھەيرانلىق ئىچىدە مۇنداق دېگەن:

**«بۇ دىن** (ئىسلام) **ئىلىمگە رەھبەرلىك قىلسا، كۆپلىگەن نەتىجىلەرگە ئېرىشىشى ۋە ئىلمىي بىر ئىنقىلاپنى ئەمەلگە ئاشۇرالىشى مۇمكىن!»**

ئەمەلىيەتتە قۇرئان سان-ساناقسىز مۆجىزە مەنبەسى بولۇپ، مەنىلىرىنىڭ چەكسىزلىكىنى ئىپادىلەش ئۈچۈن ئايەتتە مۇنداق دېيىلگەن:

**«ئېيتقىنكى، پەرۋەردىگارىڭنىڭ سۆزلىرىنى يېزىش ئۈچۈن ئەگەر دېڭىز** (سۈيى) **سىيا بولۇپ كەتسە، پەرۋەردىگارىڭنىڭ سۆزلىرى تۈگىمەي تۇرۇپ، دېڭىز** (سۈيى) **چوقۇم تۈگەپ كەتكەن بولاتتى، مۇبادا يەنە شۇنچىلىك دېڭىز (سۈيىنى) كەلتۈرسەكمۇ»** (كەھف سۈرىسى 109-ئايەت)

**«ئەگەر يەر يۈزىدىكى دەرەخلەرنىڭ ھەممىسى قەلەم بولغان، دېڭىز** (سىيا) **بولغان، ئۇنىڭغا يەنە يەتتە دېڭىز** (نىڭ سىياسى) **قوشۇلغان تەقدىردىمۇ ئاللاھنىڭ سۆزلىرىنى** (يېزىپ تۈگەتكىلى بولمايدۇ)**، ئاللاھ ھەقىقەتەن غالىپتۇر، ھېكمەت بىلەن ئىش قىلغۇچىدۇر.»** (لوقمان سۈرىسى 27-ئايەت)

زىيا پاشا قۇرئان ھەققىدە:

مېنى چۈشىنىشكە بۇ كىچىك ئەقىل يەتمەس،
بۇ قەدەر ئېغىرلىقنى بۇ تارازا تارتالماس.

دەپ مەيلى مەۋجۇتلۇق جەھەتتىن بولسۇن، مەيلى كالامى جەھەتتىن بولسۇن، ئىلاھى سەنئەت ئالدىدىكى ھەيرانلىقنى تىلغا ئېلىپ، ناھايىتى ئاجىزلىك ئىچىدە ئاللاھقا ھەمدۇ-سانا ئېيتىپ مۇنداق دېگەن:

سُبْحَانَ مَنْ تَحَيَّرَ فِى صُنْعِهِ الْعُقُولُ
سُبْحَانَ مَنْ بِقُدْرَتِهِ يَعْجُزُ الْفُحُولُ

«قۇدرەتلىك سەنئىتى ئالدىدا ئەقىللەرنى ھەيران قالدۇرغان ئاللاھنى بارلىق نوقسان سۈپەتلەردىن پاك دەپ تەسبىھ ئېيتىمەن.»
«چەكسىز قۇدرىتى بىلەن ئەقىللەرنى ئاجىز قالدۇرغان ئاللاھنى بارلىق نوقسان سۈپەتلەردىن پاك دەپ ھەمدۇ-سانا ئېيتىمەن.»

## پ. تەشدىد (ھۆكۈم چىقىرىش)تىكى مۆجىزىۋىلىكى

ئىلاھىي تەبلىغدىكى تەرەققىيات ئاخىرقى پەيغەمبەر مۇھەممەد مۇستاپا سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم بىلەن ئاخىرلاشقان. بۇندىن كېيىنكى بارلىق زامان ۋە ماكان ئۇنىڭغا ئائىت بولغانلىقى ئۈچۈن مۇھەممەد ئەلەيھىسسالامغا نازىل قىلىنغان قۇرئانى-كەرىمنىڭ دۇنيادا ھاياتلىق داۋاملىشىۋاتقان مۇددەت ئىچىدە بارلىققا كېلىدىغان ھەر خىل مەسىلىلەرگە جاۋاب بېرەلەيدىغان قائىدىلەرنى ئۆز ئىچىگە ئېلىشى زۆرۈردۇر. شۇڭا قۇرئانى-كەرىمنىڭ مۆجىزىۋى تەرەپلىرىدىن بىرى بولسا، تەشدىد (ھۆكۈم چىقىرىش)تىكى تەڭداشسىز مۇۋەپپەقىيىتىدۇر.

قۇرئانى-كەرىمدە قانۇنشۇناسلارمۇ ئۇنىڭغا موھتاج بولىدىغان بىر قانۇن تۈزۈش ئاساسىي ئۇسۇلى بىلەن بىرلىكتە ئىنسانلارنىڭ مەنپەئەتى ئۈچۈن زۆرۈر بولغان مۇھىم ھۆكۈملەر بار. قۇرئاننىڭ بۇ خۇسۇسىيىتى ئەسىرلەرنىڭ ئۆتۈشى بىلەن تېخىمۇ كۈچلىنىپ داۋاملىشىۋاتىدۇ.

قۇرئاننىڭ ھۆكۈم چىقىرىشتىكى مۆجىزىۋىلىكى ئۇنىڭدىكى قانۇنلارنىڭ ئىنسانلار ئۆزى تۈزگەن قانۇنلارنىڭ دەل ئەكسىچە، زامان تەرەققىي قىلىۋاتقان بولسىمۇ كونىراپ قالماي، ھەر دەۋرنىڭ ئېھتىياجىغا جاۋاب بېرەلىشى، ئىنساپلىق كىشىلەر تەرىپىدىن تەنقىد قىلىنغۇدەك ھېچقانداق نوقسان سۈپەتلىرىنىڭ تېپىلماسلىقى، باشقا قانۇنلارغا نىسبەتەن مۈشكۈل بولغان مەسىلىلەرنى ئاسانلا ھەل قىلىشى، چىقارغان ھۆكۈملىرىنىڭ نۇرغۇن ھېكمەتلەرنى ئۆز ئىچىگە ئالغانلىقى ۋە بۇ مۇكەممەل نىزامنى باشقىلارغا قارىغاندا قىسقا ۋاقىت ئىچىدە يۇقىرى پەللىگە يەتكۈزگەنلىكىدە نامايەن بولىدۇ.

قۇرئاندا ئوتتۇرىغا قويۇلغان قانۇن-تۈزۈم بىلەن ئىسلام ئىنساننىڭ تەسەۋۋۇر ۋە چۈشىنىش قابىلىيىتى يېتىدىغان دەرىجىدە ئەقىلگە كېلىدىغان ھەر قانداق سوئالغا

جاۋاب بېرىدۇ ۋە بۇلارنى ئۆز ئىچىدە قىلچىلىك زىتلىق بولمىغان ھالدا لوگىكىلىق رەت تەرتىپتە سىستېمىلىق ۋە مۇۋاپىق شەكىلدە ئوتتۇرىغا قويىدۇ.

قۇرئانى-كەرىم قىيامەتكىچە كېلىدىغان پۈتكۈل ئەسىرلەرگە خىتاب قىلىدىغان بىر قانۇن سىستېمىسىنى ئوتتۇرىغا قويۇش بىلەن بىرلىكتە بۇ قانۇن-نىزامنى قىسقا ۋاقىت ئىچىدە ئومۇملاشتۇرۇپ بولغان. ھالبۇكى، جەمئىيەت تۇرمۇشىدا قانۇن دەسلەپتە پۈتۈنلەي مۇكەممەل بولمايدۇ. ھېچقانداق بىر جەمئىيەت دەسلەپتە ئىنتايىن تەرەققىي قىلغان بىر مۇكەممەل قانۇن-تۈزۈم سىستېمىسى بەرپا قىلىپ، ئاندىن كېيىن يۈكسىلىپ مەدەنىيەت جەھەتتە قەد كۆتەرگەن ئەمەس. خەلقنىڭ مەدەنىيەت سەۋىيىسى ئاستا-ئاستا ئۆسكەنسىرى جەمئىيەتنىڭ قانۇن تۈزۈلمىسىمۇ تۇراقلىشىپ، تەرەققىي قىلىشقا باشلايدۇ. جەمئىيەتشۇناس ۋە قانۇنشۇناسلار بۇ ھەقتە ھەممىسى ئوخشاش پىكىردە. لېكىن ئەرەپ يېرىم ئارىلىدا ئەھۋال بۇ كۆز قاراشنىڭ دەل ئەكسىچە بولدى. ئىلىم-پەن ۋە مەدەنىيەتتىن نېسىۋىسى بولمىغان ساۋاتسىز بىر قەۋم ئارىسىدا تۇساتتىن مۇكەممەل بىر قانۇن-تۈزۈم مەيدانغا كېلىپ، نىكاھ قانۇنى، شەخسلەرنىڭ ھوقۇقى، دۆلەتلەر ئارا (خەلقئارا) قانۇن، ئۇرۇش ۋە تىنچلىق ئەھكاملىرى قاتارلىقلار ئەڭ گۈزەل ۋە ئەڭ ساغلام ئوتتۇرىغا قويۇلدى.

تارىخنىڭ گۇۋاھلىقى بىلەن ئېنىقكى، ئىنسانلار تۈزگەن باشقا ھەر قانداق قانۇنىي ھۆكۈم ۋە ئىزاھاتلار قۇرئاننىڭكىدەك تەسىرلىك، ئىناۋەتلىك، كەسكىن، دائىملىق ئىجرا قىلىنىدىغان ۋە ئىنسانىيەت ئۈچۈن ئىنتايىن پايدىلىق بولۇپ باقمىغان. بۇ جەھەتتە تەتقىقات بىلەن شۇغۇللانغان خىرىستىئان ۋە يەھۇدىي شەرقشۇناسلار بۇ خىل مۆجىزىۋى ئەھۋالنى شەرھلەش ئۈچۈن لوگىكىغا چۈشمەيدىغان ھەر خىل چارىلەرنى سىناپ باققان. ئىسلام ھۆكۈملىرىنىڭ رۇم قانۇنىدىن كۆچۈرۈلگەنلىكىنى ئىبىتقان. لېكىن بۇ خىل پەرەز بىلەن ئۇ زاماندىكى ئەرەپ يېرىم ئارىلىنىڭ ئەمەلىي ئەھۋالى ئوتتۇرىسىدا ھېچقانداق باغلىنىشنىڭ يوق ئىكەنلىكىنى كۆرۈپ، گېپىنى ئۆزگەرتىپ، يەھۇدىي شەرىئىتىدىن كۆچۈرۈلگەنلىكىنى ئىبىتىشقان. بۇ گەپمۇ ئىشەنچلىك بولمىغاندا: «ھامۇرابى قانۇنلىرىدىن[110] كۆچۈرۈلگەن بولۇشى مۇمكىن»

110. ھامۇرابى (مىلادىدىن ئىلگىرىكى 1795-1750) بابىل پادىشاھى. ھامۇرابى قانۇنلىرى تارىختا بىر پادىشاھنىڭ ئىسمى بىلەن خەلققە ئېلان قىلىنغان ئەڭ قەدىمىي قانۇن بولۇپ

دېيىشكەن. بۇلارنىڭ ھەممىسى ھەقىقەتنى قوبۇل قىلىشتىن قېچىش ۋە ھەقىقەت ئالدىدا ئاجىز قېلىشنىڭ ئالامەتلىرىدۇر.

ھالبۇكى، يەھۇدىيلىك بىر ئىرقىي دىن ھالىتىگە كەلتۈرۈلگەن. يەھۇدىيلار بەنى ئىسرائىل قەۋمىدىن بولمىغان بىر كىشىنى مۇسەۋى (مۇسا ئەلەيھىسسالامنىڭ) شەرىئىتىگە قوبۇل قىلمايدۇ. بۇ جەھەتتىنمۇ يەھۇدىيلىك ئىسلامنىڭ مۇكەممەل قانۇننى ئوتتۇرىغا چىقىرىدىغان ئىستىدات (قابىلىيەت) ۋە قۇدرەتكە ئىگە ئەمەس.

ھامۇرابىگە كەلسەك، ئۇ ۋە باشقا داڭلىق قانۇنشۇناسلار ئىسلام يېتىشتۈرگەن ئىمام ئەزەم (ئەبۇ ھەنىفە) قاتارلىق داڭلىق فاقىھلارغا (قانۇنشۇناسلارغا) پەقەت شاگىرت بولالىشى مۇمكىن.

ھەقىقەت شۇكى، قۇرئانى-كەرىم ئۇ تارىخقا قەدەر ھېچبىر دىن، ھېچبىر مەدەنىي تەشكىلات ئوتتۇرىغا قويالمىغان ئادالەت ۋە مەدەنىيەت ئاساسلىرىنى تەبلىغ قىلغان. ئەڭ بەدەۋى ۋە ئىپتىدائى بىر مۇھىتتا ئىسلام كەبى يۈكسەك بىر مەدەنىيەتنىڭ تۇنجى قېتىم ۋە قىسقا مۇددەتتە ئوتتۇرىغا قويۇلۇشى ھېچ شۈبھىسىزكى، بىر مۆجىزىدۇر. بۇ ئۇلۇغ مەدەنىيەتنى تەھسىل كۆرمىگەن، ئوقۇش-يېزىشنى بىلمەيدىغان ساۋاتسىز بىر كىشىنىڭ ئوتتۇرىغا قويۇشى بولسا، تېخىمۇ چوڭ مۆجىزىدۇر. دەرۋەقە، مۇپەسسىر قاسىمى قۇرئاننىڭ بۇ مۆجىزىۋى تەرىپىنى بايان قىلغاندا مۇنداق دېگەن:

«ئاللاھتائالا ئەرەپ ئۈممىتىنى تەدرىجى شەكىلدە 23 يىلدا تەربىيىلەپ يېتىشتۈرگەن. لېكىن بۇ خىل سەۋىيىدىكى بىر تەرەققىيات نورمال شارائىتتا باشقا خەلقلەر ئۈچۈن ئىجتىمائى ئامىللار ۋاستىسى بىلەن بىر قانچە ئەسىردە تاماملىنالىشى مۇمكىن...»[111]

بۇ سەۋەپتىن قۇرئاننىڭ مۆجىزىسى ئەينى زاماندا 23 يىللىق قىسقا ۋاقىتتا شەخس ۋە جەمئىيەتنى يۈكسەك پەزىلەتلەر مەدەنىيىتى سەۋىيىسىگە چىقىرىشدا ئايان بولدى.

---

ھېسابلىنىدۇ. ھامۇرابى قانۇنلىرىدا تىلغا ئېلىنغان نۇرغۇن پرىنسىپلاردا كىشىلىك ھوقۇققا ئەھمىيەت بېرىلگەنلىكى ئۈچۈن مۇھىم قانۇن دەستۇر سۈپىتىدە دىققەت تارتىدۇ.

111. مۇھەممەد جامالىددىن قاسىمى: «مەھاسىنۇل تەئۋىل»، قاھىرە، 11-جىلد، 219.

قۇرئاندىكى ھۆكۈملەر بىر ئىنسانغا ئائىت بولغان بولسا ئىدى، ئىنسانلار تۈزگەن باشقا قانۇنلارغا ئوخشاش ئاجىز بولغان، ئۇزۇن زاماندا شەكىللەنگەن ۋە مەلۇم مۇددەتتىن كېيىن ئەمەلدىن قېلىپ ئىنسانلارنىڭ ھاياتىدىن چىكىنىپ چىقىشقا مەجبۇر بولغان بولاتتى. ھالبۇكى، قۇرئانغا رەسۇلۇللاھ سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەمنىڭ ھېچقانداق شەخسى سۆزى ئارىلىشىپ قالمىغان. بۇ جەھەتتە، ئاللاھ مۇنداق دەيدۇ:

**«ئۇلارغا بىزنىڭ روشەن ئايەتلىرىمىز تىلاۋەت قىلىنسا، بىزگە مۇلاقات بولۇشنى ئۈمىد قىلمايدىغانلار (يەنى قىيامەتكە ئىشەنمەيدىغانلار): «بۇنىڭدىن باشقا بىر قۇرئاننى كەلتۈرگىن ياكى ئۇنى ئۆزگەرتكىن (يەنى ئازابقا دائىر ئايەتنى رەھمەت ئايىتىگە ئۆزگەرت، ئىلاھلىرىمىزنى سۆككەنلىك ئورنىغا مەدھىيىلە، ھارامنى ھالال قىل)» دەيدۇ. «مەن ئۇنى ئۆزەمچە ئۆزگەرتەلمەيمەن، مەن پەقەت ماڭا ۋەھيى قىلىنغان ۋەھىگىلا ئەمەل قىلىمەن. ئەگەر مەن پەرۋەردىگارىمغا ئاسىيلىق قىلسام، ئەلۋەتتە، بۈيۈك كۈننىڭ (يەنى قىيامەت كۈنىنىڭ) ئازابىدىن قورقىمەن» دېگىن.»**

(يۇنۇس سۈرىسى 15-ئايەت)

رەسۇلۇللاھنىڭ سۈننەت ۋە ھەدىسلىرى قۇرئانى-كەرىمنىڭ شەرھى ئىزاھاتىدىن ئىبارەتتۇر.

رەسۇلۇللاھ سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم قۇرئان ئەھكاملىرى بىلەن شۇنداق گۈزەل بىر جەمئىيەت قۇرۇپ چىقتىكى، تىللاردا داستان بولدى:

### سائادەت ئەسرى (پەيغەمبىرىمىز زامانى)دىكى جەمئىيەت

پەيغەمبىرىمىز سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم قۇرئانى-كەرىم بىلەن ئەمەلگە ئاشۇرغان يۈكسەك ئەخلاق شۇنچىلىك تەسىرلىك بولدىكى، ئىلگىرىكى يېرىم ۋەھشى، كۆپىنچىسى ئىنسانپەرۋەرلىكتىن خەۋەرسىز بىر جاھىلىيەت جەمئىيىتى خەلقى قىسقا ۋاقىت ئىچىدىلا ئىنسانىيەت تارىخى ھەۋەس قىلىدىغان «ساھابە» كىملىكى بىلەن تەسەۋۋۇر قىلغىلى بولمايدىغان پەزىلەتلەر مەدەنىيىتىنى مەيدانغا كەلتۈردى. نادان ۋە رەھىمسىز ئىنسانلار بىلىملىك؛ ۋەھشى، ياۋايى ئىنسانلار مەدەنىيەتلىك؛ گۇناھكار

ۋە شەرمەندە كىشىلەر تەقۋادار، يەنى ئاللاھ سۆيگۈسى ۋە قورقۇنچى بىلەن ياشايدىغان پەۋقۇلئاددە سالىھ ۋە قەلبى نازۇك كىشىلەر بولۇپ ئۆزگەردى.

قىز ئەۋلادىنى ئىككىلەنمەستىن تىرىك كۆمۈۋېتىدىغان تاش يۈرەك ۋە ۋەھشى تەبىئەتلىك، قول ئىلكىدىكى قۇل-چۆرىلىرىنى بىر ماددى بۇيۇم ئورنىدا كۆرۈپ، ئۇنى ئادەم قاتارىدا كۆرمەي زۇلۇم قىلىدىغان، ... بىر ئىنسانىنى تەسەۋۋۇر قىلىپ بېقىڭ. **بۇ قوپال ۋە نادان ئىنسانلار ئىسلامغا كىرىپ ھىدايەتكە ئېرىشكەندىن كېيىن، ئىلىم، ئەخلاق، ئەدەپ، ئىنسانپەرۋەرلىك قاتارلىق جەھەتلەردە پەزىلەتلەر مەدەنىيىتىنى مەيدانغا كەلتۈردى.** جاھىلىيەت زامانىدا ئىنسانپەرۋەرلىك ۋە مەدەنىيەت سەۋىيىسى جەھەتتە ئىنتايىن تۆۋەن ئورۇندا تۇرىدىغان بۇ خەلق ئىسلام ئەھكاملىرى بىلەن ياشاشقا باشلىشى بىلەنلا گۈزەل ئەخلاقتا يۈكسەك پەللىگە چىقتى.

ئەسىرلەردىن بۇيان ئىسمىنى تىلغا ئالغۇدەك بىرەر ئادەم يېتىشتۈرۈپ چىقالمىغان جاھىلىيەت جەمئىيىتى رەسۇلۇللاھ سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەمنىڭ ئىرشاد ۋە روھانىيىتى سايىسىدا ئۇلۇغ سۈپەتلەر بىلەن زىننەتلىنىپ، ئىنسانىيەتكە ئۆرنەك بولىدىغان نۇرغۇن ئابىدە شەخسىيەتلەرنى يېتىشتۈرۈپ چىقتى. ئۇلار قۇرئان ۋە سۈننەتتىن ئالغان فەيزنى ئىمان، ئىلىم ۋە ئىرفان مەشئىلى ھالىتىدە دۇنيانىڭ تۆت تەرىپىگە يەتكۈزدى. چۆلگە چۈشكەن نۇر چەكسىزلىكنى رەھمەت قاناتلىرى بىلەن قۇچاقلاپ پۈتۈن ئىنسانىيەتكە ھەقىقەت ۋە ئادالەت تارقاتتى.

ئىنسانلىق ئالىمى ئۈچۈن ئەڭ مۇكەممەل ئۆرنەك بولغان رەسۇلۇللاھنىڭ تەربىيىسىدە يېتىشكەن سائادەت ئەسرى ئىنسانلىرى بىر مەرىپەت جەمئىيىتى خەلقى ئىدى. ئۇ دەۋر چوڭقۇر تەپەككۇر دەۋرى، ئاللاھ ۋە رەسۇلۇللاھنى يېقىندىن تونۇش دەۋرى ئىدى.

ساھابە كىرام دۇنيا قارىشى ۋە غايىسىنىڭ مەركىزىگە تەۋھىد ئېتىقادىنى يەرلەشتۈردى. دۇنيا مەنپەئەتلىرىنى، نەپسانىي ئارزۇلىرىنى، قەلبىدىكى ھاۋايى-ھەۋەسلىرىنى بىر تەرەپ قىلىشقا مۇۋەپپەق بولدى. مال ۋە جان غايە بولۇشتىن چىقىپ، ۋاستە بولدى. ئىماننىڭ لەززىتى تېتىلدى. مەرھەمەت چوڭقۇرلاشتى. دىن ئۈچۈن خىزمەت قىلىش ھايات شەكلى بولدى. بۈيۈك غەيرەت ۋە پىداكارلىق بىلەن

ئىسلام شەخسىيىتى كۆرگەزمە قىلىندى. بىر ھەدىس ئېلىش ئۈچۈن ساھابىلەر بىر ئايلىق يولغا بېرىپ كەلدى. ئېتىنى ئالدىغان رىۋايەتچىنىڭ ھەدىسىنى ئالمىدى.

ئۇلار مەرت، مېھرى-شەپقەتلىك، خىزمەت ئەھلى، پىداكار، باشقىلارنىڭ ھالىغا يېتىدىغان غەمگۇزار، قەلبى ئىبادەت ئىشتىياقى بىلەن تولغان ئىدى...

ساھابە كىرامدا ئاللاھ، كائىنات ۋە نەپس توغرىسىدا يېڭى بىر دۇنيا قاراش مەيدانغا كەلدى. قۇياش كىچىك بىر ئەينەكتە ئەكس ئەتكەندەك، ئۇلارمۇ رەسۇلۇللاھنىڭ ئادىتى بىلەن ئادەتلىنىشنى ئۆزىنىڭ غايىسى قىلدى. بۇنىڭ سايىسىدا، ئۇلارنىڭ ھاياتىدا ياخشىلىق ۋە ھەقىقەت بارلىق گۈزەللىكى بىلەن، ئەسكىلىك ۋە باتىلمۇ بۇتۇن ناچارلىقى بىلەن ئايان بولدى.

ساھابە كىرام مەككىدە ئىمان ئىمتىھانىنى بېشىدىن كەچۈردى. ئىمانغا تۇسالغۇ بولىدىغان توسقۇنلۇقلارنى بىر تەرەپ قىلدى. ۋاقتى كەلگەندە جېنى ۋە مېلىنى پىدا قىلدى. مەككىدە ياشىغان ئىماننىڭ ۋەجد ۋە ھاياجىنى مەدىنىدىكى تەڭداشسىز بىر مەدەنىيەتنىڭ روھى توقۇلمىلىرىنى تەييارلىدى.

مەدىنىدە قۇرۇلغان ۋە تەخمىنەن تۆت يۈز ئائىلىدىن تەركىب تاپقان كىچىك ئىسلامىي مەھەللە دۆلىتىنىڭ چېگرىسى ئون يىلدا ئىراق ۋە پەلەستىنگە قەدەر كېڭەيدى. رەسۇلۇللاھ سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەمنىڭ ۋاپاتى ئەسناسىدا ۋىزانتىيە ۋە ئىران بىلەن ئۇرۇش بولۇۋاتاتتى. لېكىن ساھابىلەرنىڭ ئون يىل ئىلگىرىكى ئەھۋالى، مۇئامىلىسى، ياشاش ئادىتى، ھاللىق سەۋىيىسى ۋە ئۆيلىرىنىڭ چوڭ-كىچىكلىكى ئۆزگەرمىگەن ئىدى. رىيازەت ھالىتىدە ياشاشنى داۋاملاشتۇرىۋاتاتتى. ھەددىدىن ئارتۇق ئىستىمال، ئاچكۆزلۈك، ھەشەمەتچىلىك ۋە شۆھرەتپەرەسلىك ساھابىلەر تونۇمايدىغان، بىلمەيدىغان ياشاش شەكلى ئىدى. ئۇلار ھەمىشە: **«ئەتە بۇ نەپسىنىڭ ياتىدىغان ماكانى مازار بولىدۇ»** دېگەننى ئېسىدىن چىقارمايتتى. بۇ سەۋەپتىن دۇنيا نېمەتلىرىگە نەپسى ئۈچۈن قۇل بولۇشتىن، ھەددىدىن زىيادە ئىشلىتىشتىن دائىم يىراق تۇرۇپ كەلدى. ئىماننىڭ لەززىتى ۋە ھاياجىنى بىلەن بۇ نېمەتلەرنى ئىنسانلارنىڭ ھىدايەت، سائادەتكە ئېرىششى ئۈچۈن ۋاستە قىلىپ ئىشلەتتى. تۇرمۇشنى ئاللاھنىڭ رازىلىقىغا ئېرىششنى مەقسەت قىلىپ قۇرۇپ چىقتى.

دەرۋەقە، مەزلۇم، ئېزىلگەن، خورلانغان ۋە مۇستەملىكە قىلىنغان خەلقلەر ئارىسىدا ساھابىلەرنىڭ تاڭ قۇياشى كەبى تىز سۈرئەت ۋە مول نەتىجىلەر بىلەن تارقىلالىشىدىكى ئەڭ مۇھىم سەۋەبلەردىن بىرى ساھابىلەر قەدىمى تەككەنلىكى ھەر يەردە مۇكەممەل ئىسلام كىملىكىنى نامايەن قىلغان ئىدى. چۈنكى رەسۇلۇللاھنىڭ مەخسۇس ئوقۇغۇچىلىرى بولغان ساھابە كىرام ئاللاھنىڭ بەندىلىرىگە ئاللاھنىڭ شەپقەت ۋە مەرھەمەت نەزىرى بىلەن قارايدىغان، غەمگۇزار، دۇرۇست، ئادىل، مەرت، قەلبى رىسالەت نۇرى بىلەن تولغان مۇستەسنا مۆمىنلەردىن ئىدى.

ئۇلار دوستلۇقنىڭ مەركىزىگە ئاللاھ ۋە رەسۇلۇللاھنى يەرلەشتۈرگەن ئىدى. شۇڭا **ساۋاتسىز بىر خەلق مەدەنىيەتتە يۇقىرى پەللىگە چىقالىغان ئىدى.** پۈتۈن ئەس-يادى: «ئاللاھ بىزدىن نېمىنى تەلەپ قىلىدۇ؟ رەسۇلۇللاھ بىزنى قانداق كۆرۈشنى خالايدۇ؟» دېگەن ئوي-خىيالنىڭ چوڭقۇر ھاياجىنى ئىچىدە ئىدى.

ئۇلار نەپسى ئەممارەنىڭ (يامان ئىشلارغا بۇيرۇيدىغان نەپسىنىڭ)[112] شەررىدىن قۇتۇلۇپ، نەپسنى سوراقىا تارتالايدىغان مۆمىن ھالىتىگە كەلگەن ئىدى. نەپسانىي تۇيغۇلىرىنى قارغۇ قىلدى. ئىنسان تەبىئىتىدىكى ئېسىل قابىلىيەتلەرنى مۇكەممەللەشتۈرۈش ئارقىلىق ۋۇسلاتقا (ئاللاھنىڭ رازىلىقىغا ئېرىشىپ، ئۇنىڭ ۋىسالىغا يېتىشكە) قاراپ يول ئالدى. ۋەھشى ۋە ياۋايى ئىنسانلار پەرىشتە سۈپەت ھالغا كەلدى. ئىسلامدىن ئىلگىرىكى تاش يۈرەك ئۆمەر ئىسلامدىن كېيىن باغرى يۇمشاق ھەزرىتى ئۆمەر بولدى.

قىزىنى ئانىسىنىڭ قوچىقىدىن تارتىپ ئېلىپ تىرىك كۆمۈۋېتىش ئۈچۈن ئېلىپ بارغان ۋەھشى ئىنسان ئىسلامدىن كېيىن كۆزىدىن ياش قۇرىمايدىغان، باغرى يۇمشاق، مېھرىبان پەرىشتە سۈپەت ئادەم بولدى. كۆڭۈللەر بىر دەرگاھ ھالىغا كەلدى. ھېرىپ-چارچىغان نېرۋىلار ھۇزۇر ۋە تەسەللىي تاپتى. قەلبلەر تۇل خۇتۇن، يېتىم باللار ۋە ئىگە-چاقىسىزلارنىڭ پاناھلىنىدىغان يېرى، ئۆيى بولدى.

زۇلۇم ۋە جاھالەت جەھەتتە، ئەگەر ئوخشىتىشقا توغرا كەلسە، ھىندى ئوكيانىنىڭ تېگىدە تۇرغاندەك ھالەتتىكى ئىنسان رەسۇلۇللاھنىڭ قەلبى توقۇلمىسىدىن پاي ئېلىش (رەسۇلۇللاھنى ئۈرنەك قىلىش) بىلەن تەڭ ھەقىقەت ۋە ئادالەت تۇيغۇسىدا،

112ـ «نەپسى ئەممارە» ئاتالغۇسىنى چۈشىنىش ئۈچۈن يۈسۈپ سۈرىسى 53-ئايەتكە قاراڭ.

ئەخلاقى-پەزىلەت ھېسسىياتىدا، ياراتقۇچىنىڭ ھۆرمىتى ئۈچۈن يارىتىلغۇچىلارغا مېھرى-شەپقەت قىلىشتا يۇقىرى پەللىگە چىقتى.

ئۇلار قۇرئان مۆجىزىسىنىڭ بىرەر جانلىق مىسالى ئىدى. ئۇلار يەنە پاراسەت، قابىلىيەت ۋە ئىنسانىي قەدىر-قىممەتكە ۋەكىللىك قىلىشتا يۈكسەك پەللىگە چىقىپ، ئىنسانىيەتكە پەزىلەت ئابىدىسى بولغان ئىدى.

ئۇ دەۋردە مۆمىنلەرنى كامالەتكە يەتكۈزگەن ئەقىل ۋە قەلب فونكسىيىسى بۆيۈك بىر مۇۋازىنەت ئىچىدە بىرلىكتە قوللىنىلغان ئىدى (يەنى ئەقىل بىلەن قەلب بىر-بىرىگە زىت ئەمەس ئىدى). مۆمىنلەرنىڭ ھاياجان ۋە ئىلاھىي مۇھەببەت تەركىبى ھەمىشە يېڭىلىنىپ، تەپەككۇر چوڭقۇرلاشقان ئىدى. ئىنسانلار بۇ جاھاننىڭ بىر ئىمتىھان دۇنياسى ئىكەنلىكىنى ھېس قىلىپ ياشايتتى. قەلبى ئىلاھىي قۇدرەتكە ئاشىنا بولغان ئىدى. «ئەمرى بىل-مەرۇف ۋە نەھيى ئەنىل-مۇنكەر» (ياخشىلىققا ئەمر قىلىپ، يامانلىقتىن توسۇش) ئۈچۈن **جۇڭگو، سەمەرقەنتكە** سەپەر قىلغاندا ھېرىپ قالمىغان ۋە زېرىكمىگەن ئىدى. ئەبۇ ئەييۇب ئەل-ئەنسارى رەزىيەللاھۇ ئەنھۇ باشقا ئىنسانلارنىڭ ھىدايەتكە ئېرىشىشىگە ۋاستە بولۇش ۋە ئاللاھ يولىدا خىزمەت قىلىش جەھەتتە ھۇرۇنلۇق قىلماسلىق ئۈچۈن، 80 ياشقا كىرىپ قالغان بولۇشىغا قارىماستىن، ئىككى قېتىم ئىستانبۇل سەپىرىگە قاتناشقان ئىدى. چۈنكى ئاللاھنىڭ: «**...ئۆزەڭلارنى ھالاكەتكە تاشلىماڭلار!...**» دېگەن ئىلاھىي پەرمانىدىكى قاتتىق ئاگاھلاندۇرۇش دائىم يۈرىكىنى تىترىتەتتى. ئارقىسىدىن كەلگەن ئىزباسارلىرىمۇ ئىسپانىيەگە قەدەر ھىدايەت تارقىتىشتا رول ئالدى. ئۇلاردىن نەچچە ئەسىر كېيىن كەلگەن ۋە 400 ئاتلىق كىشى بىلەن ئاساس سېلىنغان ئوسمانلى دۆلىتىنىڭ دەسلەپكى ئۈچ ئەسىرىمۇ خۇددى ساھابىلەر دەۋرىنىڭ پات-پات تەكرارلىنىپ تۇرىدىغان بىر مىسالى ئىدى.

ئىلگىرى جاھالەتنىڭ زۇلمەت قاراڭغۇلۇقى ئىچىدە ياشىغان خەلق پەيغەمبىرىمىزنىڭ ئىرشادى (تەربىيىلىشى) بىلەن **«ھەقىقىي بىلگۈچىلەر»** بولدى. تەپەككۇرلەر ئېچىلدى. ئىنساننىڭ بىر تامچە سۇ (مەنى)دىن، قۇشنىڭ بىر تال تۇخۇمدىن، دەل-دەرەخ ۋە مېۋىلەرنىڭ كىچىككىنە بىر ئۇرۇقچىدىن مەيدانغا كېلىشى ۋە مۇشۇنىڭغا ئوخشاش ھېكمەتلىك ھادىسىلەر ئۈستىدە چوڭقۇر تەپەككۇر

قىلىش باشلاندى... ياشاشنىڭ غايىسى ئاللاھ رازىلىقىغا مەركەزلەشتى. مەرھەمەت، شەپقەت، ھەققەتنى تارقىتىش جەھەتتە كۆپ ئىلگىرلەشلەر بولدى.

ئەسھابى كىرام ئىسلام شەخسىيىتىنى نامايەن قىلدى. ھەر خىل پىداكارلىقتىن باش تارتماي، ھەر نەپەس ۋە ھەر ئىشتا ئاللاھ رازىلىقىنى كۆزلىدى. مۇشۇنداق بىر روھى ھالەتتە ياخشىلىقنى، گۈزەللىكنى، توغرا-دورۇستلۇقنى تەۋسىيە قىلىپ، يامانلىقتىن، ناچار سۆز-ھەرىكەتلەردىن، ئەخلاقسىزلىقتىن يىراق تۇردى. ئۇلار ئۈچۈن ھاياتنىڭ ئەڭ گۈزەل ۋە مەنىلىك ئۆتكەن دەقىقىسى ئىنسانلارغا تەۋھىد چاقىرىقىنى يەتكۈزگەن ۋاقىت ئىدى. دارغا ئېسىلىش ئالدىدا ئۆزىگە ئۈچ مىنۇت مۆھلەت بەرگەن ئىمانسىز بەدبەختكە ساھابە رەھمەت ئېيتىپ مۇنداق دېدى:

**«ھە، دېمەك تەبلىغ ئۈچۈن يەنە ئۈچ مىنۇت ۋاقتىم بار ئىكەن-دە!»**

قىسقىسى، ساھابە كىرام قۇرئان بىلەن بىرلىكتە ۋە قۇرئان ئۈچۈن ياشىدى، ھاياتىنى قۇرئانغا ئاتىدى. ئۇلار تارىختا كۆرۈلۈپ باقمىغان غەيرەت-شىجائەتنى كۆرسەتتى. قىيىن-قىستاق، زۇلۇم ۋە بېسىمغا ئۇچرىدى، لېكىن ئىماندىن قەتئىي يانمىدى. ئاللاھ نازىل قىلغان ئايەتلەرنى ھاياتىغا تەدبىقلاش ئۈچۈن مال-مۈلكىنى، يۇرتىنى تاشلاپ ھىجرەت قىلدى، بۇ يولدا ھەممە نەرسىسىنى پىدا قىلدى.

ھەر بىر ئايەتنى توغرا ئۆگىنىش ۋە شۇ بويىچە ياشاش ئۈچۈن تىرىشتى. ئەڭ خەتەرلىك چاغلاردىمۇ قۇرئاندىن ئايرىلمىدى.

پەيغەمبىرىمىز بىر سەپەر جەرياندا نۆۋەتچىلىككە تەيىنلىگەن ئابباد رەزىيەللاھۇ ئەنھۇ ناماز ئوقۇۋاتاتتى. دۈشمەنلەر ئوقيا ئېتىشقا باشلىدى. لېكىن ئابباد رەزىيەللاھۇ ئەنھۇ ئۆزىگە ئىككى، ئۈچ ئوق تەككەندىن كېيىن يەنە بىر نۆۋەتچى ھەمراھى ھەزرىتى ئەممارغا خەۋەر قىلدى. ئەممار:

- بىرىنچى ئوق تەككەندە نېمىشقا خەۋەر قىلمىدىڭ؟ - دەپ سورىغاندا:

- بىر سۈرە ئوقۇۋاتاتتىم. ئۇنى ئوقۇپ تۈگەتمەي تۇرۇپ نامىزىمنى بۇزۇشنى خالىمىدىم. ئەمما ئوقلار كەينى-كەينىدىن تېگىۋەرگەنسىرى ئوقۇشنى توختىتىپ رۇكۇغا ئېگىشتىم. ئاللاھقا قەسەم قىلىمەنكى، رەسۇلۇللاھ ساقلاشنى بۇيرىغان بۇ تاغ يولىنى دۈشمەنلەرنىڭ ئىگەللىۋېلىشىدىن ئەنسىرىمىگەن بولسام، سۈرىنى يېرىم

ئوقۇپ نامازنى توختىتىپ يۈرگىچە، ئۆلۈشنى تاللىغان بولاتتىم. ـ دەپ جاۋاب بەردى. (ئەبۇ داۋۇد: «تاھارەت»، 78\198)

ئەسھابى كىرام قۇرئاننىڭ ماھىيىتىدە بىر ھايات ياشايتتى. دىنىنىڭ ھەر ئەمرى ئۇلار ئۈچۈن شىرىن لەززەت ئىدى. نازىل بولغان ھەر ئايەت ئۇلار ئۈچۈن گويا ئاسماندىن چۈشكەن بىر زىياپەت داستىخىنى كەبى ئىدى. ئۇلارنىڭ تىرىشچانلىقى قۇرئاننى چۈشىنىش، شۇ بويىچە ياشاش ۋە گۈزەل نەمۇنە بولۇش ئۈچۈن ئىدى.

نىكاھ ئەسناسىدا بىر ئايال ساھابە ئېرىنىڭ ئۆزىگە قۇرئاندىن بىلىدىغان سۈرىلەرنى ئۆگىتىشىنى مەھرى بەدىلى سۈپىتىدە تەلەپ قىلغان ئىدى. بۇمۇ ئۇلارنىڭ قانچىلىك بىر ئىمان ھاياجىنى ئىچىدە ئىكەنلىكىنى كۆرسىتىدىغان پەزىلەت جەدۋىلىدۇر. (بۇخارى: «نىكاھ»، 6،32،35، «فەدائىلۇل-قۇرئان» 21،22؛ مۇسلىم: «نىكاھ»،76)

ئۇ ساھابىلەر كېچىسى راھەت ئۇخلاشنىڭ ئورنىغا كېچىسى ئورنىدىن تۇرۇپ ناماز ئوقۇيتتى، سەھەرلەردە دۇئا، زىكىر بىلەن مەشغۇل بولاتتى، قۇرئان ئوقۇيتتى. ھەتتا كېچە قاراڭغۇدا ئۇلارنىڭ ئۆيىنىڭ يېنىدىن ئۆتكەنلەر ھەرە غوڭۇلدىغاندەك زىكىر ۋە قۇرئان نەغمىلىرىنى ئاڭلاپ قالاتتى. پەيغەمبىرىمىز ئۇلارغا ئەڭ قىيىن شارائىتلاردىمۇ قۇرئان تەلىم بېرەتتى.

ئەبۇ تەلھا رەزىيەللاھۇ ئەنھۇ بىر كۈنى پەيغەمبىرىمىزنىڭ ئۆرە تۇرغان ئەسھابى سۇففەگە قۇرئان ئۆگىتىۋاتقانلىقىنى كۆردى. ئۇ رەسۇلۇللاھ ئاچلىقتىن ئېگىلىپ كەتكەن بېلىنى رۇسلاش ئۈچۈن قورسىقىغا تاش تېڭىۋالغان ئىدى. (ئەبۇ نۇئايىم: «ھىلىيە»، 1-جىلد، 342)

ئۇلارنىڭ ئەڭ مۇھىم مەشغۇلىيىتى ئاللاھنىڭ كىتابىنى مۇلاھىزە قىلىش، ئۆگىنىش ۋە ھېكمەت تەجەللىلىرىگە نائىل بولۇش ئۈچۈن تىرىشىش، شۇ بويىچە ئەمەل قىلىش ئىدى. ھاياتنىڭ لەززىتىنى قۇرئاننى تەكرار ئوقۇش، ئاڭلاش ۋە ئۇنىڭغا رىئايە قىلىپ ياشاش ئارقىلىق تاپاتتى.

ساھابە كىرام رەسۇلۇللاھنى ئۈرنەك قىلدى. نەھايەتتە مەدىنە مۇنەۋۋەر قۇرئاننى يادقا بىلىدىغان ھافىز (قارى) ۋە ئالىملار بىلەن تولدى.

ساھابىلەرنىڭ دىققىتىنى قۇرئانى-كەرىمگە بۇرىغان ئامىللار قايسىلار؟

- ئۇلار ساۋاتسىز بولۇپ، ھېچقانداق بىر مەدەنىيەتنىڭ تەسىرى ئاستىدا قالمىغان ئىدى. كېيىن پۈتۈن زېھنى كۈچىنى يىغىپ قۇرئانى-كەرىم ئۆگىنىشكە باشلىدى.

شۇنىڭ بىلەن يوْكسەك پەللىدىكى بىر مەدەنىيەت بارلىققا كەلدى. بۇ مەدەنىيەت زۇلۇم ۋە ئادالەتسىزلىكنىڭ يولىنى كەستى، بارلىق مەخلۇقاتقا ھۇزۇر ئىچىدە ياشاش ھوقۇقى بەردى.

- قۇرئان ئايەتلىرىنىڭ پەيدىنپەي نازىل بولۇشى ئۇنىڭ يادقا ئېلىنىشى ۋە تەدبىقلىنىشىنى ئاسانلاشتۇردى، تەدرىجى بىر مائارىپ بولدى.

- نامازدا قۇرئان ئوقۇشنىڭ پەرز قىلىنىشى ئۇلار ئۈچۈن دائىملىق قۇرئان تەكرارى بولدى، شۇنىڭ بىلەن قۇرئان بىلەن بولغان ئۈلپەتداشلىق تېخىمۇ كۈچەيدى.

- ئوتتۇرىغا قويغان ھۆكۈم ۋە قىلغان ئەمەللىرىنىڭ توغرا بولۇشى ئۈچۈن قۇرئان قىسسىلىرىدىن ئىبرەت ئالدى.

شۇنداق قىلىپ، قۇرئان قىسقا ۋاقىت ئىچىدە ئوتتۇرىغا چىقارغان سائادەت ئەسرى جەمئىيىتى مۇشۇنداق بىر دەۋر بولدى. پۈتۈن دۇنيا ئۇ ئەسرنىڭ تاللانغان، سەرخىل خەلقىگە ھەيرانلىق ئىلكىدە قاراپ قالدى. كۈنىمىزدىمۇ تېخىچە ھەيرانلىقنى ئىزھار قىلماقتا.

ئەجىبا 21-ئەسىردە دۇنيادىكى پۈتكۈل پسىخولوگ، جەمئىيەتشۇناس، پېداگوگ، سوتسيال ئانتروپولوگ، پەيلاسوپ، جەمئىيەت ئېنژېنېرلىرى ۋە مۇشۇلارغا ئوخشايدىغان كەسىپ ئەھلى بىر يەرگە يىغىلسا، سائادەت ئەسرى جەمئىيىتىدىكى خەلقلەرگە ئوخشاش ئۈلۈغ خىسلەتلەرگە ئىگە بىر قانچە ئىنساننى تەربىيىلەپ چىقالارمۇ؟

ئىسلام فىقھشۇناسلىق ئىلمىنىڭ ئەڭ مۇھىم سىمالىرىدىن بىرى بولغان **قارافىي** (ۋاپاتى: 684) مۇنداق دېگەن:

«ئەگەر رەسۇلۇللاھ سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەمنىڭ باشقا ھېچقانداق مۆجىزىسى بولمىغان بولسا ئىدى، ئۇ يېتىشتۈرۈپ چىققان ئەسھابى كىرامنىڭ ئۆزىلا ئۇنىڭ پەيغەمبەرلىكىنى ئىسپاتلاشقا يېتىپ ئاشقان بولاتتى.»

سائادەت ئەسرىنى مەيدانغا كەلتۈرگەن قۇرئانى-كەرىم كۈنىمىزدىمۇ يېڭىلىقى، تەسىرى ۋە كۈچىنى داۋاملاشتۇرىۋاتىدۇ. قۇرئانغا مەھكەم ئېسىلغان خەلق ھەمىشە گۈللەپ ياشنىماقتا، ئۇنىڭغا سەل قارىغان ۋە تەرك قىلغانلار بولسا پەرىشان بولماقتا. دەرۋەقە، قۇرئاننىڭ ئادالەت ۋە ھۆررىيەت پرىنسىپلىرىنى تەتقىق قىلغان **لا فايەتتې** (ۋاپاتى: 1834) پەيغەمبىرىمىزنى كۆزدە تۇتۇپ:

«ئەي شانلىق ئەرەپ! سېنى قانچىلىك تەقدىرلىسەك، ئازدۇر! چۈنكى سەن ئادالەتنىڭ نەق ئۆزىنى تاپقان ئىكەنسەن!» دەپ ھەيرانلىقىنى ئېيتقان. (مىراس، «تەجرىدى سارىھ تەرجىمىسى»، 9-جىلد، 289)

بۇنىڭ بىلەن بىرلىكتە، ئەقلىلىرى ۋەھيى بىلەن تەربىيىلەنمىگەن پەيلاسوپلارنىڭ ئىجتىمائىي ھۇزۇر ۋە خاتىرجەملىك بىلەن ئەخلاق نامىغا ئاتاپ يازغان ئىجابىي ياكى سەلبىي پىكىرلىك ئەسەرلىرى بولسا ئومۇمەن كۆتۈپخانىلارنىڭ چاڭ-توزاڭ باسقان ئىشكاپلىرىدا ساقلىنىپ قالغان، ئەمەلىي تۇرمۇشقا تەدبىقلانغانلىرىنىڭمۇ ئۆمرى ئىنتايىن قىسقا بولغان. دېمىسىمۇ بۇ پەيلاسوپلار ئۆزىنىڭ ئېيتقانلىرىنى ئۆز ھاياتىدا ياكى پىكىرىنى قوللايدىغان باشقا ئىنسانلار ئارىسىدا ئۆرنەكلەندۈرەلمىگەن. ئۇلارنىڭ ئېيتقانلىرى پەقەتلا نەزىرىيە پېتى قالغان.

مەسىلەن: ئارىستوتېل گەرچە ئەخلاق پەلسەپىسىنىڭ بىر قىسىم قائىدە-قانۇنلىرىنىڭ ئاساسىنى تۇرغۇزغان بولسىمۇ، ئىلاھىي ۋەھيىدىن يىراق بولغانلىقى ئۈچۈن، ئۇنىڭ پەلسەپىسىگە ئىشىنىپ، ھاياتىغا تەدبىقلاپ بەختلىك بولغان بىرمۇ كىشىنى كۆرەلمەيمىز. يەنە فارابىنىڭ ئۆزى خىيال قىلغان «غايىۋى دۆلەت» («گۈزەللىك شەھرى ۋە كۆڭۈلدىكىدەك جەمئىيەت») ھەققىدىكى پىكىرلىرىنى ئۆز ئىچىگە ئالغان ئەڭ مۇھىم ئەسىرى «ئەل-مەدىنەتۇل فادىلا: پەزىلەتلەر شەھرى»مۇ ھېچقانداق تەدبىقلىنىش شارائىتىغا ئېرىشەلمىگەن. ئوتتۇرىغا قويغان پىكىرلىرى كىتاب ۋاراقلىرى ئىچىدىن سىرتقا چىقالمىغان، قەغەز يۈزىدىلا قالغان. قەغەزلەر قۇرت-قوڭغۇز، كۈيىلەرنىڭ ئاشقازىنىدا يەم بولغان. چۈنكى بۇلار ئەمەلىي ھاياتتا تەدبىقلاپ ئېيتىلغان ۋە ئاللاھنىڭ ئىرادىسىگە مۇۋاپىق ئىلاھىي مەنبەلىك پىكىرلەر ئەمەس ئىدى.

## ت. نازىل قىلىنىش ۋاقتى جەھەتتە مۆجىزە بولۇشى

بىز ياشاۋاتقان پەن-تېخنىكا دەۋرىدە تېخىمۇ ئېنىق ئايان بولدىكى، قۇرئاننىڭ ئەڭ مۇھىم مۆجىزىلىرىدىن بىرى: ئۇنىڭ ئەۋەتىلىش ۋاقتىنىڭ نەقەدەر مۇكەممەل ھالدا ئورۇنلاشتۇرۇلغانلىقىدۇر.

قۇرئان ۋە پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام شۇنداق بىر ۋاقىتتا ئەۋەتىلگەنكى، پەيغەمبەر بۇنىڭدىن ئىلگىرى ئەۋەتىلگەن بولسا ئەقىل-پاراسەت قۇرئان ئۈيۈقىغا

يېتەلمەيدىغان بىر ۋاقىتقا توغرا كەلگەن بولاتتى. ئەگەر كېيىنرەك ئەۋەتىلگەن بولسا، مۆجىزىلەر گويا ئىنسان يازغان بىر ئەسەردىن كەلگەن ياكى ئىلىم ئەھلى تەرىپىدىن ئوتتۇرىغا قويۇلغاندەك كۆرۈنگەن بولاتتى. ئەمما بۇنداق بولمىدى. ئۇلۇغ قۇدرەت تەرىپىدىن پەقەتلا ئۆز زاتى سۈپەتلىرىدىلا تېپىلىدىغان ئەڭ مۇۋاپىق بىر ۋاقىتقا توغرىلاندى. چەكسىز ئىلىم ئىگىسى بولغان ئاللاھ قۇرئان ۋە پەيغەمبەرنى ئەڭ ئۇيغۇن بىر ۋاقىتتا ئىنسانلارغا تەقدىم قىلدى.

شۇڭا قۇرئان قىيامەتكىچە داۋام قىلىدىغان ئەبەدى مۆجىزىدۇر.

ئۇ 1400 يىل ئىلگىرى بىر بەدەۋىنىگمۇ ئارزۇ قىلغىنىنى بېرىپ، كۆڭلىنى خاتىرجەم قىلىش بىلەن بىرگە ھاياتىنى ئەڭ ئەۋزەل شەكىلدە تەرتىپكە سالغان ئىدى. كۈنىمىزدىمۇ ئەڭ يۇقىرى سەۋىيەدىكى ئىلىم ئەھلىنىڭ بىلىمىنى ئۆز ئىچىگە ئالىدىغان مەلۇماتلارنى ۋاقتى كەلگەندە پىلانلىق ئوتتۇرىغا قويۇپ، ئىنسانلارنى ھەيرانلىقتا قالدۇرۇپ ئۆزىگە رام قىلماقتا. چۈنكى ئۇ قىيامەتكىچە مەيدانغا كېلىدىغان پۈتكۈل ئىلمى تەرەققىياتلارغا رەھبەرلىك قىلالايدىغان ئەڭ مۇكەممەل بىلىملەر بىلەن تولغاندۇر. شۇڭا بۇندىن كېيىن بايقىلىدىغان ئىلمي كەشپىياتلارنىڭ قۇرئاندىكى ئىشارىتىنى چوقۇم كۆرىمىز.

قۇرئاندىكى مۆجىزىۋى مەلۇماتلارغا ئىلمىي تەتقىقاتلار بىلەن تېخىمۇ يېقىنلاشقىلى بولىدىغانلىقى ئايەتلەردە كۆرسىتىلگەن بىر مۆجىزە بولۇپ، بۇ ئاللاھنىڭ ۋەدىسىدۇر. قۇرئاندىكى بۇ پەۋقۇلئاددە ئەھۋاللار ئىلاھى ۋەدە بويىچە ئۇلۇغ ھەقىقەتلەرنىڭ ۋاقتى كەلگەندە ئوتتۇرىغا چىققانلىقىدۇر. ئاللاھتائالا مۇنداق دېگەن:

**«ئۇلارغا بىز تاكى ئۇلارغا قۇرئاننىڭ ھەق ئىكەنلىكى ئېنىق بولغىچە، ئۇپۇقتىكى (ئاسمان-زېمىن ئەتراپىدىكى) ۋە ئۆز نەپسلىرىدىكى (قۇدرىتىمىزگە دالالەت قىلىدىغان) ئالامەتلەرنى كۆرسىتىمىز، پەرۋەردىگارىڭنىڭ ھەممە نەرسىنى كۆرۈپ تۇرىدىغانلىقى (سېنىڭ راستلىقىڭنىڭ دەلىلى بولۇشقا) ئۇلارغا كۇپايە ئەمەسمۇ؟»** (فۇسسىلەت سۈرىسى، 53-ئايەت)

ئايەتتىكى **«ئۇپۇقلار»** كەلىمىسىدىن ئىنساننى ئوراپ تۇرىدىغان تاشقى ئالەمنى، **«ئۆز نەپسلىرى»** ئىپادىسىدىنمۇ ئىنساننىڭ بىئولوگىيىلىك ۋە روھى قۇرۇلمىسىنى چۈشىنىۋېلىش مۇمكىندۇر. بۇنداقتا ئايەتنىڭ مەنىسى:

**«بىز ئىنسانغا ئۆزىنى ئۇراپ تۇرىدىغان تاشقى دۇنيادا ھەم بىۋاستە ئۇنىڭ ماددى ۋە روھى شەكلىدە بار بولغان بىزنىڭ مەۋجۇتلۇقىمىز ۋە كۈچىمىزنىڭ مۇكەممەللىكىنى ئىسپاتلايدىغان دەلىللەرنى ۋاقتى كەلگەندە كۆرسىتىمىز!»** دېگەنلىك بولىدۇ.

ئەسمائى ئىلاھىيە (ئاللاھنىڭ گۈزەل ئىسىملىرى)نىڭ ئەمىلىيەتتىكى تەجەللىسى بولغان كائىنات بۈيۈك ئالەم (ئالەمى كۇبرا)، ئەسمانىڭ تەجەللىلىرى جەم بولغان بىر بەدىئىي ئىجادىيەت بولغان ئىنسان كىچىك ئالەم (ئالەمى سۇغرا) دېيىلىدۇ. بۇ ئىككى ئالەم بىلەن مۇناسىۋەتلىك ئىلىم بايقىغان ۋە ئەقىل-پاراسەتنى توختۇتۇپ قويىدىغان ماددى ۋە مەنىۋى بىلىملەر ئىنسانغا ئۆز ئاجىزلىقىنى تونۇتۇپ، **مَنْ عَرَفَ نَفْسَهُ فَقَدْ عَرَفَ رَبَّهُ:** «نەپسىنى بىلگۈچى رەببىنى بىلەلەيدۇ» دېگەن سىرنى ئوتتۇرىغا قويۇۋاتىدۇ. ھەق ئاشىقى يۇنۇس:

**«ئىلىمنىڭ بېشى ۋە ئاخىرى ئىنساننىڭ ئۆز-ئۆزىنى بىلىشىدۇر!...»** دەپ ناھايىتى توغرا ئېيتقان.

ۋۇجۇدىمىزدىكى ھەر مېخانىزم، ھەر شۆبە ۋە ھەر ئەزانىڭ ئايرىم-ئايرىم ئەمما بىر-بىرى بىلەن ئىنتايىن ماس ھالدا ئىشلەۋاتقانلىقى ئاللاھنىڭ ئىلاھىي سەنئىتىنىڭ ئوچۇق نامايەندىسىدۇر. بۇلارنىڭ ئىشلىشى بىزنىڭ ئىرادىمىزگە باغلىق بولغان بولسا ئىدى، ھەر كۈنى، ھەر سائەتتە قانچىلىك كاشىلا چىقىراتتۇقكىن-تاڭ؟! بۇ جەھەتتە كاشىلا چىقارمىغان تەقدىردىمۇ، ئۇخلاپ قالغان ۋاقتىمىزدا بەلكىم ھاياتىمىزنى يۇقتىپ قويىشىمىز مۇمكىن ئىدى...

بۇ ھەقتە ئاللاھتائالا مۇنداق دەيدۇ:

**«ئۇلار: ‹نېمىشقا ئۇنىڭغا پەرۋەردىگارىدىن مۆجىزىلەر نازىل قىلىنمايدۇ؟› دېدى. ئېيتقىنكى، ‹مۆجىزىلەر ھەقىقەتەن ئاللاھنىڭ دەرگاھىدىدۇر** (مېنىڭ قولۇمدا ئەمەستۇر)**، مەن پەقەت بىر ئاشكارا ئاگاھلاندۇرغۇچىمەن› . بىزنىڭ ساڭا ئۇلارغا تىلاۋەت قىلىنىپ تۇرىدىغان كىتابنى نازىل قىلغانلىقىمىز ئۇلارغا** (مۆجىزە بولۇشقا) **كۇپايە قىلمىدىمۇ؟ بۇ كىتابتا ئىمان ئېيتقان قەۋم ئۈچۈن شەك-شۈبھىسىز رەھمەت ۋە ئىبرەت بار.»** (ئەنكەبۇت سۈرىسى 50-51-ئايەتلەر)

**«ئۇلار** (ھەقنى تونۇش ئۈچۈن) **قۇرئاننى تەپەككۇر قىلمامدۇ؟ ياكى ئۇلارنىڭ دىللىرىدا قاتمۇ-قات قۇلۇپ بارمۇ؟»** (مۇھەممەد سۈرىسى 24-ئايەت)

ئىلاھى قۇدرەت ۋە سەلتەنەت ئالدىدا ئىنساننىڭ ئۆز ئاجىزلىقى، يوقلۇقى ۋە بىچارىلىگىنى ھېس قىلالىشى شۈبھىسىز ئۇنىڭغا مەرىپەتۇللاھتىن بىر ئۇپۇق ئاچىدۇ. ئاللاھقا ۋاسىل بولۇش (يېتىپ بېرىش) يولىغا باشلايدۇ.

قەتئىي ئۇنۇتماسلىق كېرەككى، قۇرئان بايان قىلغان ھەقىقەتلەر ۋاقتى كەلگەندە پۈتكۈل ئىنسانىيەتنىڭ كۆز ئالدىدا بىر-بىرلەپ ئوتتۇرىغا چىقىپ، ئىنسانلارنى ھەيران قالدۇرغانغا ئوخشاش، ئۆلۈمدىن كېيىنكى ھاياتقا مۇناسىۋەتلىك مەلۇماتلارمۇ مۇتلەق ئوتتۇرىغا چىقىدۇ. ئەلۋەتتە تىرىلىش، مەھشەر، ھېساب، مىزان، جەننەت، جەھەننەم ۋە باشقا ئاخىرەت ئەھۋالى مەلۇماتلىرىمۇ راست ۋە ھەقىقەتتۇر.

بو پانى (ۋاقىتلىق) دۇنيادىن كېرەكلىك ئىبرەت ئېلىپ، مەنىۋىيىتىنى قۇرئان ۋە سۈننەتنىڭ روھى بىلەن بېيىتىپ، ئەبەدى ھاياتقا كۈچىنىڭ يېتىشىچە تەييارلىنىپ، ئاللاھقا سەمىمى قەلب بىلەن كەلگەن كىشىلەر نېمە دېگەن بەختلىك -ھە!

# خاتىمە

ئىسلام ئالەمشۇمۇل بىر دۇنيا قاراش بولغانلىقى ئۈچۈن ئۇنىڭ ماھىيىتىدە ئىنسان ھاياتىنى تەرتىپكە سالىدىغان قانۇنى، ئەخلاقى، ئىقتىسادى قاتارلىق ساھەلەرگە ئالاقىدار قائىدە-قانۇنىيەت ۋە تۈزۈملەرنىڭ بولىشى تەبىئى ئەھۋالدۇر. بۇ تۈزۈملەر ئاددىيسىدىن مۇكەممىلىگىچە، كىچىكىدىن چوڭىغىچە پۈتكۈل مەسىلىلەرنى ئۆزئىچىگە ئالغان. بۇلاردىن بىر قىسمى ھەممە ئادەمگە مۇناسىۋەتلىك بولغان ئاددى ۋە دۇنياغا ئائىت مەسىلىلەر بولسا، يەنە بەزىلىرى يۇقىرى سەۋىيىلىك كىشىلەرنى ھەيران قالدۇرىدىغان مۆجىزىلەر ۋە سىرلار ئالەمگە ئائىت ھەقىقەتلەردۇر. يۇقىرىقى مەسىلىلەرنى ئۇقۇرمەنلەرگە كىتاب شەكلىدە سونۇشنىڭ قانچىلىك مۈشكۈللۈكىنى سۆزلەپ ئولتۇرمىساقمۇ بولىدۇ.

قارىماققا بۇ ئىش تاققا يامىشىش ۋە ئېگىز چوققىلاردا سۇسىز قېلىشقا رازى بولۇش دېگەنگە ئوخشايدۇ. مۇھەققەقكى، بۇنداق كۆپ ۋە يېگانە ھەقىقەتلەرنى ئەقىل، بىلىم ۋە تىلنىڭ كۈچى نىسبىتىدە ئوتتۇرىغا قويۇشقا ئۇرۇنۇش كۆپ قىسىم ئىنسانلارنىڭ ۋاز كېچەلمىگەن مەشغۇلىيىتى بولىسمۇ، ئەمما بۇنىڭدا كامىل مەنادا مۇۋاپپىقىيەتكە ئېرىشىش مۇمكىن ئەمەستۇر. يەنە بىر تەرەپتىن بۇ مەسىلىلەرگە ئىنساننىڭ كۈچى، تاقىتى يەتمىگەنلىكى ئۈچۈن: «بىر نەرسىنىڭ ھەممىسىنى قولغا كەلتۈرگىلى بولمايدىكەن دەپلا قولغا كەلتۈرگەنلەردىن ۋاز كېچىش كېرەك ئەمەس.» ئىسلام ھۆكۈملىرىگە رىئايە قىلغان ئاساستا ھەرىكەت قىلىش كېرەك. بۇ جەھەتتە ھۆرمەتلىك ئۇقۇرمەنلىرىمىزدىن بىزنى قائىدىگە رىئايە قىلغان دەپ ئويلاپ، ئىزاھات ۋە بايان قىلىشتىكى كەمچىلىگىمىزنى ئەپۇ قىلىشنى سورايمىز.

يەنە شۇنىمۇ ئېيتىپ ئۆتۈش كېرەككى، ئىنسانى ئەقىل ۋە مۇھاكىمىلەر بۇ دۇنيادىن ئالغان تەسىراتىمىز بىلەنلا كۇپايە قىلىدۇ. بۇ جەھەتتىن كۆرۈش ئىمكانىسىز بولغان ھەقىقەتلەرنى خاتالاشماي، توغرا ئىزاھلاپ بېرىش مۇمكىن بولمىغاندەك، يارىتىلىش مۆجىزىسى بولغان «پەخرى كائىنات سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم»نىڭ

ھەقىقەتتى ۋە ئۇ قىيامەتكە قەدەر داۋاملىشىدىغان ئەڭ چوڭ مۆجىزە سۈپىتىدە ئېلىپ كەلگەن قۇرئانى-كەرىمنى ئىنسان تاقىتى بىلەن پۈتكۈل سىرلىرىنى كامىل مەنادا چۈشەندۈرۈش ۋە ئىزاھلاشمۇ مۇمكىن ئەمەستۇر.

ئەمىلىيەتتە، جەننەت ۋە جەھەننەم تەسۋىرى پەقەتلا ماھىيىتى ئاللاھتائالاغا مەلۇم بولغان ئەھۋالنىڭ بىزنىڭ ئەقلىمىزدىكى كۆرۈنۈشىدىن ئىبارەتتۇر. دىنىنىڭ پۈتكۈل مېتافىزىك ھەقىقەتلىرى توغرىسىدا بېرىلگەن باھالار توغرىدۇر، ئەمما كەمدۇر. توغرا بولۇشىنىڭ سەۋەبى دۇنيادىن ئېلىنغان تەسىراتلارغا نىسبەتەن ئىزاھلىنىشى ۋە ئەقىل يەرگۈزىلىشى پەقەتلا مۇشۇنچىلىكتۇر. (يەنى چەكلىكتۇر). كەم دېيىلىشىنىڭ سەۋەبى، چۈنكى بۇ ئالەمدە بىز كۆرگەن، كۆرۈنۈشى بىر-بىرىگە ئوخشمايدىغان ھالەتلەرنى ئۆزئارا سېلىشتۇرىدىغان بولساق، ئۇلارنىڭ ماھىيىتى ئارىسىدا ئاسمان-زېمىن پەرق بارلىقىنى ھېس قىلالايمىز. شۇڭا ئوخشاشتەك كۆرۈنگەن نەرسىگە بىر خىل ھۆكۈم چىقىرىشتا باشقىچە ئىدراك، زېھىن ۋە ئىمكانىيىتى بىلەن ئۇيغۇن بولغان ۋاستىلارغا ئېھتىياج باردۇر. مەسىلەن: «رۇئيەتى جامالۇللاھ» (ئاللاھنىڭ جامالى)... ئاخىرەتتە مۆئمىنلەرگە نېسىپ بولىدىغان بۇ ئەھۋالنىڭ «رۇئيەت» كەلىمىسى ئىچىدىكى ئىپادىسى كەم ئەمەسمۇ؟ چارىسىزلىك ئىچىدە كەم دەيمىز، ئەمما بۇنى ئىزاھلاشقا مەجبۇر قالىمىز.

ھەقىقەت ئوكيانغا ئوخشاش بىپايان بولسىمۇ، ئىنسانلارنىڭ ئۇنىڭدىن سۇغا سالغان بىر قاچىنىڭ ھەجمىدىن كۆپ سۇ ئالالىشى مۇمكىن ئەمەس! بىر پىيالىغا بىر دەريا سۈيىنىڭ ھەممىسىنى قۇيۇش مۇمكىن بولمىغاندەك. تىلىمۇ بىر قاچىغا ئوخشايدۇ، مېڭىمۇ بىر قاچا، كۆرىدىغان كۆزمۇ بىر قاچا... ھەممىسى ئىلاھىي قۇدرەت ۋە ئۇلۇغلۇقنىڭ تولۇق ئىدراك قىلىنىشى جەھەتتە ئاجىزلىققا مەھكۇم!...

چۈنكى ئاللاھ ئىنساننىڭ ئەقلى يەتمەيدىغان قۇدرىتىنى مۇنداق تەسۋىرلىگەن:

**«ئەگەر يەر يۈزىدىكى دەرەخلەرنىڭ ھەممىسى قەلەم بولغان، دېڭىز** (سىيا) **بولغان، ئۇنىڭغا يەنە يەتتە دېڭىز** (نىڭ سىياسى) **قوشۇلغان تەقدىردىمۇ ئاللاھنىڭ سۆزلىرىنى** (يېزىپ) **تۈگەتكىلى بولمايدۇ، ئاللاھ ھەقىقەتەن غالىبتۇر، ھېكمەت بىلەن ئىش قىلغۇچىدۇر.»** (لوقمان سۈرىسى 27-ئايەت)

ئۇيلاش كېرەك، سان-ساناقسىز ئىلاھى سەلتەنەت ۋە قۇدرەت ئالدىدا ئىنساننىڭ قاچىسىنىڭ ھەجمى قانچىلىكتۇر؟

يەنە بىر تەرەپتىن ئەقىل-پاراسەت ۋە ئىزاھاتلارنىڭ يېتەرسىزلىكى تۈپەيلىدىن ھەقىقەتكە زىيان يېتىپ قالمايدىغۇ! ...

شۇڭا ھەقىقەتنى بايان قىلىشتىكى ئەڭ بۈيۈك ئىمكانىيەتكە ئىگە بولغان سۈكۈتكە قايتىپ، سۆزىمىزنى بۇ يەردە توختىتىشقا مەجبۇرمىز...

كائىناتنىڭ پەخرى مۇھەممەد سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەمنىڭ ئەخلاقىنى ئۆزىمىزگە ئۆرنەك قىلىشتىن باشقا چارىمىز يوقتۇر. پۈتكۈل چارىسىزلارنىڭ يېگانە چارىسى ئاللاھتائالادۇر.

**ئاجىزلىق ئوكيانىدا بىزنى قۇتقاز يارەببى! ...**
**بىزگە رەھبەرلىك قىل ئەي رەسۇلۇللاھ!...**

# تۆركچىدىن ئۇيغۇرچىلاشتۇرغۇچىنىڭ سۆزى

ئەسسالام مۆھتەرەم ئوقۇرمەنلەر!

كەمىنە بۇ كىتابنىڭ مۇئەللىپى ئوسمان نۇرى توپباش غوجا ئەپەندىنى تونۇغان چېغىمدىلا ئۇنىڭ كىتابلىرىنى ئۇيغۇرچىلاشتۇرۇشقا نىيەت قىلغان ئىدىم. سەۋەبى: ئۇنىڭ ئاددى تىل بىلەن ئېيتقان چۈشىنىشلىك سۆزلىرىدىكى چوڭقۇر مەنا مېنى ئىختىيارسىز قايىل قىلغان ئىدى. قۇرۇق نەزىرىيە سۆزلىمەيتتى. دەۋاتقانلىرى ئۆزىنىڭ ھاياتىدا ياشاۋاتقانلىرى ئىدى. ئىسلامنىڭ شەكلىگىلا ئەمەس، ماھىيىتىگە بەكراق ئېتىۋار بېرىشنى تەكىتلەيتتى. ئۆزى ۋە ئەتراپىدىكىلەر مۇشۇنىڭغا ئەمەل قىلىپ ياشايتتى. بىر قېتىم ئۇنىڭ بىلەن يۈز كۆرۈشكەن ۋاقتىمىزدا ئىسلامغا يېڭىدىن قىزىقىۋاتقان بىرەيلەن ئۇنىڭدىن:

- ئاللاھنىڭ بارلىقىنى قانداق بىلىمىز؟ - دەپ سورىغاندا، ئۇ:

- تەبىئەت دۇنياسىدىكى ھەر قانداق بىر شەيئى ئۆزىنىڭ ياراتقۇچىسىنىڭ بارلىقىغا بىر دەلىلدۇر. ماۋۇ تەشتەكتىكى پورەكلەپ ئېچىلغان چىرايلىق گۈلنى توپراق ياراتقان، ئۇ توپراقنىڭ مەھسۇلى دېيىشكە بولامدۇ؟! توپراقنىڭ شۇنداق قابىلىيىتى بارمۇ؟ ئەگەر شۇنداق قابىلىيىتى بولسا، نېمىشقا ئوخشاش توپراقتىن ھەر خىل زىرائەتلەر ئۈنۈپ چىقىدۇ؟... بىلىنگەنلەردىن بىلىنمىگەنلەرگە قاراپ ئىلگىرلەپ تەتقىق قىلغاندا كائىناتتىن ئىبارەت بۇ كاتتا ئەسەرنىڭ مۇتلەق بىر ئاپتۇرىنىڭ بارلىقىنى بىلگىلى بولىدۇ. ئاللاھنىڭ يوقلۇقىنى ئىسپاتلاش ئاللاھنىڭ بارلىقىنى ئىسپاتلاشقا قارىغاندا تېخىمۇ قىيىن.

- ئەقلىمىز بىلەنلا ھەممىنى بىلگىلى بولامدۇ؟

- بولمايدۇ. بىز سەۋەب-نەتىجە مۇناسىۋىتىنى بويلاپ تەھلىل قىلىپ ئىلگىرلەيمىز. ئەمما ئىنسان ئەقلى چەكلىك بولغاچقا، مەلۇم نوقتىغا بارغاندا توختاپ قالىمىز. بۇ چاغدا پەيغەمبەرلەر ئېلىپ كەلگەن ۋەھىيگە مۇراجىئەت قىلىشتىن باشقا چارە تاپالمايمىز. ئاددى بىر مىسال: ئاسماندا ئۇچۇپ كېتىۋاتقان ئايرۇپىلانغا مۇشۇ

يەردە تۇرۇپ قارايدىغان بولساق، كۆزىمىزگە كىچىك ئالقانچىلىكلا كۆرۈنىدۇ. ئەمەلىيەتتە، ئۇ ئۇنداق كىچىك ئەمەس. ئىنساننىڭ كۆزۈتىشى، تەسەۋۋۇرى، ئەقلى ھەممە نەرسىنى دەل، تولۇق، توغرا ئىپادىلەپ بېرىشكە ئاجىزلىق قىلىدۇ. شۇڭا پەيغەمبەرگە، ۋەھيىگە ئېھتىياجىمىز بار.

- دۇنيادىكى ئادالەتسىزلىكلەرگە قانداق بەرداشلىق بېرىمىز؟ ئاللاھ نېمىشقا شۇنداق ياراتقان؟

- بىزنىڭ ۋەزىپىمىز ئۆزىمىزنىڭ مەسئۇلىيەت دائىرىمىزدىكى ئىشلارنى ياخشى قىلىش، ياخشى ئىنسان بولۇش. ئاللاھ ياراتقان ئىشلاردىن ھېساب سوراشقا ھەققىمىز يوقتۇر. مەسىلەن: بىر خوجايىننىڭ ئىككى خىزمەتچىسى بار بولسا، بىر كۈنى بۇ ئىككىسىنى چاقىرىپ، بىرىگە 20 يۈەن، يەنە بىرىگە بىر يۈەن پۇل بەرسە، (بۇ ئىككى خىزمەتچى بۇ پۇل ئۈچۈن ئىشلىمىگەن ئەھۋال ئاستىدا) ئاز ئالغىنى خوجايىننى نېمىشقا ئۇنىڭغا جىق، ماڭا ئاز بېرىسەن؟ دەپ سوراققا تارتسا بولامدۇ؟ خوجايىن ئۇلارنى ئىشقا سالماي تۇرۇپلا شۇنداق بەرگەن. قايسىسىغا كۆپ، قايسىسىغا ئاز بېرىش ئۆزىنىڭ ئىختىيارى. ئاللاھ ئادالەتلىكتۇر. بۇ دۇنيا ئىمتىھان دۇنياسى بولغاچقا، بىز ماھىيىتىنى بىلمىگەن ئىشلاردا ئاللاھ ھەققىدە قالايمىقان خىياللاردا بولساق توغرا بولمايدۇ.

بۇنىڭغا ئوخشاش پاراڭلار نۇرغۇن. بۇلارنى ئاڭلىغان نەق مەيداندا ناھايىتى قايىل بولساممۇ، ئەمما كېيىن بۇلارنى قەغەزگە يازماقچى بولغىنىمدا ئۆزەمنىڭ قەلەم قۇۋۋىتىمنىڭ نەقەدەر ئاجىزلىقىنى شۇ چاغدا ھېس قىلىمەن. شۇنداقتىمۇ قولۇمدىن كېلىشىچە يېزىپ باقتىم. كەمچىلىكلىرىمنى كىتابخانلار مەرتىلىك بىلەن ئەپۇ قىلىۋەتكەي!

ھازىرقى زامان تۈركىيە تۈركچىسىنى كۈنىمىزدىكى ئۇيغۇر تىلىمىزغا نىسبەتەن تامامەن يات بىر تىل دەپ قارىمىغانلىقىم ئۈچۈن «تەرجىمە» ئاتالغۇسىنىڭ ئورنىغا «ئۇيغۇرچىلاشتۇرۇش» دېگەن سۆزنى ئىشلەتتىم. ئەگەر ئەسلى ئەسەر خەنزۇچە، ئېنگلىزچە ياكى ئەرەپچە بولغان بولسا، چوقۇمكى «تەرجىمە» دېگەن بولاتتىم. قۇرئانى-كەرىمدىكى ئايەتلەرنىڭ ئۇيغۇرچىسىنى ئاساسەن مۇھەممەد سالىھ داموللام تەرجىمە قىلغان قۇرئان تەرجىمىسىدىن كۆچۈرۈپ يازدىم.

بۇ ئەسەرنى ئۇيغۇرچىلاشتۇرۇپ يېزىش جەريانىدا ئۇچرىغان ئەڭ چوڭ قىيىنچىلىقىم شۈبھىسىزكى، بىزنىڭ ئۇيغۇرچە يېزىقىمىزنى كومپيۇتېرنىڭ توغرا تونىماسلىقى مەسىلىسى بولدى. مەن دەسلەپتە ئېنتېرنىتتىن ھەقسىز چۈشۈرۈۋالغان يۇلغۇندا يازدىم. لېكىن يۇلغۇندا يازغىنىمدا قوش چېكىت، ئىككى خانىدىن يۇقىرى سان، تىرناق قاتارلىق بەلگىلەر قائىدىگە بەك چۈشمەيدىكەن. يولغۇندىن ۋوردقا (Word) ئېلىپ چاپلىغىنىمدا، تىنىش بەلگىلەر ئارىسىدىكى ماسلاشماسلىقنى تېخىمۇ بەك ھېس قىلدىم.

كىتاب تېكىستىنى ۋورد (Word)تىن كۆچۈرۈپ ئېلىپ Adobe Indesign CS3 پروگراممىسى ئىچىگە ئېلىپ، باسمىغا تەييار ئېلكىتاب قىلىپ تەييارلاش جەريانىدا چاتاقنىڭ تېخىمۇ يوغىنى چىقتى. تىنىش بەلگىلەر، سانلار، بەزى لاتىنچە ھەرپلەر پۈتۈنلەي خاتا چىقىۋالدى. «كومپيۇتېر ماڭا باقمىسا، مەن كومپيۇتېرغا باقاي» دەپ، ئىلگىرى ۋوردتا توغرا يازغانلىرىمنى ئەمدى Adobe Indesign CS3 پروگراممىسى ئىچىدە توغرا كۆرۈنىدىغان شەكىلدە ھەممىنى بىر-بىرلەپ قايتا ئۆزگەرتىپ چىقتىم. ئەگەر مۇشۇنىڭغا سەرپ قىلغان ۋاقتىمنى باشقا بىر كىتابنى تەرجىمە قىلىشقا سەرپ قىلغان بولسام، يېڭى بىر كىتاب پۈتكەن بولاتتى. باشقىلارنىڭ مەندىن ئىبرەت ئېلىشىنى، يۇلغۇندىن ۋوردقا، ۋوردتىن Adobe Indesign CS3كە كۆچۈرۈش جەريانىدا يازغانلىرىنىڭ چۇۋۇلۇپ، مەندەك قايتا يېزىپ يۈرمەسلىكىنى، ياخشى، قۇلاي بىر چارە تېپىشىنى ئۈمىد قىلىمەن. كۈچۈمنىڭ يېتىشىچە تىرىشقان بولسامۇ، كىتابتا ماددى خاتالىقلار (ھەرپلەرنىڭ كۆرۈنۈشى، زىچلىقى، تىنىش بەلگىلىرىنىڭ دەل ئورنىدا ئەمەسلىكى ... قاتارلىقلار) كۆزگە چېلىقىپ تۇرۇۋاتىدۇ. تۇنجى كىتاب ھازىرچە مۇشۇنچىلىك بولدى. كەمچىلىكلەر كېيىنكى كىتابلاردا ئىنشائاللاھ پەيدىنپەي تۈزىلىپ قالار. تۈزىتىپ ئوقۇشۇڭلارنى ئۈمىد قىلىمەن.

ھۆرمەت بىلەن: سۇمەييە

# پايدىلانغان ماتېرىياللار


Ahmed Hamdi Akseki, İslâm, Fıtri, Tabiî ve Umûmî Bir Dindir, İstanbul, 1996.

Ahmed Şâhin, Târihin Şeref Levhaları, İstanbul, 1981.

Bedîuzzaman Said Nursî Külliyati.

Ebu'l-Leys Semerkandî, Tenbîhu'l-Gâfilîn ve Bustânü'l-Ârifîn (terc. Abdülkadir Akçiçek), İstanbul, 1995.

Feridüddîn Atar, Tezkîretü'l-Evliyâ.

Hamdı Döndüren, Delilleriyle İslâm İlmihali, İstanbul, 1991.

Hasan Basri Çantay, Kur'ân-ı Kerîm ve Meâl-i Kerîm (hazırlayan: M. Ali Yekta Saraç), İstanbul, 1996.

Hasan Yavaş, Namaz Kitabı, İstanbul, 1997.

Heyet, Kur'ân-ı Kerîm ve Türkçe Açıklamalı Meâli, Ankara, 1993.

İbrahim Canan, Hadis Ansiklopedisi, Kütüb-i Sitte, İstanbul.

İmam Gazalî, İhyâu'Ulûmi'd-dîn (terc. Ahmed Serdaroğlu), İstanbul, 1977.

İmam Nevevî, Riyâzu's-Sâlihîn (terc. ve şerh: Yaşar Kandemir, İ. Lütfi Çakan, Raşit Küçük, İstanbul, 1998.

Kütüb-i Sitte ve Diğer Hadis külliyatları (Hadîs-i Şerîflerin tahrici: Mustafa Öztürk).

M. Hamdi Yazir, Hak Dîni Kur'ân Dili, İstanbul, 1992.

M. Zekeriya Kandehlevî, Fazâil-I A'mâl (terc. Yusuf Karaca), İstanbul, 1992.

Muhammed Es'ad Erbilî, Mektûbat, İstanbul, 1983.

Ramazanoğlu Mahmûd Sâmî, Musâhabe V, İstanbul, 1984.
Rudânî, Büyük Hadîs Külliyatı (Cem'u'l-Fevâid), İstanbul.
Sâdik Dânâ, Altınoluk Sohbetleri, İstanbul.
Seyyid Süleyman Nedvî, Asr-ı Saadet, Peygamberimizin Tebliğat ve Ta'limatı (terc. Ali Genceli), İstanbul.
Şefik Can, Konularına Göre Açıklamalı Mesnevî Tercümesi, İstanbul, 1997.
Tâhiru'l-Mevlevî (Olgun), Müslümanlıkta İbadet Tarihi, 1963.
Ziyâüddin Nahşebi, Silkü's Sülûk (terc. Mustafa Çiçekler, Hali Toker), İstanbul, 1999.

........................................................................................................................
........................................................................................................................
........................................................................................................................
........................................................................................................................
........................................................................................................................
........................................................................................................................
........................................................................................................................
........................................................................................................................
........................................................................................................................
........................................................................................................................
........................................................................................................................
........................................................................................................................
........................................................................................................................
........................................................................................................................
........................................................................................................................
........................................................................................................................
........................................................................................................................
........................................................................................................................
........................................................................................................................
........................................................................................................................
........................................................................................................................
........................................................................................................................
........................................................................................................................
........................................................................................................................
........................................................................................................................
........................................................................................................................
........................................................................................................................
........................................................................................................................